# ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام

«ھالال ئىنىق، ھارامۇ ئىنىق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر بار»

ھەدىس شەرىپ

**دوكتور يۇسۇف ئەلقارداۋى**

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

## مۇندەرىجە

تەرجىمە قىلغۇچىدىن ..... 10
مۇقەددىمە ..... 14
تەرىپلەر ..... 27
بىرىنچى باب ..... 28
ھالال - ھارام ھەققىدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى ..... 28
جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھالال ۋە ھارام ..... 29
بىرىنچى ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر ..... 33
ئىككىنچى ھالال ياكى ھارام قىلىش يالغۇز ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر ..... 40
ئۈچىنچى ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ جۆرىسىدۇر ..... 46
تۆتىنچى ھارام قىلىش بىر ئىشنىڭ يامانلىقىغا، مەينەتلىكىگە ۋە زەرەرگە قاراپ بولىدۇ ..... 52
بەشىنچى ھالالدا ھارامغا مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە يېتەرلىك نەرسىلەر بار ..... 58
ئالتىنچى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام ..... 61
يەتتىنچى ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر ..... 62
سەككىزىنچى ياخشى نىيەت ھارامنى قىلىشقا باھانە بولالمايدۇ ..... 64
توققۇزىنچى ھارامنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك ..... 67
ئونىنچى ھارام ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھارامدۇر ..... 69
ئونبىرىنچى زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ ..... 75
ئىككىنچى باب ..... 77
ئىككىنچى باب ..... 78
بىرىنچى يېمەك - ئىچمەكلەردە ھالال ۋە ھارام ..... 79
شەرئىي بوغۇزلاش ..... 100
شەرئىي بوغۇزلاش شەرتلىرى ..... 104
ئوۋ ئوۋلاش ..... 117
ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر ..... 128
ھاراق دورا ئەمەس، كېسەللىكتۇر: ..... 135
مەست قىلغۇچى ماددىلار ..... 138

www.munber.org

ئىككىنچى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدا ھالال ۋە ھارام............. 142
ئىسلام پاكىزلىق ۋە ياسىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن دىندۇر .................... 144
يىپەك ۋە ئالتۇننى ئەرلەرگە ھارام قىلىشنىڭ ھېكمىتى ..................... 149
يىپەك ۋە ئالتۇننى ئاياللارغا ھالال قىلىشنىڭ ھېكمىتى .................... 150
مۇسۇلمان ئاياللىڭ كىيىمى ................................. 151
ئاياللىڭ ئەرگە ۋە ئەرنىڭ ئايالغا ئوخشىۋېلىشى........................... 153
ھاكاۋۇرلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىك كىيىمى............................. 154
زىننەتلىنىشتە ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاشۇرىۋېتىش............. 156
گۈل چېكىش، چىش ئىنچىكىلىتىش ۋە ھۆسىن تۇزەش........................ 156
قاشنى ئىنچىكىلىتىش ................................. 159
چاچ ئۇلاش.................................................. 160
چاچ بوياش.................................................. 163
ساقال قويۇش .............................................. 165
ئۆي ئىچىدە .............................................. 170
ئىسراپ ۋە بۇتپەرەسلىك ئالامەتلىرى.............................. 171
ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار ................................. 172
ئىسلام ھەيكەللەرنى ھارام قىلغان ............................. 175
ھەيكەللەرنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ........................ 177
ئۇلۇغلارنى خاتىرىلەشتە ئىسلامنىڭ تۇتقان يولى......................... 179
باللار ئويۇنچۇقلىرىغا رۇخسەت ............................. 183
پۇچۇق ۋە بۇزۇلغان ھەيكەللەر............................... 185
نەقشلەنگەن ۋە سىزىلغان گەۋدىسىز رەسىملەر ........................ 186
ھاقارەتلىنىدىغان رەسىم ۋە سۈرەت ھالالدۇر........................ 199
فوتو ئاپپارات سۈرەتلىرى.................................. 200
سۈرەتنىڭ مەزمۇنى ....................................... 202
سۈرەت ۋە سۈرەتچىلەر ھەققىدىكى ئەھكاملارنىڭ خۇلاسىسى................ 204
ئېھتىياج بولمىسىمۇ ئىت بېقىش ............................. 206
ئوۋ ۋە قاراۋۇللۇق ئىتلىرى مۇباھتۇر............................. 208
يېڭى ئىلىم ـ پەننىڭ ئىت بېقىشقا بولغان قارىشى..................... 209
تۆتىنچى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە پۇل تېپىشتا ....................... 215
قانداق شارائىتتا تىلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ؟........................... 217

www.munber.org

ئىنساننىڭ ئىززىتى ـ ئىشلەشتە ........ 218
دېھقانچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ........ 219
ھارام قىلىنغان زىرائەت ........ 223
سانائەت ۋە ھۈنەر ـ كەسىپلەر ........ 224
ئىسلام ئۇرۇش ئېلان قىلغان ھۈنەر ـ سەنئەتلەر ........ 230
زىنا ــ پاھىشە ........ 231
ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە جىنسىي ئويۇن ـ تاماشالار ........ 232
ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ........ 233
مەست ۋە بىھۇش قىلىدىغان زىيانلىق نەرسىلەرنى ياساش ........ 234
تىجارەت يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش ........ 235
خىرىستىئانلارنىڭ تىجارەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى ........ 244
ھارام قىلىنغان تىجارەت ........ 245
خىزمەت قىلىش ۋە مەنسەپ تۇتۇش ........ 248
ھارام قىلىنغان ئىش ـ خىزمەتلەر ........ 251
پۇل تېپىش مەسىلىلىرىدە ئومۇمىي قائىدە: ........ 253
ئۈچىنچى باب ........ 255
توي ـ تۆكۈن ۋە ئائىلە ھاياتىدىكى ھالال ۋە ھارام ........ 255
ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە. بىرىنچى ئىنسان تەبىئىتى
ھەققىدە ........ 255
بىرىنچى ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە ........ 256
جىنسىي تەبىئەت ئالدىدا ئىنساننىڭ پوزىتسىيىسى ........ 256
زىناغا يېقىنلاشماڭلار ........ 258
نامەھرەم بىلەن خالىي بىر يەردە بولۇش ھارام ........ 259
شەھۋانىي قاراش ........ 263
ئەۋرەتكە قاراش ھارامدۇر ........ 266
قاراشتىكى مۇباھلىق دائىرىسى ........ 267
ئاياللار زىننىتىنىڭ كۆرسىتىشكە بولىدىغانلىرى ۋە بولمايدىغانلىرى ........ 269
ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرى ........ 275
ئايال كىشىنىڭ ئاممىۋى مۇنچىلارغا كىرىشى ........ 279
ھۆسن ـ جامالنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ھارام ........ 282
ھۆسنىنى كۆرسىتىشتىن ھېسابلانمايدىغان ئىشلار ........ 284

www.munber.org

ئايالارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشى ........................ 290
ئەر بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتلىشىشى چوڭ ھاراملارنىڭ بىرىدۇر ....... 291
قول بىلەن جىنسىي لەززەتلىنىشنىڭ ھۆكمى .......................... 294
ئىككىنچى توي قىلىشتا .................................... 296
ئىسلامدا راھىبلىق يوق .................................... 296
يىگىتنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزغا قارىشى ............................. 300
توي تەكلىپىنىڭ چەكلەنگەن تۈرلىرى ................................ 303
نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئايالالار ................................. 306
ئېمىلداشلىق سەۋەبىدىن نىكاھلىنىش ھارام بولغان ئايالالار ................... 309
باشقىلارنىڭ نىكاھىدىكى ئايالالار ................................ 312
مۇشرىك ئايالالار................................................. 315
ئەھلى كىتاب ئايالالار بىلەن نىكاھلىنىش ............................. 316
مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلماندىن غەيرىيگە ياتلىق بولۇشى ................. 320
زىنا قىلىدىغان ئايالالار......................................... 322
ۋاقىتلىق نىكاھ ............................................... 325
بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىش................................ 329
بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىشتە ئادالەت شەرتتۇر...................... 330
ئۆتكىچە ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىشتىكى ھېكمەت ...................... 332
ئۆچىنچى ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھالال ۋە ھارام............... 334
ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە ......................... 335
ئارقا تەرەپتىن ساقلىنىش ......................................... 337
ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى سىرلارنى ساقلاش ......................... 340
تۆتىنچى تۇغۇت چەكلەشتىكى ھالال ۋە ھارام............................ 342
تۇغۇتنى رەتكە سېلىشنى جائىز قىلىدىغان زۆرۈر ئەھۋاللار .................. 344
بالا چۈشۈرۈۋېتىش.......................................... 348
بەشىنچى ئەر ـ ئايالنىڭ ھوقۇقلىرى ھەققىدە ........................... 350
ئەر ــ ئايال بىر ــ بىرىگە سەۋرلىك بولۇشى كېرەك ......................... 353
ئىناقسىزلىق كۆرۈلگەندە............................................ 354
تالاق قىلىش رۇخسەت قىلىنىدىغان ئەھۋاللار ............................ 358
ئىسلامدىن بۇرۇنقى تالاق قىلىش ئۇسۇللىرى............................. 359
يەھۇدىي دىنىدىكى تالاق قىلىش تۈزۈمى.............................. 360

www.munber.org

خرىستىئان دىنىدىكى تالاق قىلىش تۈزۈمى ........................ 360
تالاق مەسىلىسىدە خرىستىئان مەزھەبلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار ........ 362
خرىستىئان دىنىدا تالاقنى چەكلەشنىڭ نەتىجىسى ................. 364
خرىستىئان دىنى ۋاقىتلىق بىر چارە ئىدى ........................ 365
ئىسلامنىڭ تالاقنى ئازايتىش ئۈچۈن قويغان چەكلىمىلىرى .................. 368
تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشقىچە ئەر ــ خوتۇنلۇق ئۆيىدە تۇرىدۇ ......... 372
تالاق بىردىن ـ بىردىن بولىدۇ.................................. 374
چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش........................ 375
ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ قايتا توي قىلىشىنى توسۇش ھارام............... 377
ئېرىدىن نەپرەتلىنىدىغان ئايالنىڭ ھەققى.............................. 378
ئايالىغا زىيان ئۆرۈش ھارامدۇر ................................. 380
"ئايالىمغا يېقىنلاشمايمەن" دەپ قەسەم ئىچىش ھارامدۇر ................... 381
ئاتىنىچى ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ...................... 384
ئىسلام نەسەبنى ھىمايە قىلىدۇ.................................. 384
ئاتا بالىسىغا تانسا بولمايدۇ....................................... 385
ئىسلامدا بالا قىلىۋېلىش ھارامدۇر .............................. 386
بالا قىلىۋېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىي بىكار قىلىش ..................... 390
بېقىپ تەربىيىلەش مەنىسىدىكى بالا قىلىۋېلىش ...................... 393
سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش......................................... 394
بالىنىڭ ئاتىسىدىن غەيرىيگە مەنسۇپ بولۇۋېلىشى گۇناھتۇر.................. 395
بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار .................................... 396
بەرگەندە بالىلارغا تەڭ بېرىش .................................. 398
مىراستا ئاللاھنىڭ چەك ـ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ................... 400
ئاتا ــ ئانىنى قاخشاتماق چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى ......................... 403
ئاتا ــ ئانىلارنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇش چوڭ گۇناھلاردىن................ 406
ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخسىتىسىز جىھادقا پىدائىي بولۇشقا بولمايدۇ ................ 406
مۇشرىك ئاتا ــ ئانا ............................................. 408
تۆتىنچى باب ................................................... 410
مۇسۇلماننىڭ ئومۇمىي ھاياتىدىكى ھالال ــ ھارام ......................... 410
بىرىنچى............................................................. 411
ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردە...................................... 411

www.munber.org

ئاللاھنىڭ كائىناتلاردىكى قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش..................... 411
خۇراپات ۋە بۇزۇق ئېتىقادلارغا جەڭ ئېلان قىلىش...................... 412
پالچىلارغا ئىشىنىش كۇپۇرلۇقتۇر................................... 414
پال سېلىش............................................... 416
سېھىر.................................................. 417
تۇمار ئېسىش............................................. 420
شۇملۇق ھېس قىلىش.................................... 424
جاھىلىيەت دەۋرى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىش.................... 427
ئىسلامدا تەئەسسۇپلۇق قىلىش يوق.................................. 427
نەسەب ۋە رەڭ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.................................. 431
ئۆلۈكلەرگە يىغا ـ زار قىلماق................................. 433
ئىككىنچى................................................. 437
مۇئامىلىلەردە........................................... 437
ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى سېتىش ھارامدۇر................................ 438
نامەلۇم نەرسىنى سېتىش چەكلەنگەندۇر.............................. 439
بازار باھاسى بىلەن ئوينىشىش.................................. 440
مونوپولىيچى لەنەت قىلىنغاندۇر................................. 443
بازار ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالماق.................................. 445
بېدىكچىلىك ھالالدۇر.................................. 447
تىجارەتتە ئالداش ۋە ناھەق پايدا ئېلىش ھارامدۇر.......................... 449
كىمكى بىزنى گوللايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس!.......................... 450
كۆپ قەسەم قىلىش.................................... 452
تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىش.................................. 452
ئوغرىلانغان ۋە بۇلانغان نەرسىنى سېتىۋېلىش ئوغرى بىلەن بۇلاڭچىغا شېرىك
بولغانلىقتۇر............................................. 455
جازانە ھارام............................................ 455
جازانىنى چەكلەشنىڭ ھېكمىتى.................................. 458
ئۆسۈم يېگۈزگۈچى ۋە جازانە كېلىشىمنى يازغۇچى........................ 460
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز توغرىسىدا ئاللاھدىن پاناھ تىلەيدۇ............. 462
ئارتۇق باھادا نېسى سېتىش.................................. 464
مالغا ئالدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويۇش.................................. 466

www.munber.org

ئىش بىلەن دەسمايىنىڭ ھەمكارلىشىشى ........................ 467
دەسمايە ئىگىلىرىنىڭ شېرىكلىشىشى ........................ 470
سۇغۇرتا شىركەتلىرى ........................ 472
سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھەمكارلىشىش قۇرۇلمىلىرىمۇ؟ ........................ 474
ئىسلام سۇغۇرتا تۈزۈمى ........................ 477
زىرائەت زېمىندىن پايدىلىنىش ........................ 479
تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى ........................ 479
تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش كېلىشىمى ........................ 482
تېرىقچىلىقتىكى بۇزۇق كېلىشىم ........................ 483
تېرىلغۇ يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىش ........................ 487
قىياس)( تېرىلغۇ يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەشنى تەقەززا قىلىدۇ ..... 490
ھايۋاناتلارنى بېقىشتا شېرىكلىشىش ........................ 496
ئۈچىنچى ........................ 499
كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىشتا ........................ 499
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ........................ 499
پەيغەمبەر ۋە ئىنسانچىلىق ........................ 501
قەلبلەر زېرىكىدۇ ........................ 502
ھالال ئويۇن ـ تاماشادىن مىساللار ........................ 504
يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ........................ 504
چېلىشىش ........................ 505
مەرگەنلىك ........................ 506
نەيزىۋازلىق ئويۇنى ........................ 508
چەۋەندازلىق ئويۇنلىرى ........................ 510
ئوۋ ئوۋلاش ........................ 512
نەرد)( ئويناش ........................ 514
شاھمات ئويناش ........................ 515
ناخشا ـ مۇزىكا ........................ 517
ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مۇباھ بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........................ 523
قىمار ھاراقنىڭ جۈپتىدۇر ........................ 525
لاتارىيە ئويۇنلىرىمۇ قىماردۇر ........................ 529
كىنو ۋە سەھنە ئويۇنلىرى ........................ 530

www.munber.org

تۆتىنچى ........................................ 532
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ................................ 532
مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن تاشلىشىپ كەتسە بولمايدۇ ..................... 534
ياراشتۇرۇش ........................................ 538
مەسخىرە قىلماسلىق ........................................ 539
تىل ئۇزاتماسلىق ........................................ 541
لەقەم قويماسلىق........................................ 542
يامان گۇمان قىلماسلىق........................................ 543
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۈرمەسلىك ........................ 544
غەيۋەت قىلماسلىق ........................................ 547
گەپ توشماسلىق ........................................ 554
كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا تىل تەككۈزمەسلىك ..................... 556
ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك........................................ 559
ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىلەن ئوتتا ........................ 562
ئىسلام دۆلىتى توختاملاشقان ۋە كاپالەتلىك قىلغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەسلىك .... 564
قانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ ................................ 565
باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلماسلىق................................ 570
پارا ھارامدۇر ........................................ 572
خەلقنىڭ ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا قىلغان سوۋغاتلىرى ........................ 574
زۇلۇمدىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن پارا بېرىش................................ 576
كىشىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى ئىسراپ قىلىشى ھارامدۇر ........................ 577
بەشىنچى ........................................ 582
غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە........................ 582
كىتابىيلارغا (يەھۇد ـ ناسارالارغا) ئايرىم قاراش ........................ 584
ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلار (زىممىيلار) ................ 587
غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن دوست بولۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسى.................. 590
مۇسۇلماننىڭ غەيرى مۇسۇلماندىن پايدىلىنىشى ........................ 596
ئىسلام ئومۇمىيۈزلۈك بىر رەھمەتتۇر ................................ 598
خاتىمە ........................................ 601

www.munber.org

## تەرجىمە قىلغۇچىدىن

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىسلام دىنى ئاخىرقى ساماۋى دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرقايسى زامان ۋە ماكاندىكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شەخس ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ھەرقانداق ئىشقا چاقىرغان، يامان ۋە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشتىن توسقان.

قولىڭىزدىكى: ”ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام“ دېگەن بۇ كىتاب شەرىئەتنىڭ نۇرلۇق ئەھكاملىرىنى ۋە بۇ ئەھكاملارنىڭ ھېكمەتلىرىنى، ھالالنى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھالال ئىكەنلىكىنى، ھارامنى ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ھاراملىقىنى، قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تايىنىپ قولاي ئۇسلۇبتا بايان قىلىدۇ.

بۇ كىتاب زامانىمىزدىكى مۇسۇلمان شەخسنىڭ ئىبادەت، مۇئامىلە، نىكاھ ـ تالاق، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، يۈرۈش ـ تۇرۇش، خۇشۇسىي، ئائىلەۋىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت... قاتارلىق مەسىلىلەردە ھالال ـ ھارام ئەھكاملىرىغا بولغان كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامداپ، بۇ ھەقتە ئۇيغۇرچە دىنىي كىتابلاردىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى.

بۇ كىتاب پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئەرەبچە نۇسخىسى 1993 ـ يىلغا قەدەر يىگىرمە نەچچە قېتىم بېسىلىپ نەشر قىلىنغاندىن تاشقىرى، دۇنيادىكى كۆپىنچە مىللەتلەرنىڭ تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

www.munber.org

بۇ كىتاب يەنە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغان بولۇپ، بەزى ھەدىس ئالىملىرى ئۇنىڭدا كەلگەن ھەدىسلەرگە باھا بېرىپ كىتاب يازسا، بەزى فەقىھلەر ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە فىقھي قاراشلار ھەققىدە توختۇلۇپ كىتاب يازغان[1].

مۇئەللىپ شەيخ يۇسۇف ئەلقاراداۋى دەۋرىمىزدىكى مەشھۇر دىنىي ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ، مىسىردا تۇغۇلغان. **1960** ـ يىلى ئەل ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىدىن قۇرئان ۋە ھەدىس بىلىملىرىدە ماگىستىر ئۇنۋانىنى، **1973** ـ يىلى دوكتۇر ئۇنۋانىنى ئالغان. ھەمدە ھازىرغا قەدەر يۈزدىن ئارتۇق كىتاب يازغان، نۇرغۇن ماقالىلارنى ئېلان قىلغان ۋە كۆپلىگەن چوڭ خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. بىرنەچچە قېتىم تۈرمىگە قامالغان بولسىمۇ خەلقئارادا ئىسلام تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان مۆتىۋەر زاتتۇر. جانابى ئاللاھ بۇ ئالىمنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاي، بىزنى ئىلمىدىن پايدىلىنىشقا نېسىپ قىلغاي ئامىن.

پېقىر ـ تەرجىمە قىلغۇچى ـ قابىلىيىتىمنىڭ چەكلىك بولۇشىغا قارىماي بۇ قىممەتلىك ۋە مەشھۇر كىتابنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم. تەرجىمىدە كىتابنىڭ مىسىر قاھىرە "ۋەھبە نەشرىياتى" ھ**1413** ـ يىلى م**1993** ـ يىلى**21** ـ بېسىلىشىدىكى نۇسخىسىنى ئاساس قىلدىم.

---

[1] ـ مەسىلەن: دەۋرىمىزدىكى ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس مەرھۇم شەيخ مۇھەممەد ناسىرىددىن ئالبانى بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە باھا بېرىپ "غايەتۇل مارام" دېگەن كىتابنى يازغان بولۇپ، ئۇنى شامدىكى(ئەلمەكتەبۇل ئىسلامىي) نەشرىياتى بىرنەچچە قېتىم بېسىپ نەشر قىلغان. يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان مەشھۇر فىقھى ئالىملىرىدىن شەيخ سالىھ ئىبنى فەۋزان ئىبنى ئابدۇللاھ كىتابتىكى بەزى فىقھى قاراشلارنى مۇھاكىمە قىلىپ "ئەل ئىئلام" ناملىق بىر رىسالە يازغان بولۇپ، بۇ رىسالىنى رىيادتىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە (ئەل مائارىپ نەشرىياتى) بىرنەچچە قېتىم بېسىپ نەشر قىلغان.

www.munber.org

ئوقۇرمەنلەر تولۇق پايدىلىنىشى ئۈچۈن كىتابتا كەلگەن بەزى ئاتالغۇلارنى قىسقىچە ئىزاھلىدىم، ھەمدە كىتابتا ئىسمى زىكىر قىلىنغان كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالىنى بايان قىلدىم. بۇ ئىزاھات ۋە تەرجىمھالىنىڭ ئاخىرىغا ( ـ ت) بەلگىسىنى قويدۇم.

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئۇلۇغ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانادىن سوڭرە، مېنى ئوقۇتقان ئاتا ـ ئانامغا، كىتابنىڭ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنىشىغا ياردەمدە بولغانلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، شۇنداقلا جانابى ئاللاھدىن بۇ ئىشنى مەقبول ئەمەللەردىن قىلىشىنى، ھەمدە تەرجىمىدە سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمنى كەچۈرىۋېتىشىنى تىلەيمەن، مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەردىنمۇ سەۋەنلىكلىرىمنى تۈزىتىپ ئوقۇشنى سورايمەن.

يەنە ئۇيغۇر مىللىتىمىزنىڭ بۇ كىتابتىن پايدىلىنىشىنى، خىلمۇخىل ئېقىملارغا ئەگەشمەي ئىسلامىيەتكە مەھكەم يېپىشىپ، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدا ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا مۇۋەپپەق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

تەرجىمە قىلغۇچى:

ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

ھىجرىيە 1423 ـ يىلى 17 ـ رابىيئۇسسانى.

مىلادىيە 2002 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇن

www.munber.org

من الدستور الإلهي

أَعُوذُ بِاللَّهِ مِنْ الشَّيْطانِ الرَّجِيمِ

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنْ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ ۞ قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّي الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالْإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَنْ تُشْرِكُوا بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَنْ تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ [سورة الأعراف 32 ـ 33]

ئىلاھىي دەستۇردىن:

ئاللاھقا يۇزلىنىپ قوغلاندى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيمەن

﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟ ئېيتقىنكى، ئۇلار بۇ دۇنيادا (گەرچە كافىرلار بۇ نېمەتلەردىن مۆمىنلەرنىڭ سايىسىدا پايدىلانسىمۇ، لېكىن ئەسلىدە) مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان، ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر. ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھقا دەلىلسىز شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى﴾ [ئەئراف سۈرىسى 32 ـ 33 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

## مۇقەددىمە

ئەزھەر شەرىپ قارمىقىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى باشقارمىسى ماڭا جامىئۇلئەزھەر شەيخلەر كېڭىشىنىڭ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنى ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئېنىق تونۇتۇش، ھەمدە غەيرىي مۇسۇلمانلارغا تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدىغان، ئۇسلۇبى قولاي بىرقانچە كىتاب يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىلمىي پىلانىغا ھەسسە قېتىشىمنى تەلەپ قىلدى.

ھەقىقەتەن بۇنداق كىتابلارنى تۈزۈش پىلانى خېلى بۇرۇنلا ئەمەلىيلىشىشى كېرەك بولغان ياخشى، شۇنداقلا مۇھىم بىر پىلان ئىدى، چۈنكى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ھەققىدىكى مەلۇماتى يوق دېيەرلىك. ئۇلار بىلگەن ئۆزگىنە مەلۇماتمۇ خاتالىقلاردىن ۋە بۇرمىلاشلاردىن خالىي ئەمەس. تېخى يېقىندا ئامېرىكا شىتاتلىرىدىن بىرىگە ئەۋەتىلگەن ئەزھەرىي بىر دوستۇم بىرگە يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ شىتاتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسى مەيخانا ئېچىپ، هاراق تىجارىتى بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ ئىسلامدا چەكلەنگەن چوڭ هارام ئىشلاردىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدىكەن».

www.munber.org

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە مۇسۇلمان ئەرلەر مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، خرىستىئان ۋە يەھۇدىي قىزلار بىلەن تېخى بۇتپەرەس قىزلارغا ئۆيلىنىدىكەن، يەنە مۇنداق... مۇنداق... ئىشلارنى قىلىشىدىكەن».

ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق بولسا، مۇسۇلمان ئەمەسلەرنىڭ قانداق بولىدۇ دەيسىز؟ ئۇلار ئىسلام، ئىسلام پەيغەمبىرى ۋە ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ھەققىدە خاتا چۈشەنچىلەر ۋە بۇرمىلانغان مەلۇماتلاردىن باشقىنى بىلمەيدۇ. بۇ يەڭگۈش مەلۇماتلارنى خرىستىئانلار ۋە تاجاۋۇزچى جاھانگىر دۆلەتلەر زەھەرلىك تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈشكە، ھەمدە ئىسلامنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ ئۇنى كىشىلەرگە قەبىھ كۆرسىتىشكە ھەر تۈرلۈك ئۇسسۇللارنى قوللىنىپ تىرىشماقتا، بىز بولساق بۇنىڭدىن بىخەۋەر غەپلەت ئۇيقىسىدا ياتماقتىمىز.

مانا ئەمدى بۇ پىلاننى باشلاپ ئىسلامغا تەشۋىق قىلىش ۋە چاقىرىش بۇرچى تەقەززا قىلىدىغان بۇ ئۈمىدنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاقتى كەلگەن بولسا، بۇ ھەقىقەتەن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئەزھەر ۋە ئۇنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە كۈچ چىقىرىۋاتقانلارنى تەبرىكلىشىمىزگە يارايدىغان بىر مۇبارەك قەدەمدۇر، ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىمىز، ھەمدە ئۇلارغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

مەدەنىيەت باشقارمىسى مېنىڭ يېزىشىمغا تاپشۇرغان تېما: "ئىسلامدا ھالال ۋە ھارام" بولۇپ، ئۇلار تەكلىپىدە كىتابنى ئاسان قانائەتلەندۈرىدىغان قىلىپ، باشقا دىن ۋە مەدەنىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ يېزىشىمنى تەۋسىيە قىلغان.

www.munber.org

بەلكى ”ھالال - ھارام“ تېمىسى بىر قاراشتا بەك ئاددىي ۋە قولاي كۆرۈنىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى يا قەدىمدە يا ھازىرقى زاماندا ھېچ بىر كىشى بۇ تېمىنىڭ چېچىلاڭغۇ مەسىلىلىرىنى مەخسۇس بىر كىتابقا جۇغلاپ باقمىغان بولۇپ، بۇ تېمىدا ئىزدەنگۈچى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى پۈتۈن ئىسلام فىقھى كىتابلىرىنى ھەمدە تەفسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى قېزىپ ئىزدەپ تېپىشى كېرەك ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭغا ئوخشاش بىر تېمىدا بىر نەرسە يازماقچى بولغان كىشى بۇرۇنقى ئالىملىرىمىز ئىختىلاپلاشقان، يېڭى ئەسىر ئالىملىرىمىزنىڭمۇ قاراشلىرى ۋە تەھلىللىرى ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەرگە قارىتا ئېنىق مەۋقە تۇتۇشقا مۇھتاج بولاتتى.

تەتقىقاتچىمۇ تەتقىقات جەريانىدا ھالال - ھارام مەسىلىلىرىدە بىر قاراشنى باشقا قاراشلاردىن كۈچلۈك دەپ تاللاشتا ھەقىقەتكە يېتىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆزلەپ تەئەسسۇپلۇقتىن ئىنساني تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ساقلىنىشى، كۆپ ئىزدىنىشى ۋە قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزىشىگە توغرا كېلەتتى.

مەن ھازىرقى زامان ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ئاساسەن ئىككى خىل پىكرىي ئېقىمغا ئايرىلىدىغانلىقىنى كۆردۈم:

بىرىنچى خىل ئېقىمدىكىلەر، غەرب مەدەنىيىتى چاقماقلىرى كۆزلىرىنىڭ نۇرىنى يەپكەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ بۇتقا تەلپۈنۈپ چوقۇنغان ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا

www.munber.org

ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈپ قول باغلاپ تۇرغانلاردۇر. ئۇلار غەرب پرىنسىپلىرىنى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قارشى تۇرماي ۋە تالاش ـ تارتىش قىلماي قوبۇل قىلىش كېرەك بولغان ھەق دەپ قاراپ، بەزىبىر مەسىلىلەردە ئىسلام قارىشى ئۇنىڭ بىلەن ئۇدۇل چىقىپ قالسا، دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىدۇ. ناۋادا زىت كېلىپ قالسا، خۇددى ئىسلام دىنى غەرب مەدەنىيىتى، غەرب پەلسەپىسى ۋە غەرب ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە بويى سۇنۇشى لازىمدەك ئىككى قاراشنى يېقىنلاشتۇرۇش ياكى ئۆزرە ئېيتىپ باھانە كۆرستىش ياكى باشقىچە ئىزاھلاشقا ۋە بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىشىدۇ. بىز بۇنى ئۇلارنىڭ ئىسلام چەكلىگەن بۇت ـ ھەيكەللەر، لاتارىيە ئويۇنلىرى، جازانە ئۆسۈملىرى، يات ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن خالىي ئۇچرىششى، ئاياللارنىڭ ئەرلەرچە ياسىنىۋېلىشى، ئەرلەرنىڭ ئالتۇن ۋە يىپەك بىلەن زىننەتلىنىشى...قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدىن، ھەمدە ئىسلام ھالال قىلغان تالاق ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تۈزۈمىدەك مەسىلىلەر ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالايمىز. ئۇلار خۇددى غەرب ھالال قىلغىنى ھالال، غەرب ھارام قىلغىنى ھارام بولىدىغاندەك ئىسلامنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ھەرۋاقىت ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ ئەگىشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ باشقىغا ئەگەشمەيدىغانلىقىنى، پەرۋەردىگارنىڭ بەندىگە ياكى ياراتقۇچىنىڭ مەخلۇقلار خاھىش ـ ھەۋەسلىرىگە ئەگەشمەيدىغانلىقىنى ۋە بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئۇنۇتۇشقان.

﴿وَلَوْ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتْ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ﴾

﴿ناۋادا ھەقىقەت ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقلار خاراب

www.munber.org

بولغان بولاتتى، ئۇنداق بولغىنى يوق﴾ [مۇئمىنۇن سۈرىسى 71 ـ ئايەت]

﴿قُلْ هَلْ مِنْ شُرَكَائِكُمْ مَنْ يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ قُلْ اللَّهُ يَهْدِي لِلْحَقِّ أَفَمَنْ يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَنْ يُتَّبَعَ أَمَّنْ لَا يَهِدِّي إِلَّا أَنْ يُهْدَى فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلارنىڭ ئارىسىدا ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ ھەق يولغا يېتەكلەيدۇ، ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا ھەقلىقمۇ؟ ياكى ھەق يولغا يېتەكلەنمىسە ھەق يولنى تاپالمايدىغان نەرسىلەرمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟»﴾ [يۇنۇس سۈرىسى 35 ـ ئايەت]

ئىككىنچى خىل ئېقىمدىكىلەر مەلۇم بىر كىتابتىكى بىر ئىبارىگىلا ئېسىلىۋېلىپ، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە مۇئەييەن قاراشلاردا چىڭ تۇرىۋېلىپ، ئىسلامنىڭ قارىشى مۇشۇ دەپ ئويلىغانلاردۇر. شۇڭا بۇ گورۇپ ئۆز قاراشلىرىدىن قىلچىلىك تەۋرىمەي، ئۆز مەزھىبى ۋە قارىشىنىڭ دەلىللىرىنى تەكشۈرۈپمۇ باقماي، ئۇنى باشقىلارنىڭ دەلىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپمۇ باقماي، ھەقىقەتكە تەكشۈرۈپ، سېلىشتۇرۇپ ئاندىن يېتىشكە ئۇرۇنمىغانلاردۇر.

ئەگەر ئۇلار ناخشا ـ مۇزىكا، شاھمات ئويناش، ئاياللارنى ئوقۇتۇش ياكى ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن قولىنى يۆگىمەسلىككە ئوخشاش مەسىلىلەر ھەققىدە سورالسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ۋە قەلىمىگە ئەڭ تېز كېلىدىغىنى "ھارام" دېگەن ھۆكۈمدۇر. بۇلار دەسلەپكى سالىھ ئالىملىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەدەب ـ ئەخلاقىنى ئۇنۇتۇشقان، چۈنكى دەسلەپكىلەر ھارام دېگەن ھۆكۈمنى پەقەتلا ھاراملىقى كەسكىن بىلىنگەن نەرسىگىلا بېرىشەتتى، ئۇندىن

www.munber.org

باشقىغا: ”ياقتۇرمايمىز“ ياكى ”ياخشى كۆرمەيمىز“ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشاتتى.

❋ ❋ ❋

مەن يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى ئېقىمدىن بىرىگە باغلىنىپ قالماسلىقنى تىرىشتىم، ئاللاھنى پەرۋەردىگار، ئىسلامنى ھەق دىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر دەپ ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن غەربنى مەبۇد قىلىپ چوقۇنۇشنى دىنىي جەھەتتىن ئۆزۈمگە راۋا كۆرمىدىم.

توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق مەسىلىلەردە مۇئەييەن بىر مەزھەبنى تەقلىد قىلىشنىمۇ[1] ئەقلىمگە راۋا كۆرمىدىم، چۈنكى باشقىلارنى قارىغۇلارچە دورايدىغان تەقلىدچى ـ ئىبنۇل جەۋزى[2] دېگەندەك ـ: «تەقلىد قىلىغان نەرسىدە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەقلىد قىلىش ئەقلىنىڭ رولىنى بىكار قىلىشتۇر، چۈنكى ئەقىل، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئويلىنىشقا يارىتىلغان، يورۇقلۇقتا مېڭىش ئۈچۈن بىر شام تۇتقۇزۇلغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ قاراڭغۇلۇقتا مېڭىشى قەبىھتۇر»[3].

شۇنداق، ئىسلام دۇنياسىدا دەۋر سۈرۈپ كەلگەن فىقھىي مەزھەبلەردىن مۇئەييەن بىرىگە ئۆزۈمنى باغلىۋېلىشنى لايىق كۆرمىدىم، چۈنكى ھەقىقەت بىر مەزھەبتىلا ئەمەس، تەقلىد قىلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ مەزھەبلەرنىڭ ئىماملىرىمۇ ئۆزلىرىگە خاتالىقتىن خالىيلىقنى داۋا قىلمىغان، ئۇلار پەقەت ھەقىقەتكە

---

(1) ـ **تەقلىد قىلىش:** باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىگە دەلىلسىز ئەگىشىشتۇر ـ ت.
(2) ـ **ئىبنۇل جەۋزى:** ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلى، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، تارىخچى، فەقىھ، ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرىدىن. ھـ597 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
(3) ـ (تەلبىيسۇ ئىبلىيس)81 ـ بەت.

www.munber.org

يېتىش ۋە توغرا ھۆكۈمنى تېپىش ئۈچۈن ئىجتىھاد قىلغانلار[1] بولۇپ، خاتالاشسا بىر ئەجىر، توغرا ھۆكۈمنى تاپسا ئىككى ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

ئىمام مالىك[2] مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ سۆزلىرىدىن قوبۇل قىلىنىدىغىنى ۋە رەت قىلىنىدىغىنى بولىدۇ».

ئىمام شافىئى[3] مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قارىشىم توغرا، ئەمما خاتا بولۇش ئېھتىمالى بار. باشقىلارنىڭ قارىشى خاتا، ئەمما توغرا بولۇش ئېھتىمالى بار».

سىلىشتۇرۇپ بىر قاراشنى تاللاش سايمانلىرىغا ۋە ئىقتىدارىغا ئىگە بىر مۇسۇلمان ئالىمغا بىر مەزھەب ياكى مەلۇم بىر فەقىھنىڭ قاراشلىرىغا ئەسىر بولۇپ ئۆتۈش لايىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتقا ئەگىشىشى ۋاجىبتۇر، شۇڭا دەلىلى توغرا ۋە كۈچلۈك بولغان قاراش ئەگىشىشكە ئەڭ ھەقلىقتۇر، ئاساسسىز ياكى دەلىلى ئاجىز قاراش ـ ئىگىسى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ رەت قىلىنىشى كېرەك. قەدىمكى زاماندا ھەزرىتى ئەلى[4] (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتنى كىشىلەرنىڭ نامىدىن تونۇمىغىن، بەلكى ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى تونۇغىنكى، كېيىن ئۇنىڭ ئەھلىنى بىلىۋالالايسەن».

---

(1) ـ ئىسلام فىقھى ئىستىلاھىدا **ئىجتىھاد قىلىش:** فەقىھنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇپ شەرئىي ھۆكۈمنى بىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىدىن ئىبارەت ـ ـ ت.

(2) ـ **ئىمام مالىك:** مالىك ئىبنى ئەنەس ئىبنى مالىك، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان مالىكىي مەزھەب ئىمامى، ھـ 179 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان ـ ت.

(3) ـ **ئىمام شافىئى:** مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئەلئابباس ئىبنى ئەششافىئى، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان شافىئىي مەزھەب ئىمامى، (150 ـ 204ھـ) مىسىردا ۋاپات بولغان ـ ت.

(4) ـ **ھەزرىتى ئەلى:** ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىب، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، راشىد خەلىپىلەرنىڭ تۆتىنجىسى، 40 ـ ھـ ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مۆلجەم تەرىپىدىن يارىدار قىلىنغاندىن بىر كۈن كېيىن كۇفەدە ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

مەن ئەزھەر مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ ئەڭ يېڭى ئىلمىي پىكىر ۋە پەننىي بىلىملەردىن پايدىلىنىپ ئەھكاملارنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدۈم. كىتاب پۈتكەندىن كېيىن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، خۇداغا شۈكرى، ئىسلام ھەقىقەتەن پاك ۋە نۇرلۇق بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى يېتەكلەشكە كەلگەن مەڭگۈلۈك دىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەلىل بىلەن ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.

﴿صِبْغَةَ اللَّهِ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ صِبْغَةً﴾

﴿ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار. ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟﴾ [بەقەرە سۈرىسى 138 ـ ئايەت]

❁ ❁ ❁

ھالال بىلەن ھارام ھەربىر مىللەتكە قەدىمدىن بۇيان مەلۇمدۇر. ئۇلار پەقەتلا ھارام نەرسىلەرنىڭ مىقدارى، تۈرى، ھارام قىلىنىش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئوخشاشمىغان كۆزقاراشلاردا بولغان بولۇپ، بۇ ئوخشاشماسلىقنىڭ كۆپىنچىسى ئىبتىدائىي ئېتىقاد، خۇراپات ۋە ئەپسانىلەرگە ئىچىنىشلىق ئىدى.

كېيىن كاتتا ساماۋى دىنلار قانۇن ـ شەرىئەتلەرنى، ھالال ـ ھارام ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئېلىپ كېلىپ ئىنسانى خۇراپات، ئەپسانە ۋە قەبىلىۋى ھايات سەۋىيەسىدىن ئېسىل، ئىززەتلىك ئىنسان سەۋىيەسىگە كۆتۈردى. لېكىن بۇ قانۇنلاردىكى بەزى ھالال ـ ھارام ئەھكاملىرى ئۆز زامانىدىكى دەۋر ۋە مۇھىتقا لايىق بولۇپ، ئىنسانىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىپ، شەرت ـ شارائىت ۋە مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان ئىدى، شۇڭا يەھۇدىزمنى مىسالغا ئالساق، بەنى

www.munber.org

ئىسرائىل[1] قەۋمى قىلغان زۇلۇم ـ تاجاۋۇزچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن جازالىنىپ، ئۇلارغا بەزى نەرسىلەر ۋاقىتلىق ھارام قىلىنغان ئىدى، لېكىن بۇ چەكلىمىلەر ئەبەدىيلىك مەقسەت قىلىنغان قانۇن ئەمەس ئىدى. قۇرئان كەرىم ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قىلغان بۇ سۆزىنى ئاشۇ سەۋەبتىن بايان قىلغان:

﴿وَمُصَدِّقًا لِمَا بَيْنَ يَدَيَّ مِنَ التَّوْرَاةِ وَلِأُحِلَّ لَكُمْ بَعْضَ الَّذِي حُرِّمَ عَلَيْكُمْ﴾

﴿مەن ئىلگىرى كەلگەن تەۋراتنى تەستىقلىغان ھالدا، سىلەرگە ھارام قىلىنغان بەزى نەرسىلەرنى ھالال قىلىش ئۈچۈن كەلدىم﴾ [ئالى ئىمران سۈرىسى 50ـ ئايەت]

ئىسلام كەلگەندە ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى پىشىپ يېتىلىپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا تۈگەنچە پەيغەمبەرلىكنى ئەۋەتىشكە يارايدىغان سەۋىيەگە يەتكەن. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتكە بەلگىلىگەن قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى مۇكەممەل، مەڭگۈ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك بولغان ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئۈياغلاشتۇرغان. بۇ ھەقتە مائىدە سۈرىسىدە بەزى چەكلىگەن يېمەكلىكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىنكى بۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇيمىز:

﴿الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ الْإِسْلَامَ دِينًا﴾

﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾ [مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت]

---

[1]ـ **ئىسرائىل** ئىبرانىچە سۆز بولۇپ مەنىسى (ئاللاھنىڭ بەندىسى) دېمەكتۇر، ئۇ يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كېيىنچە ئاتالغان ئىسمى ياكى لەقىمىدۇر. **بەنى ئىسرائىل:** يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ۋە كېيىنكى نەسلىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنىڭدىن يەھۇدىيلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت.

www.munber.org

ئىسلامدا ھالال ـ ھارام ئۇقۇمى ئاددىي ۋە ئېنىقتۇر. بۇ ئۇقۇم ئاسمانلار، زېمىن ۋە تاغلار ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا چىدىمىغان، ئىنسانلار ئۆز ئۈستىگە ئالغان كاتتا ئامانەتتىن بىر پارچىدۇر. بۇ ئامانەت ئىلاھىي تەكلىپلەر ئامانىتى ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئىزباسارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئامانىتىدۇر. ئىنسان ئاشۇ مەسئۇلىيەت ئاساسىدا مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىلگەن، پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىلگەن، كىتابلار چۈشۈرۈلگەن. ئىنسان بۇ مەسئۇللۇقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن: ھالال ـ ھارام نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن مەن چەكلىمىسىز ئەركىن قويۇپ بېرىلمىدىم؟ دەپ سورىشى ئورۇنسىز. چۈنكى ھالال ـ ھارام چەكلىمىلىرى ئىنسانلارغا خاس بولغان سىناقنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر، بۇ سىناق ئارقىلىق يا پەرىشتىلەردەك ساپ روھ، يا ھايۋاناتلاردەك ساپ شەھۋەت بولماي، بەلكى ئوتتۇرا بىر نەرسە بولغان ئاللاھنىڭ بۇ ئالاھىدە تىپتىكى مەخلۇقلىرى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىڭ تۇرىدۇ. ئىنسان خالىسا يۈكسىلىپ پەرىشتىلەر ياكى پەرىشتىلەردىنمۇ ئەۋزەلرەك بولالايدۇ، خالىسا ھايۋانلاردەك ياكى ھايۋانلاردىنمۇ بەتتەررەك بولالايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ھالال ـ ھارام تۈزۈمى ئومۇمىي ئىسلام شەرىئىتى دائىرىسى ئىچىدە ئۆيلىنىدىغان بولۇپ، بۇ شەرىئەت ئىنسانىيەتكە ياخشىلىق كەلتۈرۈش، قىيىنچىلىقنى يوقۇتۇپ قولايلىق يارىتىپ بېرىش، زىيان ۋە يۈزۈقچىلىقنىڭ ئالدىنى توسۇپ مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشكە تايىنىدۇ. بۇ مەنپەئەت ئىنساننىڭ جىسمىغا، روھىغا، ئەقلىگە ۋە پۈتۈن بارلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ باي ـ كەمبەغەل، ھاكىم ـ مەھكۇم، ئەر ـ ئايال قاتارلىق بارلىق تەبىقە ۋە قاتلاملىرىغا، ھەممە پۈتۈن

www.munber.org

ئىنسانىيەتنىڭ ھەر خىل ئىرق، رەڭ، يۇرت ۋە ئەۋلادلىرىغا ئوموملاشقان مەنپەئەتتۇر.

بۇ دىن ئىنسانىيەت باسقۇچلىرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە قىلغان ئومۇمىيۈزلۈك ئىلاھىي رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى سۈپىتىدە كەلگەندۇر. ئاللاھ تائالا بۇنى پەيغەمبىرىگە جاكارلاپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ﴾

﴿سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾ [ئەنبىيا سۈرىسى 107 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن:

﴿مەن بولسام سوۋغا قىلىنغان بىر رەھمەتتۇرمەن﴾[1].

بۇ رەھمەتنىڭ ئىزلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇتپەرەسلەر ۋە ئەھلى كىتابلار ھاياتقا پەيدا قىلغۇلغان قىيىنلاشتۇرۇش ۋە چېكىتتۈۋېتىش نەتىجىسىدە ھالال، پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋېلىش ياكى چەكلىمىلەردىن بوشىنىۋېلىش نەتىجىسىدە ھارام، مەينەت نەرسىلەرنى ھالال قىلىۋېلىشتەك ئۆزلىرى پەيدا قىلغۇلغان كىشەن ـ تاقاقلاردىن مۇشۇ ئاخىرقى ئۇممەتنى خالاس قىلغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَرَحْمَتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ فَسَأَكْتُبُهَا لِلَّذِينَ يَتَّقُونَ وَيُؤْتُونَ الزَّكَاةَ وَالَّذِينَ هُمْ بِآيَاتِنَا يُؤْمِنُونَ ۞ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الرَّسُولَ النَّبِيَّ الْأُمِّيَّ الَّذِي يَجِدُونَهُ مَكْتُوبًا عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ

---

[1] ـ ھاكىم ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلغان، بۇ رىۋايەتكە ئىمام زەھەبىيمۇ ئېتىراز بىلدۈرمىگەن.

www.munber.org

لَهُمْ الطيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمْ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ﴾

﴿مېنىڭ رەھمىتىم دۇنيادا مەخلۇقاتلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر، ئاخىرەتتە ئۇنى كۈپۈردىن ۋە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، زاكاتنى بېرىدىغانلارغا ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە ئىمان ئېيتىدىغانلارغا تېگىشلىك قىلىمەن. ئۇلار ئۈممىي ئەلچى (مۇھەممەد) پەيغەمبەرگە ئەگىشىدۇ، ئۇلار ئۆز قوللىرىدىكى تەۋرات ۋە ئىنجىلدا ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئېغىر يۈكىنى ۋە قىيىن ۋەزىپىلىرىنى يېنىكلىتىدۇ﴾ [ئەئراف سۈرىسى 156 ـ 157 ـ ئايەتلەر]

ئىسلامنىڭ ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدىكى دەستۇرى بۇ كىتابىمىزنىڭ بېشىدا كەلتۈرگەن مۇشۇ ئىككى ئايەتتە نامايەن بولىدۇ:

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطيِّبَاتِ مِنْ الرِّزْقِ قُلْ هِيَ لِلَّذِينَ آمَنُوا فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ كَذَلِكَ نُفَصِّلُ الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟»﴾ [ئەئراف سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

﴿قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّي الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالْإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَنْ تُشْرِكُوا بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَنْ تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

www.munber.org

﴿ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھقا دەلىلسىز شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى»﴾ [ئەئراف سۈرىسى 33ـ ئايەت]

مەن ھالال ـ ھارام مەسىلىسىنىڭ مۇھىملىقى، بۇ كىتابنى كىچىكلىكىگە قارىماي ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمان شەخسنىڭ كۇتۇبخانىسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، مۇسۇلمان كىشىگە شەخسىي، ئائىلىۋى ۋە ئومۇمىي ھاياتىدا ئۇچرايدىغان كۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، ماڭا نېمە ھالال بولىدۇ؟ نېمە ھارام بولىدۇ؟ بۇنى ھارام قىلىش ياكى ئۇنى ھالال قىلىشنىڭ ھېكمىتى نېمەدۇر؟ دېگەندەك نۇرغۇنلىغان سۇئاللىرىغا جاۋاب بېرىدىغان بىر كىتاب قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن.

بۇ مۇقەددىمىنىڭ ئاخىرىدا ئەزھەر شەيخلەر كېڭىشىگە ۋە ئەزھەر ئىسلام مەدەنىيىتى باشقارمىسىغا ماڭا ئىشىنىپ بۇ يېڭى تېمىدا كىتاب يېزىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن، ھەمدە بۇ كىتابنى يېزىش بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشەنچىسىگە لايىق ھالدا كۆزلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىغان بولۇشىمنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاللاھ تائالادىن بۇ كىتابنى پايدىلىق قىلىشىنى، بىزنى توغرا سۆز ۋە توغرا ئەمەلگە مۇۋەپپەق قىلىشىنى، پىكىر ۋە قەلەم خاتالىقلىرىدىن ساقلىشىنى، بىزگە توغرا يولغا مېڭىشنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىشىنى تىلەيمەن، ئۇ زات دۇئانى ئاڭلىغۇچىدۇر.

ھىجرىيە 1380ـ يىلى سەپەر ئېيى.

مىلادىيە 1960ـ يىلى ئاۋغۇست.

دوكتۇر: يۇسۇف ئەل قاراداۋى

www.munber.org

# تەرپلەر

ھالال ـ ئاللاھ تەرەپىدىن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان نەرسىدۇر.

ھارام ـ ئاللاھ تەرەپىدىن كەسكىن بۇيرۇق بىلەن قىلىنىشى چەكلەنگەن نەرسە بولۇپ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ جازالىشىغا دۇچار بولىدۇ، بەلكى دۇنيادىمۇ شەرئىي جازاغا تۆتىلىشى مۇمكىن.

مەكرۇھ ـ ئاللاھ تەرەپىدىن كەسكىن ھالدا چەكلەنمىگەن نەرسە، بۇ ھارامدىن بىر دەرىجە تۆۋەن بولۇپ، مەكرۇھنى قىلغانلارغا ھارامنى قىلغانلارنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ، ئەمما مەكرۇھنى داۋاملىق قىلىۋېرىش ياكى ئۇنىڭغا سەل قاراش كىشىنى ھارام ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەتلىك قىلىپ قويىدۇ.

❋ ❋ ❋

www.munber.org

# بىرىنچى باب

## ھالال ـ ھارام ھەققىدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

- ❖ ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر.
- ❖ ھالال ياكى ھارام قىلىش پەقەت ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر.
- ❖ ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ جۆرىسىدۇر.
- ❖ ھارام قىلىش بىر ئىشنىڭ يامانلىقىغا، مەينەتلىكىگە ۋە زەررىگە قاراپ بولىدۇ.
- ❖ ھالالدا ھارامغا مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە يېتەرلىك نەرسىلەر بار.
- ❖ ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام.
- ❖ ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر.
- ❖ ياخشى نىيەت ھارامنى قىلىشقا باھانە بولالمايدۇ..
- ❖ ھارامنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك.
- ❖ ھارام ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھارامدۇر، ئۇنىڭدا ئايرىمچىلىق ۋە يۈز ـ خاتىرە قىلىش يوقتۇر.
- ❖ زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرنى جائىز قىلىدۇ.

www.munber.org

# جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ھالال ۋە ھارام

ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدە جاھىلىيەت خەلقى باشقا مەسىلىلەردەك قاتتىق ئېزىپ، ھەددىدىن ئارتۇق قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پاسكىنا، ھارام نەرسىلەرنى ھالال، پايدىلىق، پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلغان ئىدى.

بۇ ئازغۇنلۇق ئوڭچىللىق ۋە سولچىللىقتا ھەددىدىن زىيادە چەتنەپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئوڭچىللىقتا ھىندىلارنىڭ زالىم براخمانىزم[1] تائىپىسى، ۋە مۇستەبىت خرىستىئان راھىبلىقى، ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بەدەننى ئازابلايدىغان، ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن رىزقىنى ۋە زىننەتلىرىنى ھارام قىلىدىغان مەزھەبلەر بارلىققا كەلدى، خرىستىئانلارنىڭ مۇستەبىتلىكى ئوتتۇرا ئەسىردە چېكىگە يەتتى، راھىبلاردا ياخشى نەرسىلەرنى ھارام قىلىش كۈچىيىپ كەتتى، ھەتتاكى بەزىلىرى پۇتىنى يۇيۇشنى گۇناھ، يۇيۇنۇشنى بولسا قايغۇلۇق كەلتۈرىدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئىش دەپ قارىدى.

سولچىللىقتا بولسا، ئىراندا ئورتىغا چىققان، مۇتلەق ئەركىنلىككە چاقىرىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلالىشى ئۈچۈن، ھۆررىيەت تىزگىنىنى بولىشىغا قويۇۋېتىدىغان، ھەر نەرسىنى ھالال، ھەتتا ئىنسانلار تۇغۇلما تەبىئىتىدە "مۇقەددەس" دەپ بىلگەن ئىززەت ـ نومۇسلىرىنىمۇ ھالال دەپ قارايدىغان "مەزدەك" ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقتى.

---

[1] ـ براخمانىزم: ھىندىستاندىكى ھايۋانلار گۆشىنى يېيىشنى چەكلەيدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتكىنىگە ئىشەنمەيدىغان بىر تائىپە ـ ت.

www.munber.org

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب خەلقى، ھالال ـ ھارام ئۆلچىمىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ تىپىك بىر مىسالى ئىدى. ئۇلار ھاراق ئىچىش، جازانىنى قاتمۇ ـ قات يېيىش، ئاياللارغا ئازار بېرىش، ئۇلارنى نىكاھتىن توسۇۋېلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى ھالال قىلدى، بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىقراقى شۇكى، ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتانلارنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىشى بىلەن، ئاتىلىق مېھرىگە خىلاپ ھالدا، ئۆز باللىرى، يۈرەك پارىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشى ئىدى، بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكَذَلِكَ زَيَّنَ لِكَثِيرٍ مِنْ الْمُشْرِكِينَ قَتْلَ أَوْلَادِهِمْ شُرَكَاؤُهُمْ لِيُرْدُوهُمْ وَلِيَلْبِسُوا عَلَيْهِمْ دِينَهُمْ﴾

﴿شۇنىڭدەك، مۇشرىكلەرنىڭ شېرىكلىرى (شەيتانلار) مۇشرىكلەرنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 137 ـ ئايەت]

بۇتلارنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان مۇشرىكلار ۋە شۇلارغا ئوخشاشلار، ئاتىلارغا ئۆز باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسىتىشتە بىر نەچچە خىل يوللارنى قوللاندى: باشقا كەلگەن ياكى كەلگۈسىدە كېلىش ئېھتىمالى بولغان پەقىرلىقتىن قۇرتۇلۇش. تۇغۇلغان بالا قىز بولسا، ئىززەت ـ نومۇسىغا داغ تېگىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. باللارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنى ئىلاھلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئىلاھلارغا يېقىنلاشماق. قىزىقارلىقى شۇكى، باللىرىنى تىرىك كۆمۈشنى ھالال دەپ قارىغان بۇ كىشىلەر، مال ۋە ھايۋانلاردىن ھالال قىلىنغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىشۋالغان ئىدى.

www.munber.org

تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، ئۇلار بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن قىلىۋېلىپ، ھۆكۈم ۋە دىيانەت جەھەتتە ئاللاھقا مەنسۇپ قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ تۆھمەتكە مۇنداق دەپ رەت قايتۇردى:

﴿وَقَالُوا هَذِهِ أَنْعَامٌ وَحَرْثٌ حِجْرٌ لَا يَطعَمُهَا إِلَّا مَنْ نَشَاء بِزَعْمِهِمْ وَأَنْعَامٌ حُرِّمَتْ ظُهُورُهَا وَأَنْعَامٌ لَا يذكرُونَ اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهَا افْتِرَاء عَلَيْهِ سَيَجْزِيهِمْ بِمَا كَانُوا يَفْتَرُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىچە، بۇ ھايۋانلار ۋە ئېكىنلەر (مەبۇدلىرىمىزغا خاس بولۇپ، باشقىلارغا) ھارامدۇر، ئۇلارنى پەقەت بىز خالىغان ئادەملەرلا يەيدۇ، بۇ ھايۋانلارنى مىنىش ھارامدۇر، بۇ ھايۋانلارنى بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشقا بولمايدۇ دەپ ئاللاھقا يالغاننى چاپلىدى. ئاللاھقا يالغان چاپلىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ﴾ [ئەنئام سۈرىسى 138 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم ھارام بولۇشى ئېنىق بولغان نەرسىلەرنى ھالال، ھالال بولۇشى ئېنىق بولغان نەرسىلەرنى ھارام قىلىۋالغان ئاشۇلارنىڭ ئازغۇنلۇقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَدْ خَسِرَ الَّذِينَ قَتَلُوا أَوْلَادَهُمْ سَفَهًا بِغَيْرِ عِلْمٍ وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمْ اللَّهُ افْتِرَاء عَلَى اللَّهِ قَدْ ضَلُّوا وَمَا كَانُوا مُهْتَدِينَ﴾

﴿ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلغان كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار ھەقىقەتەن ئازدى، ھىدايەت تاپمىدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 140 ـ ئايەت]

www.munber.org

ئىسلام دىنى كىشىلىك بىلەن دۇنيادىكى ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدىكى ئازغۇنلۇق ـ بۇرۇلۇشلارنى كۆردى ۋە تۇنجى قەدەمدە بۇ خەتەرلىك تەرەپنى تۈزىتىش ئۈچۈن ھالال ـ ھارام ئىشى تايىنىدىغان توغرا پرىنسىپلىك بىرمۇنچە قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلىدى، پۈتۈن ئىشلارنىڭ بۇ قانۇن ـ تۈزۈملەرگە ئاساسلىنىشىنى بۇيرىدى، بۇندىن باشقا يەنە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئۆلچەملىرىنى قويدى، ھارام ۋە ھالال قىلىنىغان نەرسىلەردە ئادالەت ۋە نورماللىق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۈممىتى، ئاللاھ ئۇلارنى ﴿سىلەر ئىنسانلارغا چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت﴾ دەپ سۈپەتلىگىنىدەك ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرگە ئازغان، چەتنەپ كەتكەنلەر ئارىسىدا ئادالەت ۋە نورماللىقنى ساقلايدىغان ئوتتۇراھال ئۈممەت بولدى.

❋ ❋ ❋

www.munber.org

## بىرىنچى ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالالدۇر

ئىسلام بەلگىلىگەن بىرىنچى پرىنسىپ: ئاللاھ ياراتقان پۈتۈن نەرسىلەر ئەسلىدە ھالالدۇر. ئاللاھ تەرەپىدىن ھارام قىلىنغىنىغا ئوچۇق ۋە توغرا دەلىل - ئىسپات كەلمىگەن نەرسىلەردىن باشقا ھارام نەرسە يوقتۇر. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقىغا كەلگەن دەلىل – بەزى ئاجىز ھەدىسلەردەك - توغرا بولمىسا ياكى ھاراملىقىغا ئوچۇق دەلىل بولمىسا، ئۇ نەرسە ئەسلىگە ئاساسەن ھالال ۋە مۇباھ ھالىتىدە تۇرىۋېرىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسلىدە ھالال ۋە مۇباھ ئىكەنلىكىگە قۇرئان كەرىمدىن ئوچۇق دەلىل كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

﴿هُوَ الَّذِي خَلَقَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا﴾

﴿ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتى﴾ [بەقەرە سۈرىسى 29 - ئايەت]

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَسَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ جَمِيعًا مِنْهُ﴾

﴿ئاللاھ ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز پەزلىدىن سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا ھەقىقەتەن (ئىلاھىي قۇدرەتنى) تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار﴾ [جاسىيە سۈرىسى 13 - ئايەت]

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

﴿أَلَمْ تَرَوْا أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ وَأَسْبَغَ عَلَيْكُمْ نِعَمَهُ ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممىنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگىنىنى، سىلەرگە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن نېمەتلىرىنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟﴾ [لوقمان سۈرىسى 20 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا بۇ نەرسىلەرنى يارىتىپ ئىنسانلارغا بويسۇندۇرۇپ بېرىپ، ھەمدە ئىنسانلارغا شۇنداق كاتتا نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ھەققىدە مىننەت قىلغان تۇرسا، بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھارام قىلىپ چەكلىۋېتىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بۇ نەرسىلەردىن قانداقمۇ مەھرۇم قىلسۇن؟

ئاللاھ تائالا پەقەت بىر پۈتۈن ھالەتتە بولغان بۇ نېمەتلەردىن بەزىبىر قىسمىنىلا (بۇ توغرىدا كىيىنچە سۆزلەيمىز) بەزى ھېكمەتلەرگە ئاساسەن ھارام قىلغان.

بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەرىئىتىدە ھارامنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تارىيىپ، ھالالنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كېڭەيدى، چۈنكى ھارام قىلىشتا بىرگە ئوچۇق ۋە توغرا كەلگەن دەلىللەر بەك ئاز بولغاچقا، ھالال ياكى ھاراملىقىغا دەلىل كەلمىگەن ھەر قانداق نەرسە ئەسلىي ھالاللىق ھالىتىدە، يەنى ئىلاھىي كەچۈرۈم دائىرىسىدە قېلىۋېرىدۇ.

بۇ توغرىدا ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئاللاھ قۇرئاندا ھالال قىلغىنى ھالال، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر. ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم بېرىلمىگەن نەرسىلەر بولسا، ئاللاھنىڭ كەچۈرىمىدۇر. ئاللاھنىڭ بۇ كەچۈرىمىنى قوبۇل قىلىڭلار،

www.munber.org

ئاللاھ ھېچ نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ﴾ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستىن كېيىن شۇ ئايەتنى ئوقۇدى[1]:

﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭ ھېچ نەرسىنى ئۇنۇتقۇچى ئەمەس﴾ [مەريەم سۈرىسى 64 ـ ئايەت]

يەنە ھەزرىتى سەلمان ئەلفارىسى[2] رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېرىق ماي، پىشلاق ۋە ياۋا ئېشەك (ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسىنى ئىشلىتىش) ھۆكمى ھەققىدە سورالغاندا: «ھالال ـ ئاللاھ كىتابىدا ھالال قىلغان نەرسىدۇر، ھارام ـ ئاللاھ كىتابىدا ھارام قىلغان نەرسىدۇر، ھۆكمى قىلمىغان نەرسە بولسا، ئەپۇ قىلغان نەرسىلەردۇر» دەپ جاۋاب بەردى»[3].

دىمەك: ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسلام بۇنداق تەپسىلاتتىن جاۋاب بېرىشنى خالىماي، ئۇلارغا ھالال ۋە ھارامنى بىلىشتە ئىشلىتىدىغان ئاساسىي قائىدىنى كۆرسەتتى، بۇ قائىدە بىلەن ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەر بىلىنىدۇ ـ دە، ئۇنىدىن باشقىسى ھالال نەرسىلەر قاتارىغا ئۆتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە مەلۇم پەرزلەرنى پەرز قىلدى، ئۇنى زايا قىلماڭلار. چېگرا بەلگىلەپ بەردى، ئۇنىڭدىن ھالقىماڭلار. بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، ئۇنى قىلماڭلار. يەنە بەزى نەرسىلەرگە ئۇنتۇغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى

(1) ـ ھاكىم رىۋايەت قىلىپ "سەھىھ" دەپ باھا بەرگەن. بەززارمۇ رىۋايەت قىلىپ"سەنەدى ياخشى" دېگەن.
(2) ـ **سەلمان ئەلفارىسى:** ئۇلۇغ ساھابە، تېگى پارس مىللىتىدىن، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئىسلام ئوغلى سەلمان دەپ ئاتىغان، 33ـ37ـ ھ ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان.
(3) ـ ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سىلەرگە رەھمەت قىلغانلىقتىن سۈكۈت قىلدى، ئۇنى ئىزدىمەڭلارلار »[1].

❁ ❁ ❁

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمەنكى، نەرسىلەرنىڭ ئەسلى ھالاللىق سۈپىتى بەلگىلىك نەرسىلەرنىڭ ماددىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىبادەتلەرنىڭ سىرتىدا "ئادەت ۋە ياكى مۇئامىلە" دەپ ئاتالغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئادەت ۋە مۇئامىلەردىمۇ ئاللاھ ھارام قىلغاندىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ھالاللىق ۋە مۇباھلىقىدا تۇرىۋېرىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ئوچۇق بايان قىلدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەت]

بۇ ئايەت پۈتۈن ماددا ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە ئومۇمىيدۇر.

لېكىن ئىبادەتلەر بۇنىڭ ئەكسىچە، چۈنكى ئىبادەتلەر پەقەت ۋەھيى يولى بىلەنلا يەتكۈزۈلىدىغان دىنىنىڭ ساپ كۆرسەتمىسىدۇر، بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: ﴿كىمكى دىنىمىزدا ئەسلىدە يوق بولغان بىرەر ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ﴾[2]

---

(1) ـ ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان، ئىمام نەۋەۋى "قىرىق ھەدىس" تە: "ھەسەن" دەپ باھا بەرگەن.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇنىڭغا ئاساسەن دىنىنىڭ ھەقىقىتى بۇ ئىككى نەرسىدە گەۋدىلىنىدۇ:

- ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىق ۋە ئىبادەت قىلىشتا ئاللاھ ئۆزى كۆرسەتكەن يول بويىچە ئىبادەت قىلىش.

- كىمكى، ـ ئۇ كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ـ ئۆز يېنىدىن بىرەر ئىبادەتنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭ بۇ ئازغۇنلىقى قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. چۈنكى جانابى ئاللاھ ئۆزىگە يېقىن قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى پەيدا قىلىشتا بىردىنبىر ھوقۇق ئىگىسىدۇر.

ئەمما ئادەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى تۈزگۈچى بولسا ئاللاھ ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار تۈزۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىشقان، ئاللاھ بۇلارنىڭ خاتا يەرلىرىنى توغرىلاپ ۋە نورماللاشتۇرۇپ تەرتىپكە سالغان، شۇنداقلا زىيان ـ زەخمەت، بۇزۇقچىلىقتىن خالىي بولغانلىرىنى تەستىقلىغان.

شەيخۇل ئىسلام[1] ئىبنى تەيمىيە[2] بۇ توغرىدا مۇنداق دەيدۇ: "بەندىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ئىككى قىسىم بولىدۇ:

1 ـ دىنلىرىنى تۈزەيدىغان ئىبادەتلەر.

2 ـ دۇنيا ئىشلىرىدا مۇھتاج بولىدىغان ئادەتلەر.

شەرىئەت ئاساسلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق شۇنى بىلىمىزكى: ئاللاھ بۇيرۇغان ۋە ياقتۇرغان ئىبادەتلەر پەقەت ئاللاھنىڭ بەلگىلىشى بىلەنلا ئىسپاتلىنىدۇ.

---

(1) ـ **شەيخۇل ئىسلام:** ئىسلام داھىسى ۋە كاتتا ئالىملارغا بېرىلىدىغان دىنىي ئۇنۋان ـ ت.
(2) ـ **ئىبنى تەيمىيە:** ئەھمەد ئىبنى ئابدۇل ھەلىيم، كاتتا مۇجتەھىد ۋە مۇجاھىد، ئاتاقلىق ئالىم، 728 ـ ھـ ۋاپات بولغان ـ ت.

ئـەمما ئادەتلـەر، ئىنسـانلار دۇنيـا ئىشـلىرىدا مۇھتـاجلىق سـەۋەبىدىن قىلـىپ كۆنگـەن ئىشـلاردىن ئىبارەت بولـۇپ، ئەسلىدە ئۇنـىـڭدا ھېچقـانداق چەكلىمـە يــوق. شـۇڭا ئۇنـىـڭدا ئـاللاھ چەكلىگـەندىن باشقىسـى چەكلەنمـەيدۇ. چۈنكـى يولغـا قويـۇش ۋە چەكلـەش يـالغۇز ئـاللاھنىڭ بەلگىلىشـى بىلـەنلا بولـىدۇ. ئىبـادەت دېگەن چوقۇم بۇيرۇلغان بولىشى لازىم. كەسكىن بىر بۇيرۇق بىلەن قىلىش بۇيرۇلمىغان نەرسە قانداقمۇ چەكلەنگەن نەرسە بولىدۇ؟

شـۇنىڭ ئۈچـۈن ئىمـام ئەھمـەد[1] ۋە باشـقا مۇھەددىسـلەردىن چىققان فىقھى ئـالىملىرى مۇنـداق دەيـدۇ: "ئىبادەتلـەردىكى ئاساس ـ بەلگىلەشـتۇر، شـۇڭا ئـاللاھنىڭ بەلگىلـىگـىنىدىن باشـقا ئىبـادەت يولغـا قويۇلمـايدۇ. بولمىسـا باشـقا نەرسـىلەرنى خالىغانچـە يولغـا قويۇۋالـدىغان بولساق، ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى قاتارىغا كىرىپ قالىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُمْ مِنْ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا دىن قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾ [شۇرا سۈرىسى 21 ـ ئايەت]

ئادەتلەردىكى ئاساس ـ كەچۈرۈشتۇر، شـۇڭا ئادەتلەردە ئـاللاھ ھارام قىلغاندىن باشقىسى مەنئى قىلىنمايدۇ. ناۋادا ھەددىمىزدىن ئېشىپ چەكلەنمىگەن بىر نەرسىنى ھارام قىلىۋالساق، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزلىرىگە كىرىپ قالىمىز:

﴿قُلْ أَرَأَيْتُمْ مَا أَنْزَلَ اللَّهُ لَكُمْ مِنْ رِزْقٍ فَجَعَلْتُمْ مِنْهُ حَرَامًا وَحَلَالًا﴾

---

[1] ـ **ئىمام ئەھمەد:** ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەنبەل، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنبەلىي مەزھەب ئىمامى، مۇھەددىسلەرنىڭ كاتتىسى، (164 ـ 241 ـ ھ) باغدادتا ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

﴿ئېيتقىنكى،«ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! نېمىگە ئاساسەن سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگەن ھالال رىزىقنىڭ بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلىۋالدىڭلار»﴾ [يۇنۇس سۈرىسى59 ـ ئايەت]

مانا بۇ پايدىلىق چوڭ بىر قائىدە، ئۇنداقتا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ:

ئىسلام ئىنسانلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئېلىم ـ سېتىم، سوۋغا ـ ھەدىيە ۋە ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش ھاياتتا مۇھتاج بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاق ئېلىپ كېلىپ، ئۇلاردىن بۇزۇق، زىيانلىق دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ھارام قىلغان، قىلمىسا بولمايدىغان زۆرۈرلىرىنى ۋاجىب قىلىپ، قىلىش كېرەك بولمىغانلىرىنى يامان كۆرگەن. بۇلاردىن تۈرىدە، مىقدارىدا ۋە سۈپەتلىرىدە پايدىلىق تەرىپى ئۈستۈن بولغانلىرىنى بولسا ياقتۇرغان.

شۇنداق ئىكەن، كىشىلەر شەرىئەت ھارام قىلمىغان جەھەتلەردە خالىغان شەكىلدە يەپ ـ ئىچەلەيدۇ، خالىغان شەكىلدە ئېلىم ـ سېتىم قىلايدۇ، ئىجارە ـ كىرا قىلايدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ بىر قىسمى بەزىدە مۇستەھەب، ياكى مەكرۇھ بولىسمۇ، شەرىئەت بۇلار ھەققىدە چەكلىمە قويمىغانلا بولسا، ئەسلىدىكى ھالاللىقتا قېلىۋېرىدۇ»[1].

---

[1] ـ ئىمام ئىبنى تەيمىيە: (ئەلقاۋائىد ئەننۇرانىييە) 112 ـ 113 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن. يۇقىرىقى ئاساسىي قائىدىگە تايىنىپ ئىمام ئىبنى تەيمىيە، ئۇنىڭ شاگىرتى ئىمام ئىبنۇل قايىيم ۋە ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرى مۇنداق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن: كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەردە ئاساس مۇباھلىقتۇر. شۇڭا ھاراملىقى ھەققىدە ئېنىق بىر دەلىل بولمىغان ۋە ھارامنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھەرقانداق كېلىشىم ھالالدۇر

www.munber.org

ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ[1] نىڭ سەھىھتە كەلگەن بۇ سۆزى يۇقىرىدىكى ئاساسقا دالالەت قىلىدۇ: قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغلاردا بىز ئەزل[2] قىلاتتۇق. ئەگەر بۇنىڭدا چەكلىنىدىغان بىرنەرسە بولسا، قۇرئان ئۇنى چەكلىگەن بولاتتى[3].

بۇ سۆز شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ساھابىلەر ۋەھيي ئارقىلىق ھەققىدە ئېنىق سۆز قىلىنمىغان نەرسىلەرنى چەكلەنگەن ۋە مەنئى قىلىنغان ھېسابلىمىغان، تاكى ئۇنى چەكلەيدىغان بىر بۇيرۇق كەلگەنگە قەدەر ئۇنى ھالال دەپ قارىغان. مانا بۇ ساھابىلەرنىڭ ساغلام چۈشەنچىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىندۇر. ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن.

بۇنىڭ بىلەن، ئىبادەتلەر يالغۇز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەنلا بولغا قويۇلىدۇ، ئادەتلەرمۇ پەقەت ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەنلا ھارام قىلىنىدۇ دېگەندىن ئىبارەت بولغان مۇھىم بىر قائىدە مۇئەييەنلىشىدۇ.

❋ ❋ ❋

## ئىككىنچى ھالال ياكى ھارام قىلىش يالغۇز ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر

ئىككىنچى ئاساسىي پرىنسىپ شۇنىڭدىن ئىبارەت: ئىسلام ھالال - ھارام قىلىش ھوقۇقىنى بەلگىلەپ، بۇ ھوقۇقنى ئاللاھ ۋە

---

[1] - ھەزرىتى جابىر: جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام ئەلئەنسارى، ساھابىلەرنىڭ ئالىملىرىدىن، 70 ـ ھـ ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] - ئەزل قىلىش: ئايالىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ مەنىينى سىرتقا چىقىرىۋېتىش ـ ت.

[3] - بىرىنچى جۈملە سۆزنى ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان، ئەمما ئىككىنچى جۈملىنى ئىمام مۇسلىم سەھىھىدە ھەزرىتى جابىرنىڭ سۆزىنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرىگە مەنسۇپ قىلغان ـ ت.

www.munber.org

خەلقنىڭ نەزىرىدە دەرىجىلىرى نەقەدەر كاتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارنىڭ قولىغا بەرمەي، ئۇنى يالغۇز ئاللاھنىڭ ھەققى قىلغان ... شۇڭا بىرەر نەرسىنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە مەڭگۈ ھارام قىلىپ چەكلىۋېتىشكە راھىبلارنىڭمۇ، پاپازلارنىڭمۇ، پادىشاھ ياكى دۆلەت رەئىسىنىڭمۇ ھەققى يوقتۇر... بۇنداق قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئېشىپ ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقلىرىغا قانۇن بەلگىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت پەرۋەردىگارلىق ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ۋە رازى بولۇپ ئۇنىڭغا كۆرە ھەرىكەت قىلغان كىشىمۇ،.ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

﴿أَمْ لَهُمْ شُرَكَاء شَرَعُوا لَهُمْ مِنْ الدِّينِ مَا لَمْ يَأْذَنْ بِهِ اللَّهُ﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۇلارغا دىن قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن مەبۇدلىرى بارمۇ؟﴾ [شۇرا سۈرىسى 21 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم ھالال ـ ھارام قىلىش ھوقۇقىنى پاپاز ـ راھىبلىرىنىڭ قولىرىغا تاپشۇرغان يەھۇد ـ ناسارالارنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ وَالْمَسِيحَ ابْنَ مَرْيَمَ وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا إِلَهًا وَاحِدًا لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ سُبْحَانَهُ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ راھىبلىرىنى (ئۆلىمالىرىنى) ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ھالبۇكى، ئۇلار بىر ئىلاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. ئاللاھدىن باشقا ھېچ ھەق مەبۇد يوق. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەنلىرىدىن پاكتۇر﴾ [تەۋبە سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

www.munber.org

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەدىي ئىبنى ھاتەم ــ ئۇ ئىسلامدىن بۇرۇن خرىستىئان دىنىدا ئىدى ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىقى ئايەتنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلاپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇلار (خرىستىئانلار) ئاخۇن ـ پاپازلىرىغا ئىبادەت قىلمىغان ئىدى» دېگەن. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ﴿ياق، ئۇلار (ئاخۇن ـ پاپازلار) خرىستىئانلارغا ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىپ بەرگەن، خرىستىئانلار ئۇلارغا ئەگەشكەن، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئاخۇن ـ پاپازلىرىغا ئىبادەت قىلغىنىدۇر﴾[1].

يەنە باشقا بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿گەرچە ئۇلار ئاخۇن ـ پاپازلىرىغا ئىبادەت قىلمىسىمۇ، لېكىن ئاخۇن ـ پاپازلىرى ئۇلارغا بىر ھارامنى ھالال، بىر ھالالنى ھارام قىلغاندا ئۇلار قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئىش قىلىشاتتى﴾.

خرىستىئانلار تا ھازىرغىچە ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئاسمانغا ئۆرلىگەن چېغىدا) شاگىرتلىرىغا خالىغانلىرىچە ھارام ۋە ھالال قىلىشقا ئىجازەت بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلىشىدۇ. مەسىلەن: مەتتە ئىنجىلىنىڭ 18 ـ بۆلمى 18 ـ جۈملىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿سىلەرگە ھەقنى ئېيتىمەن، سىلەر زېمىندا ھالال قىلغان ھەر نەرسە كۆكتە ھالال قىلىنغاندۇر﴾[2].

---

[1] ـ بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان، ئىمام تىرمىزى ئۇنىڭغا "ھەسەن" دەپ باھا بەرگەن.

[2] ـ مانا بۇ، خرىستىئانلارنىڭ ئۆز دىنىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قانداق ئۆزگەرتۈۋەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

www.munber.org

قۇرئان كەرىم، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسى بولمىغان نەرسىلەرگە ئۆز خاھىشلىرىچە ھالال ۋە ھارام ھۆكۈملىرىنى چىقارغان مۇشرىكلارنىڭمۇ ئېغىر جىنايەتلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ أَرَأَيْتُم مَا أَنْزَلَ اللَّهُ لَكُمْ مِنْ رِزْقٍ فَجَعَلْتُمْ مِنْهُ حَرَامًا وَحَلَالًا قُلْ آللَّهُ أَذِنَ لَكُمْ أَمْ عَلَى اللَّهِ تَفْتَرُونَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! نېمىگە ئاساسەن سىلەرگە ئاللاھ چۈشۈرگەن ھالال رىزىقنىڭ بەزىسىنى ھارام، بەزىسىنى ھالال قىلىۋالدىڭلار؟ سىلەرگە بۇنداق قىلىشقا ئاللاھ ئىزنى بەردىمۇ؟ ياكى ئاللاھقا يالغاننى چاپلامسىلەر؟»﴾ [يۇنۇس سۈرىسى 59 ـ ئايەت]

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقُولُوا لِمَا تَصِفُ أَلْسِنَتُكُمُ الْكَذِبَ هَذَا حَلَالٌ وَهَذَا حَرَامٌ لِتَفْتَرُوا عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ إِنَّ الَّذِينَ يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ لَا يُفْلِحُونَ﴾

﴿ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەپ (ھېچ دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار. ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار قەتئىي مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾ [نەھل سۈرىسى 116 ـ ئايەت]

بۇ ئۇچۇق ئايەت، ھەدىس شەرىپلەردىن ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى شۇنى كەسكىن تونۇپ يەتكەن: ھالال ـ ھارام قىلىش ھەققى يالغۇز ئاللاھنىڭدۇر. ئاللاھ ھالال ـ ھارامنى قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بەلگىلەيدۇ.

www.munber.org

ئۇلارنىڭ (شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ) ۋەزىپىسى پەقەت ھالال ـ ھارامنى بايان قىلىپ بېرىشتىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ئوچۇق بايان قىلدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەت]

شەرىئەت ئالىملىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى: كىشىلەرگە بۇ جايىز، بۇ جايىز ئەمەس دەپ ھۆكۈم بەلگىلەپ بېرىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار مۇجتەھىدلىك، ئىماملىق سۈپەتلىرى بولسىمۇ پەتىۋا بېرىشتىن قېچىشاتتى. ئاللاھنىڭ ھالال ـ ھارام ھۆكمىدە خاتالىشىپ قىلىشلىرىدىن قورقۇپ، پەتىۋا سوراپ كەلگەن كىشىلەرگە بىر ـ بىرلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشاتتى.

ئىمام شافىئى (ئەلئۇم) ناملىق مەشھۇر كىتابىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە[1] نىڭ شاگىرتى قازى ئەبۇ يۈسۈف[2] نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

”ئىلىم ئەھلىدىن بولغان ئۇستازلىرىمنىڭ پەتىۋا بېرىشتىن يىرگىنىدىغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلار تەپسىر قىلىش كەتمەيدىغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئوچۇق بىر دەلىلگە تايانماي تۇرۇپ بۇ ھالال، بۇ ھارام دېيىشنى بەك يامان كۆرەتتى. ئىبنۇسسائىب تابىئىيلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن بولغان رابى ئىبنى ھەيسەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ”سىلەردىن بىرىڭلار: بۇنى ئاللاھ ھالال قىلغان، ياكى بۇنىڭدىن ئاللاھ رازى بولغان دېگەن شەكىلدە پەتىۋا بەرمىسۇن، چۈنكى بۇ پەتىۋا بەرگۈچىگە ئاللاھ: ”مەن بۇنى ھالال قىلمىدىم ۋە

[1] ـ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: نۇئمان ئىبنى سابىت، مەشھۇر تۆت مەزھەبنىڭ بىرى بولغان ھەنەفىي مەزھەب ئىمامى، (80 ـ 150ھـ)، باغدادتا ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] ـ ئەبۇ يۈسۈپ: يەئقۇب ئىبنى ئىبراھىم، 183 ـ ھـ باغدادتا ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

ئۇنىڭدىن رازى بولمۇدۇم» دېيىشى مۇمكىن. ياكى بىرسىگىلار: ”ئاللاھ بۇنى ھارام قىلدى“ دېگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: ”يالغان ئېيتتۇاتىسەن، مەن بۇنى ھارام قىلمىدىم ھەم مەنئى قىلمىدىم“ دېيىشى مۇمكىن“ دېگەن. بەزى دوستلىرىمىزنىڭ ئاڭلىشىچە: ئىبراھىم ئەننەخائى ــ كوفەدىكى تابىئىي ئۆلىمالاردىن بىرى ــ بىزگە ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر نەرسە ھەققىدە پەتىۋا بەرگەندە ياكى ھەرقانداق بىر نەرسىنى قىلىشتىن توسقاندا: ”بۇ مەكرۇھتۇر، بۇ زىيانلىقتۇر، بۇنىڭدا چاتاق يوق“ دەيدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىش ھالال، ئۇنداق قىلىش ھارام دېگەن تەرىقىدە كەسكىن ھۆكۈم قىلىشنى ئىنتايىن خەتەرلىك ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېيتقان"[1].

بۇ ئەبۇ يۇسۇفنىڭ پىشقەدەم زاتلىرىدىن نەقىل كەلتۈرگەن، ئىمام شافىئىنىڭمۇ نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدۇر، ئىبنى مۇفلىھ[2] مۇ شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ شۇ سۆزىنى نەقىل قىلغان: ”بۇرۇنقىلار ھاراملىقى كەسكىن بىلىنمىگەن نەرسىگە ھارام تامغۇسىنى ئۇرمايتتى“[3].

بۇ ھەقتە يەنە كۆز ئالدىمىزغا ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلدەك كاتتا بىر ئالىم كېلىدۇ. بۇ تەقۋادار ئالىم بىرەر نەرسە ھەققىدە سورالغان

---

(1) ـ "ئەلئۇم" 7 ـ توم، 317 ـ بەت.

(2) ـ **بۇرھانىددىن ئىبنى مۇفلىھ**، ھەنبەلىي مەزھەب ئالىملىرىدىن، ھـ 884 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(3) ـ بۇنى تەكىتلەيدىغىنى شۇكى ساھابىلەر بەقەرە سۈرىسىدىكى:

**﴿يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ﴾**

﴿سەندىن ھاراق ۋە قىمار ھەققىدە سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە ئانچە ـ مۇنچە پايدىمۇ بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ دېگىن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىنمۇ تېخى ھاراقتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشمىگەن ئىدى. مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەت نازىل بولغاندىلا ئاندىن ھاراقتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈشكەن.

www.munber.org

چاغدا: "نەپرەت قىلىمەن، ياقتۇرمايمەن، ياكى ياخشى كۆرمەيمەن ۋە ياكى ياخشى دەپ قارىمايمەن" دەيتتى.

يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزلەر ئىمام مالىكتىن، ئىمام ئەبۇ ھەنىفەدىن ۋە باشقا بارلىق ئىماملاردىن رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلاردىن ئاللاھ رازى بولسۇن[1].

❋ ❋ ❋

## ئۈچىنچى ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىش ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ جۈملىسىدۇر

ئىسلام خالىغانچە ھاراملاشتۇرىدىغان ۋە ھالاللاشتۇرىدىغانلارنى سۆكۈپ، تەنقىد قىلدى، ھەمدە بىرەر دەلىلگە تايانماستىن ھارام ھۆكمىنى چىقارغۇچىلارغا، ئاللاھ كەڭرى قىلىپ بەرگەن نەرسىنى تارايتىۋەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت يۈكلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق چىڭىتىۋېتىش ۋە ئۆزگەرتىۋېتىشكە قارشى ھەرتۈرلۈك قوراللارنى ئىشلىتىپ ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ھەمدە ھۆكۈملەرنى يەڭگىللەشتۈرۈشنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى:

«يەڭگىللىگەنلەر ھالاك بولىدى، يەڭگىللىگەنلەر ھالاك بولىدى»[2].

---

[1]- قوللىرىدا دەلىل ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر نەرسە بولماستىن ھەرقانداق بىر نەرسىگە (ھارام) تامغۇسىنى ئالدىراپ بېسىۋېتىدىغان دورامچىلار بۇنى بىلىۋالسۇن.
[2]- ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇدلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يولىنى شۇ ھەدىس بىلەن بەلگىلەپ مۇنداق دېدى: «مەن كەڭ ئەپۇ قىلىش دىنى بىلەن ئەۋەتىلدىم»[1].

ئىسلام دىنى ئىمان ـ ئېتىقادتا يەككە ـ بىر ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشنى، ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ھۆكۈم بەلگىلەشتە كەڭچىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان دىندۇر، بۇ ئىككى نەرسىنىڭ زىتى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ھالالنى ھارام قىلىۋېتىشتۇر. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن بىر ھەدىس قۇدسىدا بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مەن بەندىلىرىمنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتىم، شەيتانلار كېلىپ ئۇلارنى دىنلىرىدىن يىراقلاشتۇردى، مەن ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، ھەمدە ھېچ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بولمىغان نەرسىلەرنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى﴾[2].

دېمەك: ھالالنى ھارام قىلىش شېرىكنىڭ جۆرىسىدۇر، شۇڭا قۇرئان كەرىم مۇشرىك ئەرەبلەرنى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىك، بۇتقا چوقۇنغانلىق ۋە ئۆزلىرىگە ھالال قىلىنغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىسىز ھارام قىلىۋالغانلىق تۈپەيلىدىن قاتتىق ئەيىبلىگەن.

مەسىلەن: ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن بىرى، بەھىيرا، سائىبە، ۋەسىلە ۋە ھامى دەپ ئاتالغان ھايۋانلارنى ھارام قىلىشلىرىدۇر. ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر تۆگە بەش قېتىم بوتىلىسا ۋە ئاخىرقىسى ئەركەك بولسا، ئۇ تۆگىنىڭ قۇلاقلىرىنى يېرىپ، ئۇنىڭغا مىنىشنى ھارام دەپ قارىشاتتى، ئۇ تۆگە بوغۇزلانمايتتى، ئۇستىگە يۈك يۈكلەنمەيتتى، ئوت ۋە سۇلاردىن قوغلانمايتتى،

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

خۇدالىرى ئۈچۈن ئەركەك قويۇپ بېرىلەتتى. بۇنىڭغا بەھىيرا (يەنى قۇلىقى يېرىلغان) دىگەن نام بېرىلەتتى. يەنە جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر كىشى سەپەردىن قايتسا ياكى بىرەر كېسەلدىن ساقايسا، بىر تۆگىنى ئەركىن قويۇۋېتىشەتتى. ئۇنى بەھىيراغا ئوخشاش قويۇپ بېرىپ (سائىبە) دەپ ئاتىشاتتى. ئەگەر بىر قوي چىشى قوزىلىسا، ئۇ قوزا ئۆزلىرىگە ئائىت بولاتتى. ئەركەك قوزا خۇدالىرىغا ئائىت ئىدى. ھەم ئەركەك ھەم چىشى قوزىلىسا (بۇ قېرىندىشىغا يېتىشتى) دەپ ئەركىكىنى بوغۇزلىماي، خۇدالىرىغا ئاتاپ ئەركىن قويۇپ بېرىشەتتى. مانا بۇنداق قويۇپ بېرىلگەن قويغا (ۋەسىلە) ئىسمىنى قويۇشاتتى. ئەگەر بىر ئەركەك ھايۋاندىن ئون ھايۋان تۆرەلسە (دۈمبىسىنى ساقلىدى) دەپ ئۇنىڭغا مىنىشمەيتتى، يۈك - تاقمۇ يۈكلەشمەيتتى. بۇنداقلارغا (ھامى) ئىسمىنى بېرىشەتتى. بۇ تۆت نەرسە ھەققىدە مۇشۇ مەنىگە يېقىن كېلىدىغان ھەرخىل تەپسىرلەر بار. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ تەرىقىدە ھارام قىلىنىشىنى رەت قىلىپ، ئەجدادلىرىنى دوراپ بۇ ئازغۇنلۇقتا مېڭىشىنى ئەيىبلىدى، ئۇلاردىن ھېچقانداق ئۆزرە قوبۇل قىلمىدى:

﴿ما جعل اللَّهُ مِنْ بَحِيرَةٍ وَلَا سَائِبَةٍ وَلَا وَصِيلَةٍ وَلَا حَامٍ وَلَكِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا يَفْتَرُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَأَكْثَرُهُمْ لَا يَعْقِلُونَ ۞ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ تَعَالَوْا إِلَى مَا أَنزَلَ اللَّهُ وَإِلَى الرَّسُولِ قَالُوا حَسْبُنَا مَا وَجَدْنَا عَلَيْهِ آبَاءَنَا أَوَلَوْ كَانَ آبَاؤُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ شَيْئًا وَلَا يَهْتَدُونَ﴾

﴿بەھىيرا، سائىبە، ۋەسىلە، ھامىلارنى قىلىشىنى ئاللاھ بۇيرىغىنى يوق، لېكىن كاپىرلار ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇنغا، پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە

www.munber.org

ئەمەل قىلىشقىلار» دېيىلسە، «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە» دېيىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ھېچنەرسە بىلمەيدىغان، ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ (يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگىشەمدۇ؟)﴾ [مائىدە سۈرىسى 103 ـ 104 ـ ئايەتلەر]

قۇرئان كەرىم ئەنئام سۈرىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆچكە، كالا ۋە تۆگە قاتارلىق بەزى ھايۋانلارنىڭ ھارام بولغانلىقى ھەققىدىكى دەۋالىرىنى ئوچۇق ۋە تەپسىلىي ئىزاھلاپ، ئۇلارنى گۈزەل بىر ھەجۋىي ئۇسلۇبتا مات قىلىدىغان رەددىيەلەرنى بەردى:

﴿ثَمَانِيَةَ أَزْوَاجٍ مِنَ الضَّأْنِ اثْنَيْنِ وَمِنَ الْمَعْزِ اثْنَيْنِ قُلْ آلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ الْأُنْثَيَيْنِ أَمَّا اشْتَمَلَتْ عَلَيْهِ أَرْحَامُ الْأُنْثَيَيْنِ نَبِّئُونِي بِعِلْمٍ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِينَ ۞ وَمِنَ الْإِبِلِ اثْنَيْنِ وَمِنَ الْبَقَرِ اثْنَيْنِ قُلْ ءآلذَّكَرَيْنِ حَرَّمَ أَمِ الْأُنْثَيَيْنِ﴾

﴿(ئاللاھ سىلەرگە يېيىش ھالال قىلىنغان) سەككىز جۈپ چاھارپاينى ياراتتى، قويدىن ئىككىنى، ئۆچكىدىن ئىككىنى، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ قوي بىلەن ئۆچكىنىڭ ئەركەكلىرىنى ياكى چىشىسىنى ھارام قىلدىمۇ؟ ۋە ياكى ئىككى چىشىنىڭ قورسىقىدىكى قوزا بىلەن ئوغلاقنىمۇ؟ ئەگەر سىلەر راستچىل بولساڭلار، قېنى ماڭا دەلىل بىلەن ئېيتىپ بېرىڭلار» (ئاللاھ سىلەرگە) تۆگىدىنمۇ بىر جۈپ، كالىدىنمۇ بىر جۈپ ياراتتى، ئېيتقىنكى، «ئاللاھ تۆگە بىلەن كالىنىڭ ئەركەكلىرىنى ياكى چىشىلىرىنى ھارام قىلدىمۇ؟»﴾ [ئەنئام سۈرىسى 143 ـ 144 ـ ئايەتلەر]

ئەئراف سۈرىسىدىمۇ جانابى ئاللاھ ھەرقانداق نەرسىگە دەرھاللا ھارام ھۆكمىنى بەرگۈچىلەرنى ئەيىبلەپ، مۇتلەق ھارام بولغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسلىرىنى مۇنداق دەپ بايان قىلدۇ:

www.munber.org

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنْ الرِّزْقِ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلىرىنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟﴾ [ئەئراف سۈرىسى 32ـ ئايەت]

﴿قُلْ إِنَّمَا حَرَّمَ رَبِّي الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَالْإِثْمَ وَالْبَغْيَ بِغَيْرِ الْحَقِّ وَأَنْ تُشْرِكُوا بِاللَّهِ مَا لَمْ يُنَزِّلْ بِهِ سُلْطَانًا وَأَنْ تَقُولُوا عَلَى اللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾

﴿ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، ناھەق چېقىلىشنى، ئاللاھقا ھېچ دەلىلسىز شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى﴾ [ئەئراف سۈرىسى 33 ـ ئايەت]

داۋاملىق ئەقىدە، تەۋھىد ۋە ئاخىرەت مەسىلىلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەككىي (ھىجرەتتىن ئىلگىرى نازىل بولغان) سۈرىلەردىكى بۇ مۇنازىرىلەر بىزگە بۇ مەسىلىنىڭ قۇرئان كەرىم نەزىرىدە پارچە ياكى تارماق مەسىلىلەردىن بولماستىن، بەلكى تۈپ ئاساسىي ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مەسىلىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مەدىنەدىكى دەۋردە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىينىلاشتۇرۇش، مۇتەئەسسىپلىك ۋە ياخشى نەرسىلەرنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىش يۈنىلىشى پەيدا بولغان، بۇنىڭغا قارىتا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئىلاھىي چەك ـ چېگرىدا توختىتىدىغان ۋە ئىسلامنىڭ توغرا يولىغا قايتۇرىدىغان مۇستەھكەم، ئېنىق ۋە كەسكىن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان:

www.munber.org

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ ❁ وَكُلُوا مِمَّا رَزَقَكُمُ اللَّهُ حَلَالًا طَيِّبًا وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي أَنْتُمْ بِهِ مُؤْمِنُونَ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر، ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار. ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار. سىلەر ئىمان ئېيتقان ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 87 ـ 88 ـ ئايەتلەر]

❁ ❁ ❁

www.munber.org

# تۆتىنچى ھارام قىلىش بىر ئىشنىڭ يامانلىقىغا، مەينەتلىكىگە ۋە زەرەرىگە قاراپ بولىدۇ

ئىنسانلارنى يارىتىپ، ئۇلارغا سانسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان ئاللاھنىڭ بۇ ئىنسانلارغا خالىغان نەرسىنى ھالال، خالىغان نەرسىنى ھارام قىلىش ھەققى باردۇر، يەنە ئۇلارنى خالىغان ئىبادەتلەرنى قىلىشقا بۇيرۇشمۇ ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر، ئىنسانلارنىڭ بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ياكى ئىسيانكارلىق قىلىش ھەققى يوقتۇر، چۈنكى بۇ ھەق ئاللاھ تائالاغا ئىنسانلار پەرۋەردىگارى بولۇش سۈپىتى بىلەن خاس بولغان ھەقدۇر، ئۇلارنىڭ بۇ ھەققە قارشى چىقماسلىقى ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنىڭ تەقەززاسىدۇر. بىراق، جانابى ئاللاھ بەندىلىرىگە مەرھەمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار مەنپەئەتى ۋە پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھالال ـ ھارام ھۆكۈملىرىنى بەلگىلىگەن. ئاللاھ تائالا ياخشى ۋە گۈزەل نەرسىلەردىن باشقا ھېچبىر نەرسىنى ھالال، قەبىھ ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن باشقا ھېچبىر نەرسىنى ھارام قىلمىغان.

ئاللاھ تائالانىڭ بەزى ياخشى نەرسىلەرنى يەھۇدىيلارغا ھارام قىلىۋەتكەنلىكى توغرىدۇر، ئەمما بۇ، ئۇلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىشلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ دەپ كۆرسەتكەن نەرسىلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن بېرىلگەن بىر جازا ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

www.munber.org

﴿وَعَلَى الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٍ وَمِنَ الْبَقَرِ وَالْغَنَمِ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ شُحُومَهُمَا إِلَّا مَا حَمَلَتْ ظُهُورُهُمَا أَوِ الْحَوَايَا أَوْ مَا اخْتَلَطَ بِعَظْمٍ ذَلِكَ جَزَيْنَاهُمْ بِبَغْيِهِمْ وَإِنَّا لَصَادِقُونَ﴾

﴿يەھۇدىيلارغا تۇم تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۈمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلاشقان ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ (پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، جازانە قىلىش، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش قاتارلىق) زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلۋەتتە راستچىلمىز﴾ [ئەنئام سۈرىسى 146 - ئايەت]

ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ بۇنداق ھەددىدىن ئېشىش جىنايەتلىرىنى باشقا بىر سۈرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿فَبِظُلْمٍ مِنَ الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ طَيِّبَاتٍ أُحِلَّتْ لَهُمْ وَبِصَدِّهِمْ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ كَثِيرًا ۞ وَأَخْذِهِمُ الرِّبَا وَقَدْ نُهُوا عَنْهُ وَأَكْلِهِمْ أَمْوَالَ النَّاسِ بِالْبَاطِلِ﴾

﴿يەھۇدىيلارنىڭ قىلغان ھەقسىزلىقلىرى، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسقانلىقلىرى، چەكلەنگەن جازانىنى ئالغانلىقلىرى ۋە كىشىلەرنىڭ پۇل - ماللىرىنى ناھەق يېگەنلىكلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىلگىرى ھالال قىلىنغان پاكىز نەرسىلەرنى ھارام قىلدۇق﴾ [نىسا سۈرىسى 160 - 161 - ئايەتلەر]

ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىنى مەڭگۈ قالىدىغان ئومۇمىي بىر دىن ئەلچىلىكى بىلەن ئەۋەتكەندە، بۇندىن ئىلگىرى چېكىدىن ئاشقان بىر قەۋمنى يولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ۋاقىتلىق بەلگىلىگەن بەزى چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، بۇ ئاللاھنىڭ

www.munber.org

ئىلاھىي رەھمىتىدىن بولغان، ئەھلى كىتابلارغا مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يەڭگىللىتىش ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلىكنىڭ ئۇنۋانى بولغان. قۇرئان كەرىم بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿عِنْدَهُمْ فِي التَّوْرَاةِ وَالْإِنْجِيلِ يَأْمُرُهُمْ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَاهُمْ عَنِ الْمُنْكَرِ وَيُحِلُّ لَهُمُ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ وَيَضَعُ عَنْهُمْ إِصْرَهُمْ وَالْأَغْلَالَ الَّتِي كَانَتْ عَلَيْهِمْ﴾

﴿ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى تەۋرات ـ ئىنجىلدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ ئۇلارنى ياخشى ئىش قىلىشقا بۇيرىيدۇ، يامان ئىش قىلىشتىن توسىدۇ، ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ، ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر ۋە قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ تاشلايدۇ﴾ [ئەئراف سۈرىسى157 ـ ئايەت]

ئىسلام ھەرقانداق بىر گۇناھنى يۇيۇش ئۈچۈن بەزى ياخشى نەرسىلەرنى ھارام قىلىشتىن باشقا تۈرغۈن يوللارنى كۆرسەتكەن ۋە بەلگىلىگەن. مەسىلەن: سۈنىڭ كىرنى پاكىزلىغىنىدەك، چىن كۆڭۈلدىن قىلغان تەۋبە گۇناھلارنى پاكلايدۇ، ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى ئېلىپ كېتىدۇ، سەدىقىلەر سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، مۇسىبەتلەر، سىناقلار ۋە ھەر تۈرلۈك كۆلپەتلەر قىش كۈنىدە قۇرۇغان ياپراقلار ئارقا ـ ئارقىدىن تاكىلىگىنىدەك گۇناھلارنى تاكىۋېتىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن ئېنىق مەلۇم بولىدۇكى، ئىسلامدا ھارام ھۆكمى نەرسىلەرنىڭ ناچارلىقىغا، مەينەتلىكىگە ۋە زىيانلىق بولۇشىغا قاراپ بولىدۇ، يەنى بىر نەرسە يامان ياكى مەينەت ياكى قەبىھ

www.munber.org

بولسا، ئۇ نەرسە شۇنىڭ ئۈچۈن ھارامدۇر. شۇنىڭدەك بىر نەرسىنىڭ زىيانلىق تەرىپى پايدىلىق تەرىپىدىن ئارتۇق بولسىمۇ، ئۇ نەرسە ھارامدۇر، پايدىسى ئارتۇق بولغان نەرسە ھالالدۇر، قۇرئان كەرىمنىڭ ھاراق ۋە قىمار ھەققىدە بايان قىلغان ھۆكمى شۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن:

﴿يَسْأَلُونَكَ عَنْ الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ قُلْ فِيهِمَا إِثْمٌ كَبِيرٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ وَإِثْمُهُمَا أَكْبَرُ مِنْ نَفْعِهِمَا﴾

﴿ئى مۇھەممەد! سەندىن ھاراق ۋە قىمار ھەققىدە سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا: «بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا) پايدا بار، لېكىن ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ» دېگىن﴾ [بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەت]

ھەمدە ئىسلامدا ھالال ھەققىدە سورالغاندا: «ھالال دېگەن ياخشى، ئوبدان نەرسىلەر» دەپ جاۋاب بېرىش ئېنىق جاۋابلاردىن بولۇپ كەلگەن، يەنى ساغلام خاراكتېرلىك ئىنسانلار ياخشى، پايدىلىق دەپ كۆرىدىغان، ھەم پۈتۈن ئىنسانلارمۇ ئوبدان، پايدىلىق دەپ ھېسابلايدىغان ھەر قانداق نەرسە ھالالدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمْ الطَّيِّبَاتُ﴾

﴿ئۆزلىرىگە نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سەندىن سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى، «سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى»﴾ [مائىدە سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

ۋە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿الْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمْ الطَّيِّبَاتُ﴾

www.munber.org

﴿بۇگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

بىراق، ئاللاھنىڭ ھارام ھۆكمى ئاساسلانغان قەبىھ ۋە زىيانلىق نەرسە ھەققىدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى كېرەك ئەمەس، چۈنكى بىر مۇسۇلمانغا ئېنىق كۆرۈنگەن نەرسە بەلكى باشقا بىرىگە كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىن، بەلكى بەزى نەرسىلەرنىڭ قەبىھ ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكى بىر ئەسىردە مەلۇم بولمىغىنى بىلەن، يەنە بىر ئەسىردە مەلۇم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ھارام قىلىنغان مەسىلىلەرگە قارىتا داۋاملىق: ”ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق“[1] دېيىشى كېرەك.

ھەممىمىزگە مەلۇم، جانابى ئاللاھ توڭگۇز گۆشىنى ھارام قىلغان چاغدا، مۇسۇلمانلار بۇ ھاراملىقنىڭ پاسكىنىلىقتا تايىنىدىغانلىقىدىن باشقا بىر سەۋەب بىلمەيتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىلىم ـ پەن، توڭگۇز گۆشىدە ئۆلتۈرگۈچى قۇرۇت ۋە مىكروبلارنىڭ بارلىقىنى كەشىپ قىلدى.

يەنە بىر مىسال ئالساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿لەنەت كەلتۈرىدىغان ئۈچ نەرسىدىن ساقلىنىڭلار، (يەنى ئىنسانلارنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ لەنىتىنى كەلتۈرىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىڭلار) بۇلار: سۇ مەنبەلىرىگە، يول ئوتتۇرىسىغا ۋە سايىغا تەرەت قىلىشتۇر﴾[2].

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئومۇمىي ئەخلاق ۋە ئەدەب قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قەبىھ

---

[1] ـ بەقەرە سۈرىسى 285 ـ ئايەت.

[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ھۆكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان، ئىمام بەيھەقىمۇ رىۋايەت قىلىپ (سەھىھ) دەپ باھالىغان.

www.munber.org

قىلىقلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدىن باشقا بىر نەرسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، زاماننىڭ ئۆتۈشى ۋە ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىشى بىلەن بىز لەنەت كەلتۈردىغان بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ ئومۇمىي ساقلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان يۇقۇملۇق ۋە يامان كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

شۇنداق قىلىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ پارلاق نۇرلىرى ئەتراپقا چۇشۇپ، كەشپىيات دائىرىسى كېڭەيگەنسىرى، ئىسلامنىڭ ھالال ـ ھارام مەسىلىسىدىكى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ھۆكۈملىرىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىق مەيدانغا چىقىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئۇلارغا ئەڭ مەرھەمەتلىك ھېكمەت ئىگىسى تۇرسا، بەلگىلىگەن ھۆكمى ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى كۆزدە تۇتىدۇ:

﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ وَلَوْ شَاءَ اللَّهُ لَأَعْنَتَكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾

﴿ئاللاھ بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، سىلەرنى چوقۇم جاپاغا سالاتتى، ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 220 ـ ئايەت]

*　　　*　　　*

www.munber.org

## بەشنچى ھالالدا ھارامغا مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان دەرىجىدە يېتەرلىك نەرسىلەر بار

ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىرى، ئىنسانلارغا ھەر تۈرلۈك قولايلىقلارنى بەرگەنلىكىدۇر. مەسىلەن: ئىسلام بىرەر نەرسىنى ھارام قىلغاندا، ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان باشقا بىر نەرسىنى كۆرسەتكەن. ئىمام ئىبنۇل قايyim[1] بايان قىلغاندەك[2] ئىسلامنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىر نەچچىنى ئۆرنەك بېرەيلى:

- ئىسلام جازانىنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا، پايدا بېرىدىغان ئىلىم - سېتىمنى يولغا قويغان.
- قىمارنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا ئات، تۆگە چاپتۇرۇش ۋە ئوق ئېتىش مۇسابىقىلىرىدەك پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ئالماشتۇرغان.
- پال ئېچىشنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىستىخارە دۇئاسىنى يولغا قويغان[3].
- ئەرلەرگە يىپەك كىيىملەرنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا يۇڭ، پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن ھەر تۈرلۈك ئېسىل كىيىملەرنى ھالال قىلغان.

---

(1) ـ **ئىمام ئىبنۇل قايyim:** مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى، ئىمام ئىبنى تەيمىيەنىڭ شاگىرتى، ئاتاقلىق ئالىم، ئىبنۇقايىيم ئەلجەۋزىييە دەپ تونۇلغان،(691ـ751ھـ)ـ ت.

(2) ـ (راۋزەتۇل مۇھىببىين) 10ـ بەت ۋە (ئەئلامۇل مۇۋاققىئىين) 2ـ توم، 111ـ بەتكە قاراڭ.

(3) ـ **ئىستىخارە:** ئىنسان تەرەددۇت قىلغان ئىككى ياكى بىرقانچە نەرسىلەردىن ئەڭ خەيرلىك بولغىنىغا يول كۆرستىشنى ئاللاھدىن تىلەش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭ مەخسۇس دۇئاسى ۋە نامىزى بار. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىستىخارە ۋە مەسلىھەت سېلىشنى تەۋسىيە قىلغان، ئېيتىلدى: "ئىستىخارە سالغان ئالدانماس، مەسلىھەت سالغان پۇشمان يېمەس".

www.munber.org

www.munber.org

- زىنا ۋە بەچچىۋازلىقنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا توي قىلىشنى ھالال قىلغان.

- مەست قىلىدىغان ئىچىملىكلەرنى ھارام قىلىپ، روھ ۋە بەدەنگە پايدىلىق بولغان بارلىق شېرىن ئىچىملىكلەرنى ھالال قىلغان.

- تۈرلۈك قەبىھ يېمەكلىكلەرنى ھارام قىلىپ، ئورنىغا بارلىق پاكىز ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى ھالال قىلغان.

بۇ تەرىقىدە ئىسلامنىڭ بارلىق ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى تەكشۈرۈپ باقساق، جانابى ئاللاھنىڭ ھەر بىر نەرسىنىڭ ئۆز تۈرىدىن بىر يەرنى كېپەيتىپ بەرمەي تۇرۇپ، بەندىلىرىگە بىر نەرسىنى چەكلىمىگەنلىكىنى كۆرىۋالايمىز، چۈنكى ئۇ زات بەندىلىرىگە ھېچقاچان قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ. ئەكسىچە قولايلىق، ياخشىلىق، ھىدايەت ۋە مەرھەمەتنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُرِيدُ اللَّهُ لِيُبَيِّنَ لَكُمْ وَيَهْدِيَكُمْ سُنَنَ الَّذِينَ مِنْ قَبْلِكُمْ وَيَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ۞ وَاللَّهُ يُرِيدُ أَنْ يَتُوبَ عَلَيْكُمْ وَيُرِيدُ الَّذِينَ يَتَّبِعُونَ الشَّهَوَاتِ أَنْ تَمِيلُوا مَيْلًا عَظِيمًا ۞ يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ الْإِنْسَانُ ضَعِيفًا﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار) نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ، شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (يەنى شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشىڭلارنى)

خالايدۇ، ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾ [نىسا سۈرىسى 26 ـ 28 ـ ئايەت]

*　*　*

www.munber.org

## ئالتىنچى ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام

ئىسلام بەلگىلىگەن پرىنسىپلارنىڭ يەنە بىرى: بىر نەرسىنى ھارام قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللارنىمۇ ھارام قىلىشتۇر.

مەسىلەن: زىنانى ھارام قىلغاندا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ھۆسنى ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش، ئايال كىشى يات ئەر كىشى بىلەن خالىي بىر يەردە بولۇش، بىھۇدە ئارىلىشىش، يالىڭاچ رەسىملەر، سېرىق ئەدەبىيات ۋە سېرىق ناخشىلار... قاتارلىق زىناغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق سەۋەب ۋە مۇقەددىمىلەرنى ھارام قىلغان.

مانا بۇ سەۋەبتىن فىقھى ئالىملىرى بۇ قائىدىنى قويغان:

**”ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھارام بولىدۇ“**

بۇنىڭغا ئىسلامنىڭ تۈۋەندىكى بەلگىلىمىسىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ: ھارامنىڭ گۇناھى يالغۇز ئۇ گۇناھنى قىلغۇچىغىلا خاس ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن قاتناشقۇچىلارمۇ گۇناھقا شېرىك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھەربىر كىشىنىڭ گۇناھى قاتنىشىش نىسبىتىگە كۆرە بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكۈچىگە، ياسىغۇچىغا، توشۇغۇچىغا، ئەكەلدۈرگۈچىگە ۋە پۇلىنى يېگۈچىگە لەنەت قىلغان.

جازانىدىمۇ ئۇسۇم ئالغۇچى، بەرگۈچى، يازغۇچى ۋە گۇۋاھ بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە لەنەت قىلىدۇ.

www.munber.org

دېمەك: ھارامغا ئېلىپ بارغان ۋە قىلىنىشىغا ياردەم بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر، ھارامغا ياردەم قىلغان كىشىمۇ گۇناھقا شېرىكتۇر.

*　　　*　　　*

## يەتتىنچى ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر

ئىسلام ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق ئاشكارا يوللارنى ھارام قىلغىنىدەك، شەيتانىي ھىلىلەر ۋە يوشۇرۇن يوللار بىلەن شۇ ھارامنى قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىشنى ھەم ھارام قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى بەزى ھىلىلەر بىلەن ھالال قىلىۋالغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالىنى مۇنداق بايان قىلغان: ﴿سىلەر يەھۇدىيلارنىڭ، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ئەڭ ناچار ھىلىلەر بىلەن ھالال ساناپ قىلغان گۇناھلىرىنى ھەرگىز قىلماڭلار﴾[1].

چۈنكى ئاللاھ تائالا شەنبە كۈنى ئوۋ ئوۋلاشنى ھارام قىلغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار بۇ ھارامغا ھىلە ئىشلىتىپ، ئۇنى ھالال ھېسابلىۋالغان، بۇنىڭ ئۈچۈن (شەنبە كۈنى ئوۋ ئوۋلىمىغان بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن) جۈمە كۈنىدە ئورا كولاپ، تۇزاق ـ قاپقان قۇرۇشۇپ، يەكشەنبە كۈنى كېلىپ تۇزاققا چۈشكەن ئوۋلارنى ئېلىشاتتى، بۇ ئىشنى ھىلىگەرلەر ھالال دەپ ئويلىغىنى بىلەن، ئۇ ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نەزىرىدە ھارامدۇر. چۈنكى ئۇلارغا ھارام قىلىنغىنى سەۋەبلىك ۋە سەۋەبسىز ئوۋ ئوۋلىماسلىقتۇر.

---

[1] ـ بۇ ھەدىسنى ئىمام ئىبنۇل قاييىم (ئىغاسەتۇللەھفان) ناملىق كىتابىنىڭ 1 ـ توم 348 ـ بېتىدە بايان قىلغان، ھەمدە ئۇنىڭغا: (سەنەدى ياخشى) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

يەنە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ھىلىلەرنىڭ بىرى بولسا: ھارام بولغان بىر نەرسىگە ئەسلىي ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم قويۇپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، ھەقىقىتىنى بۇرۇنقىدەكلا قالدۇرۇشتۇر. شەكسىزكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ئەينەن تۇرۇپ ئىسمىنىلا ئۆزگەرتىپ قويۇش بىلەن ياكى ھەقىقىتى ئەينەن تۇرۇپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قويۇش بىلەن ئۇنىڭ ھاراملىقى ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. مەسىلەن: قەبىھ جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە ھىلىلەر كۆرستىلسە ياكى ھاراق (ئۇنى ھالال كۆرستىش ئۈچۈن) ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتالسىمۇ بەربىر جازانە ۋە ھاراقنىڭ ئەسلىدىكى ھاراملىقى ئەينەن قېلىۋېرىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كېلىدۇ، ئۇلار ھاراقنى باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ ھالال قىلىۋالىدۇ﴾[1].

﴿شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەر جازانىنى ئېلىم - سېتىم نامى بىلەن ھالال قىلىۋالىدۇ﴾[2].

دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنلەردە يالىڭاچ ئۇسسۇلغا ”سەنئەت“ ھاراققا ”روھىي ئىچىملىك“ جازانىگە ”ئۆسۈم - پايدا“... ئىسىملىرىنىڭ بېرىلىشى زامانىمىزنىڭ ئاجايىبلىرىدىندۇر.

❋ ❋ ❋

[1] - ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] - (ئىغاسەتۇللەھفان)1- توم، 352- بەت.

www.munber.org

## سەككىزىنچى ياخشى نىيەت ھارامنى قىلىشقا باھانە بولالمايدۇ

ئىسلام دىنى يۈكسەك غايە، پاك مەقسەت ۋە ياخشى نىيەتلەرنى بارلىق ھۆكۈملىرىدە قەدىرلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئىشلار نىيەتلەرگە باغلىق، ھەر كىشىگە پەقەت نىيەت قىلغان نەرسە بار﴾[1].

ياخشى نىيەت مۇباھ بولغان ۋە ئادەت ھالىغا كەلگەن نەرسىلەرنىمۇ ئاللاھقا ئىتائەت ۋە ئاللاھقا يېقىنلىق دەرجىسىگە يەتكۈزىدۇ.

مەسىلەن: ھاياتنى قوغداش، بەدەننى كۈچلەندۈرۈش ياكى پەرۋەردىگارىغا ۋە مىللىتىگە قارىتا بۇرچىنى ئۆز جايىدا ئورۇندىيالىشى ئۈچۈن نىيەت قىلىپ تاماق يېگەن، چىنىققان ئىنساننىڭ بۇ تاماقى ۋە چىنىقىشى ئىبادەت دەرجىسىدىدۇر.

ئۆز نەپسىنى ۋە ئائىلىنى ھارامدىن ساقلاش ياكى پەرزەنت كۆرۈش نىيىتىدە شەھۋىتىنى قاندۇرغان كىشىنىڭ بۇ ئىشى مۇكاپاتقا لايىق بولغان بىر ئىبادەتتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

﴿سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا يېقىن كېلىشىڭلارمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ﴾ ساھابىلەر مۇنداق دەپ سوراشتى: «ئى رەسۇلۇللاھ، شەھۋىتىنى قاندۇرغانلىقىمۇ ئەجىر بېرىلەمدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ﴿شەھۋىتىنى

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھارام بىلەن قاندۇرغان بولسا گۇناھ يېزىلامتى! خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا ھالالدا قاندۇرغان بولسا ئەجىر بېرىلىدۇ﴾[1].

﴿تىلەمچىلىكتىن قۇرتۇلۇش، ئائىلىسىنى بېقىش ۋە خوشنىسىغا ياردەم بېرىش ئۇچۇن ھالال يولدىن پۇل تېپىشقا ھەرىكەت قىلغان كىشى، يۈزى تولۇن ئۈيدەك نۇرلۇق ھالدا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا بارىدۇ﴾[2].

مۆمىننىڭ ھەممە ئىشى شۇنداقتۇر، ياخشى نىيەت ھەر قانداق بىر ياخشى ئىشنى ئىبادەت دەرجىسىگە كۆتۈرىدۇ. ھارام بۇنداق ئەمەس، ھارامنى قىلغۇچىنىڭ نىيىتى نەقەدەر ياخشى، غايىسى نەقەدەر ئۇلۇغ بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھارام يەنىلا ھارامدۇر. ئىسلام ھەرقانداق بىر غايىگە يېتىش ئۇچۇن ھارامنى ۋاستە ئورنىدا ئىشلىتىشنى ھېچبىر شەكىلدە قوبۇل قىلمايدۇ. چۇنكى ئىسلام غايە ۋە قوللىنىلغان ئۇسلۇبنىڭ شەرەپلىك ھەم پاك بولىشىغا دىققەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىسلام ”ئېرىسىل غايە ھەر تۈرلۈك ئۇسلۇبنى ئاقلىيالايدۇ“ ياكى ”ھەققە ئېرىشمەك ئۇچۇن ھەر تۈرلۈك باتىل قوللىنىلىدۇ“ دېگەندەك پرىنسىپلارنى رەت قىلىدۇ. چۇنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ھەققە يالغۇز ھەق يول بىلەنلا يەتمەك لازىم.

مەسىلەن: بىر كىشى مەسجىد ياكى ھەر قانداق خەيرلىك بىر بىنا سېلىش ئۇچۇن جازانە، ئوغرىلىق، ھارام كۆڭۈل ئېچىش، قىمار ياكى چەكلەنگەن ھەر قانداق بىر ئىشتىن مال توپلىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ياخشى نىيىتى ۋە ئۇلۇغ غايىسى بويىنىدىن بۇ ھارامنىڭ گۇناھىنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرىۋېتەلمەيدۇ. چۇنكى غايە ۋە نىيەتلەر

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىسلامدا ھېچقاچان ھارامنى ھالالغا ئۆيلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "ئاللاھ پاكتۇر، پاكتىن باشقىنى قوبۇل قىلماس. ئۇلۇغ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرىغان نەرسىنى مۆمىنلەرگىمۇ بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿يَاأَيُّهَا الرُّسُلُ كُلُوا مِنْ الطَّيِّبَاتِ وَاعْمَلُوا صَالِحًا إِنِّي بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾

﴿ئى پەيغەمبەرلەر، ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾ [مۆمىنۇن سۈرىسى 51 ـ ئايەت]

يەنە مۇنداق دەپ بۇيرىغان:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر، بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار﴾ [بەقەرە سۈرىسى 171 ـ ئايەت]

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

﴿بىر كىشىنى ئويلاڭلار، ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن (ھەج ياكى ئۆمرىدەك بىر ئىش ئۈچۈن) ئۇزۇن سەپەرلىك يولغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، كەيگىنى ھارام ۋە غىزالىنىشى ھارام تۇرۇقلۇق، قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ: «ئى

www.munber.org

ئىگەم! ئى پەرۋەردىگارىم!» دەپ يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت قىلىنسۇن؟﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: ﴿ھارامدىن مال توپلاپ سەدىقە بەرگەن كىشى بۇ سەدىقىسىدىن ھېچبىر ئەجىر ئالالمايدۇ، گۇناھى ئۇنىڭغا بولاۋېرىدۇ﴾[2].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

﴿ھارامدىن پۇل تېپىپ سەدىقە بەرگەن بەندىنىڭ سەدىقىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇنى خەجلىسە بەرىكەتسىز بولىدۇ، خەجلىمەي بالىلىرىغا قالدۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ پۇل بەندىنى ئوتقا ئېلىپ بارىدىغان ھەمراھى بولىدۇ. ئاللاھ ناچارنى ناچار بىلەن ئەمەس، ناچارنى ياخشى بىلەن تازىلايدۇ، پاسكىنا پاسكىنىنى پاكلىيالمايدۇ﴾[3].

❋ ❋ ❋

## توققۇزىنچى ھارامنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن گۇمانلىق نەرسىلەردىن ساقلىنىش كېرەك

ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن يەنە بىر تامچە بولسا، ھالال - ھارام ھەققىدە بەندىلىرىنى قاراڭغۇلۇقتا قويماستىن، ھالالنىمۇ

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم ۋە تىرمىزى ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىبنى خۇزەيمە، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئېنىق، ھارامنىمۇ ئېنىق بايان قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە ھارام نەرسىلەرنى ئوچۇق بايان قىلدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەت]

ھالال ئىكەنلىكى ئېنىق بىر نەرسىنى قىلىشتا ھېچ گەپ يوق، ھاراملىقى ئېنىق بولغان نەرسىنى قىلىشتىمۇ ھېچبىر رۇخسەت يوق.

ئېنىق ھالال بىلەن ئېنىق ھارام ئارىسىدا بىر ئارىلىق بار بولۇپ، ئۇ ھالال ياكى ھاراملىقى بەزى كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك بولمىغان ياكى بىلىنمىگەن گۇمانلىق رايوندۇر، بۇ چۈشىنىلمەسلىكنىڭ سەۋەبى: يا دەلىللەرنىڭ ئۇ كىشىلەرگە تۇتۇق كۆرۈنىشى، يا دەلىلنى ۋەزىيەتكە تەتبىقلاشتا دەلىلنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاپ كېتىشىدۇر.

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ بۇنىڭدەك گۇمانلىق دائىرىدىكى نەرسىلەردىن ساقلىنىشىنى "تەقۋادارلىق" دەپ قارىدى. چۈنكى مۇسۇلمان بۇنىڭدىن ساقلىنىش ئارقىلىق ئېنىق بىر ھارامغا سۆرۈلۈپ كېتىشتىن ئۆزىنى ئاسرىغان بولىدۇ. بۇ، يوچۇقلارنى توسۇۋېتىشنىڭ بىر تۈرىدۇر، ئۇ يەنە ئىنسان ۋە ھاياتنىڭ ھەققىتىدىن خەۋەردار بولغان ئىسلام دىنىنىڭ يىراقنى كۆرەلەيدىغان تەربىيىسىدىن بىر نەمۇنىدۇر.

بۇ پرىنسىپنىڭ ئەسلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ ھەدىسىدىن چىقىدۇ:

www.munber.org

«ھالال ئېنىق، ھاراممۇ ئېنىق. بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر بار، ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇلارنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى بىلىشمەيدۇ. دىنىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلاش نىيىتى بىلەن بۇلارنى كىم تەرك ئەتسە، ئامان بولىدۇ. بۇنىڭ قايسى بىرىنى قىلغان كىشى ھارامنى قىلىپ سېلىشقا تاس قالىدۇ. بۇ خۇددى چەكلەنگەن رايون ئەتراپىدا پادىسىنى ئوتلاتقان كىشىنىڭ ھەر قانداق پەيتتە بۇ رايونغا كىرىپ پادا ئوتلىتىپ قېلىشقا تاس قالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر پادىشاھنىڭ چەكلىگەن بىر رايونى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ چەكلىگەن رايونى بولسا ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر»[1].

❋ ❋ ❋

## ئونىنچى ھارام ھەممە كىشىگە ئوخشاش ھارامدۇر

ئىسلام شەرىئىتىدە ھارام ھۆكمى ھەممە كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىيلىق بىلەن سۈپەتلىنىدۇ. ئىسلامدا ئەرەب بولمىغانغا ھارام بولۇپ، ئەرەب بولغانغا ھالال بولىدىغان ھېچبىر نەرسە يوق. قارا تەنلىككە چەكلىنىپ، ئاق تەنلىككە مۇباھ بولىدىغان ھېچبىر نەرسە يوق. كاھىن، پاپاز، راھىب ۋە ياكى دۆلەت كىشىلىرىگە ئوخشاش مۇئەييەن بىر تەبىقە ياكى بىر سىنىپقا بېرىلگەن مەخسۇس بىر رۇخسەت ياكى ھەق يوق. ھەتتاكى كاپىرغا ھارام بولغان نەرسىنى مۇسۇلمانغا ھالال قىلىدىغان ھېچبىر خۇسۇسىيەت يوق، چۈنكى ئاللاھ ھەممە ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ھەممە كىشىگە بىردەك ئىجرا

---

(1)ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان، يۇقىرىقىسى ئىمام تىرمىزى رىۋايىتىدۇر.

www.munber.org

قىلىنىدۇ. ئاللاھ ھالال قىلغان بىر نەرسە پۈتۈن ئىنسانلارغا ھالالدۇر، ھارام قىلغان ھەرقانداق نەرسە قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھەممە كىشىگە ھارامدۇر.

مەسىلەن: ئىسلامدا ئوغرىلىق قىلىش كەسكىن ھارام، بۇ ئوغرىلىقنى قىلغۇچى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئوغرىلانغۇچىمۇ مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، ھۆكۈم ئەينى ھۆكۈمدۇر، يەنى ھارام يەنىلا ھارامدۇر. نەسەب ۋە نوپۇزى نەقەدەر يۇقىرى ۋە كۈچلۈك بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق نەرسىنىڭ جازاسى بىردەك ئوخشاشتۇر. بۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇتقان ۋە بىزگە ئېلان قىلغان يولدۇر. ئۇ زات مۇنداق دەيدۇ:

﴿ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ناۋادا ئوغرىلىقنى مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە قىلغان بولسا، قولىنى كەسكەن بولاتتىم﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بىر ئوغرىلىق ۋەقەسى يۈز بېرىپ، بىر يەھۇدىي بىلەن بىر مۇسۇلماندىن گۇمان قىلىندى، مۇسۇلماننىڭ بەزى تۇغقانلىرى بىرقانچە دەلىللەر بىلەن گۇماننى مۇسۇلماندىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ، يەھۇدىيغا دۆڭگەپ قويدى، ئوغرىلىقنى قىلغان مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ئاقلىدى، ئاخىرى خائىنلارنى رەسۋا قىلىدىغان، ھېلىقى يەھۇدىينىڭ بىگۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىيدىغان ۋە ھەقنى ئۆز جايىغا قويىدىغان ئىلاھىي ۋەھىي كەلدى، بۇ ئىلاھىي ۋەھىي شۇ ئىدى:

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿إِنَّا أَنزَلْنَا إِلَيْكَ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِتَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ بِمَا أَرَاكَ اللَّهُ وَلَا تَكُنْ لِلْخَائِنِينَ خَصِيمًا ۞ وَاسْتَغْفِرْ اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا ۞ وَلَا تُجَادِلْ عَنْ الَّذِينَ يَخْتَانُونَ أَنفُسَهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ خَوَّانًا أَثِيمًا ۞ يَسْتَخْفُونَ مِنَ النَّاسِ وَلَا يَسْتَخْفُونَ مِنْ اللَّهِ وَهُوَ مَعَهُمْ إِذْ يُبَيِّتُونَ مَا لَا يَرْضَى مِنْ الْقَوْلِ وَكَانَ اللَّهُ بِمَا يَعْمَلُونَ مُحِيطًا ۞ هَاأَنْتُمْ هَؤُلَاءِ جَادَلْتُمْ عَنْهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَمَنْ يُجَادِلُ اللَّهَ عَنْهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَمْ مَنْ يَكُونُ عَلَيْهِمْ وَكِيلًا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد) سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق، خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. ئاللاھدىن مەغپىرەت تىلىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن، خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ. ئۇلار (خىيانەتلىرىنى) ئىنسانلاردىن يوشۇرىدۇ، ئاللاھدىن يوشۇرمايدۇ. ئۇلار ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆزنى (يەنى بوھتان چاپلاش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، ۋە يالغان قەسەم) پىلانلىغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاللاھ تامامەن بىلگۈچىدۇر. سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، ھاياتى دۇنيادا ئۇلارنىڭ (ئوغرى ـ خائىنلارنىڭ) تەرىپىنى ئالدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم ئاللاھقا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ؟ ياكى كىم ئۇلارغا ھامى بولىدۇ؟﴾ [نىسا سۈرىسى 105 ـ 109 ـ ئايەتلەر]

ئازغان ۋە ھەقتىن چەتنىگەن يەھۇدىزم، بىر يەھۇدىينىڭ باشقا بىر يەھۇدىيگە جازانە بىلەن قەرز بېرىشىنى ھارام دەپ، غەيرىي يەھۇدىيلارغا جازانە بىلەن قەرز بېرىشنى ھالال دەپ داۋا قىلغان.

www.munber.org

تەسنىيە ئىشترا 33 ـ بۆلۈم 19 ـ 20 ـ جۈملىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”بىر قېرىندىشىڭغا پۇل، يېمەك (ياكى ئۆسۈم بىلەن بېرىلىدىغان) ھەرقانداق بىر نەرسىنى جازانە بىلەن قەرز بەرمە (19)، ياتقا جازانە بىلەن قەرز بەرسەڭ بولىدۇ، لېكىن قېرىندىشىڭغا جازانە بىلەن قەرز بەرمە“(20).

يەھۇدىيلاردىكى بۇ مايىللىقنى قۇرئان كەرىم بىزگە ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن بايان قىلىپ بەرگەن. مەسىلەن: ئۇلار ئۆز دىنىدىن ياكى مىللىتىدىن بولمىغان كىشىلەرگە قارشى ئالداش ۋە ئىھانەت قىلىشنى ھالال، ھەمدە بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق دەپ قارىغان، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِقِنطارٍ يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَنْ إِنْ تَأْمَنْهُ بِدِينَارٍ لَا يُؤَدِّهِ إِلَيْكَ إِلَّا مَا دُمْتَ عَلَيْهِ قَائِمًا ذَلِكَ بِأَنَّهُمْ قَالُوا لَيْسَ عَلَيْنَا فِي الْأُمِّيِّينَ سَبِيلٌ وَيَقُولُونَ عَلَى اللَّهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُونَ﴾

﴿ئەھلى كىتابتىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا كۆپ مال ئامانەت قويساڭمۇ ساڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇلاردىن يەنە بەزى كىشىلەر باركى، ئۇنىڭدا بىر تىللا ئامانەت قويساڭمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ سۈيلىمىگىچە ئۇنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار: «ئۈممىلەرنىڭ[1] مېلىغا خىيانەت قىلساق بىزگە گۇناھ بولمايدۇ» دېدى، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾ [ئالى ئىمران سۈرىسى 75 ـ ئايەت]

ھەقىقەتەن ئۇلار ئاللاھ نامىدىن يالغان سۆزلىمەكتە، چۈنكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھېچبىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن

[1] ـ ئەرەبلەرنى دېمەكچى، چۈنكى ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ يا مۇقەددەس كىتابى ياكى ئىلىم ـ مەرىپىتى بولمىغان. ساماۋى كىتابى يوق باشقا مىللەتلەرمۇ ئۈممىيلەر قاتارىغا كىرىدۇ.

www.munber.org

ئايرىمايدۇ، ئاللاھ تائالا ئالداش ۋە ئىھانەت قىلىشنى بارلىق پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ھەممە كىشىگە ھارام دەپ بىلدۈرگەن.

بىز ئەپسۇسلىنىدىغان بىر مەسىلە، بۇ ياۋايى ۋە ھايۋانىي تۈيغۇنىڭ يەھۇدىيلار تەرەپىدىن ساماۋى بىر دىنغا مەنسۇپ قىلىنىشىدۇر، چۈنكى ئالىيجاناب ئەخلاق ئۇياقتا تۇرسۇن، ئادەتتىكى ئەخلاقمۇ بىرىگە ھالال قىلغان نەرسىنى باشقىسىغا ھارام قىلمايدۇ، ھەممە كىشىنى ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ، ياۋايى ئىنسانلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرمىزدىكى پەرق، ئەخلاقىي دائىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى كەڭ ـ تارلىقىدۇر. مەسىلەن: ياۋايى قەبىلىلەرنىڭ نەزىرىدە ئامانەتلىك بولۇش ئىسىل پەزىلەتتۇر، بىراق بۇ بىر قەبىلە ئىچىدە ئۆزئارا شۇنداق بولىدۇ، قەبىلە سىرتىدا خىيانەت قىلىش جائىز، ھەتتا مۇستەھەب ۋە ۋاجىب.

”مەدەنىيەت قىسسىسى“ نىڭ ئاپتورى ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ[1]:

«بارلىق ئىنسانىي جەمئىيەتلەر باشقا جەمئىيەتلەرنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن دەرىجىدە دەپ قارايدۇ، بۇ ھەقتە ئۇلار ئىتتىپاقلاشقان. مەسىلەن: يەرلىك ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۆرنەك بولۇپ ”ئۇلۇغ روھ“ تەرەپىدىن يارىتىلغانلىقىنى، باشقا ئىنسانلارنىڭ بۇلارنى ئۆلگە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېتىقاد قىلاتتى. ھىندىستاندىكى بىر قەبىلە ئۆزى ـ ئۆزىگە ”ئىنسانلار ئىچىدىكى ئىنسانلار“ لەقىمىنى قويۇۋالغان. كۆرىيۇنلارمۇ ”يالغۇز بىزلا ئىنسانلار“ دەيدۇ. پۈتۈن بۇلارنىڭ يەكۈنى قىلىپ شۇنداق دېيەلەيمىزكى: بارلىق دەسلەپكى ئىنسانلار باشقا مىللەتلەرنىڭ كىشىلىرىنى ئۆز قەبىلىرىنىڭ كىشىلىرىگە

[1] ـ شۇ ناملىق ئەسەر، 1 ـ توم، 95 ـ بەت.

www.munber.org

تەڭ قىلىدىغان ئەخلاققا ئىگە ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئوچۇق ھالدا: ئەخلاقنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈش ۋە ئۆز جەمئىيىتىنى باشقا جەمئىيەتلەرگە قارشى مۇستەھكەم قىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايتتى. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەخلاقىي قائىدىلەر ۋە ھاراملار پەقەتلا ئۆز كىشىلىرى ئارىسىدىلا تەتبىقلىناتتى. باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئۆزلىرىگە مېھمان بولمىغان تەقدىردە، بۇ ئەخلاقىي قائىدىلەردىن ۋە ھارام ئۇقۇمىدىن پايدىلىنالمايتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار باشقىلارغا ھەر تۈرلۈك مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايتتى».

❋ ❋ ❋

www.munber.org

## ئۇنىبىرنچى زۆرۈرىيەت چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ

ئىسلام دىنى ھاراملارنىڭ دائىرىسىنى تارايتتى، لېكىن ئۇنىدىن كېيىن ھارام ھەققىدە كەسكىن تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق يولنى توسۇۋەتتى. دېمەك: ھارامغا ئېلىپ بارىدىغان ھەممە نەرسە ھارامدۇر، ھارامغا ياردەم قىلىدىغان ھەر نەرسە ھارامدۇر، ھارامنى ھالال قىلىش ئۈچۈن ھىلە ئىشلىتىش ھارامدۇر...ۋە باشقىلار. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنى ھايات زۆرۈرىيەتلىرىگە ۋە ئىنسانىنىڭ بۇ زۆرۈرىيەتلەركە قارىتا ئاجىزلىقىغا كۆز يۇممىغان، نەتىجىدە قاتتىق زۆرۈرىيەتلەرنى ۋە ئىنسانىي ئاجىزلىقلارنى كۆزدە تۇتقان، ھەمدە بۇ خىل زۆرۈرىيەتلەر ئالدىدا مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشى ئۈچۈن بەزى ھاراملارنى قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

مانا بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ، قان ۋە توڭگۇز گۆشىدەك بەزى يېمەكلىكلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 173_ ئايەت]

بۇ مەنە قۇرئان كەرىمدىكى تۆت سۈرىدە ھارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر بايان قىلىنسىلا تەكرارلانغان، ئىسلام

www.munber.org

شەرئىەتشۇناسلىرى بۇنىڭدەك ئايەتلەردىن ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپنى چىقارغان، ئۇ بولسا:

«زۆرۈرىيەتلەر چەكلەنگەن نەرسىلەرنى مۇباھ قىلىدۇ»

ئەمما ئايەتلەر بۇ زۆرۈرىيەت ئىچىدە قالغان كىشىنى (غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ) باشقىسىغا تاجاۋۇز قىلمىغان بولۇشى كېرەك دەپ قەيت قىلغان، بۇ ھۆكۈملەرنى كەسكىن ھالدا بىلدۈرگەن ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدىن، رۇخسەت بىلەن ئىش قىلغاندا چەكتىن ئاشماسلىق، زۆرۈرىيەت دائىرىسى ئىچىدە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. شەرئىەتشۇناسلار بۇنىڭدىن يەنە بىر پرىنسىپ چىقارغان، ئۇ بولسا:

«زۆرۈرىيەت ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان نەرسە زۆرۈرىيەت مىقداردا بولىدۇ»

شۇڭا ئىنسان بۇ زۆرۈرىيەتكە ۋاقىتلىق بويسۇنسىمۇ، ئۇنىڭغا تامامەن تەسلىم بولماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە ئەسلىي ھالال بولغان نەرسىگە يېپىشىشى ۋە ئۇنى ئىزدىشى كېرەك، بۇنداق قىلغان تەقدىردە زۆرۈرىيەت باھانىسى بىلەن ھارامنى كىچىك سانىمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن داۋاملىق ساقلىنىدۇ. ئىسلام زۆرۈرىيەت ئەھۋاللىرىدا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ھالال قىلىش بىلەن، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي روھىنى ۋە ئەسلىي قائىدىلىرىنى تەتبىقلايدۇ، بۇ ئومۇمىي روھ بولسا: مۇشەققەتچىلىك ئارىلاشمىغان قولايلىق روھىدۇر. بۇرۇن كەلگەن ئۈممەتلەرگە بەك ئېغىر يۈك بولغان ئىشكەللەرنى يەڭگىللىتىش روھىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەققەتەن توغرا سۆزلىگەن:

﴿يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾

www.munber.org

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، ھەرگىز تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 185 ـ ئايەت]

﴿مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ وَلَكِنْ يُرِيدُ لِيُطَهِّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ. لېكىن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاكلاشنى، (ئىسلام شەرىئىتىنى سىلەرگە بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ﴾ [مائىدە سۈرىسى 6 ـ ئايەت]

﴿يُرِيدُ اللَّهُ أَنْ يُخَفِّفَ عَنْكُمْ وَخُلِقَ الْإِنسَانُ ضَعِيفًا﴾

﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ، ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾ [نىسا سۈرىسى 28 ـ ئايەت]

www.munber.org

## ئىككىنچى باب

### مۇسۇلماننىڭ شەخسىي ھاياتىدىكى ھالال ۋە ھارام

1 ـ يېمەك ـ ئىچمەكلەردە:

- شەرئىي بوغۇزلاش.
- ئوۋ ئوۋلاش .
- ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر.

2 ـ كىيىم ـ كېچەك زىننەت بۇيۇملىرىدا:

- ئالتۇن ... ۋە يىپەك.
- مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى.
- ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش.

3 ـ ئۆي ئىچىدە:

- ئالتۇن ـ كۈمۈش.
- ھەيكەللەر.
- فوتو سۈرەت.

4 ـ ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە پۇل تېپىشتا:

- ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە جىنسىي ئويۇنلار.
- ھەيكەلتاراشلىق ۋە كرېستلارنى ياساش.
- مەست قىلىدىغان ئىچىملىك ۋە چېكىملىكلەر.

www.munber.org

- ھارام قىلىنغان خىزمەتلەر.

## بىرىنچى يىمەك ـ ئىچمەكلەردە ھالال ۋە ھارام

قەدىمكى مىللەتلەر يېيىش ۋە ئىچىش جائىز بولغان ياكى بولمىغان نەرسىلەردە، بولۇپمۇ يېگىلى بولىدىغان جانلىقلار ھەققىدە تالاش ـ تارتىش قىلىشقان.

ئۆسۈملۈكلەردىن چىقىدىغان يىمەك ـ ئىچمەكلەردە ئىنسانلارنىڭ كۆپ ئىختىلاپى بارلىقى بىلىنمىدى. ئىسلام دىنى ئۈزۈمدىن، خورمىدىن ياكى ئارپىدىن ياسالغان بولسۇن ۋە ياكى باشقا بىر ماددىدىن ياسالسۇن، ئىشقىلىپ ھاراقتا ئايلانغان قىسمىنىلا ھارام قىلغان. ھاراق (ۋە مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە) ھارامدۇر. ئىسلام، يەنە ئىنسانى ھۇشسىزلاندۇرىدىغان، بوشىتىۋېتىدىغان ۋە بەدەنگە زىيانلىق بولغان ھەممە نەرسىنى ھارام قىلغان، يېيىلىدىغان جانلىقلار ۋە ھايۋانىي يىمەكلىكلەر بولسا مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر كەڭ تۈردە ئىختىلاپلاشقان مەسىلىلەردۇر.

### براخمانىزمدا ھايۋاننى بوغۇزلاش ۋە يېيىش:

براخمانىزم، بەزى پەلسەپىچىلەر ۋە بۇلارغا ئوخشىغان گۇرۇھلار ھايۋاننى بوغۇزلاش ۋە ھايۋان گۆشىنى ئىستېمال قىلىشنى ئۆزلىرىگە ھارام قىلىپ، پەقەت ئۆسۈملۈكلەر بىلەنلا غىزالىنىپ ياشىغان. ئۇلار بۇ پەلسەپىۋى قاراشقا دەلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھايۋاننى بوغۇزلاش، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىر جانلىققا قارشى تاش يۈرەكلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنى ياشاش ھەققىدىن مەھرۇم قىلىش توغرا ئەمەس».

www.munber.org

لېكىن كائىناتقا قاراپ پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە شۇنى بىلەلەيمىزكى: بۇ ھايۋانلارنىڭ يارىتىلىشى ئۆز ئالدىغا بىر غايە ئەمەس، چۈنكى ئۇلارغا ئەقىل ۋە ئىرادە بېرىلمىگەن، كۆردۈقكى ئۇلارنىڭ تەبىئىي ئورنى ئىنسان خىزمىتىگە تەييار بولۇشتۇر. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ تىرىك ياكى بوغۇزلانغان ھايۋانلاردىن پايدىلىنىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق.

يەنە، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلار ھەققىدە تەتبىقلىغان قانۇنىيىتىدىن بىلىمىزكى، ئۈستۈن تەبىقىدىكى بىر تۈرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئاستىن تەبىقىدىكى تۈر پىدا قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياپ - يېشىل ئۆسۈملۈكلەر جانلىقلارنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن كېسىلىدۇ، جانلىقلار ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەتتا تەنھا ئىنسانمۇ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جەڭگە قاتنىشىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ...، ۋەھاكازا.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنساننىڭ ھايۋاننى بوغۇزلاشتىن چەكلىنىشى، ئۇنى ئۆلۈمدىن ۋە ھالاكەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ، چۈنكى جانلىقلار بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرۈشمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا بىر كۈنى جايىدا يېتىپ ئۆلىدۇ. بۇ ئۆلۈم ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ تېز ئۆلتۈرگەن ئىتتىك پىچاقتىن بەكرەك ئازابلىق بولۇشى مۇمكىن.

يەھۇد ۋە خرىستىئانلاردا يېيىلىشى ھارام بولغان جانلىقلار:

تەۋراتتا بايان قىلىنغاندەك ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا نۇرغۇنلىغان دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇق جانلىقلىرىنى ھارام قىلغان.

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارغا بەلگىلىگەن ھاراملارنى ئېنىق بايان قىلغان، بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ھارام قىلىشنىڭ سەۋەبى: ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرى ۋە

www.munber.org

گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلگەن.

﴿وَعَلَى الَّذِينَ هَادُوا حَرَّمْنَا كُلَّ ذِي ظُفُرٍ وَمِنَ الْبَقَرِ وَالْغَنَمِ حَرَّمْنَا عَلَيْهِمْ شُحُومَهُمَا إِلَّا مَا حَمَلَتْ ظُهُورُهُمَا أَوِ الْحَوَايَا أَوْ مَا اخْتَلَطَ بِعَظْمٍ ذَٰلِكَ جَزَيْنَاهُمْ بِبَغْيِهِمْ وَإِنَّا لَصَادِقُونَ﴾

﴿يەھۇدىيلارغا تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدۇق، ئۇلارغا كالا، قويلارنىڭ دۇمبىسىدىكى ياكى ئۈچەيلىرىدىكى ياكى سۆڭەككە چاپلاشقان ياغلىرىدىن باشقا ياغلىرىنى ھارام قىلدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن ئۇلارغا بەرگەن جازايىمىزدۇر، بىز ئەلبەتتە راستچىلمىز﴾ [ئەنئام سۈرىسى 146- ئايەت]

بۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى، ئەسلىدە خرىستىئانلارمۇ بۇ ھەقتە يەھۇدىيلارغا ئەگىشىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئىنجىل ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنى تاماملاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

لېكىن ئۇلار تەۋراتتا ئۆزلىرىگە ھارام قىلىنغان، ئىنجىل ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرمىغان نەرسىلەرنى ھالال قىلىۋالغان، يېمەك - ئىچمەكلەر ھەققىدە پاپازلىرىغا ئەگەشكەن، پەقەتلا بۇتلار ئۈچۈن بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمىگەن.

خرىستىئانلارنىڭ پولۇس دېگەن ئالىمى: ”پاك بولغان ھەرنەرسە پاكلارنىڭدۇر، ئېغىزدىن كىركەن نەرسە ئېغىزنى كىرلەتمەيدۇ، ئۇنى پەقەت چىققان نەرسىلا كىرلىتىدۇ“ دېگەندەك باھانە كۆرسىتىپ بوگۇنگە قەدەر تەۋراتتا ھارام قىلىنغان بولىشىغا قارىماي، توڭگۇز گۆشى يېيىشنى ھالال قىلىۋالغان.

www.munber.org

### جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە ھارام قىلىنغان ياتلىقلار:

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر بەزى جانلىقلارنى مەينەت ۋە قەبىھ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بەزىلىرىنى ئىبادەت قىلىش ۋە بۇتلارغا يېقىنلىشىش نىيىتى بىلەن ھارام قىلغان. مەسىلەن: بىر يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بەھىرا، سائىبە، ۋەسىيلە ۋە ھامىلارنى ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ قارشىلىقىدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان ۋە قانغا ئوخشاش كۆپلىگەن قەبىھ نەرسىلەرنى ھالال سانىغان.

### ئىسلام پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ:

جانلىقلارنى يېيىش ھەققىدە ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ئىسراپقا، يەنە بىر قىسمى قاتتىق چەكلەشكە يۈزلەنگەن بىر پەيتتە، ئىسلام دىنى، چاقىرىقىنى پۈتۈن ئىنسانلارغا قارىتىپ مۇنداق دىگەن:

﴿يَاأَيُّهَا النَّاسُ كُلُوا مِمَّا فِي الْأَرْضِ حَلَالًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِ إِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُبِينٌ﴾

﴿ئى ئىنسانلار، يەر يۈزىدىكى ھالال - پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 168- ئايەت]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتاب قىلىپ ئۇلارنى يەر يۈزىدىكى ئۆزلىرى ئۈچۈن يارىتىلغان ھەر قانداق پاك نەرسىلەرنى يېيىشكە، بەزى ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ ھالال قىلغان نېمەتلىرىنى قەبىھ كۆرسىتىش ئارقىلىق ھالالنى ھارام قىلىشقا ئۈندەيدىغان شەيتاننىڭ يولىغا دەسسىمەسلىككە، ئۆزلىرىنى پاك نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلماسلىققا

www.munber.org

چاقىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُلُوا مِنْ طَيِّبَاتِ مَا رَزَقْنَاكُمْ وَاشْكُرُوا لِلَّهِ إِنْ كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ۞ إِنَّمَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ الْمَيْتَةَ وَالدَّمَ وَلَحْمَ الْخِنزِيرِ وَمَا أُهِلَّ بِهِ لِغَيْرِ اللَّهِ فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر، بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھدىن غەيرىينىڭ (بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى، كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 172 ـ 173 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە خاس بولغان بۇ بۇيرۇق بىلەن ئۇلارنى ئاتا قىلىنغان پاك نەرسىلەردىن يېيىشكە ۋە بۇنىڭ قارشىلىقىدا شۈكۈر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان، كېيىن بۇ ئايەتتە ۋە باشقا ئايەتلەردە بايان قىلىنغان بۇ تۆت تۈردىن باشقىسىنى ھارام قىلمىغانلىقىنى. ھارام لارنىڭ بۇ تۆت تۈردە يىغىنچاقلانغانلىقىنى بايان قىلغان:

www.munber.org

﴿قُلْ لَا أَجِدُ فِي مَا أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَى طَاعِمٍ يَطْعَمُهُ إِلَّا أَنْ يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنْزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ فَمَنِ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ماڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى ۋە ئاللاھدىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىڭ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھارقانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر﴾ [ئەنئام سۈرىسى 145 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا مائىدە سۈرىسىدە بۇ ھاراملارنى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلغان:

﴿حُرِّمَتْ عَلَيْكُمُ الْمَيْتَةُ وَالدَّمُ وَلَحْمُ الْخِنْزِيرِ وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ وَالْمُنْخَنِقَةُ وَالْمَوْقُوذَةُ وَالْمُتَرَدِّيَةُ وَالنَّطِيحَةُ وَمَا أَكَلَ السَّبُعُ إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ﴾

﴿سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، چوشقا گۆشى، ئاللاھدىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان، بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، (ھايۋانلار تەرەپىدىن) ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ قويغان ھايۋان ھارام قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت]

www.munber.org

ھارام قىلىنغان گۆشلەرنى ئون قىسىمغا يەتكۈزگەن بۇ ئايەت بىلەن تۆت قىسىمغا جۇغلىغان ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچ زىتلىق يوق، پەقەتلا بۇ ئايەت تەپسىلىيراق بايان قىلغان. چۈنكى بوغۇلۇپ، ئۇرۇلۇپ، ئېگىز يەردىن چۈشۈپ، ئۈسۈلۈپ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار تەرەپىدىن يېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مەنىدە، بۇلار بۇ مەنىنىڭ ئىزاھىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، تىكلىگەن تاشلاردا بوغۇزلانغانلارمۇ ئاللاھدىن باشقىغا بوغۇزلانغانلىقى ھۆكمىدە بىر قىسىم ھېسابلىنىدۇ. دېمەك: ھارام قىلىنغان يېمەكلىكلەر يىغىنچاقلانغاندا تۆت، تەپسىلي بايان قىلىنغاندا ئون قىسىمدۇر.

### ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھارام قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى:

ھارام يېمەكلەردىن ئايەتلەر ئېنىق بايان قىلغان بىرىنچى نەرسە: ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندۇر. ئۇ ـ ئىنسان تەرەپىدىن بوغۇزلاش ياكى ئوۋلاش نىيىتى بولماستىن ئۆلگەن ھايۋان ياكى ئۇچار قاناتلاردىن ئىبارەت.

زامانىۋى ئەقىل ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ ھارام قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانماي تاشلىۋېتىشىنىڭ ھېكمىتى ئۈستىدە توختىلىشى مۇمكىن، بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: بۇنىڭدا ئېنىق ھېكمەتلەر بار مەسىلەن:

1) ـ ساغلام تەبىئەت ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ ۋە نەپرەت قىلىدۇ، ئاقىللار ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى يېيىشنى ئىنساننىڭ ئىززىتىنى چۈشۈرىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا كىتاب ئەھلى بولغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ (بوغۇزلاش ئۇسۇلى ئوخشىمىسىمۇ) بوغۇزلانغاندىن باشقىسىنى يېمەيدىغانلىقىنى ۋە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ھارام دەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

www.munber.org

2) ـ ھېكمەتلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا: مۇسۇلمانلارنى ھەرقانداق ئىشنى نىيەت ۋە ئىرادە بىلەن قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتۇر. نىيەت قىلماي ۋە ئىشلەش كۈچىنى خوراتماي تۇرۇپ ھېچ قانداق بىر نەرسىگە ياكى مېۋىگە ئىگە بولۇشقا ئادەتلەندۈرمەسلىكتۇر. چۈنكى ھايۋاننىڭ ھالاللىقىنى پەرقلەندۈرىدىغان بوغۇزلاش بولسا: يېيىش مەقسىتىدە جېنىنى چىقىرىشتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا ئىنسان يېيىشنى مەقسەت قىلمىغان ۋە ئويلىمىغان نەرسىنى يېيىشكە رازى بولمىغاندەك.

3) ـ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان چوڭ بىر ئېھتىمالدا ئۇزۇن مۇددەتلىك ياكى ئۇشتۇمتۇت كېسەل تۈپەيلىدىن ياكى زەھەرلىك ئوتلارنى يېيىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن ئۆلگەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ زەھىرىدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئۆلگەن ھايۋان ئاجىزلىق ۋە نورمالسىزلىقتىن ئۆلگەن بولىدۇ.

4) ـ ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ھارام قىلىش بىلەن بىللە باشقا ھايۋان ۋە ئۇچارقاناتلارغا رەھمەت قىلىپ، ئۇلارغا ئۆلۈك ھايۋانلاردىن ئوزۇقلىنىش پۇرسىتى بەرگەن، چۈنكى قۇرئان كەرىم بايان قىلغىنىدەك، ھايۋاناتلار ۋە ئۇچارقۇشلارمۇ بىزگە ئوخشاش مىللەتلەردۇر. بۇ خىل ئەھۋال چۆل ـ باياۋانلاردەك ھايۋان ئۆلۈكلىرى كۆمۈلمەيدىغان يەرلەردە ئېنىق كۆرىلىدۇ.

5) ـ يەنە بىر ھېكمىتى بولسا، كىشىلەرگە ئىگە بولغان ھايۋاناتلىرىدىن خەۋەر ئېلىشنى، ئۇلارنى كېسەللىك ۋە ئاجىزلىق قۇربانى بولۇپ كېتىشكە تاشلاپ قويماي، يا داۋالاش، يا بۇ ئازابتىن تېز قۇتقۇزۇش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇش.

www.munber.org

### ئاققان قاننىڭ ھارام قىلىنىشى:

ھارام يېمەكلىكلەرنىڭ ئىككىنچىسى: ئاققان قاندۇر. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تالنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقى ھەققىدە سورالغاندا: "يەڭلار" دېگەن، سورىغۇچىلار ئۇنىڭ قان ئىكەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇ مۇنداق دېگەن: "سىلەرگە ھارام قىلىنغان نەرسە ئاققان قاندۇر".

ئاققان قاننىڭ ھارام بولۇشىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ بىرى: ئۇ پاكىز ئىنسانىي تەبىئەت يىرگىنىدىغان نەرسە، ھەمدە ئۇ ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاندەك زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن.

جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئاچ قالغان چاغدا، ھايۋاننى يارىدار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاققان قاننى يىغىپ ئىچىشەتتى، بۇ ھەقتە جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەب شائىرى ئەئشە مۇنداق دەيدۇ:

تاپلاردىن يىراق تۇر، قەتئىي يېقىن كەلمە

قان ئاققۇزۇپ جاننى قىيناپ بۇنداق كەسمە

بۇنداق قان ئېقىتىش ھايۋاناتلارغا ئازار بولغانلىقتىن، ھەمدە ئۇنى ئاجىزلىتىشقا سەۋەب بولغانلىقتىن جانابى ئاللاھ بۇنى ھارام قىلغان.

### توڭگۇز گۆشى:

ھاراملارنىڭ ئۈچىنچىسى: توڭگۇز گۆشىدۇر. ساغلام تەبىئەت ئۇنى قەبىھ كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرگەن يېمەكى پاسكىنا نىجىس نەرسىلەردىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان تىببىي تەتقىقاتلىرى توڭگۇز گۆشىنىڭ ھەممە

www.munber.org

بەلۋاغلاردا بولۇپمۇ ئىسسىق بەلۋاغلاردا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىلمىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق توڭگۇز گۆشىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قۇرۇت ۋە مىكروبلار بارلىقى ئىسپاتلاندى. كىم بىلىدۇ، بەلكى كېلەچەكتە ئىلىم ـ پەن بۇ ھاراملار ھەققىدە بىز بۇگۈن بىلىدىغان مەلۇماتلاردىن تېخىمۇ كۆپرەك يېڭى مەلۇماتلارنى كەشىپ قىلىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى سۈپەتلەپ ھەقىقەتەن راست ئېيتقان:

﴿وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمُ الْخَبَائِثَ﴾

﴿ئۇلارغا ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ﴾ [ئەئراف سۈرىسى 157- ئايەت]

بۇ ھەقتە بەزى تەتقىقاتچىلار: ”ئىنسان توڭگۇز گۆشىنى يېيىشنى داۋام قىلسا، كۈنلەمەس بولۇپ قالىدۇ“ دېگەن.

ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامىغا بوغۇزلانغان ھايۋان:

ھاراملارنىڭ تۆتىنچىسى: ئاللاھدىن غەيرىينىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋاندۇر. يەنى بوغۇزلانغاندا بۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ نامى ئېيتىلغان ھايۋانلاردۇر. ئەرەب بۇتپەرەسلىرى ھايۋان بوغۇزلىغاندا، لات، ئۇززا بۇتلىرىنىڭ ناملىرىنى تىلغا ئېلىشاتتى. بۇ ئاللاھدىن باشقىغا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسمىدىن باشقا بىر نەرسە بىلەن ئىبادەت قىلىشتۇر. بۇ يەردىكى ھارام قىلىش سەۋەبى: تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ قوغدىلىشى، ئېتىقادنىڭ ھەر تۈرلۈك بۇلغۇنىشلاردىن پاكلىنىشى ۋە ھەر قانداق بىر مۇناسىۋەتتە كۆپۈر ۋە شېرىككە قارشى كۆرەش قىلىشتەك ساپ دىنىي غايىدىن ئىبارەتتۇر.

www.munber.org

ئىنسانىنى ياراتقان، يەر يۈزىدىكى بارلىقلارنى ئىنسانغا بويسۇندۇرغان ۋە ھايۋاناتلارنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەيىنلىگەن جانابى ئاللاھ ئۆز نامىنى تىلغا ئېلىش شەرتى بىلەن ئىنسانلارغا ھايۋانىنى بوغۇزلاپ پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلغان. ئاللاھنىڭ نامىنى بوغۇزلاش پەيتىدە تىلغا ئېلىشنىڭ مەنىسى: بۇ جانلىق ھايۋانغا بۇ ئىشنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە رازىلىقى بىلەن قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتۇر. ھايۋان بوغۇزلىغاندا ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىسا، ئاللاھنىڭ بۇ ئىزنى ۋە رازىلىقى بىكار قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇنداق بوغۇزلانغان ھايۋاندىن مەھرۇم بولۇشقا لايىق بولغان بولىدۇ.

### ئۆزى ئۆلۈپ قالغان جانلىقلارنىڭ تۈرلىرى:

يۇقىرىقى تۆت خىل تۈر ھارام يېمەكلىكلەرنىڭ ئىخچاملاشقان تۈرى بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەت بۇلارنى ئون تۈرگە ئايرىغان.

ئۇنىڭ بەشىنچىسى: بوغۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋاندۇر. ئارغامچا ياكى ھەرقانداق بىر نەرسە بىلەن بويندىن بوغۇلغان ياكى بېشى تار يەرگە كىرىپ قالغاندەك شارائىتلاردا ئۆلگەن ھايۋانلار بوغۇلۇپ ئۆلگەن ھايۋان قاتارىغا كىرىدۇ.

ئالتىنچىسى: كالتەك ياكى باشقا ھەرقانداق بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان.

يەتتىنچىسى: ئېگىزدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋان. قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالغانلىرىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمدە.

سەككىزىنچىسى: باشقا بىر ھايۋان تەرەپىدىن ئۈسۈلۈپ ئۆلگەن ھايۋان.

www.munber.org

توققۇزىنچىسى: يىرتقۇچ ھايۋان بىر قىسمىنى يەپ قويغانلىقتىن ئۆلگەن ھايۋان.

ئۇلۇغ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ ئاخىرقى بەش ھارامنى بىر - بىرلەپ سانىغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

﴿إِلَّا مَا ذَكَّيْتُمْ﴾

﴿بوغۇزلىغانلىرىڭلارلا ھالال بولىدۇ﴾ يەنى: بۇ ھايۋانلاردىن جېنى چىقىپ بولمىغان ھالەتتە ئۇلگۇرۇپ بوغۇزلىغىنىڭلار ھالال بولىدۇ.

بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، ھايۋان جانلىق ھالەتتە ئۇلگۇرۇپ بوغۇزلانسا ئۇنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن كۇپايىدۇر. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "ھەرقانداق بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇلغان، ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كەتكەن ياكى ئۈسۈلگەن ھايۋان پۇت - قوللىرىنى مىدىرلاتقاندا بوغۇزلاپ ئۈلگۈرگەن تەقدىردە ئۇنى يېسەڭ بولىدۇ". ئەل داھھاك[1] مۇنداق دەيدۇ: "جاھىلىيەت دەۋرىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى يېيىلەتتى. ئىسلام كەلگەندە بۇ ھايۋانلاردىن ئۈلگۈرۈپ بوغۇزلانغاندىن باشقا ھەممىنى ھارام قىلدى. بۇنىڭغا بىنائەن پۇتى ياكى قۇيرۇقى ياكى كىرپىكى مىدىرلاپ ھەرىكەت قىلغاندا ئۇلگۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋان ھالالدۇر"[2].

### بۇ تۆرلۈك ھايۋانلارنىڭ ھارام قىلىنىش ھېكمىتى:

[1] ـ ئەل داھھاك: ئەدداھھاك ئىبنى مۇزاھىم ئەلھىلالى، تابىئىي، مەشھۇر مۇپەسسىر، 105ـ ياكى 106ـ ھـ ۋاپات بولغانـ ت.

[2] ـ بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: "بىر ھايۋاننىڭ يېيىلىشى ئۈچۈن بوغۇزلىغاندا تولۇق جانلىق بولۇشى شەرت. بۇنىڭ ئالامىتى: قاننىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ۋە قاتتىق ھەرىكەتتۇر".

www.munber.org

بۇ تۇرلۇك ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ ھارام بولىشى يۇقىرىدا ئۆتكەن ھېكمەتلەردىن كىسەللىكتىن ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ زىيانلىق بولىشىدىن باشقا ھېكمەتلەردۇر، چۈنكى بۇ يەردە ھايۋان كىسەللىكتىن ئەمەس باشقا سەۋەبتىن ئۆلگەن. بۇ يەردە يەنە يۇقىرىدىكى ھېكمەتلەرنىڭ ئاخىرقىسى تېخىمۇ بەك كۆزگە چېلىقىدۇ، بۇنداق ھايۋاننى ھارام قىلىش بىلەن ھېكمەت ئىگىسى ئاللاھ تائالا ھايۋانغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇنىڭغا رەھىمدىللىك قىلىش ۋە ئۇنى ئاسراشنى ئىنسانلارغا ئۆگىتىدۇ. بىخۇدلۇق قىلىپ ھايۋاننىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىغا، ئېگىز يەردىن چۈشۈپ كېتىشىگە، بىر - بىرلىرىنى ئۆلتۈرگەنگە قەدەر ئۇرۇشۇشلىرىغا سەۋەب بولۇش توغرا ئەمەس. يەنە بەزى تاش يۈرەك پادىچىلار قىلغىنىدەك ھايۋانلارنى ئازابلاپ ئۆلگىچە ئۇرۇشىمۇ جائىز ئەمەس. ئۆلگىچە ياكى ئېغىر يارىلانغۇچە ھايۋانلارنى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقا سېلىشمۇ جائىز ئەمەس.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بىر مۈڭگۈز تېگىشى بىلەن بوغۇزلىنىدىغان يېرىدىن قان ئاققان تەقدىردىمۇ، ئۈسۈشۈپ ئۆلگەن ھايۋاننىڭ ھارام بولىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. مېنىڭ قانائىتىمچە بۇ، ھايۋاناتلارنى ئۆلگەنگە قەدەر بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشقا قويۇپ بېرىشنىڭ جازاسىدۇر، شۇڭا ئۇ ھارام قىلىنغان.

يىرتقۇچ ھايۋان يېگەن ۋە ئۆلتۈرگەن ھايۋاننىڭ ھارام بولىشىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن بىرى، بەلكى بىرىنچىسى: ئىنسانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى ھايۋانلارنىڭ ئارتۇقىنى يېيىشتىن ساقلاشتۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئاشقان قوي، كالا ۋە تۆگىنى يېيىشەتتى، شۇڭا ئاللاھ بۇنى مۆمىنلەرگە ھارام قىلدى.

### بۇتلارغا بوغۇزلانغان ھايۋانلار:

www.munber.org

ھارام قىلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ ئونىنچىسى: تىكىلگەن تاشلارغا بوغۇزلانغان ھايۋانلاردۇر. تىكىلگەن تاشتىن مەقسەت: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان تاش ياكى ھەيكەل قاتارلىق نەرسىلەردۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدە كەبىنىڭ ئەتراپىدا بۇنداق تىكىلگەن تاشلار بار بولۇپ، ئىنسانلار خۇدالىرىغا ۋە بۇتلىرىغا يېقىنلىق قىلىش نىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىشاتتى.

بۇ ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامىغا بوغۇزلانغانلارنىڭ بىر تۈرىدۇر، چۈنكى ھەر ئىككىسىدە ئاللاھدىن باشقىنى ئۇلۇغلاش مەنىسى بار، ئوتتۇرىدىكى پەرق بولسا: ئاللاھدىن باشقىغا بوغۇزلانغان ھايۋان بۇتتىن ئۇزاق بولسىمۇ ئۇنىڭ نامىغا بوغۇزلىنىدۇ. تىكىلگەن تاشلارغا بوغۇزلانغانلار بولسا بۇتنىڭ ياكى تاشنىڭ ئالدىدا ياكى ئۈستىدە بوغۇزلىنىدۇ، بۇ ئىككىنچىسىنىڭ ھارام بولىشى ئۈچۈن ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامى ئېيتىلغان بولىشى كېرەك ئەمەس.

بۇنداق تىكىلگەن تاشلار كەبىنىڭ ئەتراپىدا بولغاچقا، كۆپ ئىنسانلار ھايۋاناتلارنى بۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدە بوغۇزلاش كەبىنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر دەپ خاتا چۈشىنىشەتتى، شۇڭا بۇنىڭ ھاراملىقى ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامىغا بوغۇزلانغان ھايۋان قىسمىدىن مەلۇم بولسىمۇ، قۇرئان كەرىم بۇ خاتا چۈشەنچىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن ھاراملىقىنى ئېنىق ۋە كەسكىن ھالدا ئايرىم كۆرسەتتى.

### بېلىق ۋە چېكەتكە ھالال:

ئىسلام شەرىئىتى ھارام قىلىنغان ئۆلۈك ھايۋانلار قاتارىدىن بېلىق ۋە بېلىققا ئوخشاش سۇ جانلىقلىرىنى چىقىرىۋەتكەن. ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېڭىز سۈيى ھەققىدە سورالغاندا:

«دېڭىزنىڭ سۈيى پاكىز، ئۆلۈكى ھالال»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطَعَامُهُ﴾

﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەت]

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: "دېڭىزنىڭ ئوۋى: دېڭىزدىن ئوۋلانغان نەرسىلەر، يېمەكلىرى: دېڭىز سىرتىغا ئاتقان نەرسىلەردۇر" دېگەن. ھەزرىتى ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ: "دېڭىزنىڭ يېمەكلىرى ـ ئۆلۈكىدۇر" دېگەن.

ئىمام بۇخارى[2] ۋە ئىمام مۇسلىم[3] سەھىھلىرىدە ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كەلگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بىر كىچىك قوشۇن ئەۋەتتى، ئۇلار دېڭىزدا ئۆلۈپ قىرغاقتا چىقىپ قالغان چوڭ بىر كىتنى تېپىۋالدى، قوشۇن ئۇنىڭ گۆشىدىن يىگىرمە نەچچە كۈن

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

[2] ـ **ئىمام بۇخارى:** مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلبۇخارى، ئاتاقلىق ھەدىس ئالىمى، مەشھۇر (سەھىھۇل بۇخارى) ۋە باشقا بىرنەچچە كىتابنىڭ مۇئەللىپى، ۋاپاتى ھـ256 ـ يىلى ـ ت.

[3] ـ **ئىمام مۇسلىم:** مۇسلىم ئىبنى ئەلھەججاج ئىبنى مۇسلىم ئەلنىيشاپۇرى، ھەدىس ئىماملىرىدىن بىرى، مەشھۇر (سەھىھۇ مۇسلىم) قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، ھـ261 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

يېگەندىن كېيىن قوشۇن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ۋەقەنى دوكلات قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە چىقىرىپ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار، ئەگەر يەنە بولسا بىزگىمۇ يېگۈزۈڭلار﴾ دېدى. بەزى ساھابىلەر بىر ئاز ئېلىپ كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يېدى»[1].

چېكەتكىمۇ دېڭىزنىڭ ئۆلۈكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېكەتكىنىڭ ئۆلۈكىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، چۈنكى ئۇنى بوغۇزلاش مۇمكىن ئەمەس. ھەزرىتى ئىبنى ئەبى ئەۋفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە يەتتە قېتىم چېكەتكە يەپ جەڭ قىلدۇق»[2].

## ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تېرىسى، سۆڭىكى ۋە تۈكىدىن پايدىلىنىش:

ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى ھارام قىلىشتىن مەقسەت: ئۇنىڭ يېيىلىشىنى ھارام قىلىشتۇر. ئەمما ئۇنىڭ تېرىسى، مۈڭگۈزى ياكى سۆڭىكى ۋە تۈكلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كېرەك. چۈنكى ئۇ پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان بىر مال، شۇڭا ئۇنى زايا قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئانىمىز مەيمۇنەنىڭ كېنىزىكىگە بىر قوي سەدىقە بېرىلدى، ئۇ قوي ئۆلۈپ قالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ”ئۇنىڭ تېرىسىنى چىقىرىپ، ئاشلاپ پايدىلانساڭلار بولماسمىدى“ دېدى. ساھابىلەر: ”ئۇ ئۆلۈپ قالغان“ دېيىشكەندە،

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىبنى ماجەدىن باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ پەقەت يېيىلىشى ھارام قىلىندى» دېدى[1].

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈك ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى تازىلاش يولىنى كۆرسىتىپ قويدى، ئۇ بولسا ئاشلىماقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاشلاش تېرىنى پاكىزلايدىغان نەرسە»[2].

يەنى: پاكىزلاش ئۈچۈن تېرىنى ئاشلاش، قوينى ھالال قىلىش ئۈچۈن بوغۇزلىماققا ئوخشايدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە: «ئۇنى ئاشلاش پاسكىنىلىقنى تۈگىتىدۇ»[3] دېگەن.

سەھىھۇ مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تېرە ئاشلانسا پاكىزلانغان بولىدۇ»

بۇ ھۆكۈم ئىت ياكى توڭگۇز تېرىسى بولسۇن ھەرقانداق تېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي ھۆكۈمدۇر. بۇ ئەھلي زاھىرنىڭ قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى ئىمام ئەبۇ يۈسۈفتىنمۇ ئەينى قاراش رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام شەۋكانى[4] بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرگەن.

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايىتىدە، سەۋدە ئانىمىز مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ بىر قويىمىز ئۆلۈپ قالغان ئىدى، بىز ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ، ھازىر كونا تۇلۇم بولۇپ قالغان بولسىمۇ، چۆلە سېلىپ ئىشلىتىۋاتىمىز»

---

(1) ـ ئىبنى ماجەدىن باشقا كۆپچىلىك رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
(4) ـ **ئىمام شەۋكانى:** مۇھەممەد ئىبنى ئەلى، يەمەننىڭ ئەللامىسى، مەشھۇر مۇجتەھىد، نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان، (1173ـ1250ھـ) سانئادا ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

**زۆرۈرىيەت ھالىتى بۇنىڭ سىرتىدا:**

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھارام يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى نورمال ئەھۋالدا شۇنداق بولىدۇ. لېكىن ئېيتقىنىمىزدەك زۆرۈرەت ھالىتىنىڭ ئايرىم ھۆكمى بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا اضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ﴾

﴿زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ئاللاھ سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلدى﴾ [ئەنئام سۈرىسى 119 ـ ئايەت]

يەنە ئاللاھ تائالا ھارام يېمەكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَلَا إِثْمَ عَلَيْهِ إِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 173- ئايەت]

ئۆلىمالار تەرەپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ قوبۇل قىلىنغان زۆرۈرەت: ئاچ قالغاندا غىزالىنىش زۆرۈرىتىدۇر.

بەزى ئۆلىمالار زامان مۇددىتى تەرەپىدىن بىر كېچە ـ كۈندۈز ئۆتىشى ۋە بۇ ئەسنادا ھاراملاردىن باشقا يەيدىغان نەرسىنىڭ تېپىلماسلىق شەرتىنى قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىنسان ئۆزىنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشقا يېتەرلىك مىقداردا ھارام يېمەكلەرنى يېسە بولىدۇ.

www.munber.org

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەھۋالدا قالغان كىشى ئۆنىڭدىن تويغىچە يەلەيدۇ، ۋە باشقا يېمەك تېپىلغانغا قەدەر ئۆنىڭدىن ئوزۇقلۇقتا ئېلىۋالسا بولىدۇ».

باشقا ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «يەقەت ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپلا قالىدىغان مىقداردىن ئارتۇق يېسە بولمايدۇ، قۇرئان كەرىمدىكى:

﴿غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ﴾

﴿باشقىنىڭ مىلىغا قول ئۇزاتماسلىق ۋە زۆرۈرەت چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك﴾ دېگەن كۆرسەتمىمۇ قارىماققا شۇنى بىلدۈرىدۇ. ئاچلىق زۆرۈرىتىنى قۇرئان كەرىم ئۇچۇق بىر دەلىل بىلەن بايان قىلغان:

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ فِي مَخْمَصَةٍ غَيْرَ مُتَجَانِفٍ لِإِثْمٍ فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿كىمكى ئاچلىقتا ئىلاجسىزلىقتىن، گۇناھنى مەقسەت قىلماستىن (ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) يېيىشكە مەجبۇر بولسا گۇناھ بولمايدۇ، ئاللاھ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت]

**دورا زۆرۈرىيىتى:**

يارا ياكى بىر كېسەللىكنىڭ ساقىيىشى يالغۇز بۇ ھاراملاردىن بىرىنى يېيىشكە باغلىق بولۇپ قالغان تەقدىردە فىقھى ئالىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلىرى بار. بەزىلىرى داۋالىنىشنى ئوزۇقلىنىشتەك كۈچلۈك بىر زۆرۈرىيەت دەپ قوبۇل قىلمايدۇ، بۇ قاراشتىكىلەر ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان شۇ ھەدىس شەرىپكە تايىنىدۇ:

www.munber.org

﴿ئـاللاھ شـپـالـىقـىغلارنى سىلەرگـە ھـارام قىلغـان نەرسـىلەردە قىلمىغان﴾

يەنـە بەزىلـەر داۋالـىنـىشـنى ئوزۇقلىنـىشـتەك كۈچلـۈك زۆرۈرەت دەپ قارايدۇ. چۈنكى ھەر ئـىككـىسى ھاياتنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچـۈن كېـرەكلىك. بـۇ قاراشـتىكىلەرمۇ ھـارام قىلىنغـان نەرسـىلەرنىڭ داۋالاش ئۈچـۈن قوللىنىشـقا بولىدىغـانلىقى ھـەققىدە پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئومۇمـەن يىپـەك كـىيىم كىيىشـنىڭ ھـارام ئىكەنلىكىنى بەلگىلەپ، قوتۇر كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ھەزرىتى ئابدۇراھمـان ئىبنـى ئـەۋف ۋە زۇبـەير ئىبنـى ئـەۋۋاملارغا يىپـەك كېيىشكە بەرگەن رۇخسىتىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. (بۇ ھەقتە كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى دېگەن بابقا قاراڭ).

بـەلكى بـۇ قـاراش، ھـەر بـىر كۆرسـەتمە ۋە قـانۇنلىرىدا ئىنسان ھاياتىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئىسلامنىڭ روھىغا تېخىمۇ يېقىن بولىشى مۇمكىن.

**لېكىن ھارام بولغان بىر نەرسىنى دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىشنىڭ شەرتلىرى بار:**

1 ـ بۇ دورا ئىستېمال قىلىنمىغان تەقدىردە ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكى ھەقىقىي خەۋپكە ئۇچرىشى.

2 ـ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغان ھالال دورىنىڭ تېپىلماسلىقى.

3 ـ بۇ دورىنى دىيانەتكە ۋە ئىلىمگە ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان مۇسۇلمان بىر دوختۇرنىڭ تەۋسىيە قىلىشى.

بىز بـۇ يـەردە ئەمەلىي ھاياتىمىزدىن ۋە ئىشەنچلىك دوختۇرلارنىڭ سۆزلىرىدىن بىلگىنىمىزگە ئاساسلىنىپ ئېيتساق، بۇ

www.munber.org

ھاراملاردىن بىرىنى دورا قىلىپ ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلىنغان تېبىبىي زۆرۈرەت يوق، لېكىن بىز بۇ ھاراملاردىن باشقا دورا تېپىلمىغان بىر يەردە ياشايدىغان مۇسۇلمان ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىپ، بۇ پرىنسىپنى بەلگىلىدۇق.

## ئېھتىياجنى جەمئىيەت قاندۇرغان كىشى ھارامغا مەجبۇر ئەمەس:

ئىنساننىڭ ئۆز ئىگىلىكىدە يېمەك تاپالماسلىقى ھاراملارنى ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن بىر زۆرۈرەت ئەمەس، چۈنكى مۇسۇلمان ئۆز جەمئىيىتىدە ياشىغان كىشىلەردە زۆرۈرەتنى ھەل قىلىدىغان ئارتۇق يېمەك تېپىلغان تەقدىردە، "ھارامنى يېيىشكە مەجبۇر بولغان" ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى ئىسلام جامائىتى بىر جىسىم ياكى بىر - بىرىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ساغلام بىر بىناغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ دەرتلىرىنى تىڭشايدىغان، ئۆزئارا ھەمكارلىشىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىدۇر.

### بۇ ئىجتىمائىي ھەمكارلىق ھەققىدە ئىسلام شەرىئەتشۇناسلىرىدىن ئىمام ئىبنى ھەزم[1] مۇنداق دەيدۇ:

"بىر مۇسۇلمان كىشى بىر مۇسۇلمان ياكى بىر زىممىي[2] نىڭ يېنىدا ئارتۇق يېمەك تېپىلغان ئەھۋالدا، ئۆلۈك ھايۋان ياكى چوشقا گۆشى يېسە بولمايدۇ. چۈنكى ئاچ قالغاننى تويغۇزۇش يېمەك ئىگىسىگە پەرزدۇر، بۇنداق بولىدىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆلۈك ھايۋان

[1] ـ ئىمام ئىبنى ھەزم: ئەلى ئىبنى ئەھمەد (ئەبۇ مۇھەممەد)، مۇھەددىس ۋە مۇجتەھىد، ئەلمۇھەللا قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، زاھىرىي مەزھەبكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، 456ـ ھـ ۋاپات بولغان ـ ت.
[2] ـ زىممىي: ئىسلام دۆلىتىدە مۇقىم ياشايدىغان كاپىر گەرەجدان ـ ت.

www.munber.org

ياكى چوشقا گۆشى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ھېسابلانمايدۇ. يېمەك ئىگىسى ئارتۇق يېمىكىنى بەرمىگەن تەقدىردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشسا بولىدۇ، ئەگەر يېمەك ئىگىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ناۋادا ئۆلتۈرۈلسە ئاللاھنىڭ لەنىتىگە لايىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بىر ھەقنى ئادا قىلىشقا ئۇنىمىغان تاجاۋۇزچى گورۇھ قاتارىغا كىرىدۇ. قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِنْ بَغَتْ إِحْدَاهُمَا عَلَى الْأُخْرَى فَقَاتِلُوا الَّتِي تَبْغِي حَتَّى تَفِيءَ إِلَى أَمْرِ اللَّهِ﴾

﴿ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 9 ـ ئايەت]

ھەقنى ئىگىسىگە بەرمىگەن كىشى چەكتىن ئاشقان ۋە ھەق ئىگىسى بولغان قېرىندىشىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ، شۇڭا بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى بەرمەي تۇرىۋالغانلار بىلەن ئۇرۇشقان»[1].

## شەرئىي بوغۇزلاش

### دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى ھالالدۇر

ياشايدىغان جايلىرىغا قاراپ ھايۋانلار دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. دېڭىز ھايۋانلىرى يەنى سۇنىڭ ئاستىدىلا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى قەيەردە

[1] ـ ئىبنى ھەزم: (ئەلمۇھەللا) 6 ـ توم، 139 ـ بەت.

www.munber.org

ۋە قانداق ئەھۋالدا تېپىلىشىدىن قەتئىينەزەر ھالالدۇر. تۇتىۋالغۇچى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن، تىرىك تۇتۇلسۇن ياكى ئۆلۈك تۇتۇلسۇن، لەيلەپ قالغان بولسۇن ياكى لەيلىمىگەن بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش. بۇ ھۆكۈمدە بېلىق بىلەن كىت، يەنە دېڭىز ئىتى ياكى دېڭىز توڭگۇزى ۋە ياكى باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتالغان ھەرقانداق ھايۋان ئوخشاش يەنى ھەممىسى ھالال. ئاللاھ تائالا مەلۇم بىر قىسىمنى ھارام قىلماستىن ۋە باشقا ھايۋانلاردەك بوغۇزلاش شەرتىنى قويماستىن پۈتۈن دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان، بەندىلىرىگە قولايلىق ۋە كەڭچىلىك قىلىپ بەرگەن. شۇڭا دېڭىز ھايۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە كۆچى يەتكەن ھەر قانداق نەرسە بىلەن ئىمكان قەدەر ئازاب سالماي ئۆلتۈرۈپ يېسە بولىدۇ.

﴿وَهُوَ الَّذِي سَخَّرَ الْبَحْرَ لِتَأْكُلُوا مِنْهُ لَحْمًا طَرِيًّا﴾

﴿ئاللاھ سىلەرنى دېڭىزنىڭ بېلىقلىرىنى يېسۇن دەپ، سىلەرگە دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەردى﴾ [نەھل سۈرىسى 14 - ئايەت]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطَعَامُهُ مَتَاعًا لَكُمْ وَلِلسَّيَّارَةِ﴾

﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى، دېڭىزدىن چىقىدىغان يېمەكلىكلەر ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 96 - ئايەت]

ئاللاھ تائالا بۇ ھۆكۈمنى پۈتۈن دېڭىز يېمەكلىكلىرىگە ئومۇملاشتۇرغان:

www.munber.org

﴿وَمَا كَانَ رَبُّكَ نَسِيًّا﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭ ئۇنتۇمايدۇ﴾ [مەريەم سۈرىسى 24 ـ ئايەت]

## قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن ھارام قىلىنغانلىرى:

يۇقىرىقى ئايەتلەردە بەلگىلەنگەندەك قۇرئان كەرىم قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىدىن توڭگۇز گۆشى، قان، ئۆلۈپ قالغان ۋە ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامىغا بوغۇزلانغان ھايۋان قاتارلىقلاردىن باشقا ھايۋانلارنىڭ ھاراملىقىنى ئوچۇق بەلگىلىمىگەن، لېكىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَيُحِلُّ لَهُمْ الطَّيِّبَاتِ وَيُحَرِّمُ عَلَيْهِمْ الْخَبَائِثَ﴾

﴿ئۇلارغا پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ﴾ [ئەئراف سۈرىسى 157 ـ ئايەت]

ناپاك نەرسىلەر بولسا بەزى بىر قىسىم كىشىلەر تەرەپىدىن قوبۇل قىلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ساغلام تەبىئەت ۋە تۇيغۇ ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بارلىق ئىنسانلار تەرەپىدىن قەبىھ كۆرۈلىدۇ، نەپرەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: سەھىھۇل بۇخارىدىكى بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

﴿پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر كۈنى ئېشەك گۆشى يېيىشنى چەكلىدى﴾

سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە: ﴿پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مەگەن چىشى، ئۇچار قاناتلاردىن تىتىدىغان تىرنىقى بارلارنىڭ گۆشىنى چەكلىدى﴾ دېيىلگەن.

www.munber.org

بۇ يەردە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن مەقسەت: يولۋاس، شىر ۋە بۆرىگە ئوخشاش خىرىس قىلىپ پارچىلاپ يەيدىغان ھايۋانلاردۇر. ئۇچار قاناتلاردىن مەقسەت: بۈركۈت، قارچىغا ۋە لاچىنغا ئوخشاش يارىلاندۇرىدىغان تىرنىقى بار قۇشلاردۇر.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاندا بەلگىلەنگەن تۆت نەرسىدىن باشقا نەرسە ھارام ئەمەس دەپ قارايدۇ. بەلكى ئۇ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى يېيىشنى چەكلەيدىغان ھەدىسلەر ھاراملىقنى ئەمەس مەكرۇھلىقنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارىشى ياكى بۇنداق ھەدىسلەرنى ئۇ ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ: ”جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرى بەزى نەرسىلەرنى يېيىشەتتى، بەزى نەرسىلەرنى بولسا يىرگىنىپ يېيىشمەيتتى. كېيىن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى ئەۋەتتى، ھالال ۋە ھارامنى كۆرسەتكەن كىتابىنى نازىل قىلدى، ئۇنىڭ ھالال قىلغىنى ھالالدۇر، ھارام قىلغىنى ھارامدۇر، ھەققىدە ھۆكۈم بەرمىگەن نەرسە كەچۈرۈلگەن نەرسىدۇر“ دېگەن ۋە:

﴿قُلْ لَا أَجِدُ فِي مَا أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا عَلَى طاعِمٍ يَطعَمُهُ إِلَّا أَنْ يَكُونَ مَيْتَةً أَوْ دَمًا مَسْفُوحًا أَوْ لَحْمَ خِنزِيرٍ فَإِنَّهُ رِجْسٌ أَوْ فِسْقًا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ﴾

﴿ئېيتقىنكى: «ماڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، ئاقىدىغان قان ۋە توڭگۇز گۆشى ــ چۈنكى توڭگۇز نىجىستۇر ــ ۋە ئاللاھدىن غەيرىينىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن»﴾ [ئەل ئەنئام سۈرىسى 145 ـ ئايەت] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغان[1].

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇ ئايەتكە ئاساسەن ھەزرىتى ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېشەك گۆشىنى ھالال دەپ قارايتتى، ئەمما مالىكمۇ ئىبنى ئابباسنىڭ قارىشىغا مايىل. شۇڭا ئۇ يىرتقۇچ ۋە يىرتقۇچقا ئوخشىغان ھايۋانلارنى ھارام دېمەي مەكرۇھ دەپ قارىغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى: شەرئىي بوغۇزلاش، ھارام قىلىنغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى ھالال قىلالمايدۇ. لېكىن بۇ ھايۋانلارنى شەرئىي بوغۇزلىسا تېرىسىنىڭ ئاشلاشتىن بۇرۇن پاكىز بولىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

### ئۆي ھايۋانلىرى ھالال بولۇشى ئۈچۈن شەرئىي بوغۇزلاش شەرتتۇر:

يېيىلىشى ھالال بولغان قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ئىككى قىسىمدۇر:

1 ـ تۆگە، كالا ۋە توخۇ، كەپتەردەك تۇتۇش مۇمكىن بولغانلار.

2 ـ تۇتۇش مۇمكىن بولمىغانلار.

ئىسلام بىرىنچى قىسىمدىكى ھايۋانلارنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلاشنى شەرت قىلغان.

## شەرئىي بوغۇزلاش شەرتلىرى

تەلەپكە لايىق بوغۇزلاش تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلسا مۇكەممەل بولىدۇ:

1 ـ ھايۋاننىڭ قېنىنى ئېقىتىدىغان ۋە تومۇرلىرىنى كېسىدىغان ئۆتكۈر بىر نەرسە بىلەن بوغۇزلاش.

www.munber.org

ساھابىلەردىن ھاتەم تائىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى رەسۇلۇللاھ، بىز بەزىدە ئوۋ ئوۋلىغىنىمىزدا، ئوۋنى بوغۇزلاشقا قىرلىق تاش ياكى قومۇشتىن باشقا نەرسە تاپالمايمىز. ئاشۇنداق نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلىساق بولامدۇ؟“ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: ”ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، خالىغان نەرسە بىلەن قان ئېقىت“[1].

2 ـ ھايۋانىنىڭ گېلى ياكى بويىنىدىن بوغۇزلىنىشى، يەنى بوغىزىنى كېسىش ياكى بويىنىغا سانجىش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈش. لېكىن بوغۇزلاشنىڭ ئەڭ مۇكەممىلى: گالدىكى يېمەك ـ ئىچمەك ئۆتكۈزىدىغان قىزىل ئۆڭگەچ ۋە نەپەس يولى بولغان كېكىردەك بىلەن ئىككى تەرەپتىكى شاخ تومۇرلارنى كېسىشتۇر[2].

بەلگىلەنگەن بۇ يەردىن بوغۇزلاش مۇمكىن بولمىغان تەقدىردە بۇ شەرت ئەمەلدىن قالىدۇ. مەسىلەن: بەزى ھايۋانلار بېشى ئاستىغا بولۇپ قۇدۇقتەك بىر يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، گېلىدىن بوغۇزلاش مۇمكىن بولمىسا، ياكى ئۈركۈپ كېتىپ ياۋايىلىق ھالىتىگە قايتىپ تۇتقىلى بولمىسا، بۇ خىل ھايۋانلارغا ئوۋ ھۆكمى يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كۈچى يەتكەن قايسىبىر يېرىنى كەسكەن بىر نەرسە بىلەن قانتىپ ئۆلتۈرسە ھالال بولىدۇ.

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببانلار رىۋايەت قىلغان.

[2] ـ بوغۇزلاش ھەققىدە بەزى فەقىھلەرنىڭ كۆپلىگەن شەرتلىرى بار، بىز بۇلارنى ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈچۈن بايان قىلمىدۇق. چۈنكى بۇ شەرتلەر ھەققىدە ھېچبىر ئوچۇق دەلىل يوق. بوغۇزلاش ئۇسۇلى پۈتۈن ئىنسانلار تەبىئىتىدە ۋە ئادەتلىنىشىدە مەلۇم بىر نەرسە، شۇڭا بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ قېينىلاشتۇرۇش، ئىسلامنىڭ قولايلىقى ۋە ئاددىي ـ ساددىلىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە خىلمۇخىل كۆز قاراشلاردا بولغان. مەسىلەن: بوغۇز ـ كېكىردەك ۋە ئىككى شاخ تومۇرنىڭ ھەممىسى كېسىلىشى شەرتمۇ؟ ياكى بەزىسى كېسىلسە يېتەرلىكمۇ؟ بۇلاردىن بىرى كېسىلگەندە تولۇق كېسىلىشى شەرتمۇ ياكى ئازراق كېسىلىشى شەرتمۇ؟ گالدىكى تۈگۈنچەكنى بەدەن تەرەپكە ئەمەس كاللا تەرەپكە قىلىپ كېسىش شەرتمۇ؟ ياكى شەرت ئەمەسمۇ؟ بويۇننىڭ ئارقىسىدىن بوغۇزلانسا يېگىلى بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ بوغۇزلىغاندا ئاخىرىغىچە قولنى تارتماي تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ بۇ خىل سوئاللارغا ھەرخىل جاۋاب بەرگەن فەقىھلەر بار.

www.munber.org

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەتلىرىدە ھەزرىتى رافى ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەردە ئىدۇق، تۆگىلەردىن بىرى قاچتى، ئېتىمىز بولمىغانلىقتىن بىرىمىز ئۇنى ئوقتا ئېتىپ ئۆلتۈردى، بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: «بۇ ھايۋانلاردا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ خۇيلىرى بار، قايسىبىرى يەنە شۇنداق قىلسا مۇشۇنداق قىلىڭلار»ُ.

3 ـ ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامى ئېيتىلماسلىقى. بۇنىڭدا ھەممە ئالىملار بىردەك ئىتتىپاقلاشقان، چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلار ئىلاھلىرى ۋە بۇتلىرىغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە قۇربانلىق قىلغاندا يا ئىلاھلىرىنىڭ يا بۇتلىرىنىڭ ناملىرىنى توۋلاپ تۇرۇپ ياكى مەخسۇس تىكلەنگەن تاش ـ سۇپىلار ئۈستىدە بوغۇزلايتتى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قۇرئان كەرىم مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەتتە: ﴿وَمَا أُهِلَّ لِغَيْرِ اللَّهِ بِهِ﴾ ﴿وَمَا ذُبِحَ عَلَى النُّصُبِ﴾ ﴿ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ بوغۇزلانغان ھايۋان﴾ ﴿تىكلەنگەن تاشلارغا ئاتاپ بوغۇزلانغان ھايۋانلار﴾ دەپ بايان قىلىپ، بۇلارنى ھارام قىلغان.

4 ـ ھايۋان بوغۇزلانغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىشى. بۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

﴿فَكُلُوا مِمَّا ذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ إِنْ كُنْتُمْ بِآيَاتِهِ مُؤْمِنِينَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرگۈچى بولساڭلار، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يەڭلار﴾ [ئەنئام سۈرىسى 118 ـ ئايەت]

www.munber.org

﴿وَلَا تَأْكُلُوا مِمَّا لَمْ يُذْكَرِ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ وَإِنَّهُ لَفِسْقٌ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر﴾ [ئەنئام سۈرىسى 121 ـ ئايەت]

ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«ئاللاھنىڭ نامى ئېيتىلىپ قېنى ئېقىتىلغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يەڭلار»

ئۇگىتىلگەن ئوۋ ئىتلىرىنى قويۇپ بەرگەندە ياكى ئوۋغا قارىتىپ ئوق ئاتقاندا بىسمىللاھ (ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن) دېيىش ھەققىدىكى سەھىھ ھەدىسلەرمۇ بۇ ئاخىرقى شەرتنىڭ كېرەكلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ.

بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان بىر شەرت. لېكىن بۇ ھايۋاننى بوغۇزلاش ئەسناسىدا بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى گۆشنى يېگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىش كۇپايە، چۈنكى گۆشنى يېگەندە بىسمىللاھ دېگەن كىشى، ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان نەرسىنى يېگەن بولىدۇ. سەھىھۇل بۇخارىدا ھەزرىتى ئائىشەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندى: «يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىر گورۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «بەزىلەر بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلغان ياكى ئېيتىلمىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۇنى يەمدۇق ـ يېمەمدۇق؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بىسمىللاھ دەپ يەۋېرىڭلار» دېدى».

www.munber.org

### شەرئىي بوغۇزلاشنىڭ ھېكمىتى ۋە سىرى:

بىزگە كۆرۈنىشىچە، بۇ بوغۇزلاشنىڭ ھېكمىتى ھايۋاننى ئازابلىماسلىق ۋە ئەڭ قىسقا يول ئارقىلىق ئۇنىڭ جېنىنى چىقىرىشتۇر، شۇڭا ئۆتكۈر پىچاقتەك بىر نەرسە بىلەن كېسىش شەرت قىلىنغان، چۈنكى ئۇ ئەڭ تېز تەسىر قىلىدۇ. جان قولاي چىقىدىغان يەر ـ گالدۇر. ھايۋاننى ئازابلاشقا سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن بوغۇزلاشنى دىنىمىز توسقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوغۇزلاشنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن پىچاقنى بىلەشكە بۇيرىغان. ئىمام مۇسلىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى رىۋايەت قىلغان:

﴿ئاللاھ ھەرقانداق نەرسە ھەققىدە ئەڭ ياخشى ئىشنى قىلىشقا بۇيرىغان، ئۆلتۈرگىنىڭلاردا چىرايلىق ئۆلتۈرۈڭلار، بوغۇزلىغىنىڭلاردا پىچاقلىرىڭلارنى بىلەڭلار، ھايۋىنىڭلارنى قىينىماڭلار﴾.

ئىبنى ماجەنىڭ رىۋايىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىچاقلارنى بىلەشكە، پىچاقنى ھايۋانلاردىن مەخپىي تۇتۇشقا بۇيرىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار بوغۇزلىغاندا تولۇق بوغۇزلىسۇن».

ھاكىم ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىشىچە: بىر كىشى بوغۇزلىماقچى بولغان قويىنى ياتقۇزۇپ پىچىقىنى بىلەۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟ ئۇنى ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن بىلىۋالساڭ بولمامتى» دېدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرسىنىڭ بىر قويىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پۇتلىرىدىن سۆرەپ

www.munber.org

كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: «نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ ئۇنى ئۆلۈمگە چىرايلىقچە ھەيدىگىن» دېگەن.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش، بۇ مەسىلىدىمۇ ئىسلامنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى: ئىنسانىنىڭ كۈچى يەتكەن قەدەر ھايۋانغا مۇلايىملىق قىلىش ۋە ئۇنى ئازابلىنىشتىن قۇتقۇزۇشتۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر تۆگىلەرنىڭ لوكىلىرىنى ۋە قويلارنىڭ قويرۇقلىرىنى تىرىك ھالەتتە كېسىشەتتى، بۇنىڭدىن بۇ ھايۋانلار ئازابلىناتتى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تەرىقىدە كېسىۋېلىنغان پارچىلاردىن پايدىلىنىشنى ھارام قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«تىرىك چېغىدا ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان گۆشىغا بارابەر»[1].

بوغۇزلىغاندا بىسمىللاھ دېيىشنىڭ ھېكمىتى:

بوغۇزلىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نازۇك بىر ھېكمىتى بار.

بۇ بىر تەرەپتىن بۇتپەرەسلەرگە قارشى تۇرۇشتۇر، چۈنكى ئۇلار ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا خۇدا دەپ خىيال قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتى، بۇنداق بىر چاغدا مۇشرىك ئادەم بۇتىنىڭ ئىسمىنى ئاتىسا، نېمە ئۈچۈن مۆمىن ئادەم پەرۋەردىگارىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايدىكەن؟

يەنە باشقا بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ ھايۋاناتلار ئاللاھ ياراتقان ۋە جان كىرگۈزگەن مەخلۇق بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئىنسانلارغا ئوخشاش. ئۇنداقتا ئىنسان، ياراتقان ئاللاھنىڭ

[1]- ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

رۇخسىتى بولماستىن قانداقسىگە ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ جانلىرىنى تەنلىرىدىن ئايرىيدۇ؟ مانا بۇ يەردە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاش، بۇ ئىلاھىي رۇخسەتنى ئاشكارە ئېلان قىلىشتۇر، خۇددى ئىنسان بۇ بوغۇزلاش بىلەن: "مەن بۇنى بۇ مەخلۇقلارغا تاجاۋۇز قىلىپ ۋە بۇلارنى بوزەك قىلىپ قىلمايۋاتىمەن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئوۋلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يەيمەن" دەيدۇ.

### ئەھلى كىتاب (يەھۇد . ناسارالار) نىڭ بوغۇزلىغانلىرى:

يوقىرىدا ئىسلامنىڭ ھايۋان بوغۇزلاشقا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆردۇق، چۈنكى ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇشرىكلىرى ھايۋان بوغۇزلاشنى بىر ئىبادەت ھەتتا بىر ئەقىدە مەسىلىلىرىدىن قىلىۋالغان. ئۇلار تىكلىگەن تاشلارغا ۋە بۇتلار نامىغا قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىبادەت قىلىشاتتى. ئىسلام كېلىپ بوغۇزلاش ئەسناسىدا ئاللاھدىن باشقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشنى مەنئى قىلىپ، باشقا بىر ئىسىم ئاتىلىپ بوغۇزلانغان، ياكى تىكلىگەن تاشلار ئۈستىدە بوغۇزلانغان ھايۋانلارنى ھارام قىلدى.

ئەھلى كىتاب (يەھۇد ـ خرىستىئانلار) ئەسلىدە تەۋھىد ئېتىقادىدا بولغاچقا، كېيىن ئېتىقادى بۇلغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلغاندەك، يېمەكلىرىنىمۇ يېيىشكە رۇخسەت قىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ ئاخىرقى نازىل بولغان ئايەتلىرىنىڭ بىرىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿الْيَوْمَ أُحِلَّ لَكُمْ الطَّيِّبَاتُ وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ﴾

www.munber.org

﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەن (يەھۇد ـ ناسارالار) نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى: بۈگۈن بەھىرا، سائىبە ۋە ھام دەيدىغان گەپ يوق، پاكىز ۋە پاك بولغان ھەرقانداق نەرسە سىلەرگە ھالال قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كىتاب نازىل قىلىنغان يەھۇد ۋە خرىستىئانلارنىڭ يېمەكلىرىمۇ سىلەرگە ھالال، ئاللاھ بۇنى ھارام قىلمىغان، سىلەرنىڭ يېمەكلىرىڭلارمۇ ئۇلارغا ھالال. ئۇلار بوغۇزلىغان ياكى ئۇۋلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدىن يېسەڭلار بولىدۇ، سىلەر بوغۇزلىغان ياكى ئۇۋلىغان ھايۋاندىن ئۇلارغا يېگۈزسەڭلارمۇ بولىدۇ.

ئىسلام بۇ ھەقتە ئەرەب مۇشرىكلىرىغا قاتتىق، ئەھلى كىتابقا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغان، چۈنكى ۋەھىيگە، پەيغەمبەرلىككە ۋە ئومۇمىي دىن ئاساسلىرىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن كىتاب ئەھلى مۆمىنلەرگە تېخىمۇ يېقىندۇر. ئۇلارنىڭ يېمەكلىرىنى يېيىش، ئۇلاردىن قىز ئېلىش ئارقىلىق ئارىمىزدا تۇغقانچىلىق قۇرۇشنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈشنىڭ كۆپ پايدىلىرىمۇ بار، چۈنكى ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت كۈچلەنگەن تەقدىردە، ئۇلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئەخلاقىنى ئەمەلىي ھاياتتا ياشايدىغان مۇسۇلمانلاردىن بىۋاستە ئۆگىنەلەيدۇ، ھەمدە بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ھەر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلىرىنىڭ بۇلغىنىشتىن ئىلگىرىكى ساپ ئەسلىي ئىكەنلىكىنىمۇ ئېنىق كۆرەلەيدۇ.

”ئەھلى كىتابنىڭ يېمىكى“ ئۇلارنىڭ ھەممە يېمەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي بىر ئىبارىدۇر. ئۇلارنىڭ

www.munber.org

بوغۇزلىغانلىرى، تېرىغانلىرى ۋە ھەرتۈرلۈك يېمەكلىرى (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە توڭگۇز گۆشىدەك) ئەينىسى ھارام قىلىنمىغانلا بولسا، بىز ئۈچۈن ھالالدۇر. لېكىن ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە توڭگۇز گۆشى كىتاب ئەھلى ياكى مۇسۇلمانىنىڭ قولىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەربىر ھارام.

بۇ يەردە مۇسۇلمانلارغا ئەھمىيەتلىك بولغان بىرقانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر:

### چېركاۋ ۋە ئەھلى كىتاب بايراملىرىغا بوغۇزلانغان ھايۋانلار:

بىرىنچى مەسىلە: ھايۋاننى بوغۇزلىغاندا ئەھلى كىتاب بولغان كىشىنىڭ ئىسا، ئۇزەير[1]دەك ئاللاھدىن باشقا بىر ئىسمىنى ئاتىغانلىقى بىلىنمىسە، ئۇنىڭ بوغۇزلىغىنى ھالالدۇر. ئەمما ئاللاھدىن باشقىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانلىقى مەلۇم بولسا، بەزى فىقھى ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە: ئۇ ھايۋاننى يېيىش ھارام بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق بوغۇزلاش ئاللاھدىن باشقىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بوغۇزلاش قاتارىغا كىرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ ئۇلارنىڭ يېمەكلىكىنى ھالال قىلغان، ئۇلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ. ئىمام تابەرى[2] رىۋايەت قىلىشىچە: ھەزرىتى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەرجىس ناملىق بىر چېركاۋ ئۈچۈن بوغۇزلىنىپ، شۇ چېركاۋغا سوۋغا قىلىنغان بىر قوچقار ھەققىدە: "ئۇنى يېسەك بولامدۇ؟" دەپ سورىغاندا: "ئى ئاللاھ، ئەپۇ قىل،

---

[1] — **ئۇزەير:** بەنى ئىسرائىلغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنى ئاللاھنىڭ ئوغلى دەۋالغان— ت.

[2] — **ئىمام تابەرى:** مۇھەممەد ئىبنى جەرىر ئەتتابەرى (ئەبۇ جەئفەر)، مۇھەددىس، تارىخشۇناس، مۇجتەھىد ۋە كاتتا مۇپەسسىر. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. ھـ310 — يىلى ۋاپات بولغان— ت.

www.munber.org

ئۇلار ئەھلى كىتاب، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكى بىزگە، بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز ئۇلارغا ھالال" دەپ ئۇنى يېيىشكە بۇيرىغان.

ئىمام مالىك، ئەھلى كىتابنىڭ چېركاۋلىرى ۋە بايراملىرى ئۈچۈن بوغۇزلىغان ھايۋانلىرى ھەققىدە سورالغاندا: "ئۇنى يامان كۆرىمەن، لېكىن ھارام دېمەيمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن[1]. ئىمام مالىكنىڭ ئۇنى يامان كۆرىشى، ئۇنىڭ ئاللاھدىن باشقىنىڭ ئىسمىغا بوغۇزلانغان ھايۋانلاردىن بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغانلىقتىن ۋە تەقۋادارلىقتىندۇر، ئۇنى ھارام دەپ قارىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا: ئۇنىڭ نەزىرىدە "ئاللاھدىن باشقىنىڭ نامىغا بوغۇزلانغان" دېگەننىڭ مەنىسى ئەھلى كىتابقا نىسبەتەن ئېيتىلغاندا: ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىغا يېقىنلىق قىلىش نىيىتى بىلەن بوغۇزلاپ گۆشىنى يېمەيدىغان ھايۋانلاردۇر، ئەمما بوغۇزلاپ گۆشىنى يېگەن ھايۋانلىرى بولسا ئۇلارنىڭ يېمەكلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

﴿وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ﴾

﴿ئەھلى كىتابنىڭ يېمەكلىرى سىلەرگە ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

## ئەھلى كىتاب تۇك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈپ يېگەن ھايۋانلار:

[1] ـ بۇ پەتىۋا ئىمام مالىكنىڭ ئىلمىنىڭ چوڭقۇرلىقى ۋە تەقۋادارلىقىغا ئوچۇق دەلىل. چۈنكى ئۇ بەزىلەرنىڭ بۇ كۆنلەردە قىلغىنىدەك ھارام تامغۇسىنى دەرھاللا ئۇرۇۋەتمىگەن، ئۇنى پەقەتلا: "يامان كۆرىمەن" دېيىش بىلەنلا كۇپايە قىلغان. ئۇ، ئىككى دەلىلنىڭ ئومۇمىنى بىر بىرىگە قارىمۇقارشى دەپ قاراپ ئۇلارنى يۇقىرىقى تەرىقىدە بىرلەشتۈرگەن. بۇلارنىڭ بىرى: ئاللاھدىن باشقىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىشى، يەنە بىرى: ئەھلى كىتاب يېمەكلىكىنىڭ ھۆكمى.

www.munber.org

ئىككىنچى مەسىلە: ئۇلارنىڭ بوغۇزلاش ئۇسسۇلى بىزنىڭكىدەك بولۇشى. يەنى قىرلىق نەرسە بىلەن گالدىن بوغۇزلىغان بولىشى شەرتمۇ؟

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇنى شەرت قىلىدۇ. مالىكىي مەزھەبىدىكى بىر گورۇپ ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسىغا قارىغاندا، بۇنداق قىلىش شەرت ئەمەس.

مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە قازى ئىبنول ئەرەبى[1] مۇنداق دېگەن: ”بۇ ئەھلى كىتابنىڭ ئوۋ ۋە يېمەكلىرىنى ئاللاھنىڭ پاكىز دەپ سۈپەتلىگەنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. بۇ مۇتلەق ھالالدۇر، ئاللاھنىڭ بۇنى تەكرارلىشى بىزنى پۈتۈن شەك ـ شۈبھە ۋە بۇزۇق پىكىرلەر پەيدا قىلىدىغان ئېتىرازلاردىن، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇزۇن جاۋابلىرىدىن خالاس قىلىدۇ. مەن: ”خرىستىئانلار بويىنىنى سۇندۇرۇپ پىشۇرغان توخۇنى يېگىلى بولامدۇ؟“ دەپ سورالغىنىمدا مۇنداق دېدىم: يېگىلى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ پاپازلىرىنىڭ ۋە راھىبلىرىنىڭ يېمىكىدۇر، بىزگە نىسبەتەن بۇ شەرئىي بوغۇزلاش ھېسابلانمىسىمۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ يېمەكلىرىنى مۇتلەق شەكىلدە بىزگە ھالال قىلىپ بەرگەن، ئۇلار دىنلىرىدا ھالال دەپ قارىغان ھەرقانداق نەرسە بىزگە ھالالدۇر، پەقەتلا ئۇلار يالغاندىن بۇ بىزنىڭ دىنىمىزدا ھالال دەۋالغان نەرسىلەر بۇنىڭ سىرتىدا. ئۆلىمالىرىمىز مۇنداق دەيتتى: ئۇلار قىزلىرىنى بىزگە ياتلىق قىلىپ بەرسە، ئۇلار بىلەن ئەر ـ خوتۇنلۇق جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولساق ھالال بولىدىكەنۇ، نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ

---

[1]ـ ئىبنۇل ئەرەبى: مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەندولىسى، قازى ئەبۇ بەكىر ئىبنۇل ئەرەبى دەپ تونۇلغان، مالىكىي مەزھەبىدىكى مۇجتەھىد ئالىملاردىن، ھـ 543 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

بوغۇزلىغان نەرسىلەرنى يېمەيدىكەنمىز؟ ھالبۇكى، يېمەك ھالال ۋە ھاراملىقتا جىنسىي مۇناسىۋەتتىن تۆۋەنرەك دەرىجىدە».

بۇ ئىبنۇل ئەرەبىنىڭ پىكرىدۇر، ئۇ يەنە بىر ئورۇندا مۇنداق دەيدۇ: «بوغۇزلاش نىيىتى بولماستىن بوغۇش ياكى بېشىغا ئۇرۇش بىلەن ئۆلتۈرۈپ يېگەن نەرسە، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىدە ھارامدۇر».

بۇ ئىككى پىكىر ئارىسىدا بىر زىتلىق يوق، بۇنىڭدىن مەقسەت بىزنىڭ شەرئىي بوغۇزلاش ئۇسسۇلىمىزغا ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بوغۇزلاندى دەپ قوبۇل قىلغان نەرسىلىرى بىزگە ھالالدۇر. ئۇنداقتا بوغۇزلاشنىڭ ئورتاق مەنىسى: يېيىلىشنى ھالاللاشتۇرۇش نىيىتى بىلەن ھايۋاننىڭ جېنىنى چىقىرىشنى مەقسەت قىلىشتۇر. بۇ مالىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار سايىسىدا ئېلېكتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ئەھلى كىتابلاردىن ئالغان قۇتىلىق توخۇ ۋە كالا گۆشلىرىنىڭ ھۆكمىنى بىلىۋالالايمىز، يەنى ئۇلار بۇنداق يېمەكلەرنى ھالال دەپ قارىسا ـ ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە بىنائەن ـ ئۇ يېمەكلەر بىزگىمۇ ھالالدۇر.

لېكىن كوممۇنىست مەملىكەتلەردىن كەلگەن قۇتىلىق گۆشلەرنى يېيىش كەسكىن ھالدا جائىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەھلى كىتاب ئەمەس، ھەمدە ئۇلار پۈتۈن دىنلارنى، ئاللاھنى ۋە ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىدۇ.

### ئاتەشپەرەسلەر ۋە ئۇلارغا ئوخشايدىغانلارنىڭ بوغۇزلىغانلىرى:

ئاتەشپەرەسلەر بوغۇزلىغان ھايۋانلار ھەققىدە ئىسلام ئالىملىرى ھەرخىل كۆزقاراشلاردا بولغان، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى

www.munber.org

ئاتەشپەرەسلەرنى مۇشرىكلاردىن دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بوغۇزلىغان ھايۋانلىرىنى يېيىشنى مەنئى قىلىدۇ.

يەنە بەزىلەر ھالال دەپ قارايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۇلارغا ئەھلى كىتابقا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىڭلار»[1].

ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجەر[2] ئاتەشپەرەسلىرىدىن جىزيە[3] قوبۇل قىلغان.

ئىمام ئىبنى ھەزم (ئەلمۇھەللا) ناملىق كىتابىنىڭ بوغۇزلاش بابىدا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار ئەھلى كىتابتۇر، شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق ئىشلاردا ئەھلى كىتاب ھۆكمىدە"[4].

ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قارىشىچە: سابىئىيلەر (يۇلتۇزلارغا چوقۇنىدىغانلار) مۇ ئەھلى كىتابتۇر[5].

**بىر قائىدە: غەيب نەرسىلەرنى ئىزدەپ يۈرمەيمىز:**

---

(1) ـ بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا قوشۇلغان: «ئاياللىرىنى ئالمايدىغان، بوغۇزلىغانلىرىنى يېمەيدىغان» دېگەن ئىبارىنى ھەدىس ئالىملىرى توغرا دەپ قارىمىغان.

(2) ـ ھەجەر: بىر جاينىڭ ئىسمى، ھازىرقى كۈۋەيتنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ ـ ت.

(3) ــ جىزيە: ئىسلام دۆلىتىدىكى كاپىر گەرەجدانلارنىڭ ساغلام ئەرلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج ــ ت.

(4) ـ شەكسىزكى، ئىمام ئىبنى ھەزمنىڭ بۇ سۆزىنىڭ قىممىتى بار، چۈنكى ئۇ پىرقە ـ تائىپىلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ئۇلارغا خاس ئەھكاملارنى بىلىشتە مۆتىۋەر ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇل قاھىر ئىبنى تاھىر ئەل باغدادىيمۇ (پىرقىلەر ئارىسىدىكى پەرق) ناملىق كىتابىدا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ زىرادەشتىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. كېيىنكىلەردىن مەۋلانا ئەبۇلمەكارىمغا ئوخشاش قەدىمىي مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلغان ئىسلام ئالىملىرىمۇ ئەينى قاراشنى قوللىغان.

(5) ـ زامانىمىزدىكى بەزى تەتقىقاتچىلار براخمانىزم ۋە بۇددىزمغا ئوخشاش بۇتپەرەس دىنلارنى ئاتەشپەرەسلىك بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ، ھەمدە بۇلارنى ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن كىتابلىرىنى يوقۇتۇپ قويغان ئەھلى كىتاب دەپ قارايدۇ، تېخىمۇ كەڭرى مەلۇمات ئۈچۈن مانار تەفسىرىنىڭ 6 ـ تومىغا قاراڭ.

www.munber.org

بۇ يەردە مۇسۇلمان كىشى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان غەيب نەرسىلەرنى ئىزدەپ ـ سوراشقا مەجبۇر ئەمەس. مەسىلەن: بۇ قانداق بوغۇزلانغان؟ شەرتلىرى تولۇق بولدىمۇ ياكى بولمىدىمۇ؟ بوغۇزلانغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئېيتىلدىمۇ ياكى ئېيتىلمىدىمۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش سۇئاللار بىلەن شۇغۇللىنىش ھاجەتسىز. چۈنكى جاھىل ياكى پاسىق بولسىمۇ مۇسۇلماننىڭ ۋە ئەھلى كىتابنىڭ بوغۇزلىغىنىنى يېيىش ھالالدۇر.

يۇقىرىدا ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئۇنىڭدا: بىر گۇرۇپ مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتقان ياكى ئېيتمىغانلىقىنى بىلمەيمىز، ئۇنى يەمدۇق ـ يېمەمدۇق؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

«ئۇنى يېگەندە، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئاندىن يەڭلار».

ئالىملار بۇ ھەدىس ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس باتىل ۋە بۇزۇق بولۇشىغا دەلىل تېپىلمىغان پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ توغرا ۋە ساغلام بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر».

## ئوۋ ئوۋلاش

ئەرەب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن كۆڭ كەچۈرەتتى، شۇڭا قۇرئان ۋە ھەدىس بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلگەن. فىقھى ئالىملىرىمۇ كىتابلىرىدا بۇ مەسىلىگە ئايرىم بابلارنى بەلگىلەپ قايسىنىڭ ھالال ـ ھارام، قايسىنىڭ ۋاجىب ـ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى تەپسىلي بايان قىلغان.

www.munber.org

ياۋايى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار تۇتالمايدىغان، گۆشى تاتلىق كۆپلىگەن ئۇچارقاناتلار ۋە ھايۋانلار بار. ئىسلام، بوغۇزلاشتا ئۆي ھايۋانلىرى ئۈچۈن بەلگىلىگەن گېلىدىن بوغۇزلاش شەرتىنى بۇنداق ھايۋانلار ئۈچۈن بەلگىلىمىگەن. ئىنسانلارغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنى كۈچى يەتكەن شەكىلدە ئۆلتۈرسە بولىدۇ دېگەن. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتى ۋە ئېھتىياجىغا قاراپ ئوۋلاش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن، لېكىن ئىسلام ئىنسانىنى ئۆز تۈزۈمىگە ۋە ئەقىدىسىگە بويسۇندۇرۇش، ئۇنى ھەرقانداق ئىشتا بولغاندەك ئىسلامىي رەڭ بىلەن بوياش ئۈچۈن، ئوۋلاش ئىشىغىمۇ بەزى شەرتلەر ۋە ئۇسۇللارنى بەلگىلىگەن. بۇ شەرتلەرنىڭ بەزىلىرى ئوۋچى بىلەن، بەزىلىرى ئوۋ بىلەن، يەنە بەزىلىرى بولسا ئوۋ سايمانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى ھەققىدەدۇر، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ئوۋلىنىشى ئىلگىرى بايان قىلىنغان بولۇپ. ئاللاھ ھېچبىر چەكلىمە قويماستىن بارلىق دېڭىز جانلىقلىرىنى ھالال قىلغان، ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿أُحِلَّ لَكُمْ صَيْدُ الْبَحْرِ وَطعَامُهُ﴾

﴿سىلەرنىڭ ۋە يولۇچىلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن سىلەرگە دېڭىز ھايۋانلىرى ۋە دېڭىز يېمەكلىرى ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەت]

### 1 ـ ئوۋچىنىڭ شەرتلىرى:

بوغۇزلىغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ ھەممىسى ئوۋچىدا بولۇشى كېرەك، يەنى ئوۋچى مۇسۇلمان بولۇشى ياكى ئەھلى كىتاب بولۇشى، ياكى ئەھلى كىتاب ھۆكمىدىكى ئاتەشپەرەس سابىئىيلەر بولۇشىدۇر.

www.munber.org

ئىسلامنىڭ ئۇۋچىلارغا بەرگەن كۆرسەتمىلىرىدىن بىرى بولسا، ئۇۋچى ئۇۋنى ئوۋلاش نىيىتى بىلەن ئوۋلىشى كېرەك. بۇنىڭغا بىنائەن ھايۋانى يېيىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش نىيىتى بولماستىن ئۇنىڭ جېنىنى بىكاردىن بىكارغا چىقىرىش توغرا ئەمەس دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر قۇشقاچنى بىكارغا ئۆلتۈرگەن كىشى ئۇچۈن قىيامەت كۈنىدە ئۇ قۇشقاچ: ئى پەرۋەردىگارىم، ئى پەرۋەردىگارىم، پالانى مېنى پايدىلىنىش نىيىتى بولماستىن بىكارغا ئۆلتۈردى. دەپ شىكايەت قىلىدۇ»[1].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر قۇشقاچ چاغلىق نەرسىنى ھەقسىز ئۆلتۈرگەن كىشى قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭدىن سورىلىدۇ» دېگەندە، كىشىلەر: «قۇشقاچنىڭ ھەققى نېمەدۇر؟» دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى بوغۇزلاپ يېيىش، بىكارغا ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتمەسلىك» دەپ جاۋاب بەردى[2].

ئۇۋچىنىڭ شەرتلىرىدىن يەنە بىرى بولسا، ھەج ياكى ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام كەيمىگەن بولىشىدۇر. چۈنكى، ئېھرام ئەسناسىدا مۇسۇلمان كىشى يەر ۋە ئاسماندىكى ھەرقانداق ھايۋان ۋە قۇشنى ئۆز ئېچىگە ئالىدىغان ئامانلىق چەمبىرى ئېچىدە تۇرغان بولىدۇ. ھەتتاكى ئوۋ قولى ۋە نەيزىسى يېتىدىغان يەردە بولسىمۇ، ئۇلۇغ ئىسلام تەربىيىسى ئۇنى تۇتۇش ۋە ئوۋلاشقا رۇخسەت قىلمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

[1] ـ ئىمام نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان، ھاكىممۇ رىۋايەت قىلىپ: (ئىسنادى توغرا) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَيَبْلُوَنَّكُمْ اللَّهُ بِشَيْءٍ مِنْ الصَّيْدِ تَنَالُهُ أَيْدِيكُمْ وَرِمَاحُكُمْ لِيَعْلَمَ اللَّهُ مَنْ يَخَافُهُ بِالْغَيْبِ فَمَنْ اعْتَدَى بَعْدَ ذَلِكَ فَلَهُ عَذَابٌ أَلِيمٌ ❁ يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْتُلُوا الصَّيْدَ وَأَنْتُمْ حُرُمٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر، كۆرمەي تۇرۇپ ئاللاھدىن قورقىدىغانلارنى بىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى بۇنىڭدىن كېيىن ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا) ئۇ قىينىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئى مۆمىنلەر سىلەر ئوۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 94 ـ 95 ـ ئايەتلەر]

﴿وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا﴾

﴿مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەت]

﴿غَيْرَ مُحِلِّي الصَّيْدِ وَأَنْتُمْ حُرُمٌ﴾

﴿سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىمىغان ھالدا﴾ [مائىدە سۈرىسى 1 ـ ئايەت]

### 2 ـ ئوۋغا مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر:

ئوۋ، گېلى ۋە بوينىدىن بوغۇزلاش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھايۋان بولۇشى شەرت. ئۇنداق بولمىغاندا يەنى تۇتقىلى بولىدىغان، خالىغان جايدىن بوغۇزلىغىلى بولىدىغان ھايۋان بولغان تەقدىردە،

www.munber.org

شەرئىي بوغۇزلاشتا گېلى ۋە بويىندىن بوغۇزلاش ئاساس بولغانلىقتىن باشقا يەردىن كېسىلسە بولمايدۇ.

شۇنىڭدەك، ئوق ۋە ئىتلار ئارقىلىق بىر ھايۋاننى ئوۋلاپ جانلىق ھالدا قولغا چۈشۈرسە ئادەتتىكى بوغۇزلاش ئۇسسۇلى بىلەن گېلىدىن بوغۇزلىشى كېرەك. جان تۆلىشىۋاتقان چېغىدا قولغا چۈشۈرسە بوغۇزلىسا ياخشى بولىدۇ، بوغۇزلىماي جان تۆلىشىپ ئۆلۈپ قالسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىتىڭنى ئۇۋنىڭ ئارقىسىدىن قويۇۋېپ بەرگىنىڭدە، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغىن، ئەگەر ئۇۋنى ساق تىرىك ئېلىپ كەلسە، ئۇنى بوغۇزلىغىن».

### 3. ئوۋ قوراللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شەرتلەر:

ئوۋ سايمانلىرى ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

بىرىنچىسى: مائىدە سۈرىسىنىڭ 94 ـ ئايىتىدە ﴿قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار﴾ دەپ ئىشارەت قىلىنغاندەك ئوق، قىلىچ ۋە نەيزىدەك يارىلاندۇرىدىغان سايمانلاردۇر.

ئىككىنچىسى: تۆت پۇتلۇق يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن ئىت ۋە يىلپىزدەك، ئۇچارقۇشلاردىن لاچىن ۋە قارچىغىلاردەك ئۆگىتىلىدىغان، يارىلاندۇرغۇچى ھايۋانلاردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ أُحِلَّ لَكُمْ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُمْ مِنْ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمْ اللَّهُ﴾

www.munber.org

﴿ئېيتقىنكى، سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە شىكارغا ئۆگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۆگەتكىنى بويىچە ئۆگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ شىكار قىلغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

### يارىلىغۇچى قوراللار بىلەن ئوۋلاش:

قورال بىلەن ئوۋلاشنىڭ ئىككى شەرتى بار:

بىرىنچى شەرت: قورالنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئەمەس، كېسىش ۋە يارىلاش ئارقىلىق ھايۋاننىڭ جىسمىغا كىرىپ ئۆلتۈرۈشى .

ھەزرىتى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى: «مەن ئوۋنى تۇم ئوق بىلەن ئېتىپ تۇتىمەن، بۇ قانداق بولىدۇ؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: «تۇم ئوقنى ئاتقىنىڭدا ئەگەر جىسمىغا كىرسە يېگىن، ناۋادا ئېنى بىلەن تېگىپ جىسمىغا كىرمىسە يېمىگىن»[1].

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، قورال ئېغىر ياكى يەڭگىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى قورالنىڭ جىسمىنى يېرىپ ئىچىگە كىرىشىدۇر. مەسىلەن: ئوۋ قورالى ئېغىر بولۇپ، ئۇ قورال ھايۋان جىسمىغا تېشىپ كىرمەستىن ئېغىرلىقى بىلەن زەربە بېرىش ياكى ئۇستىگە چۈشۈش ئارقىلىق ھايۋاننى ئۆلتۈرسە، بۇ ھايۋان ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ھايۋان قاتارىغا كىرىدۇ ـ دە ھارام بولىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۇنداقتا تاپانچا ۋە مىلتىقتەك قوراللارنىڭ ئوقى بىلەن ئوۋلانغان ئوۋلار ھالالدۇر، چۈنكى بۇلار قىلىچ، نەيزە ۋە يا ئوقىدىن بەكرەك جىسمغا كىرىدۇ.

لېكىن ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان: «مىلتىق بىلەن ئېتىلغان ئوۋدىن پەقەت بوغۇزلىغىنىڭلا يېگىن» دېگەن ھەدىس ۋە ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەرنىڭ: «مىلتىق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەننىڭ ھۆكمىدە» دېگەن سۆزى يۇقىرىدىكى ھۆكۈمگە قارشى كۆرۈنۈشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، بۇ يەردىكى مىلتىق سۆزىدىن شۇ دەۋردىكى لايدىن ياسىلىدىغان، قۇربغاندا ئېتىلىدىغان بىر نەرسە كۆزدە تۇتىلىدۇ، ئۇ بۈگۈنكى مىلتىقلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر نەرسە.

تاش بىلەن ئوۋلاشمۇ ھەدىستىكى مىلتىق بىلەن ئوۋلاش ھۆكمىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېغىل تاش ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەر بىلەن ئوۋلاشنى چەكلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاش يا ئوۋ ئوۋلىمايدۇ، يا دۈشمەننى يارىدار قىلمايدۇ، لېكىن چىش تۆكىدۇ، كۆز قۇيىدۇ»[1].

ئىككىنچى شەرت: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدىي ئىبنى ھاتەمگە كۆرسەتكىنىدەك قورالنى ئۇرۇش ۋە ئېتىش ئەسناسىدا ئاللاھ ئىسمىنىڭ ئېيتىلىشىدۇر. بۇ بابتا ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسلىرى ئاساستۇر.

### ئىت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلار بىلەن ئوۋلاش:

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەگەر ئىت ۋە لاچىندەك نەرسىلەر بىلەن ئوۋلىغاندا، بۇ شەرتلەر بولۇشى كېرەك:

بىرىنچىسى: ئۈگىتىلگەن بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچىسى: ئوۋنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، ئىگىسى ئۈچۈن ئوۋلىشى كېرەك.

ئۈچىنچىسى: ئۇنى قويۇپ بەرگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىشى كېرەك.

بۇ شەرتلەرنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ئايەتتۇر:

﴿يَسْأَلُونَكَ مَاذَا أُحِلَّ لَهُمْ قُلْ أُحِلَّ لَكُمُ الطَّيِّبَاتُ وَمَا عَلَّمْتُمْ مِنَ الْجَوَارِحِ مُكَلِّبِينَ تُعَلِّمُونَهُنَّ مِمَّا عَلَّمَكُمُ اللَّهُ فَكُلُوا مِمَّا أَمْسَكْنَ عَلَيْكُمْ وَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهِ﴾

﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلار سەندىن ئۆزلىرىگە (يېمەك ـ ئىچمەكتە) نېمىلەرنىڭ ھالال قىلىنغانلىقىنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، سىلەرگە پاك نەرسىلەر ۋە شىكارغا ئۈگىتىلگەن، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۆزۈڭلارغا ئۈگەتكەن بويىچە ئۈگەتكەن ئوۋچى جانىۋارلارنىڭ ئوۋلىغان نەرسىلىرى ھالال قىلىندى. ئۇلارنىڭ سىلەر ئۈچۈن ئوۋلىغان نەرسىلىرنى يەڭلار، (ئوۋچى جانىۋارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەندە) ئاللاھنىڭ نامىنى ياد ئېتىڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

1 ـ ئۈگىتىشنىڭ مەنىسى ۋە ئۆلچىمى بىزگە مەلۇم، يەنى ئىگىسى بۇيرىغان بويىچە ھەرىكەت قىلىشى، تۇتقان نەرسىنى ئىگىسىگە ئېلىپ كېلىشى، قويۇپ بەرگەن ھامان ئوۋنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشى، ئىگىسى توسسا، توسقانلىقىنى بىلىشىدۇر. فىقھى ئالىملىرى ئارىسىدا بۇ شەرتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەققىدە

www.munber.org

ئىختىلاپ بار. لېكىن مۇھىم بولغىنى ئۈگىتىش سۆزىدىن ئادەتتە چۈشۈنىلىدىغان مەنىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدۇر.

2 ـ ئوۋنى ئىگىسى ئۈچۈن تۇتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئوۋچى ھايۋانلارنىڭ تۇتقان ئوۋدىن يەپسالماسلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئىتنى قويۇپ بەرگىنىڭدە ئىت ئوۋدىن يېسە ئۇنى يېمىگىن، چۈنكى ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئوۋلىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى قويۇپ بەرگىنىڭدە ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېمىگەن بولسا، ئوۋنى يېگىن، چۈنكى ئۇنى ئىگىسى ئۈچۈن تۇتقان»[1].

بەزى ئالىملار يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ يەپ قويغىنىنى ھارام، ئۇچار قۇشلارنىڭ يەپ قويغىنىنى ھالال دەپ قارىغان.

بۇ ئىككى شەرتنىڭ ھېكمىتى: خاراكتېرى ئاجىز كىشلەرنىڭ سەل قاراپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ۋە ئىتلارنىڭ ئارتۇقىنى يېيىشنى چەكلەش ئارقىلىق، ئىنسان قەدرىنى كۆتۈرۈشتۇر. لېكىن ئۆگىتىلگەن ۋە ئوۋنى ئىگىسى ئۈچۈنلا تۇتۇپ ئەكېلىدىغان ئىت ئوۋچى ئىشلەتكەن ئوق ۋە نەيزىگە ئوخشاش.

3 ـ ئىت ئوۋنىڭ ئارقىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن چاغدا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئاتىلىشى خۇددى ئوق ئاتقاندا ۋە نەيزە سانجىغاندا ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانغا ئوخشاش، بۇنى ئايەت شۇنداق بۇيرىغان:

﴿وَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهِ﴾

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمۇ بۇ مەنىدە ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئوۋچى جانىۋارلارنى شىكارغا قويۇپ بەرگەن چېغىڭلاردا ئاللاھنىڭ نامىنى ياد قىلىڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىمۇ شۇنداق بۇيرىغان.

بۇ شەرتكە دالالەت قىلىدىغان يەنە بىر ئىش: ئەگەر ئوۋچىنىڭ ئىتىغا باشقا بىر ئىت قېتىلىپ قالسا، بۇ ئىككىسى تۇتقان نەرسە ھالال بولمايدۇ. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «مەن ئىتىمنى قويۇپ بېرىمەن، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن بىللە باشقا بىر ئىتنى كۆرىمەن، ئوۋنى قايسىنىڭ تۇتقانلىقىنى بىلمەيمەن، ئۇنى يەمدىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئۇنى يېمىگىن، چۈنكى سەن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى باشقا ئىتقا ئەمەس، ئۆزۈڭنىڭ ئىتىغا ئاتىدىڭ».

ناۋادا قورال ئېتىلغاندا ياكى ئوۋ ئىتى ۋە قۇشى قويۇپ بېرىلگەندە، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاش ئۇنتۇلۇپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇنتۇلۇپ قالغان ۋە سەۋەنلىك بولۇپ قالغان ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى بۇ ئۇممەتتىن كۆتۈرىۋەتكەن، بۇنىڭ ئورنىغا ئۇنى يېگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتىسا بولىدۇ.

بىز شەرئىي بوغۇزلاشنى بايان قىلغىنىمىزدا ئاللاھ ئىسمىنى ئاتاشنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە تەكرارلانمىدى.

### ئوۋنىڭ ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلىشى:

بەزى ئوۋچىلار ئوۋنى ئېتىپ، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئۆلۈك ھالەتتە تاپىدۇ، بەلكى ئۇنى بىرقانچە كۈندىن كېيىن

www.munber.org

تېپىشمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا ئوۋ توۋەندىكى شەرتلەر بىلەن ھالال بولىدۇ:

1 ـ سۇغا چۈشۈپ قالمىغان بولىشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئوقۇڭنى ئاتقىنىڭدا، سۇغا چۈشمىگەن ھالدا ئۆلۈك تېپىلسا ئۇنى يېگىن، بولمىسا سۇ ياكى ئوقنىڭ قايسىسىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلەلمەيسەن»[1].

2 ـ ئوۋنىڭ ئۆلىشىگە سەۋەب بولغان باشقا بىر نەرسىنىڭ بولماسلىقى. ئەدىي ئىبنى ھاتەم مونداق دەيدۇ: "ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئوۋنى ئېتىپ ئىككىنچى كۈنى ئۇنى ئوقۇم بىلەن تاپىمەن، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟". پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

«ئەگەر ئونىڭدا يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئىزى تېپىلمىسا، ھەمدە ئۇنى سېنىڭ ئوقۇڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىساڭ ئۇنى يېگىن»[2].

3 ـ ئوۋنىڭ پۇراپ، بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولۇشى. چۈنكى بۇزۇلغان گۆشنىڭ زىيىنى بىر ياقتا تۇرسۇن ساغلام تەبىئەت پۇرىغان گۆشتىن يىرگىنىدۇ ۋە ئۇنى مەينەت دەپ قارايدۇ.

سەھىھۇ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىشچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبى سەئلەبە ئەل خۇشەنىگە مۇنداق دېگەن:

«ئوقنى ئېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوۋنى پۇرمىغان ھالەتتە تاپساڭ يېگىن».

❋ ❋ ❋

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىپ: (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

# ھاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەر

ھاراق ـ مەست قىلىدىغان ئىسپىرت خاراكتېرلىق ماددىدۇر.

ھاراقنىڭ ئەقىل، جىسىم، دىن ۋە دۇنياغا بولغان زەرىرىنى سۆزلەش ياكى ئەر ـ ئايال ۋە باللاردەك ئائىلە ئىچىدىكىلەرگە قارىتا خەتىرىنى بايان قىلىش، ئەسلىدە مەلۇم بولغان نەرسىلەرنى بايان قىلىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

روھىي، ماددىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردە ھاراقنىڭ جەمئىيەت ۋە مىللەتلەرگە يەتكۈزىدىغان چوڭ زىيىنى ھەققىدە سۆزلەشمۇ ھاجەتسىز.

بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: «ئىنسان ھاراقتىنمۇ قاتتىقراق بىر زەربە يېمىگەن، ھاراق سەۋەبىدىن جىسمانىي كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ياكى ساراڭ بولغان، ھاراق سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ياكى باشقىسىنى ئۆلتۈرگەن، ھاراق سەۋەبىدىن روھىي كېسەللىكلەرگە ياكى ئاشقازان ۋە ئۈچەي كېسەللىرىگە مۇپتىلا بولغان، ھاراق سەۋەبىدىن شەرمى ـ ھاياسىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھاراق سەۋەبىدىن ئالدىنىپ مال ـ مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالغان، بۇنىڭغا ئوخشاش پالاكەتلەرگە ھاراق سەۋەبىدىن ئۇچرىغان ئىنسانلار ھەققىدە دۇنيادىكى دوختۇرخانىلاردا بىر ستاتىستىكا ئېلىپ بېرىلسا، ھەر تۈرلۈك نەسىھەتلەر ئۈنىڭ ئالدىدا بەك ئاددىي كېلىپ قالىدىغان قورقۇنچلۇق بىر نەتىجە چىققان بولاتتى».

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر ھاراق ئىچىشكە ئامراق ئىدى، ئۇلار سورۇنلىرىدا ھاراق ئىچىشىپ مۇڭدىشىشقا ئادەتلەنگەن،

www.munber.org

ئۇلار ھاراققا شۇنداق مۇپتىلا بولغانكى، ئۇلارنىڭ تىلىدا ھاراقنىڭ يۈزگە يېقىن ئىسمى تېپىلىدۇ، شېئىرلىرىدىمۇ قەدەھلەر ۋە ھاراق سورۇنلىرى تەسۋىرلەنگەن.

ئىسلام كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى مەزمۇت بىر ئەخلاق تۈزۈمى بىلەن تەربىيىلەشكە باشلىدى، ئۇلارغا ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي ھالدا بىلدۈردى. مەسىلەن: دەسلەپتە مەستلىك ھالەتتە نامازغا يېقىنلىشىشنى چەكلىدى، كېيىن ھاراقنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ھاراقنىڭ ھەر تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەسكىن ئايەتنى مائىدە سۈرىسىدە بايان قىلدى:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۞ إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمْ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنْ الصَّلَاةِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنتَهُونَ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار، شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن - قىماردىن) يانامسىلەر؟﴾ [مائىدە سۈرىسى 90 - 91 - ئايەتلەر]

بۇ ئىككى ئايەتتە ئاللاھ تائالا ھاراق ۋە قىمار ئويناشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېنىق تەكىتلەپ بىلدۈرگەن، چۈنكى ھاراق بىلەن قىمارنى بۇتلار ۋە پال ئوقلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارغا

www.munber.org

(پاسكىنا) سۈپىتىنى بەرگەن، بۇ سۈپەت قۇرئان كەرىمدە پەقەتلا ئىنتايىن ناچار ۋە قەبىھ بولغان نەرسىلەرگە قوللىنىلىدۇ. ھەمدە بۇلارنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلدۈرگەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئىشى قەبىھ مۇنكەردىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە جانابى ئاللاھ بۇلاردىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلغان، ھەمدە بۇ ساقلىنىشنىڭ نىجاتلىققا قاراپ ماڭىدىغان يول ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. كېيىن ئىجتىمائىي زەرەرلىرىدىن: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش، ئاداۋەت ـ زىددىيەت پەيدا قىلىشنى، روھى زەرەرلىرىدىن ناماز ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىش قاتارلىق دىنىي ۋاجىباتلاردىن توسۇشنى بايان قىلغان. ئاخىرىدا ئېنىق بىر ئىپادە بىلەن بۇلاردىن يېنىشنى تەلەپ قىلغان: «سىلەر ئەمدى يانامسىلەر»

مۆمىنلەرنىڭ بۇ كەسكىن بايان ۋە بۇيرۇققا قارىتا جاۋابلىرى: «ياندۇق. ئى پەرۋەردىگارىمىز، ياندۇق» دېمەك بولدى.

مۆمىنلەر ھەققەتەن بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ھەيران قالارلىق ئىشلارنى قىلغان. مەسىلەن: قولىدا ھاراق قەدەھلىرىنى تۇتقان ھەتتا ھاراق ئىچىۋاتقان كىشىلەر بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ھامان قەدەھنى ئاغزىدىن تارتىپ، قەدەھتە ئېشىپ قالغان ھاراقنى يەرگە تۆكۈۋەتكەن.

كۆپلىگەن دۆلەتلەر ھاراقنىڭ كىشى، ئائىلە ۋە جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن، ئامېرىكىدەك بەزى دۆلەتلەر قانۇن ۋە ھۆكۈمەت كۈچى بىلەن ئۇنى چەكلەشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان. ئەمما ئىسلام دىنىلا ئۇنى چەكلەشتە ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا غەلىبە قىلغان.

چېركاۋ مەنسۇپلىرى خىرىستىئان دىنىنىڭ ھاراققا بولغان قارشى ھەققىدە ئىختىلاپلاشقان، بەزىلىرى ئىنجىلنىڭ ”ئازراق

www.munber.org

ھاراق ئاشقازانغا پايدىلىق“ دېگەن ئىبارىسىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن. ناۋادا بۇ سۆز توغرا بولۇپ، ھاراقنىڭ ئازراقى ئاشقازانغا راستىنلا پايدىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئاز ھاراقتىن ساقلىنىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى ھاراقنىڭ ئېزى كۆپىكە ئېلىپ بارىدۇ، بىرىنچى قەدەھ ئىككىنچىسىگە، يەنە بىرسى يەنە بىرىگە ھەيدەيدۇ.

لېكىن ئىسلامنىڭ ھاراققا ۋە ھاراق ئىچىشكە ياردەم قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىق ۋە كەسكىن بولغان.

### مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندا، ھاراقنىڭ قايسى ماددىدىن ياسالغانلىقىغا قارىمىغان، ئۇ پەقەتلا پەيدا قىلىدىغان تەسىرىگە، يەنى مەست قىلىشىغا قارىغان. كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىگە قويۇۋالغان ئىسمى نېمە بولۇشىدىن ۋە ئۇ نەرسىنىڭ قايسى ماددىدىن ياسىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراقتۇر، بۇنىڭغا ئاساسەن پىۋا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر ھارامدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەل، قوناق ۋە ئارپىدىن ئېچىتىلىپ ياسىلىدىغان ئىچىملىكلەر ھەققىدە سورالغاندا، ئۆزىگە خاس مەزمۇنى مول سۆز قىلىش ئۇسلۇبى بىلەن مۇنداق دېگەن:

«مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراقتۇر، ھەر قانداق ھاراق ھارامدۇر»[1].

---

[1]ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەزرىتى ئۆمەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبىرى ئۈستىدە تۇرۇپ ھەممەيلەنگە مۇنداق دەپ ئېلان قىلغان: «ئەقىلنى پەردىلەيدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراقتۇر»[1].

### كۆپى مەست قىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارام:

ئىسلام ئىچىلگەن مىقدارنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە قارىماستىن ھاراقتا كەسكىن ھۆكمىنى بەرگەن، مانا بۇ ئىسلامنىڭ ھاراقتا قارشى كەسكىنلىكىنىڭ بىر دەلىلىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«كۆپى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارام»[2].

«بىر كوپى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئوچىمىمۇ ھارام»[3].

### ھاراق بىلەن تىجارەت قىلىش:

ئىسلام ئاز ياكى كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھاراق ئىچىشنى ھارام قىلىپلا قالماستىن ئەينى ۋاقىتتا مۇسۇلمان بولمىغانلار (مۇسۇلمان ئەمەسلەر) بىلەن بولسىمۇ ھاراق تىجارىتى قىلىشنى ھارام قىلغان. ھاراق ياساش، تەييارلاش، ھاراق سېتىلغان دۇكان ئىگىسى بولۇش ياكى شۇنداق بىر يەردە ئىشچى بولۇپ ئىشلەش ياكى ھاراق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ مۇسۇلمانغا ھارامدۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ھەققىدە ئون كىشىگە لەنەت قىلغان:

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىلار رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىيلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«ھاراق سىققۇچى، سىقتۇرغۇچى، ئىچكۈچى، توشىغۇچى، توشۇتتۇرغۇچى، ئىچۈرگۈچى، ساتقۇچى، پۇلىنى يېگۈچى، سېتىۋالغۇچى ۋە سېتىپ ئالدۇرغۇچى»[1].

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مائىدە سۈرىسىدىكى ئايەت نازىل بولغان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ھاراقنى ھارام قىلدى، بۇ ئايەتنى ئاڭلىغان ھەركىمنىڭ يېنىدا ھاراق بولسا ئۇنى ئۆزىمۇ ئىچمىسۇن، باشقىلارغىمۇ ساتمىسۇن»

بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ساھابە مۇنداق دېگەن: «بۇنى ئاڭلىغان ھامان كىشىلەر بارلىق ھاراقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ مەدىنە كوچىلىرىغا تۆكۈۋەتتى»[2].

ئىسلام ھارامنىڭ يولىنى تاقاش ئۈسسۇلىنى قوللىنىپ ھاراق ياسايدىغانلىقى كەسكىن بىلىنگەن شەخس ۋە ئورۇنغا ئۈزۈم سېتىشنى ھارام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەھۇدىيغا ياكى خرىستىئانغا ياكى ھاراق ياسايدىغان ھەرقانداق كىشىگە سېتىش ئۈچۈن ئۈزۈم ساقلىغان ئادەم، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان بولىدۇ»[3].

### مۇسۇلمان كىشى ھاراق سوۋغا قىلمايدۇ:

ھاراقنى سېتىش ۋە پۇلىنى يېيىش مۇسۇلمانغا ھارام بولغان ئىكەن، ھاراقنى يەھۇدىي، خرىستىئان ۋەياكى باشقا بىر كاپىرغا سوۋغا قىلىشمۇ ھارامدۇر. مۇسۇلمان كىشىگە ھاراق سوۋغا قىلىش ياكى ھاراق سوۋغا ئېلىش ياراشمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان پاكىزدۇر، پاكىزدىن باشقىنى سوۋغا قىلمايدۇ ھەم ئالمايدۇ.

---

[1] ـ ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام تاباراني (ئەلمۇئجەمۇل ئەۋسات) تا رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى ھەجەر (بۇلۇغۇل مارام) دا ”ھەسەن“ دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر تۇلۇم ھاراق ھەدىيە قىلماقچى بولدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ھاراقنى ھارام قىلىنىۋەتكەنلىكىنى ئېيتقاندا، ئۇ كىشى: ”ئۇنى سېتىۋەتمەمدىمەن؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ئىچىشنى ھارام قىلغۇچى، سېتىشنىمۇ ھارام قىلدى» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇنى يەھۇدىيلارغا سوۋغا قىلىۋەتمەمدىمەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ھارام قىلغان ئاللاھ، يەھۇدىيلارغا سوۋغا قىلىشنىمو ھارام قىلدى» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇنداقتا ئۇنى قانداق قىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى تۆكۈۋەتكىن» دېدى[1].

## ھاراق سورۇنلىرىدا ئولتۇرماسلىق:

مۇسۇلمان كىشى ھاراق ئولتۇرۇشلىرىغا قاتناشماسلىقا ۋە ھاراق ئىچكۈچىلەر بىلەن ئولتۇرماسلىققا بۇيرۇلغان. ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم : «كىمكى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ھاراق ئىچىلىدىغان سورۇندا ئولتۇرمىسۇن»[2].

مۇسۇلمان كىشى، دىنىغا زىت بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتىشكە، بۇنىڭغا كۈچى يەتمىگەن تەقدىردە، بۇنداق ياماننى ئىشتىن، ئۇنى قىلغۇچىلاردىن ۋە شۇنداق يامان ئىشلار قىلىنىدىغان جايلاردىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇلغان.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ، ھاراق ئىچكەنلەرنى ھەمدە ھاراق ئىچمىسىمۇ ھاراق ئىچكەنلەر بىلەن بىللە ئولتۇرغانلارنى قامچىلايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدى. يەنە بىر

[1] ـ ئىمام ھۇمەيدى(ئەلمۇسنەد) ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزىيمۇ بۇنىڭغا يېقىن مەنىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

رىۋايەتتە: ئۇنىڭ ئالدىغا هاراق ئىچكەن بىر گورۇپ كىشىلەر تۇتۇپ كېلىنگەندە، ئۇلارنى قامچىلاشنى بۇيرىغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روزا تۇتقان بىرسىنىڭ بارلىقى خەۋەر قىلىنغاندا، خەلىپە مۇنداق دېگەن: قامچىلاشنى دەسلەپتە شۇنىڭدىن باشلاڭلار. سىلەر ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ﴿وَقَدْ نَزَّلَ عَلَيْكُمْ فِي الْكِتَابِ أَنْ إِذَا سَمِعْتُمْ آيَاتِ اللَّهِ يُكْفَرُ بِهَا وَيُسْتَهْزَأُ بِهَا فَلَا تَقْعُدُوا مَعَهُمْ حَتَّى يَخُوضُوا فِي حَدِيثٍ غَيْرِهِ إِنَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە قۇرئاندا نازىل قىلدىكى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنىڭ ئىنكار قىلىنىۋاتقان ۋە مەسخىرە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېغىڭلاردا، ئۇلار (يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلىۋاتقان كاپىرلار) باشقا پاراڭغا چۈشمىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرماڭلار، بولمىسا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾ [نىسا سۈرىسى 140 ـ ئايەت]

### ھاراق دورا ئەمەس، كېسەللىكتۇر:

پۈتۈن بۇ كۆرسەتمىلەر ئارقىلىق ئىسلام دىنى هاراققا قارشى تۇرۇشتا، مۇسۇلماننى ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشتا ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلماننىڭ ئوتتۇرىسىدا توساق تۇرغۇزۇشتا ئىنتايىن كەسكىن ئىدى، شۇڭا ئىچىش ۋە ئىچىلگەن يەردە ئولتۇرۇپ قېلىشقا سەۋەب بولىدىغان ھەرقانداق يولنى كىچىك بولسىمۇ تاقىۋەتتى.

ئاز بولسىمۇ هاراقنى ئىچىش، سېتىش، سېتىۋېلىش، سوۋغا قىلىش، ئىشلەپ چىقىرىش، دۇكان ۋە ئۆيگە ئېلىپ كېلىش، توي ـ تۆكۈن ۋە شۇنىڭدەك خۇشاللىق سورۇنلىرىغا ۋە ھەر تۈرلۈك سورۇنلارغا ئېلىپ كېلىش، غەيرىي مۇسۇلمان مېھمانغا سۇنۇش ۋە ھەر قانداق بىر يېمەك ـ ئىچمەككە ئارىلاشتۇرۇش ھەققىدە ئىسلام كەسكىن ھۆكۈم بەرگەن ۋە بۇلارنى مۇسۇلمانغا ھالال كۆرمىگەن.

www.munber.org

بۇ يەردە بۇ مەسىلىنىڭ كىشىلەر سورايدىغان بىر تەرىپى قالدى، ئۇ بولسا: ھاراقنىڭ دورا شەكلىدە قوللىنىلىشىدۇر. بىر كىشى ھاراق ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مەن ئۇنى دورا ياساش ئۈچۈن تەييارلايمەن» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «ئۇ دورا ئەمەس، كېسەللىكتۇر»[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كېسەللىكنى ۋە دورىنى ئاللاھ چۈشۈردى، ھەرقانداق كېسەللىككە دورا ياراتتى، داۋالىنىڭلار! لېكىن ھارام بىلەن داۋالانماڭلار»[2].

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مەست قىلىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھارام قىلغان نەرسىلەردە سىلەرگە شىپالىق قىلمىغان»[3].

ئىسلامنىڭ ھاراق ۋە ھاراققا ئوخشاش ھاراملار بىلەن داۋالىنىشنى ھارام قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئىمام ئىبنۇل قاييىمنىڭ دېگىنىدەك: «بىر نەرسىنىڭ ھارام قىلىنىشى ھەر تۈرلۈك يول بىلەن ئۇنىڭدىن ئۇزاقلىشىپ يىراق تۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ دورا شەكلىدە قوللىنىلىشى ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ، شەرىئەت غايىسىگە خىلاپ بىر ھەرىكەتتۇر. ئىنساننىڭ نەپسى ئۇنىڭغا مايىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن داۋالىنىشنى مۇباھ قىلىش ئۇنى شەھۋەت ۋە لەززەت ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بىر باھانە بولىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلەر ھارامنىڭ كېسەللەرنى ساقايتىپ، شىپالىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلاپ قالسا، ھارامغا تېخىمۇ چوڭ بىر يول ئېچىلىدۇ.

---

(1) ـ ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام بۇخارى سەنەدىنى بايان قىلماستىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ھارام نەرسىلەردە كۆزلەنگەن شىپالىقتىن كۆپرەك كېسەللىك باردۇر »[1].

ئىمام ئىبنۇل قايىيم مەسىلىنىڭ پىسخىكىلىق بىر تەرىپىگە دىققەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: « دورىنىڭ پايدىلىق بولۇشى ئۈچۈن، دورىنى ئىستېمال قىلغۇچى ئۇنى ياقتۇرۇشى، ئۇنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىگە ۋە ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدا شىپالىق بەرىكىتىنى قىلغانلىقىغا ئىشىنىشى شەرتتۇر. مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر نەرسىنى ھارام دەپ قارىشى، ئۇنى پايدىلىق ۋە بەرىكەتلىك دەپ قارىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. مۇسۇلمان كىشى نەقەدەر كۈچلۈك ئىمانغا ئىگە بولسا ھارامدىن شۇ قەدەر نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەبىھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يامانراق بىرنەرسە كۆرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمان كىشى ئۇنى ئىستېمال قىلسا، ئۇ دورا ئەمەس ئەكسىچە دورىنى كېرەك قىلىدىغان بىر كېسەللىك بولىدۇ »[2].

بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسلام نەزىرىدە زۆرۈرەتنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ھۆكمى بار. مەسىلەن: ھاراق ياكى ھاراق ئارىلاشتۇرۇلغان بىر نەرسە ئىنسان ھاياتىنى خەتەرگە ئۇچرىتىدىغان بىر كېسەلگە دورا بولۇپ مۇئەييەنلەشتى دەپ پەرەز قىلايلۇق. ئۇنىڭغا باشقا بىر دورا پايدا قىلمايدىغان بولسا، ـ بۇنداق بولۇشىغۇ ناتايىن ـ بۇ دورىنى ئىستېمال قىلىشنى دىندار ئۇستا دوختۇرلاردىن بىرى كۆرسەتكەن تەقدىردە، قولايلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، قىيىنچىلىقنى يوقىتىدىغان قائىدىلەرگە تايانغان ئىسلام شەرىئىتى مۇمكىن قەدەر ئەڭ تار دائىرىدە بولۇش شەرتى بىلەن ئۇنى ئىستېمال قىلىشنى مەنئى قىلمايدۇ.

---

(1) ـ (زادۇل مائاد) 3 ـ توم، 115 ـ 116 ـ بەتلەر.
(2) ـ يۇقىرىقى مەنبەدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

www.munber.org

﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلَا عَادٍ فَإِنَّ رَبَّكَ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿كىمكى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، مېھرىباندۇر﴾ [ئەنئام سۈرىسى 145 ـ ئايەت]

❋ ❋ ❋

## مەست قىلغۇچى ماددىلار

«ئەقىلنى پەردىلەيدىغان ھەرقانداق نەرسە ھاراق دېيىلىدۇ» بۇ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ھاراق ئۇقۇمىنى بەلگىلەش ۋە بۇ ھەقتىكى سوئال ۋە گۇمانلارنى يوقۇتۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنبىرىدە تۇرۇپ ئېلان قىلغان پارلاق بىر سۆزىدۇر. دېمەك: ئىنسان ئەقلىنى پەردىلەيدىغان، ئىنسانىنى باشقا نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كاردىن چىقىرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ـ ھارام قىلىنغان ھاراقتۇر. ئۇنى ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھارام قىلغاندۇر.

بۈلارنىڭ ئىچىدە (مەست قىلغۇچى ماددىلار) (زەھەرلىك چېكىملىكلەر) ۋە (ئاق زەھەرلەر) دېگەندەك ئىسىملار بىلەن تونۇلغان نەشە، ئەپيۇن، خېروئىن، مورفىن ۋە كوكائىن قاتارلىق ھەرخىل ماددىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكمى ئوخشاش. بۇ ماددىلارنىڭ تەسىرىنى قوللانغۇچىلار بەك ياخشى بىلىدۇ. بۇ زەھەرلىك ماددىلار ئەقىلگە تەسىر قىلىپ، يىراقنى يېقىن، يېقىننى يىراق كۆرسىتىدۇ، بولۇۋاتقان نەرسىلەردىن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرۇپ، بولمىغان نەرسىلەرنى

www.munber.org

خىيال قىلدۇرىدۇ، ھەمدە خىيال ۋە ۋەھىمە دېڭىزىدا سۇ ئۈزدۈرىدۇ. بۇ ماددىلارنى قوللانغۇچىلارنىڭ غايىسىمۇ شۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنى، دىنلىرىنى ۋە دۇنيالىرىنى ئۇنتۇپ خىيال ۋادىلىرىدا ساياھەت قىلىش ئۈچۈن بۇ ماددىلارنى قوللىنىدۇ.

بۇندىن باشقا يەنە مەست قىلغۇچى ماددىلار بەدەننى بوشىتىۋېتىدۇ، نېرۋىنى مەست قىلىدۇ، ساغلاملىقنى بۇزىدۇ، روھنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، ئىرادىنى يوقىتىۋېتىدۇ، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. نەتىجىدە بۇ زەھەر، ئىستېمال قىلغۇچىلارنى جەمئىيەت ئىچىدە زىيانلىق ۋە كېرەكسىز ئەزا قىلىپ قويىدۇ.

بۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ ماددىلار پۇل - مالنى تۈگىتىدۇ، ئۆيلەرنى خاراب قىلىۋېتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ چېكىملىكلەرگە خەجلەيدىغان پۇلنى بالا - چاقىلىرىنىڭ خىراجىتىدىن قىسىۋالىدۇ. بەلكى ھەممىسىنى چېكىملىككە خەجلىۋالىدۇ. بەزىلىرى پۇل تاپالمىسا يامان يوللارغا مېڭىش ئارقىلىق پۇل تېپىپ بولارنى ئالىدۇ ــ دە، ئۆزىنى ئۆزى زەھەرلەيدۇ.

بىز «ھارام قىلىش ھۆكمى بىر نەرسىنىڭ قەبىھ ۋە زىيانلىق بولۇشىغا باغلىقتۇر» دەيدىغان بولساق سەھىيەۋىي، روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن زىيانلىق بولغان بۇ قەبىھ نەرسىلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىدە شەك - شۈبھە قالمايدۇ.

بۇ زىيانلىق ماددىلار پەيدا بولغان چاغلاردىكى ئالىملار بۇ نەرسىلەرگە ھارام ھۆكمىنى بېرىشكە بىرلىككە كەلگەن. بۇلاردىن شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «نەشە - ئەپيۇن مەست قىلىسۇن مەست قىلمىسۇن بەرىبىر ھارام. پاسىقلار ئۇنى خۇشاللىق ۋە شادلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، ئۇ بۇ

جەھەتتىن مەست قىلىدىغان ھاراق بىلەن ئوخشاش. ھاراق دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ ماددا بولسا بوشلۇق، خارلىق ۋە مىجەز بىلەن ئەقىل بۇزۇلۇشنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ شەھۋەت قوزغاشتا ۋە قىزغاناسلىقنى پەيدا قىلىشتا ھاراقتىنمۇ يامان، شۇڭا بۇ ماددىدىن ئاز ياكى كۆپ ئىستېمال قىلىشنىڭ جازاسى ھاراق ئىچىشنىڭ جازاسىغا ئوخشاشلا سەكسەن ياكى قىرىق دەررە ئۇرۇشتۇر.

مەست قىلغۇچى ماددىلارنى ئىستېمال قىلغان ئادەم ھاراق ئىچكەن ئادەمگە ئوخشاش، بەلكى بەزى جەھەتلەردە ئۇنىڭدىنمۇ ياماندۇر، شۇڭا ئىككىسىنىڭ جازاسى ئوخشاش. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ قائىدىسىگە كۆرە: ھاراق، زىنا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۆڭۈل تارتىدىغان ھارام نەرسىلەرگە بېرىلىدىغان جازا، بەلگىلەنگەن جازا (ھەد) بولىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسىلەرنى يېيىشتەك كۆڭۈل تارتمايدىغان ھاراملارغا بېرىلىدىغان جازا بولسا، بەلگىلەنمىگەن جازا (تەزىر) بولىدۇ. زەھەرلىك ماددىلار بولسا، ئىستېمال قىلغۇچىلار ئارزۇ قىلىدىغان ۋە ئاسانلىقچە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچمەيدىغان نەرسىلەردۇر. قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇنى ئىستېمال قىلغۇچىلار ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر باشقا ھاراملارنى قىلغانلار ھەققىدە كەلگەن دەلىللەر بىلەن ئوخشاش»[1].

## زىيانلىق ھەرقانداق نەرسىنى يېيىش ۋە ئىچىش ھارامدۇر:

ئىسلام شەرىئىتىدە ئومۇمىي بىر قائىدە بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بولسا مۇسۇلمانغا يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە زەھەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى تېز ياكى ئاستا ئۆلتۈرىدىغان، زەھەرلەيدىغان، كېسەل قىلىدىغان ياكى ھەددىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا كېسەل

---

[1]ـ (فەتاۋا ئىبنى تەيمىيە) 4 ـ توم، 262 ـ بەتكە، ۋە يەنە ئۇنىڭ (ئەسسىياسەتۇششەرئىييە) ناملىق كىتابىغا قارالسۇن.

www.munber.org

قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى ئارتۇقچە ئىستېمال قىلىش جائىز ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ جىسمى ئۆزىنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋە ئۇممىتىنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇنىڭ ھاياتى، سالامەتلىكى، مېلى ۋە ئاللاھ بەرگەن باشقا ھەر تۈرلۈك نېمەتلەر ئۇنىڭ يېنىدىكى ئامانەتتۇر، شۇڭا بۇلارنى زايا قىلىۋېتىش جائىز ئەمەس.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

﴿ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت]

﴿وَلَا تُلْقُوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾

﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ [ بەقەرە سۈرىسى 195 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿باشقىلارغا زىيان ئۇرۇش يوق﴾[1].

بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن دېمەكچىمىزكى: ئىستېمال قىلغۇچىلارغا زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقىغا كۆرە تاماكا چېكىشمۇ ھارامدۇر. بولۇپمۇ دوختۇر مەلۇم بىر شەخسكە تاماكا چەكمەڭ، تاماكا سىزگە زىيانلىق دېگەن تەقدىردە، ئۇ شەخسكە تاماكا كەسكىن ھالدا ھارام بولىدۇ. سالامەتلىك جەھەتتىن زىيانلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىسىمۇ دىنىي ۋە دۇنياۋى جەھەتتىن پايدىلىق بولمىغان نەرسىنى ئىستېمال قىلىش مالنى زايا قىلغانلىقتۇر،

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال زايا قىلىشنى چەكلىگەن[1]. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ تاماكىغا خەجلىگەن پۇلغا ئېھتىياجى بولسا ھاراملىقى كەسكىن ھالدا تەكىتلىنىدۇ[2].

❁ ❁ ❁

## ئىككىنچى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرىدا ھالال ۋە ھارام

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىق كىيىنىشىنى، ياخشى كۆرۈنىشىنى، ئاللاھ تائالا يارىتىپ بەرگەن زىننەت ۋە كىيىملەردىن پايدىلىنىشىنى ھالال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇنى تەلەپ قىلغان.

ئىسلام قارىشىدا كىيىم كىيىشتە ئىككى مەقسەت بار: ئەۋرەتنى يۆگەش ۋە زىننەتلىنىش. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ياراتقان كىيىم ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدىغان ماددىلارنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېگەن:

﴿يَابَنِي آدَمَ قَدْ أَنزَلْنَا عَلَيْكُمْ لِبَاسًا يُوَارِي سَوْآتِكُمْ وَرِيشًا﴾

﴿ئى ئادەم بالىلىرى، بىز سىلەرگە ئەۋرەتىڭلارنى ياپىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق﴾ [ئەئراف سۈرىسى 26 ـ ئايەت]

كىمكى كىيىنىش ۋە ئەۋرەتلىرىنى يۆگەشتە سوسلۇق قىلسا، ئىسلام يولىدىن شەيتان يولىغا بۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يۇقىرىقى چاقىرىقىدىن كېيىن شەيتانغا ئەگىشىپ يالىڭاچلىنىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئادەم بالىسىغا يۈزلەندۈرگەن

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ بىزنىڭ (ھۇدەل ئىسلام) ناملىق كىتابىمىزدا تاماكا چېكىشكە دائىر تەپسىلىي پەتىۋالار بار.

ئىككى چاقىرىقنىڭ سىرىدۇر. ئاللاھ تائالانىڭ كېيىنكى ئىككى چاقىرىقى بۇدۇر:

﴿يَابَنِي آدَمَ لَا يَفْتِنَنَّكُمْ الشَّيطَانُ كَمَا أَخْرَجَ أَبَوَيْكُمْ مِنْ الْجَنَّةِ يَنزِعُ عَنْهُمَا لِبَاسَهُمَا لِيُرِيَهُمَا سَوْآتِهِمَا﴾

﴿ئى ئادەم باللىرى! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارنى (ئازدۇرۇپ) جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك سىلەرنىمۇ ئازدۇرمىسۇن، شەيتان ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سالغۇزىۋەتكەن ئىدى﴾ [ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت]

﴿يَابَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا﴾

﴿ئى ئادەم باللىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار. يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار﴾ [ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

ئىنسان يالىڭاچ ھايۋاندىن پەرقلىق بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى، ئادەتتە نورمال ئىنسان ئېچىلىشىدىن ھايا قىلىدىغان جايلارنى يۆگەشنى ھەر بىر مۇسۇلمانغا بۇيرىغان. ھەتتا مۇسۇلمان كىشىنى ئۆزى يالغۇز چاغلاردىمۇ ئۆزىنى يۆگەشكە بۇيرۇپ، ئۆزى يالغۇز چاغلاردىمۇ يالىڭاچلىنىشتىن ھايا قىلىدىغان دەرىجىدە ئەخلاقلىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان.

بەھزۇ ئىبنى ھەكىم (تابىئىي) دادىسىدىن، دادىسى چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن:

«مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئەۋرەتلىرىمىزنى كىمدىن يۆگەيمىز، كىمدىن يۆگىمەيمىز؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: ”ئايالىڭدىن ۋە

www.munber.org

كېنىزىكىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىشىدىن يوّگىگىن». مەن يەنە: ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر توپلاشقان جايلاردا ياكى سەپەرگە چىققاندىچۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئەگەر ھېچكىمگە كۆرسەتمەسلىككە كۈچۈڭ يەتسە، ھېچكىم كۆرمىسۇن» دېدى. مەن: «ئەگەر كىشى ئۆزى يالغۇز بولسىچۇ؟ دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەلقتىن بەكرەك ئاللاھدىن ھايا قىلىش كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى[1].

## ئىسلام پاكىزلىق ۋە ياسىنىشقا ئەھمىيەت بەرگەن دىندۇر

ئىسلام چىرايلىق ۋە زىننەتلىك كۆرۈنۈشكە كۆڭۈل بۆلۈشتىن بۇرۇن پاكىزلىققا تېخىمۇ چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن، چۈنكى پاكىزلىق ھەرقانداق زىننەت ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«پاكىزلىق قىلىڭلار، چۈنكى ئىسلام پاكىزدۇر»[2].

«پاكىزلىق ئىمانغا چاقىرىدۇ، ئىمان بولسا ئىگىسى بىلەن جەننەتتىدۇر»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم ـ كېچەك پاكىزلىقىغا، جىسىم پاكىزلىقىغا، ئۆي پاكىزلىقىغا ۋە كوچا ـ يوللار پاكىزلىقىغا كۆڭۈل بۆلگەن، بولۇپمۇ چىش پاكىزلىقى، قول پاكىزلىقى ۋە چاچ پاكىزلىقىغا ئۈممىتىنى رىغبەتلەندۈرگەن.

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم ۋە بەيھەقىيلار رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئىبنى ھىببان زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام تابارانى زەئىپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پاكىزلىقنى بىرىنچى مۇھىم ئىبادەتنىڭ يەنى نامازنىڭ ئاچقۇچى قىلغان بىر دىنغا نىسبەتەن بۇ ھېچ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. جىسىم، كىيىم ـ كېچەك ۋە ناماز ئوقۇيدىغان جاي پاكىز بولمىسا ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ پاكىزلىق، نامازنىڭ جائىز بولىشى ئۈچۈن غۇسۇل ۋە تاھارەت دەپ تونۇلغان پاكىزلىقتىن تاشقىرىدۇر.

ئەرەبلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن بەدەۋىيلىك ۋە چۆل ـ جەزىرە ھاياتى، ئۇلارنىڭ بۇ پاكىزلىقلارغا ۋە زىننەتلىنىشكە سەل قارىشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەگەك كۆرسەتمىلىرى ۋە ئاگاھلىق نەسىھەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى بەدەۋىيلىكتىن مەدەنىيەتكە، مەينەت كۆرۈنىشتىن نورمال ياسىنىش دەرىجىسىگە تەرەققى قىلدۇرغان.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاچ ـ ساقاللىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بىر ئادەم كەلگەندە، ئۇنى چاچ ـ ساقاللىرىنى تاراپ تۈزىتىشكە بۇيرىدى، ئۇ كىشى چېچىنى تۈزىتىپ قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«بۇ، چاچنى پاخپايتىپ شەيتاندەك بولىۋالغىنىڭلاردىن ياخشى ئەمەسمۇ؟»[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چېچى پاخپايغان بىر كىشىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ماۋۇ ئادەم، چېچىنى تۈزىتىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟»

[1] ـ ئىمام مالىك (ئەلمۇۋاتتا) دا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە بىر كىشىنى مەينەت كىيىم بىلەن كۆرۈپ: «ماۋۇ ئادەم، كىيىمىنى يۇيىدىغان بىر نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟» دېگەن[1].

بىر كۈنى ئىنتايىن تۆۋەن كىيىم كەيگەن بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «مال ـ مۈلكىڭ بارمۇ؟)» دەپ سورىدى، ئۇ كىشى: "ھەئە" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «قانداق مال ـ مۈلكىڭ بار؟)» دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى: «ئاللاھ تائالا ماڭا ھەر تۈرلۈك مال ـ مۈلۈك بەرگەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

«ئاللاھ ساڭا مال ـ مۈلۈك بەرگەن ئىكەن، ئاللاھنىڭ نېمىتى ۋە ئىززەت ـ ئىكرامى سەندە كۆرۈلسۇن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، جۈمە ۋە ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىدەك كىشىلەر توپلىنىدىغان مۇناسىۋەت ۋە سورۇنلاردا پاكىزلىق قىلىش ۋە چىرايلىق ياسىنىشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئەھۋالى ياخشى بولغانلار جۈمە كۈنى ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش كىيىمىدىن باشقا بىر قۇر كىيىم قىلىۋالسا ھېچ گەپ يوق﴾[3].

ساپ يىپەك ۋە ئالتۇن ئەر كىشىلەرگە ھارامدۇر

ئىسلام دىنى زىننەتلىنىشنى ھالال قىلىپلا قالماستىن بەلكى تېخى زىننەتلىنىشكە بۇيرۇپ، ئۇنى ھارام قىلىۋېلىشنى قاتتىق ئەيىبلىگەن:

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنْ الرِّزْقِ﴾

(1) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شىرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟﴾ [ئەئراف سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئىسلام دىنى ئاياللارغا ھالال، ئەرلەرگە ھارام قىلغان ئىككى تۈرلۈك زىننەت بار:

بىرىنچىسى: ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىش.

ئىككىنچىسى: يىپەك كىيىم كىيىش.

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىغا يىپەكنى، سول قولىغا ئالتۇننى ئېلىپ مۇنداق دېگەن: «ۋ ئىككىسى ئۇممىتىمنىڭ ئەركەكلىرىگە ھارامدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىپەك كىيىم ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«بۇ ياخشىلىقتىن تەلىيى بولمىغانلارنىڭ كىيىمىدۇر»[2].

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك كۆرگىنىدە، ئۇنى چىقىرىپ چۆرۈۋېتىپ مۇنداق دېدى: «بەزىلىرىڭلار قولىغا ئوتنىڭ چوغىنى قەستەن سېلىۋالىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن بىرسى ئۇ كىشىگە ئۈزۈكنى ئېلىپ پايدىلىنىشنى ئېيتقاندا، ئۇ كىشى: «رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن مەن ئۇنى ھەرگىز ئالمايمەن، بۇنىڭغا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەن» دېدى[3].

---

(1) ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ھىببان ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ماجە رىۋايىتىدە ((ئاياللىرىغا ھالالدۇر)) دەپ زىيادە رىۋايەت قىلىنغان.

(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(3) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىز بەزى ئىسراپخور كىشىلەرنىڭ يېنىدا كۆرۈلىۋاتقان ئالتۇن قەلەم، ئالتۇن سائەت، ئالتۇن چاقماق، ئالتۇن تاماكا قۇتىسى ۋە ئالتۇن غاتىزا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئالتۇن ئۈزۈككە ئوخشاشلا ھارامدۇر.

ئەمما كۈمۈش ئۈزۈك سېلىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرگە ھالال قىلغان، سەھىھۇل بۇخارىدا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈمۈشتىن بىر ئۈزۈك ياساتتىپ قولىغا سالغان ئىدى، كېيىن ئۇنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەر سالدى، كېيىن ئەرىس قۇدۇقىغا چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر ھەزرىتى ئوسماننىڭ قولىدا سېلىقلىق تۇرغان ئىدى»[1].

تۆمۈر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنلەرنى ئەرلەرگە ھارام قىلىدىغان بىر دەلىل يوق، ئەكسىچە سەھىھۇل بۇخارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنمەكچى بولغان بىر كىشىگە تويلۇق بېرىشكە: «تۆمۈردىن ياسالغان بولسىمۇ بىر ئۈزۈك تاپقىن» دېگەن.

ئىمام بۇخارى تۆمۈر ئۈزۈكنىڭ ھالال ئىكەنلىكىگە ئاشۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

تەن سالامەتلىكى جەھەتتىن يىپەك كىيىشكە مۇھتاج بولغان كىشىگە ئىسلام رۇخسەت قىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىچىشقاق كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف بىلەن ھەزرىتى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا يىپەك كىيىم كىيىشكە رۇخسەت قىلغان[2].

---

[1]- ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2]- ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# يىپەك ۋە ئالتۇننى ئەرلەرگە ھارام قىلىشنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام بۇ ئىككى ماددىنى ئەرلەرگە ھارام قىلىش بىلەن ئەخلاقىي ۋە تەربىيىۋى ئۇلۇغ بىر غايىگە يېتىشنى كۆزلىگەن. ئىسلام ـ جىھاد ۋە قۇۋۋەت دىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ـ ئەركەكنىڭ ئەرلىكىنى ئاجىزلىق، خىنىملىق ۋە نازۇكلۇق ئالامەتلىرىدىن قوغداشنى خالايدۇ. ئاللاھ تائالا ئاياللاردىن پەرقلىق ئالاھىدە تەن قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلغان ئەر كىشىگە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلارنى كىيىشتە سەتەڭ ئاياللار بىلەن بەسلىشىش ياراشمايدۇ.

بۇ چەكلىمىنىڭ ئارقىسىدا بىر ئىجتىمائىي غايە بار.

ئالتۇن بىلەن يىپەكنىڭ ھارام قىلىنىشى ئىسلامنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسراپقا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش پروگراممىسىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، قۇرئان كەرىمنىڭ نەزىرىدە ئىسراپ ـ مىللەتلەر ھالاكىتىنىڭ ئالامىتى بولغان چىرىشنىڭ جۈپتىدۇر، چۈنكى ئۇ ئىسراپخور ئاز سانلىقنىڭ يوقسۇل كۆپسانلىق ھېسابىغا سەمرىشىدىن ئىبارەت بولغان ئىجتىمائىي زۇلۇمنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەممە ئىسراپ، ياخشى ۋە توغرا ئىسلاھات يوللىرىنىڭ دۈشمىنىدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَإِذَا أَرَدْنَا أَنْ نُهْلِكَ قَرْيَةً أَمَرْنَا مُتْرَفِيهَا فَفَسَقُوا فِيهَا فَحَقَّ عَلَيْهَا الْقَوْلُ فَدَمَّرْنَاهَا تَدْمِيرًا﴾

﴿بىرەر شەھەرنى ھالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى ئىتائەتكە بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي،

www.munber.org

يىسقى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنچلۇق شەكىلدە ھالاك قىلىمىز﴾ [ئىسرا سۈرىسى 16 ـ ئايەت]

﴿وَمَا أَرْسَلْنَا فِي قَرْيَةٍ مِنْ نَذِيرٍ إِلَّا قَالَ مُتْرَفُوهَا إِنَّا بِمَا أُرْسِلْتُمْ بِهِ كَافِرُونَ﴾

﴿قايسى شەھەرگە بولمىسۇن، بىرەر ئاگاھلاندۇرغۇچى ئەۋەتسەكلا ئۇنىڭ دۆلەتمەن ئادەملىرى: «شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ئىنكار قىلىمىز» دېدى﴾ [سەبەئ سۈرىسى 34 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننىڭ روھىنى تەتبىقلىغان ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق ئىسراپ كۆرۈنۈشلىرىنى ھارام قىلغان. ئەرلەرگە ئالتۇن بىلەن يىپەكنى ھارام قىلغىنىدەك، ئەر ـ ئايال پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلارنى ھارام قىلغان.

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىقتىسادىي تەرىپى بولۇپ، ئالتۇن دۇنياۋى پۇل زاپىسىدۇر، شۇڭا ئۇنى قاچا ـ پىيالە ياكى ئەرلەر زىننەت بۇيۇمىدەك نەرسىلەرگە ئىشلىتىش توغرا ئەمەس.

## يىپەك ۋە ئالتۇننى ئاياللارغا ھالال قىلىشنىڭ ھېكمىتى

ئاياللارنىڭ زىننەتلىنىشكە ئامراق تەبىئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەرلەرنى ئازدۇرۇش، شەھۋەتنى قوزغاش يولىدا ئىشلىتىلمەسلىك شەرتى بىلەن ئىسلام دىنى يىپەك بىلەن ئالتۇنغا بەرگەن بۇ ھارام ھۆكمىدىن ئاياللارنى مۇستەسنا قىلغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر

www.munber.org

ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿قاندىاق بىر ئايال كىشى پۇرىقىنى پۇرۇتۇش ئۈچۈن ئەتىر چېچىپ بىر جامائەت ئارىسىدىن ئۆتسە، ئۇ ئايال زىنا قىلغۇچى بولىدۇ. قارىغان كۆزلەرمۇ زىنا قىلغۇچى بولىدۇ﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە ئاياللارنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ﴾

﴿زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلىندۇرۇش ئۈچۈن، ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾

[نۇر سۈرىسى31 ـ ئايەت]

www.munber.org

## مۇسۇلمان ئايالنىڭ كىيىمى

ئىسلام ئاياللارغا ئىچىدىكى جىسمىنى كۆرسىتىدىغان، خۇسۇسەن بەل، مەيدە ۋە ساغرىغا ئوخشاش جەلب قىلىش ئورۇنلىرىنى ھەجىم ۋە شەكىل جەھەتتىن مەلۇم قىلىدىغان دەرىجىدە نىپىز، تار كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشنى ھارام قىلدى.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

﴿جەھەننەم ئەھلىدىن ئىككى تۈرلۈك ئىنسانلار بار‌دۇركى، ئۇلارنى (ھاياتىمدا) كۆرمەيمەن. بىرىنچىسى: قوللىرىدىكى كالا قۇيرىقىدەك قامچىلار بىلەن كىشىلەرنى ناھەق ئۇرىدىغانلار (بۇ

[1] ـ ئىمام نەسائى، ئىبنى خۇزەيمە بىلەن ئىبنى ھىببان (ئىككەيلەن سەھىھلىرىدە) رىۋايەت قىلغان.

مىللەتلــەرنىڭ دۈشــمىنى ـ زالــم ھۆكۈمرانلارغــا ئىشــارەت)، ئىككىنچىسى بولسا: شۇنداق ئاياللاردۇركى، كىيىم كەيگەن بىلەن يەنىلا يالىڭاچ، ئەرلەرگە مايىل، زىننەتلىرىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق ئەرلــەرنى ئۆزلىرىگــە جــەلب قىلىــدۇ، باشــلىرى خــۈددى تۆگــىنىڭ ئىڭكىيان لوكىسىغا ئوخشايدۇ، بۇنداق ئاياللار جەننەتكە كىرمەيدۇ، پــۇرىقىنمۇ پــۇرىيالمايدۇ، ھــالبۇكى جەننــەتنىڭ پــۇرىقى ناھــايىتى ئۇزاق يەرلەرگىچە بارىدۇ﴾[1].

ھەدىســـتە سۆپەتلەنگـــەن ئايـــاللارنىڭ ئۈســـتىدە كـــىيىم بولغــانلىقى ئۈچــۈن كىيىنگــەن ھېســابتا بولســىمۇ، ئــۇلار يــەنىلا يالىڭاچ، چۈنكى ئۇلارنىڭ كىيىملىرى نېپىزلىكىدىن ۋە تارلىقىدىن خــۈددى دەۋرىمىـــزدىكى كۆپـــىنچە ئايـــاللارنىڭ كىيىملـــىرىدەك ئىچىدىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىمىــزدىكى ئاياللارنىڭ بېشىنى تۆگــىنىڭ ئىڭكىيان لوكىسىغا ئوخشاتقان، چۈنكى ئۇلار چاچلىرىنى بېشــىنىڭ ئوتتۇرىســىغا تۈپلىۋېلىپ، باشــلىرىنى تۆگە لوكىســىدەك كــۆتۈرىۋالىدۇ. پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بــۇ ســۆزىنى خــۈددى غــەيب ئالەمنىڭ بىلىنمىگەن سىرلىق پەردىسىنى قايرىپ، بىز ياشاۋاتقان دەۋرگە قاراپ تۇرۇپ ئېيتقاندەك ئىدى. ھازىرقى دەۋرىمىز شۇنداق بىر دەۋركى ئاياللارنىڭ چىچىنى گۈزەللەشتۈرۈش، بوياش ۋە شەكىل پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەرلەر ئىشلەيدىغان مەخسۇس ساتىراشخانىلار پــەيدا بولماقتــا. بۇنــىڭ بىلــەن كۆپــايە قىلمــاي نۇرغــۇن ئايــاللار ئۆزلىرىگــە بېرىلگــەن تــەبىئىي چاچلىرىغا قانائەت قىلماي تېخىمۇ گــۈزەل كــۆرۈنۈش ئۈچــۈن، تــېخىمۇ يۇمشــاق، تــېخىمۇ پــارقىراق ۋە تېخىمۇ گۈزەل سۈنئىي چاچلارنى سېتىۋېلىپ، چاچلىرىغا ئۇلىماقتا.

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بۇ ھەدىس سىياسىي زۇلۇمنى ئەخلاقىي چىرىكلىشىشكە باغلىغان، ئەمەلىيەتمۇ بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. چۈنكى زالىم ھۆكۈمرانلار ۋە مۇستەبىتلەر چوڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئويلىنىشقا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنى شەخسىي مەنپەئەت ۋە شەھۋانىي ئارزۇ ـ ھەۋەسلەر بىلەن مەشغۇل قىلىدۇ.

## ئاياللىنىڭ ئەرگە ۋە ئەرنىڭ ئاياللغا ئوخشۇۋېلىشى

پەيغەمبەر ئەيھىسسالام ئەرنىڭ ئاياللچە كىيىم كىيىشىنى، ئاياللىڭمۇ ئەرچە كىيىم كىيىشىنى چەكلەنگەن ئىش دەپ جاكارلىغان[1]. ھەمدە ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان[2]. بۇنىڭ ئىچىگە سۆز ـ ھەرىكەت، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە كىيىنىشتەك تۈرلۈك ئوخشىۋېلىشلار كىرىدۇ.

ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر مۇسىبىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ بالاسى ـ يارىتىلغان تەبىئەتتىن چىقىپ كېتىشتۇر. يارىتىلىشتا ئەر بىلەن ئايال پەرقلىق يارىتىلغان، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. ناۋادا ئەر ئاياللىشىپ، ئايال ئەرلىشىپ كەتسە، مانا بۇ قالايمىقانلىشىش ۋە چىرىكلىشىشنىڭ ئۆزىدۇر.

ئەر قىلىپ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق ئاياللارغا ئوخشىۋېلىپ، ئاياللاشقان ئەر كىشى بىلەن، ئايال قىلىپ يارىتىلغان تۇرۇقلۇق

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان (سەھىھدە) رىۋايەت قىلغان. ھاكىم رىۋايەت قىلىپ: (ئىمام مۇسلىم شەرتىگە كۆرە سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەرلەرگە ئوخشىۋېلىپ ئەرلىشىۋالغان ئاياللىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە لەنەت قىلىنغان كىشلەر قاتارىدا سانىغان، ھەمدە پەرىشتىلەرنىڭ بۇ لەنەتكە (ئامىن) دېگەنلىكىنى تەكىتلىگەن[1].

بۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرلەرگە ئاياللارچە بويالغان كىيىملەرنى كىيىشنى چەكلىگەن، ھەزرىتى ئەلى: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن، يىپەك ۋە ئاياللارچە بويالغان كىيىملەرنى كىيىشتىن توستى » دېگەن[2].

يەنە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر مۇنداق دېگەن: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچامدا سېرىق بويالغان بىر يورۇش كىيىمنى كۆرۈپ ماڭا: « بۇ كاپىرلارنىڭ كىيىملىرىدىن، ئۇنى كەيمىگىن » دېگەن »[3].

## ھاكاۋۇرلۇق ۋە شۆھرەتپەرەسلىك كىيىمى

يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكلەردەك بارلىق پاكىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ئومۇمىي ئۆلچىمى ۋە قائىدىسى ـ ئىسراپ ۋە ھاكاۋۇرلۇقتىن خالىي بولۇشتۇر.

ئىسراپ ـ ھالالدىن پايدىلانغاندا چەكتىن ئېشىش دېگەنلىك بولىدۇ. ھاكاۋۇرلۇق دېگەن تاشقى كۆرۈنۈشتىن بەكراق نىيەت ۋە كۆڭۈلگە باغلىق نەرسە، ئۇ ـ كىشلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش، تەكەببۇرلۇق قىلىش ۋە پەخىرلىنىشنى مەقسەت قىلىشتۇر.

---

[1] ـ ئىمام تاباراني رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ مُخْتَالٍ فَخُورٍ﴾

﴿ئاللاھ مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾ [ھەدىد سۈرىسى 23 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنىدە ئاللاھ تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىم كەيگەن ئىنساننىڭ يۈزىگە قارىمايدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقتىن يىراق بولىشى ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا قۇرۇق كۆرۈنۈشلەر بىلەن پەخىرلىنىشكە، كۆز ـ كۆز قىلىشقا ۋە چوڭلۇق داۋاسى قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان شۆھرەتپەرەسلىك ۋە نام ئېلىش كىيىملىرىنى كىيىشنى مەنئى قىلغان. بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىمكى دۇنيادا شۆھرەت قازىنىش كىيىمى كەيسە، ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭغا خارلىق كىيىمىنى كەيدۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت ياقىدۇ».

بىرى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: «كىيىملەرنىڭ قاندىغىنى كىيىمەن؟» دەپ سورىدى، ئۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى: «سېنى سەتلىكىدىن جاھىللارنىڭ نەزىرىدە تۆۋەن كۆرسەتمەيدىغان، نەپىسلىكىدىن ئاقىللارنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىتمايدىغان كىيىمنى كەيگىن»[2].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## زىننەتلىنىشتە ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئاشۇرىۋېتىش

ئىسلام دىنى قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەندەك، زىننەتلىنىشتە ئاللاھنىڭ ياراتقان شەكلىنى ئۆزگەرتىپ چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشنى رەت قىلغان، قۇرئان كەرىم بۇنى شەيتانغا ئەگەشكەنلىك دەپ كۆرسەتكەن، چۈنكى شەيتان مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَآمُرَنَّهُمْ فَلَيُغَيِّرُنَّ خَلْقَ اللَّهِ﴾

﴿ئۇلارنى چوقۇم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بۇيرىيمەن﴾ [نىسا سۈرىسى 119 - ئايەت]

## گۈل چېكىش، چىش ئىنچىكىلىتىش ۋە ھۆسن تۈزەش

بەدەنگە گۈل ۋە سۈرەت چېكىش ۋە چىشنى ئىنچىكىلىتىش ھارام ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۈل چەككەنگە ۋە چەكتۈرگەنگە، چىش ئىنچىكىلەتتۈرگۈچىگە ۋە ئىنچىكىلەتكۈچىگە لەنەت قىلغان»[1].

گۈل چېكىش - يۈز - قولنىڭ ئەسلىي رەڭگىنى سەت بىر نەقىش ۋە كۆك رەڭ بىلەن بۇزۇۋېتىشتۇر. بەزى ئەرەبلەر بولۇپمۇ ئاياللار گۈل چېكىشتە چەكتىن ئېشىپ كەتكەن، ئۇلار بەدىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەقىشلەر بىلەن تولدۇرغان، بەزى مىللەتلەرمۇ گۈل چېكىش ئارقىلىق خۇدالىرىنىڭ ۋە دىنىي شۇئارلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى قوللىرىغا ۋە مەيدىلىرىگە سىزدۇرۇۋالغان.

---

(1) - ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تېرىنىڭ تەبىئىي رەڭگىرويىنى بۇزۇشقا، يىغىنلىرىنىڭ جىسىمغا سانجىلغاندا گۈل چەكتۈرگۈچى تارتىدىغان ئازابنى جەملەيدىغان بولساق، ھارام بولۇش سەۋەبى ئۆزلىكىدىن مەيدانغا چىقىدۇ. گۈل چەككەن بىلەن چەكتۈرگەنگە لەنەت قىلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇدۇر.

ئەمما چىشنى ئىنچىكىلىتىش ۋە قىسقارتىشقا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلارنى قىلغان ئايال بىلەن قىلدۇرغان ئايالغا لەنەت قىلغان، ناۋادا بىر ئەر كىشى بۇ ئىشنى قىلسا ياكى قىلدۇرسا ئەلۋەتتە لەنەتكە لايىق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىشلارنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشنى ھارام قىلغىنىدەك چىشلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىشنىمۇ ھارام قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالا چىشلىرىنى بىر ـ بىرىدىن گۈزەللىك ئۈچۈن ئايرىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتكەن ئاياللارغا لەنەت قىلىدۇ»[1].

ئاياللاردىن چىشلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان ھالدا چىقىدىغانلارمۇ بولىدۇ، چىشلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىقىدىغانلارمۇ بولىدۇ. چىشلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلاشقان ئاياللار تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن چىشلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىكلەپ، چىشلىرىدىن بىر ـ بىرىنى سۈنئىي ھالدا ئايرىماقچى بولىدۇ. بۇ بولسا ئەسلىدە بار بىر نەرسىنى كىشىلەردىن يوشۇرۇش ۋە ياسىنىشتا چېكىدىن ئاشقانلىق بولۇپ، ئىسلامنىڭ روھى بۇنى رەت قىلىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇ سەھەھ ھەدىسلەرنى چۈشەنگىنىمىزدە شەھۋەت ۋە جىسىم مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولغان غەربنىڭ بۈگۈنكى ماددىي مەدەنىيىتى تەشۋىق قىلغان، ھەمدە (ھۆسىن تۈزەش) دەپ ئاتالغان ئىشلارنىڭ ھۆكمىنى بىلىۋالالايمىز. بۈگۈنكى كۈنلەردە كىشلەر بۇرنىنى، كۆكسىنى ۋە باشقا يەرلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلىمەكتە، لېكىن ئۇلارنى ئۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ھېچقانداق بىر زۆرۈرەت يوق. ئەمەلىيەتتە بۇ، پوستى بىلەن بولۇپ كېتىپ مېغىزىغا، جىسىم بىلەن بولۇپ كېتىپ روھقا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتۇر. بۇ ئىش ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىپ ئىنسانىنى ئازابلىغانلىقتىن، بۇنى قىلغانلار ۋە قىلدۇرغانلار ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرى لەنەت قىلىدىغانلار قاتارىغا كىرىدۇ.

«ئەمما كىشىدە ھەر قېتىم كىرگەن سورۇندا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان، مەنىۋى ياكى روھىي ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئومۇمىي قائىدىدىن تاشقىرى بىر ئەيىب بولسا، ئۇزىنى قىينىغان بۇ ئەيىبنى يوقۇتۇش مەقسىتىدە داۋالانسا ھېچ گەپ يوق، چۈنكى ئاللاھ بىزلەرگە دىنىمىزدا بىر زورلۇق قىلمىغان»[1].

ھەدىستىكى: «گۈزەللىك ئۈچۈن چىشلىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىغانلار» دېگەن ئىبارەتمۇ بۇنى كۆچلەندۇرىدۇ. ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئىشنى باشقا بىر غايە بولماستىن، پەقەت ساختا گۈزەللىك ئۈچۈنلا قىلىدىغانلار ئەيىبلەنگەن، ئەگەر بىرەر زەرەر ياكى ئازابلىنىشنى يوقۇتۇش ئۈچۈن بۇنداق بىر ئىشقا مۇھتاج بولسا، بۇنىڭدا ھېچ گەپ يوق.

---

[1]- پروفېسسور بەھيول خۇلىنىڭ: (ئۆي بىلەن جەمئىيەتتىكى ئايال) ناملىق كىتابىنىڭ 105 - بېتىگە قاراڭ. 2 - بېسىلىشى.

www.munber.org

# قاشنى ئىنچىكىلىتىش

قاشلارنى ئىنچىكىلىتىش ۋە تۈزلەش ئۈچۈن يۇلۇشمۇ ئىسلام چەكلىگەن ئارتۇقچە ياسىنىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاش تەيگەنلەرگە ۋە تەيدۈرگەنلەرگە لەنەت قىلغان[1].

قاچانكى بۇ ئىنچىكىلىتىش ئىشى كاپىرلارنىڭ ياكى بۇزۇق ئاياللارنىڭ بەلگىسى بولسا، بۇ ئىشنىڭ ھاراملىقى تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ.

ھەنبەلى مەزھىبىدىكى بەزى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللارنىڭ يۈزىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇشى، پەردازلىنىش نىيىتىدە يۈزنى بويىشى، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا خىنە قويىشى جائىزدۇر، بۇنى ئېرى رۇخسەت قىلغان تەقدىردە ئېرى ئۈچۈن قىلسا بولىدۇ، بولمىسا جائىز بولمايدۇ».

ئىمام نەۋەۋى[2] ھارام قىلىنغان قاش يۇلۇشتىن ھېسابلاپ يۈزنىڭ تۈكىنى يۇلۇشنى جائىز بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرغان. لېكىن ئىمام ئەبۇ داۋۇد[3] (سۈنەن) دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن بۇ ئىزاھات بىلەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىلىدۇ: "قاش تەيمەك: قاشنى ئىنچىكىلەتمەك ئۈچۈن قاشنى يۇلۇشتۇر". دېمەك: يۈزىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇش چەكلىمە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

---

(1) ـ فەتھۇل بارىيدا: (ئىمام ئەبۇ داۋۇد ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان) دېيىلگەن. سەھەھ ھەدىستە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاش تەيدۈرگەن ئاياللارغا لەنەت قىلغان» دېيىلگەن.

(2) ـ **ئىمام نەۋەۋى:** يەھيا ئىبنى شەرەف، لەقىمى: شەيخۇل ئىسلام ۋە مۇھىيددىين، كاتتا مۇھەددىس ۋە شافىئىي فەقىھ، سەھىھۇ مۇسلىمنى شەرھىلىگەن. ھـ 676 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

(3) ـ **ئىمام ئەبۇ داۋۇد:** سۇلايمان ئىبنى ئەل ئەشئەس ئەسسىجىستانى، مەشھۇر ھەدىس ئالىملىرىدىن، تونۇلغان ئالتە ھەدىس كىتابىنىڭ بىرىنى تۈزىلگەن. ھـ 275 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

www.munber.org

ئىمام تابەرى ئەبى ئىسھاق[1] نىڭ ئايالى[2] دىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ ياش ۋە گۈزەل ياسىنىشقا بەك ئامراق ئايال ئىدى، بىر كۈنى ئۇ ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ: «ئايال كىشى پىشانىسىدىكى تۈكلەرنى يۇلۇپ ئېرىگە ياسانسا بولامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا: «ئازار بېرىدىغان تۈكلەرنى مۇمكىن قەدەر ئېلىۋەتكىن» دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

## چاچ ئۇلاش

چېچىنى ھەقىقىي ياكى سۈنئىي چاچ بىلەن ئۇلاش ۋە كەيمە چاچ كىيىش ئاياللار زىننىتىدە چەكلەنگەن ئىشدۇر.

چۈنكى ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار ھەزرىتى ئائىشە، ئەسما، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە قاتارلىق بىرنەچچە ساھابىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا بىر چاچنى ئۆزىنىڭ چېچىغا ئۇلىغان ئايالغا ۋە ئۇلاتقان ئايالغا لەنەت قىلغان»

ئەرلەرنىڭمۇ چاچ ئۇلىتىشى ياكى ساتىراشخانىدەك جايلاردا بۇنداق خىزمەتلەرنى قىلىشى ئەلبەتتە ھارامدۇر.

[1]_ **ئەبى ئىسھاق:** ئەمرۇ ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسسەبىيئىي ئەلكۈفى، كاتتا تابىئىيلاردىن، ھـ 126 _ ياكى 129 _ يىلى 96 يېشىدۇ ۋاپات بولغان_ ت.
[2]_ ئەبى ئىسھاقنىڭ ئايالى: ئەيفەئە ئىبنى شاراھىلنىڭ قىزى، ھەزرىتى ئائىشەدىن ھەدىس ئاڭلىغان_ ت.
[3]_ فەتھۇل بارى: كىتابۇل لىباس، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ شەرھىگە قاراڭ.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۇرلۇك ھىلە ۋە ئۆزگەرتىشلەرگە قارشى كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرگەن، ھەتتاكى يىپقى تويى بولىدىغان بىر قىز بولسىمۇ، كېسەللىك سەۋەبىدىن چىچى تۆكۈلگەن بىر ئايال بولسىمۇ، باشقا بىر تال چاچ ئۇلاشنى جائىز كۆرمىگەن.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: " ئەنسارلاردىن بىر قىز تويى قىلماقچى بولدى، لېكىن بىر كېسەل سەۋەبىدىن ئۇنىڭ چېچى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلار چاچ سالماقچى بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «ئاللاھ چاچ ئۇلىغانغا ۋە ئۇلاتقانغا لەنەت قىلغان» دېدى"[1].

ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "مېنىڭ تويىنى قىلىدىغان بىر قىزىم بار، لېكىن كېسەل بولۇپ قېلىپ، چېچى توكۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چېچىغا چاچ ئۇلىسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ چاچ ئۇلىغان ۋە ئۇلاتقانغا لەنەت قىلغان» دەپ جاۋاب بەردى»[2].

ھەزرىتى سەئىيد ئىبنى ئەل مۇسەييىب[3] دىن رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھەزرىتى مۇئاۋىيە[4] مەدىنىگە ئاخىرقى قېتىمدا كەلگىنىدە خۇتبە ئوقۇدى. ئۇ قولىغا بىر بوغۇم چاچنى ئېلىپ تۇرۇپ: «بۇنى يەھۇدىيلاردىن باشقا بىر مىللەتنىڭ قىلغىنىنى كۆرمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا:

---

(1) ـ بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى ئىمام بۇخارى سەھىھىدە، كىتابۇل لىباس، چاچ ئۇلاش بابىدا رىۋايەت قىلغان.

(2) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) ـ **سەئىيد ئىبنى ئەلمۇسەييىب:** كاتتا تابىئىي، مەدىنىدىكى يەتتە فەقىھنىڭ بىرى، ھـ 94ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(4) ـ **ھەزرىتى مۇئاۋىيە:** مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىبلىرىدىن بىرى، ئۇمەۋىيلەر جەمەتىدىن چىققان خەلىپە. ھـ 60 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

«ساختىلىق» دەپ نام قويغان» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ مەدىنىگە ئاھالىسىگە: «ئالىملىرىڭلار قېنى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ئىشلارنى چەكلەپ: «ئاياللىرى بۇنداق ئىشلارنى قىلغان چاغلاردا بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھالاك بولۇپ كەتكەن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشلارغا «ساختىلىق» نامىنى بېرىشى ھارام قىلىنىش ھېكمىتىگە ئىشارەت قىلىدۇ. چۈنكى بۇ، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىكنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئىسلام ئالدامچىلىقتىن نەپرەتلىنىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى ھەرقانداق مۇئامىلىدە ئالدامچىلىقنى چەكلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «بىزنى ئالدىغان كىشى بىزدىن ئەمەس» دېگەن[1].

ئىمام خەتتابى[2] مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىشلاردا ئالدامچىلىق ۋە ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىش بولغانلىقتىن جازاسى قاتتىق بولغان، بۇنداق ئىشلارغا بىر ئاز رۇخسەت قىلىنغان بولسا ئالدامچىلىقنىڭ باشقا تۈرلىرىگىمۇ ۋە ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىشكىمۇ يول ئېچىلاتتى، ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستىكى: «ئاللاھنىڭ ياراتقىنىنى ئۆزگەرتىۋەتكۈچىلەر» دېگەن ئىبارىمۇ[3] بۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدۇ».

ھەدىسلەر كۆرسەتكىنى سۈنئىي ياكى تەبىئىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر چاچنى چاچقا ئۇلاشقا بولمايدىغانلىقىدۇر. چۈنكى بۇ ئالدامچىلىق ۋە گۇللاش بولىدۇ. ئەمما چاچقا چاچتىن باشقا يىپ، لېنتا ۋە ياكى لاتا ـ پۇتىدەك بىر نەرسىنى ئۇلاش بولسا، چەكلىمە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

---

(1) ـ بىر گورۇپ ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ **ئىمام خەتتابى:** مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم، كاتتا فەقىھ، مۇھەددىس، لۇغەتشۇناس، ھـ 388 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
(3) ـ فەتھۇل بارى: كىتابۇل لىباس، چاچ ئۇلاش بابى.

www.munber.org

بۇ ھەقتە سەئىيد ئىبنى جۇبەير[1]: «چاچقا يىپەك ياكى يۇڭ يىپلاردىن ياسالغان ئۆيمە ئۇلىسا ھېچ گەپ يوق» دېگەن[2]. ئىمام ئەھمەدمۇ بۇنى جائىز دەپ قارىغان[3].

## چاچ بوياش

چاچ ۋە ساقالنىڭ ئاق يەرلىرىنى بوياشمۇ زىننەتلىنىش دائىرىسىگە كىرىدۇ. يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار بولۇپمۇ راھىبلار چىرايلىق ياسىنىشنىڭ ئىبادەت قىلىشقا زىيىنى بار دەپ ئويلاپ، ئاق چاچنى بوياپ ئۆزگەرتمەيتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە كۆرىنىشىدە ئۆزگىچە مۇستەقىل بىر خاراكتېرگە ئىگە بولىشى ئۈچۈن، كاپىرلارنى دوراشنى ۋە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ مېڭىشنى چەكلىگەن.

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«يەھۇد - خرىستىئانلار بويىمايدۇ، سىلەر بوياپ ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىڭلار»[4].

ساھابىلەر ھاياتىدىن بۇ بۇيرۇقنىڭ پەرز ئەمەسلىكى، بەلكى بويىسا ياخشى ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر، چۈنكى ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر قاتارلىق بىر گورۇپ ساھابە بويىغان. ھەزرىتى

---

(1) ـ سەئىيد ئىبنى جۇبەير: كاتتا تابىئىيلاردىن، ھـ 95 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
(2) ـ فەتھۇل بارىدا: ئىمام ئەبۇ داۋۇد سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان دېيىلگەن.
(3) ـ فەتھۇل بارى، يۇقىرىقى ئورۇنغا قاراڭ.
(4) ـ سەھىھۇل بۇخارى: كىتابۇل لىباس، چاچ ـ ساقال بوياش بابى.

www.munber.org

ئەلى، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ئەنەس قاتارلىق بىر قىسمى بويىماي قويۇپ قويغان.

لېكىن ئاق چاچ، ئاق ساقالنى بوياش قايسى رەڭ بىلەن بولىدۇ؟ قارا رەڭگە ئوخشىغان رەڭلەر بىلەنمۇ، ياكى قارا رەڭدە بويىسا بولمامدۇ؟

قېرىپ چېچى ئاقىرىپ كەتكەن بىر كىشى يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندىن كېيىن چاچ ـ ساقىلىنى قارا بويىۋالسا ياراشمايدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەككىنى پەتھ قىلىش كۈنىدە دادىسىنى يۇدۇپ ئەكىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ چېچىنىڭ خۇددى ئاق چېچەكلىگەن دەرەخكە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا:

«بۇ ئاق چاچنى ئۆزگەرتىۋېتىڭلار، لېكىن قارا بويىماڭلار» دېگەن[1].

ئەمما بۇنداق ياشتا ۋە بۇنداق ئەھۋاللاردا بولمىغانلار قارا بويىسا ھېچ گەپ يوقتۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام زۇھرى[2] مۇنداق دەيدۇ: «ياشلىقىمىزدا قارا بوياپتتۇق، يۈزگە قورۇق چۈشۈپ، چىشلار تۆكۈلگەندە بوياشنى تاشلىدۇق»[3].

دەسلەپكىلەرنىڭ بەزىلىرى قارا بوياشقا رۇخسەت قىلغان. مەسىلەن: ساھابىلەردىن ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس،

---

(1) ـ فەتھۇل بارى: يۇقىرىقى ئورۇن.
(2) ـ **زۇھرى:** مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب، تابىئىي، كاتتا ھەدىسشۇناس ۋە فەقىھ، ھـ 124 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
(3) ـ فەتھۇل بارى: يۇقىرىقى ئورۇن.

www.munber.org

ھەزرىتى ئۇقبە ئىبنى ئامىر، ھەزرىتى ھەسەن، ھەزرىتى ھۇسەيىن، ھەزرىتى جەرىر ۋە باشقىلار.

جىھادتىن باشقا چاغلاردا قارا بوياشقا رۇخسەت قىلمىغان ئالىملارمۇ بار، ئۇلار مۇسۇلمان ئەسكەرلەر ياش ھالەتتە كۆرۈنگىنىدە دۈشمەننى قورقۇتىدۇ. شۇڭا جىھاد ۋاقتىدىلا ئۇلارغا بۇ رۇخسەت بېرىلگەن دەپ قارىغان.

ھەزرىتى ئەبۇ زەر ئانىڭلىغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چاچنىڭ ئاقلىقىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى خېنە ۋە كەتەم (زىغىر رەڭلىك ئۆسۈملۈك) دۇر» دەپ كۆرسەتكەن[1].

ھەزرىتى ئەنەس رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كېلىشىچە: «ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى چېچىنى خېنە ۋە كەتەم بىلەن بويىغان، ھەزرىتى ئۆمەر يالغۇز خېنە بىلەن بويىغان».

## ساقال قويۇش

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئانىڭلىغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇشرىكلەرگە خىلاپلىق قىلىڭلار (ئوخشىماڭلار) ساقالنى قويۇۋېتىڭلار، بۇرۇتنى قىسقارتىڭلار» دەپ بۇيرىغان[2].

ھەدىس بۇ بۇيرۇقنىڭ سەۋەبىنى كۆرسەتكەن، ئۇ بولسا مۇشرىكلارغا خىلاپلىق قىلىشتۇر. بۇ مۇشرىكلاردىن مەقسەت -

---

[1] - فەتھۇل باردا: ”ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىپ (سەھىھ)‘دەپ باھا بەرگەن، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان“ دېيىلگەن.
[2] - ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئوتقا چوقىنىدىغان ئاتەشپەرەسلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساقاللىرىنى قىسقارتسا، بەزىلىرى ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىش ـ ھەرىكەتتە، شەكىل ۋە مەزمۇندا ئالاھىدە ۋە مۇستەقىل خاراكتېرلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىشقا بۇيرىغان. بۇنىڭ ئۈستىگە ساقالنى چۈشۈرۈۋېتىشتە، يارىتىلغان تەبىئەتتىن چىقىۋېلىش ۋە ئاياللارغا ئوخشاپ قېلىش مەنىسى بار، چۈنكى ساقال ئەرلىكنىڭ بىر ئالامىتى.

ساقالنى قويۇۋېتىش دېگەنلىكتىن ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە كەسمەسلىك مەقسەت قىلىنمايدۇ، چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا ساقال، كىشىنى بىئارام قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئىمام تىرمىزى[1] رىۋايەت قىلغان ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك ۋە دەسلەپكىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ قىلغىنىدەك ساقالنىڭ ئېنىدىن ۋە بويىدىن ئېلىۋەتسە بولىدۇ.

قازى ئەيياز[2] مۇنداق دەيدۇ: « ساقالنى چۈشۈرۈۋېتىش، قىسقارتىش ۋە تۈزلىۋېتىش مەكرۇھتۇر، لېكىن بەك ئۆسۈپ كەتكەن تەقدىردە ئېنىدىن ۋە بويىدىن ئېلىش ياخشى ».

ئىمام ئەبۇ شامە[3] مۇنداق دەيدۇ: "ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتىدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد پەيدا بولدى، ھالبۇكى ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ساقاللىرىنى چۈشۈرۈۋېتىشى مەشھۇردۇر »[4].

---

[1] ـ **ئىمام تىرمىزى:** مۇھەممەد ئىبنى ئىيسا، (ئەبۇ ئىيسا)، ھەدىس ئىماملىرىدىن، ھەدىستە مەشھۇر ئالتە كىتابنىڭ بىرى بولغان (ئەلجامىئۇل كەبىير) نى توپلىغان. ھـ 279 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] ـ **قازى ئەيياز:** ئەيياز ئىبنى مۇسا ئەل يەھسۇبى، مەغرىبتە ئۆتكەن ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھلىرىدىن. ماراكەشتە ھـ 544 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[3] ـ **ئىمام ئەبۇ شامە:** ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئەلمەقدىسى، ھەدىسشۇناس، كاتتا شافىئىي فەقىھ. ھـ 665 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[4] ـ فەتھۇل بارى، ساقالنى قويۇۋېتىش بابى.

www.munber.org

مەن دەيمەنكى: مەغلۇب بولغانلار داۋاملىق غالىب كەلگەنلەرنى دوراشقا ئامراق كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ كۆپچىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر قەۋمگە ئوخشىۋالغان ئادەم شۇلاردىندۇر»[1] دېگەن ھالدا، كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان ھەدىسلىرىدىن غاپىل قېلىپ، دىنلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ۋەتەنلىرىنى بېسىۋالغۇچى كاپىرلارنى دوراپ ساقىلىنى چۈشۈرىۋېتىدىغان بولۇپ قالدى.

كۆپلىگەن فىقھى ئالىملىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساقالنى قويۇۋېتىشكە بۇيرىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ساقالنى چۈشۈرىۋېتىشنى ھارام دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇيرۇق دېگەن ۋاجىبلىقنى بىلدۈرىدۇ. خۇسۇسەن ساقال قويۇۋېتىشنىڭ سەۋەبى كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىش دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك: ئۇلارغا خىلاپلىق قىلىش ۋاجىب بولىدۇ.

دەسلەپكىلەرنىڭ ھېچبىرى بۇ پەرزنى تەرك قىلمىغان. ئەسىرىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى ئومۇملىشىپ كەتكەن ئەھۋالغا بويسۇنۇپ، ۋەزىيەتتىن تەسىرلەنگەنلىكتىن ساقالنى چۈشىرىۋېتىشنى مۇباھ دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: «ساقالنى قويۇۋېتىش ئىبادەت دائىرىسىگە كىرىدىغان شەرىئەت بۇيرۇقلىرىدىن ئەمەس، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادەتلەنگەن بىر ئىشىدۇر».

ھەقىقەتتە ساقال قويۇش، يالغۇزلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى بىلەن ئەمەس، ئەينى ۋاقىتتا

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىش يۈزىدىن قىلغان ئېنىق بۇيرۇقى بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىش شەرىئەت ئىگىسى ئاللاھ تەرەپىدىن بۇيرۇلغان بىر ئىش، تاشقى كۆرۈنۈشتە ئوخشىشىش، ئىچكى جەھەتتىن مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە يېقىنلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەمدە ئىچكى مۇھەببەتمۇ تاشقى كۆرۈنۈشتە ئوخشىششنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ، تۇيغۇ ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بىر ھەقىقەتتۇر. قۇرئان، ھەدىس ۋە بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقى كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئادەتتە يوشۇرۇن بىر بۇزۇقلۇققا تۇرتكە بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىگە هاراملىق ھۆكمى چېتىلىپ كېلىدۇ، ئۇنداق بولىدىكەن تاشقى كۆرۈنۈشتە كاپىرلارغا ئوخشىماق، قەبىھ ئىشلاردا، ئەخلاقتا ھەتتاكى ئېتىقادتا ئۇلارغا ئوخشاپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بۇنىڭ يامان تەسىرىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى ۋەياكى مىقدارىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەستۇر. بەزىدە مەيدانغا كېلىپ چىققان بۇ بۇزۇقلۇقنى يۇقۇتۇشمۇ قىيىن بولىدۇ. دېمەك: ئاللاھ تائالا بۇزۇقلۇققا سەۋەب بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ھارام قىلغاندۇر»[1].

شۇنداق قىلىپ ساقالنى چۈشۈرىۋېتىشنىڭ ھۆكمىدە ئۈچ خىل كۆز قاراش مەيدانغا چىققان بولىدۇ:

1 ـ ھارام. بۇ ئىمام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق ئالىملارنىڭ قارىشى.

---

[1] ـ ئىمام ئىبنى تەيمىيە: (ئىقتىزائۇسسىرات ئەل مۇستەقىيم) ناملىق كىتابىغا قاراڭ.

www.munber.org

2 ـ مەكرۇھ. بۇ فەتھۇلباردا قازى ئەييازدىن نەقىل قىلىنغان قاراشتۇر. بۇ ھەقتە باشقا بىرسىنىڭ بۇ خىل قاراشتا ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس.

3 ـ مۇباھ. بۇ، ئەسىرىمىزدىكى بەزى ئالىملىرىمىزنىڭ قارىشى. بەلكى بۇلارنىڭ ئىككىنچىسى يەنى مەكرۇھ دەپ قاراش ھەقىقەتكە ئەڭ يېقىن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يەردىكى بۇيرۇقتا كاپىرلارغا خىلاپلىق قىلىش سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ كەسكىن ھالدا پەرز دېگەنلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئەڭ يېقىن مىسالى يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارغا خىلاپلىق قىلىش جەھەتتىن چاچنى بوياش بۇيرۇقىدۇر، بەزى ساھابىلەر چاچلىرىنى بويىمىغاچقا بۇ بۇيرۇق مۇستەھەبلىكنى بىلدۈرىدۇ.

توغرا، دەسلەپكىلەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدۇق، بەلكى بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى بولغاچقا، ساقالنى چۈشۈرۈۋېتىشكە ھاجىتى بولمىغان بولۇشى مۇمكىن.

❋ ❋ ❋

www.munber.org

## ئۆي ئىچىدە

ئۆي ـ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت چەكلىمىلىرىدىن يىراق بولۇپ، ئەركىنلىك ھېس قىلىدىغان جايىدۇر، ئۇنىڭدا جىسمى ئارام ئالىدۇ، كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ، شۇڭا ئاللاھ تائالا نېمىتىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمْ مِنْ بُيُوتِكُمْ سَكَنًا﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئۆيۈڭلارنى تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى﴾ [نەھل سۈرىسى7 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆينىڭ كەڭ ـ ئازادىلىكىنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمدە ئۇنى دۇنياۋى سائادەتنىڭ بىر ماددىسى دەپ قارايتتى. شۇڭا مۇنداق دېگەن:

«تۆت نەرسە سائادەتتىن: ياخشى ئايال، كەڭرى ـ ئازادە ئۆي، ياخشى قوشنا ۋە ياخشى ئات»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپىنچە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

«ئى ئاللاھ، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىل، ئۆيۈمنى كەڭرى قىل، رىزقىمنى بەرىكەتلىك قىل» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ دۇئانى ئەجەب كۆپ قىلىدىغۇ؟“ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇئادا تىلىمىگەن بىر نەرسىمۇ قالدىمۇ؟» دېگەن[2].

---

[1] ـ ئىمام ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام نەسائى ۋە ئىبنۇسسۇننىي سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە پاكىزلىق دىنى بولغان ئىسلامنىڭ بىر بەلگىسى بولۇش ئۈچۈن، ھەمدە مۇسۇلمان كىشىنى باشقا دىن مەنسۇپلىرىدىن ئالاھىدە ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئالامەت بولۇش ئۈچۈن ئۆيلەرنى پاكىز تۇتۇشقا تەشۋىق قىلاتتى.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

«ئاللاھ پاكتۇر، پاكنى ياخشى كۆرىدۇ. پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىدۇر سېخىلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. مەردتۇر مەردلىكنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ھويلا ـ ئاراملىرىڭلارنى پاكىزلاڭلار، يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماڭلار»[1].

## ئىسراپ ۋە بۇتپەرەسلىك ئالامەتلىرى

مۇسۇلمانىنىڭ رەڭلىك، گۈللۈك، نەقىشلىك ۋە تۈرلۈك زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئۆيىنى چىرايلىق ياسىشىدا چەكلىمە يوقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ اللَّهِ الَّتِي أَخْرَجَ لِعِبَادِهِ وَالطَّيِّبَاتِ مِنْ الرِّزْقِ﴾

﴿ئېيتقىنكى ئاللاھ بەندىلىرىگە ياراتقان لىباس زىننەتلەرنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كىم ھارام قىلدى؟﴾ [ئەئراف سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

توغرا، مۇسۇلمانىنىڭ ئۆيىدە، كىيىمىدە ۋە ئۆزىگە تەۋە بولغان ھەر قانداق يەردە چىرايلىق نەرسىگە ئامراق بولۇشىغا چەكلىمە يوقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[1] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«قەلبىدە زەررىچىلىك كىبىر بولغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ» بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەردىن بىرسى: «لېكىن ئادەم كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ۋە كەشىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «مەن گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىمەن، ئاللاھ ماڭا سەن كۆرۈپ تۇرغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى ئاتا قىلدى، ھەتتاكى بىر كەش كېيىشتە بولسىمۇ باشقىلارنىڭ مەندىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى خالىمايمەن. ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ كىبىر دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياق، كىبىر دېگەن ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىش ۋە باشقىلارنى تۆۋەن كۆرۈشتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

لېكىن ئىسلام دىنى ھەر قانداق نەرسىدە چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشنى يامان كۆرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىدە قۇرئان چەكلىگەن ئىسراپ ئالامەتلىرى، ياكى تەۋھىد ئەقىدىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرغان بۇتپەرەسلىك ئالامەتلىرى بولۇپ قېلىشىغا رازى بولمىغان.

## ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلار

ئىسلام دىنى مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلارنى ۋە ساپ يىپەكلەردىن تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئىشلىتىشنى

---

(1) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سىزىقتىن ئېشىپ كەتكۈچىلەرنى قاتتىق ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ھەزرىتى ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

« ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردا يەپ - ئىچكۈچى، جەھەننەم ئوتىنى قورسىقىغا كىرگۈزگەن بولىدۇ »[1].

ھەزرىتى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا تاماق يەپ سۇ ئىچىشتىن، يىپەك كىيىپ يىپەك ئۈستىدە ئولتۇرۇشتىن توسۇپ: « بۇ نەرسىلەر دۇنيادا ئۇلارنىڭ (كاپىرلارنىڭ) ئاخىرەتتە بىزنىڭ » دېگەن[2]. ئىشلىتىلىشى ھارام بولغان نەرسىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىشمۇ ھارامدۇر.

قاچىلار ۋە يوتقان - كۆرپىلەر ھەققىدىكى بۇ ھاراملىق ھۆكمى ئەر - ئاياللارغا ئوخشاش. بۇ يەردىكى چەكلىمىنىڭ ھېكمىتى ئۆي ئىچىنى يامان ئىسراپ ماددىلىرىدىن تازىلاشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى قۇدامە[3] نېمە دېگەن ئوبدان ئېيتقان: « ھەدىسنىڭ مەنىسى ئومۇمىيۈزلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەر - ئايال ئوخشاش، ھەمدە بۇنىڭ سەۋەبى ئىسراپ، كىبىر ۋە پېقىرلەرنىڭ كۆڭلىنى زىدىلەشتۇر، بۇ ئەر - ئايال ھەر ئىككى جىنسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق نەرسىلەر بىلەن زىننەتلىنىش ئاياللارنىڭ ئەرلىرىگە زىننەتلىنىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاياللارغا ھالال قىلىنغان، شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ھالاللىقى ئاياللارنىڭ زىننەتلىنىشىگىلا خاس بولىدۇ. ناۋادا بىرسى: « ئەگەر ھارام

---

(1) - ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

(2) - ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(3) - **ئىمام ئىبنى قۇدامە:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد، ھەنبەلىي مەزھەبكە مەنسۇب كاتتا فەقىھ، ھـ 620 - يىلى ۋاپات بولغان — ت.

www.munber.org

قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك بولغان بولسا ئالتۇندىنمۇ قىممەت بولغان ياقۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەتلىك تاشلاردىن ياسالغان قاچىلارنى ئىشلىتىشمۇ ھارام قىلىنغان بولاتتى» دېسە، بىز مۇنداق دەيمىز: «پېقىرلەر بۇنداق نەرسىلەرنى بىلمەيدۇ، شۇڭا بايلارنىڭ بۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىشى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇنمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل مەدەنلەر بۇنداق ئىشلاردا ئىشلىتىلمەيدىغان دەرىجىدە ئاز ئىدى، بۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئالاھىدە ھارام دەپ بەلگىلەش ھاجەتسىز»[1].

ئالتۇننى ئەرلەرگە ھارام قىلىشنىڭ ھېكمىتىدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ يەردە مەسىلىنىڭ ئىقتىسادي تەرىپى تېخىمۇ ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ، چۈنكى ئالتۇن ـ كۈمۈش كىشىلەر ئارىسىدا قولايلىقچە قولدىن قولغا ئۆتىدىغان، ھەممە ھەر تۈرلۈك ماللارنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان پۇل ئۆلچىمىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى تويلاپ ساقلاش ياكى قاچىدەك نەرسىلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بىر نېمەت قىلىپ بەرگەن، ئىشلىتىش يوللىرىنىمۇ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەقتە ئىمام غازالى[2] مۇنداق دەيدۇ: «ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن قاچا ياساپ ئىشلەتكەن كىشى نېمەتنى ئىنكار قىلغان ۋە پۇل تويلاپ خەجلىمەي يىتىۋالغاندىنمۇ بەكراق يامان ئەھۋالدا قالىدۇ، چۈنكى بۇ، ھاكىمنى تازىلىق قىلىشتا ۋە تۇۋەن ئىشلاردا ئىشلەتكەنگە ئوخشايدۇ. ھاكىمنى سولاپ قويۇش بۇنداق ئىشلارنى قىلدۇرۇشتىن ياخشىراق. چۈنكى ساپال، تۆمۈر ۋە تۇچلار سۇيۇق

---

[1] ـ (ئەلمۇغنى) 8 ـ توم 323 ـ بەت.

[2] ـ **ئىمام غازالى:** مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەلغازالى، (ئەبۇ ھامىد) ھۆججەتۇل ئىسلام، ئاتاقلىق ئالىم، كاتتا فەقىھ. (ھـ 450 ـ 505)ـ ت.

نەرسىلەرنى ساقلاشتا ئالتۇن كۈمۈشنىڭ ئورنىدا تۇرالايدۇ. قاچىلار بولسا سۈيۈق نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ياسالغان، ئەمما ساپال، تۆمۈر ۋە تۇچلار ئىقتىسادىي ساھەدە ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ. يىكىر يۇرگۈزۈپ بۇنى چۈشىنەلمىگەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرىدىن بىلىۋالسۇن: «ئالتۇن ۋە كۈمۈش قاچىلاردا يەك ئىچكەن كىشى جەھەننەم ئوتىنى قورسىقىغا كىرگۈزگەن بولىدۇ»[1].

ھېچكىم بۇ چەكلىمىنى مۇسۇلماننى ئۆي ئىچىدە سىقىۋەتكەنلىك دەپ ئويلاپ قالمىسۇن، چۈنكى پاكىز ۋە ھالال نەرسىلەر بىلەن ئېھتىياج قامدىلىدۇ. چىنە، ئەينەك، ساپال، تۇچ ۋە باشقا تۈرلۈك مەدەنلەردە ياسالغان قاچىلار، پاختا، يۇڭ ۋە شۇنىڭدەك يوتقان ـ كۆرپىلەر نېمىدېگەن چىرايلىق.

## ئىسلام ھەيكەللەرنى ھارام قىلغان

ئىسلام، مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە ھەيكەللەرنىڭ بولۇشىنى ھارام قىلغان ۋە بۇلارنىڭ ئۆيدە بولۇشىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە رىزاسىنىڭ ئالامىتى بولغان پەرىشتىلەرنىڭ نەپرەتلىنىشىگە ۋە ئۆيگە كىرمەسلىكىگە سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ يەردە ھەيكەللەردىن مەقسەت: گەۋدىلىك ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىنىدىغان ھەيكەللەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

---

[1] ـ (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين)4 ـ توم، شۇكۇر ۋە سەبىر قىلىش بابى، 79 ـ بەت.

www.munber.org

« پەرىشتىلەر، ئىچىدە ھەيكەل ياكى رەسىم بار بولغان ئۆيگە كىرمەيدۇ »[1].

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: « پەرىشتىلەر ئىچىدە سۈرەت بولغان ئۆيگە كىرمەيدۇ، چۈنكى كاپىرلار ئۆيلىرىگە سۈرەت ئېسىپ، ئۇنى ئۇلۇغلايدىغانلىقىدىن ئۆيگە سۈرەت قويغان كىشىمۇ كاپىرلارغا ئوخشىغان بولىدۇ، شۇڭا پەرىشتىلەر بۇ ئەھۋالدىن نەپرەت قىلىپ ئۆيگە كىرمەيدۇ ».

ئىسلام يەنە، كاپىرلارغا سېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەيكەلتاراشلىق قىلىشىنى ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

« قىيامەت كۈنى ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغانلار بۇ سۈرەتلەرنى قىلىدىغانلاردۇر ». يەنە بىر ھەدىستە: « ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاتقانلاردۇر »[2] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: « بىر سۈرەتنى قىلغان كىشىگە قىيامەت كۈنى: "ئۇنىڭغا جان كىرگۈز" دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەلمەيدۇ »[3].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: رەسىم سىزغۇچىنىڭ ۋە ھەيكەل ياسىغۇچىنىڭ رەسىم ۋە ھەيكەلگە ھەقىقىي بىر ھايات ئاتا قىلىشى تەكلىپ قىلىنىدۇ، بۇ تەكلىپ بولسا پەقەتلا ئىنسانىنىڭ بۇنداق بىر نەرسىنى قىلىشقا ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. سۆزى ئىمام مۇسلىمدىن ئېلىندى.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# ھەيكەللەرنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى

بىرىنچىدىن: تەۋھىد ئەقىدىسىنى ھىمايە قىلىش. رەسىم - بۇتلارنى ئۆز قوللىرى بىلەن ياساپ ئۇلۇغلاپ، ئالدىدا قورقۇپ تۇرىدىغان بۇتپەرەسلەرگە ئوخشاپ قالماسلىق.

ئىككىنچىدىن: تەۋھىد ئەقىدىسىنى بۇتپەرەسلىككە ئائىت گۇمانلىق ھەرقانداق نەرسىدىن ھىمايە قىلىش ھەققىدە ئىسلامنىڭ سەزگۈرلىكى چېكىگە يەتكەن، ئىسلامنىڭ بۇنداق سەزگۈرلۈك ۋە ئېھتىياتچانلىق كۆرسىتىشى ناھايىتى توغرا، چۈنكى شۇنداق بىر زامانلار ئۆتۈپتىكەنكى: بەزى مىللەتلەر سالىھ كىشىلىرىنىڭ ۋە ئۆلۈكلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى خاتىرلەش ئۈچۈن ياساتقان، زاماننىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلارنى ئاستا - ئاستا مۇقەددەسلەشتۈرۈشكە باشلىغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ سۈرەتلەر ۋەد، سۇۋا، يەغۇس، يەئۇق ۋە نەسر بۇتلىرىدەك بەرىكەت تەلەپ قىلىنىدىغان ۋە قورقۇلىدىغان بىر مەرتىبىگە چىقىرىلىپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنغان.

بۇزۇقلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق يولنى تاقىۋېتىشكە ئاساسلانغان بىر دىنىنىڭ ئەقىللەرگە ياكى قەلبلەرگە يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا شېرىك ئەقىدىسى سىڭىپ قېلىش ياكى بۇتپەرەسلىكتەك بۇزۇق دىن مەنسۇبلىرىغا ئوخشاپ قېلىشنىڭ بارلىق يوللىرىنى تاقىشى ھەيران قالغۇدەك بىر ئىش بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئىسلام دىنى يالغۇز بىر ياكى ئىككى ئەۋلادقىلا ئەمەس بەلكى تا قىيامەتكە قەدەر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قانۇن بەلگىلەيدۇ، شۇڭا بىر يەردە ئەقىلگە ئۇزاقتەك كۆرۈنگەن بىر نەرسە، باشقا بىر يەردە توغرا دەپ قوبۇل قىلىنىشى مۇمكىن، بىر ئەسىردە مۇمكىن ئەمەس دەپ

www.munber.org

قارالغان نەرسە يېقىن ياكى ئۇزاق باشقا بىر ئەسىردە ئەمەلىي بىر ھەقىقەت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئۈچىنچىدىن: بۇ ھارام قىلىنىشىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن يەنە بىرى ھەيكەلنى ياسىغۇچىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەيكەلنى ياسىغان ھەيكەلتاراش ياكى رەسسام بىر نەرسە سىزغاندا ياكى بىر ھەيكەل ئويغاندا خۇددى بىر نەرسىنى يوقتىن بار قىلغاندەك ياكى تۇپىدىن جانلىق بىر مەخلۇق پەيدا قىلغاندەك مەغرۇرلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرسى ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەپ بىر ھەيكەل ياساپتۇ. ھەيكەل پۈتكەندىن كېيىن ھەيكەلنىڭ ھەر تەرەپىدىن ھەيران قاپتۇ، ئۇ ئاخىرى مەغرۇرلۇق ۋە پەخىرلىنىش ئىچىدە كۆرەڭلىگەن ھالدا ھەيكەلگە: «گەپ قىل، گەپ قىل» دەپ ۋارقىراپ باققان ئىكەن.

بۇ ھېكمەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

«بۇنداق جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنى ياسايدىغانلار قىيامەت كۈنىدە ئازابقا تارتىلىدۇ ۋە ئۇلارغا: «ياراتقان نەرسەڭلەرگە جان كىرگۈزۈپ بېقىڭلارچۇ؟» دېيىلىدۇ»[1].

بىر ھەدىس قۇدسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«مەخلۇقلىرىمدەك نەرسىلەرنى ياساشقا ئۇرۇنغانلاردىن بەكراق زالىم يوق، ئەگەر يارىتىدىغان بولسا، بىر زەررە يارىتىپ باقسۇن... بىر دان يارىتىپ باقسۇن»[2].

تۆتىنچىدىن: رەسىم ۋە ھەيكەل ياساشنى كەسىپ قىلىۋالغانلار ھەددىلىرىنى بىلىپ مەلۇم چەكلىمىدە تۇرمايدۇ.

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مەسىلەن: ئۇلار ئاياللارنى قېپيالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ شەكىلدە تەسۋىرلەيدۇ، ھەمدە مۇسۇلماننىڭ قوبۇل قىلىشى جائىز بولمىغان كرېست ۋە بۇتتەك بۇتپەرەسلىكنىڭ ۋە باشقا دىنلارنىڭ سىمۋوللىرىنى ياسىشىدۇ ۋە تەسۋىرلىشىدۇ.

بەشىنچىدىن: بۇرۇندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ھەيكەللەر راھەت ــ پاراغەت ۋە ھەشەمەت ئىگىلىرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار قەسىرلىرىنى ھەيكەل رەسىملەر بىلەن زىننەتلەيدۇ، ھەمدە ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك مەدەنلەردىن ياسىتىدۇ. ئۇنداقتا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يىپەك كىيىش قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ئىسراپنى ھارام قىلغان بىر دىننىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە ھەيكەللەرنىڭ بولىشىنى ھارام قىلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

## ئۇلۇغلارنى خاتىرىلەشتە ئىسلامنىڭ تۇتقان يولى

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: "پىداكارلىقلىرى بىلەن مىللەتلىرىنىڭ تارىخىغا شەرەپ سەھىپىلىرىنى يازغان ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ بۇ ياخشى ئىشلىرىغا قارىتا بۇلارنىڭ پەزلىنى ۋە پىداكارلىقلىرىنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئەسلىتىدىغان ھەيكەللىرىنى تىكلەش مىللەتلىرىنىڭ بۇرچى ئەمەسمۇ؟ چۈنكى مىللەتلەرنىڭ ئېسى ۋە خاتىرىسى كۆپ نەرسىلەرنى ئۇنۇتىدۇ، كۆڭۈللەرنىڭ ئۆتۈشى بۇ ئۇنۇتۇشقا سەۋەب بولىدۇ". بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق:

«ئىسلام دىنى مەرتىۋىسى نەقەدەر يۇقىرى بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلۈك ياكى تىرىك شەخسلەرنى ئۇلۇغلاشتا

ئاشۇرىۋېتىشنى يامان كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«خرىستىئانلار مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسانى كۆككە كۆتۈرگەندەك مېنى كۆككە كۆتۈرمەڭلار، مېنى پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەڭلار»[1].

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا سالام بېرىش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى توسۇپ مۇنداق دېگەن: «ئەجەملەرنىڭ (ئەرەب ئەمەسلەرنىڭ) بىر ـ بىرلىرىنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغىنىدەك، ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار»[2].

ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇممىتىنىڭ ئۆزىنى ئۇلۇغلاپ چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەبرەمنى ھېيت ـ بايراملاردا توپلىشىدىغان جاي قىلىۋالماڭلار»[3]. يەنە ئاللاھ تائالاغا مۇنداق دەپ دۇئا قىلغان:

«ئى ئاللاھ، قەبرەمنى ئىبادەت قىلىنىدىغان بىر بۇت قىلمىغىن»[4].

بەزى كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئى بىزنىڭ ئەۋزىلىمىز ۋە ئەۋزىلىمىزنىڭ ئوغلى، ئى بىزنىڭ خوجىمىز ۋە خوجىمىزنىڭ ئوغلى» دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق، مېنى قىلىپ كۆنگەن سۆزلىرىڭلار بىلەن چاقىرىڭلار، شەيتان سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە رەسۇلى مۇھەممەددۇرمەن،

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(4) ـ ئىمام مالىك (ئەلمۇۋەتتا) دا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مېنى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن ماقامدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋېتىشىڭلارنى ياخشى كۆرمەيمەن»[1].

ئادەمزاتنى ئۇلۇغلاشقا بۇنداق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن بىر دىن شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە خاتىرىلىنىشى ئۈچۈن مىڭلارچە پۇل سەرپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ نامىغا بۇتلارغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنىڭ ياسىلىشىغا رازى بولمايدۇ.

ئۇلۇغلۇق دەۋاسى قىلغان كۆپ كىشىلەر تارىخنىڭ بۇ تەقدىرلەش ئىشىكىدىن كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيكەللىرىنى ياساتقۇزۇپ، ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق ئىگىلىرىنى تونۇپ يېتىشتە مىللەتلەرنى ئازدۇرغان.

مۆمىنلەر ئارزۇ قىلىدىغان ۋە تەشنا بولىدىغان ھەقىقىي ياشام بولسا، يوشۇرۇن ـ ئاشكارىنى بىلىدىغان، ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ ھوزۇرىدىكى مەڭگۈلۈك ياشامدۇر. كىشىلەرگە نامەلۇم بىر ئەسكەر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەڭگۈ ياشاش دەپتىرىگە تىزىملانغان نۇرغۇن ئۇلۇغ زاتلار بار. چۈنكى ئاللاھ تائالا بار ۋاقىتتا تونۇلمايدىغان، يوق ۋاقىتتا ئىزلەنمەيدىغان، تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

ناۋادا كىشىلەرنىڭمۇ قەلبلىرىدە مەڭگۈ ياشاش كېرەك دېيىلىدىغان بولسا، بۇ خاتىرىلەش ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەيكەللىرىنى تىكلەش ئارقىلىق بولۇشى توغرا ئەمەس. ئىسلام قوبۇل قىلىدىغان خاتىرىلەشنىڭ بىردىنبىر يولى: ئۇلارنىڭ قەلبلەردە، ئۆي ـ پىكىرلەردە مەڭگۈ ياشىشى ۋە قىلغان خىزمەتلىرىگە ئاخىرەتتە ئۆزلىرىگە توغرا گۇۋاھ بولىدىغان بىر

[1] ـ ئىمام نەسائى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

شەكىلدە قالدۇرغان ياخشى ئىزلار سەۋەبىدىن ئىغىزلاردا مەڭگۈ ياخشى دەپ خاتىرىلىنىشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرى ۋە تونۇلغان ئىسلام رەھبەرلىرىنىڭ ھېچبىرى يا بويالغان رەسىملەر بىلەن يا ئويالغان تاش ھەيكەللەر بىلەن مەڭگۈلەشتۈرۈلگەن ئەمەس. ياق، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلىشىشى: دەسلەپكىلەردىن كېيىنكىلەر، ئەجدادلاردىن ئەۋلادلار ئۆگەنگەن، مىللەتنىڭ ئېڭىغا سىڭگەن، ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدا دەستان بولغان، دىللارغا ئويۇلغان ۋە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتكەن گۈزەل ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن بولغان، رەسىم ھەيكەللىرى بىلەن بولمىغان[1].

(1) ـ بۇ ھەقتە شام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت فاكولتېتى مۇدىرى پروفېسسور مۇھەممەد ئەل مۇبارەكنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە سۆزلىگەن: (يېڭى بىر ئىسلامىي چۈشەنچىگە قاراپ) ناملىق لېكسىيىسىدە مۇنداق پارلاق بىر سۆزى بار: "ئىجتىمائىي تۈرمۇشىمىزغا يېڭى تۈزۈم ۋە يېڭى ئادەتلەر ئېقىپ كىرمەكتە، بۇ يېڭى تۈزۈم ۋە ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى توغرا ئىمان ۋە گۈزەل ئەخلاق پرىنسىپلىرىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن: "ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا قەھرىمانلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان ھەيكەللەر. ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلارنى خاتىرىلەشتە تۇتقان ئۇسلۇبىنىڭ پەلسەپىسىگە ئەركىن پىكرىمىز بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسەن ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى پەقەتلا ۋاپادارلىق، باتۇرلۇق ۋە سېخىلىقتەك ياخشى خىسلەتلىرى ئۈچۈنلا خاتىرىلىگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز، ئەرەبلەر ئۇلۇغلىرىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى، شېئىر ۋە قەسىدە ۋاستىسى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرغان. ھاتەمنىڭ مەردلىكى ئەنتەرەنىڭ باتۇرلىقى ئىسلامدىن بۇرۇن بىزگە بۇ ئۇسلۇب ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. ئىسلام كەلگەندە بۇ ئۇسلۇبنى قوللىدى ۋە كىشىلەردىن تاللىنىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بارلىق مەخلۇقلارنىڭ شەرەپلىكى ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى دەپ ئېلان قىلدى: ﴿قُلْ إِنَّمَا أَنَا بَشَرٌ مِثْلُكُمْ يُوحَى إِلَيَّ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد، ئېيتقىنكى، "مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر﴾ [كەھف سۈرىسى 115 ـ ئايەت]. ھەمدە ئىسلام كىشىلەرنىڭ قىممىتىنى شەكلىگە قاراپ ئەمەس، قىلغان ئىشلىرىغا قاراپ باھالىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈلگە قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇ زات كىشىلەرنى مۇقەددەسلەشتۈرۈش، چوقۇنۇش دەرىجىسىدە ئۇلۇغلاش ۋە باشقىلارنى پەس كۆرۈش قاتارلىقلارنى چەكلىگەن. شۇڭا ئىسلامنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بارلىق مۇسۇلمانلارغا: "كىمكى مۇھەممەدكە ئىبادەت قىلىدىغان بولسا، مۇھەممەد ئۆلۈپ كەتتى، كىمكى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا ئاللاھ ھاياتتۇر، ئۆلمەيدۇ" دەپ جاكارلاپ بۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿وَمَا مُحَمَّدٌ إِلَّا رَسُولٌ قَدْ خَلَتْ مِنْ قَبْلِهِ الرُّسُلُ أَفَإِنْ مَاتَ أَوْ قُتِلَ انْقَلَبْتُمْ عَلَى أَعْقَابِكُمْ﴾ ﴿مۇھەممەد پەقەت بىر پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆپ

www.munber.org

## باللار ئويۇنچۇقلىرىغا رۇخسەت

ئەگەر ئۇلۇغلاش ۋە ئىسراپ قىلىش نىيىتى بولمىغان ۋە يۇقىرىدىكى چەكلەنگەن نەرسىلەردىن بىرسىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغان بىر خىل ھەيكەل بولسا ئىسلام بۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىدۇ. مەسىلەن: كىچىك باللار ئۇچۇن بوۋاق ۋە باشقا ھايۋاناتلار شەكلىدە ياسالغان ئويۇنچۇقلار بار. بۇ تۈردىكى سۈرەت ـ قورچاقلار كىچىك باللارنىڭ قولىدا ئوينىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغلانمايدىغان بىر نەرسە بولىدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا قورچاقلارنى ئوينايتتىم، ئۇ بەزىدە ماڭا كىچىك ئاداشلىرىمنى ئەكىلىپ بېرەتتى، ئاداشلىرىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەندە قورقۇپ مۆكۈنىۋېلىشاتتى، پەيغەمبەر

www.munber.org

---

پەيغەمبەرلەر ئۆتتى. ئۇ ۋاپات بولسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ئارقاڭلارغا يېنىۋالامسىلەر؟﴾ [ئالى ئىمران سۈرىسى 144 ـ ئايەت]

ئىسلام كىشىلەرنى پايدىلىق ياخشى ئىشلىرى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلەشتۈرگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنى ھېكمەت ۋە كەسكىنلىك بىلەن، ھەزرىتى ئۆمەرنى ئادالەت بىلەن، ھەزرىتى ئەلىنى باتۇرلۇق بىلەن تونۇيدۇ. ئۇلار تونۇلۇش ۋە ئەسلىنىش ئۇچۇن تاشتىن ياسالغان خاتىرە مۇنارلىرىغا موھتاج بولمىغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ ياخشى ئىش ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقلىرى ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈككە ئېرىشتۈرگەن.

ئۇلۇغلىرىنى ۋە قەھرىمانلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ھەيكەل تىكلەش ئارقىغا چېكىنىش ۋە يۇقىرى سەۋىيىدىن تۆۋەنلەشتۇر. بۇنى دەسلەپتە رىم ۋە گرېتسىيىلىكلەر، كېيىن ياۋروپالىقلار قىلغان، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئىتىگە بۇتپەرەسلىك سىڭگەن بولۇپ ئۇلار ئىمان ۋە ئەخلاقتا ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن تۆۋەن. ئۇلار ئىنساننى ئىنسانىي قەھرىمانلىق ئۆلچەملىرى بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىز كەلگەنلىكتىن، ئۇلاھلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىپ قەھرىمانلارنى ئىلاھلار قىلىۋالغان.

بۇنىڭدىن شۇنى يەكۈنلەيمىزكى، بۇ ھەقتە ھەرقانداق يات ئۇقۇمغا بوي سۇنماسلىقىمىز كېرەك. ئىسلامنىڭ ھەيكەللەرنى ھارام قىلىش ھۆكمىنى ئۆزگەرتىشكە قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك، چۈنكى بۇ پىسخىكىمىزغا ۋە ئەخلاقىمىزغا ئىنتايىن زىيانلىق". تۈگىدى.

ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئوينىشىنى ياقتۇرغاچقا ئۇلار مەن بىلەن ئويناپتتى »[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە قورچاقلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىغاندا ھەزرىتى ئائىشە: «قىزلىرىم» دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟» دەپ سورىسا ھەزرىتى ئائىشە: "قاناتلار" دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قاناتلىقمۇ ئات بولامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ھەزرىتى ئائىشە: "داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ قاناتلىق ئاتلىرى بار ئىكەنمىش ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟" دېدى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگەنگە قەدەر كۈلدى[2].

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە كىچىك باللارنىڭ ھەيكەل ۋە قورچاقلارنى ئوينىغىلى قويۇشنىڭ جائىز ئىكەنلىكىگە دەلىل بار». ئىمام مالىكتىن: ئاتىلارنىڭ كىچىك باللىرىغا قورچاق ئويۇنچۇقلارنى ئېلىپ بېرىشىنى مەكرۇھ دەپ قارايدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. قازى ئەيياز مۇنداق دېگەن: «كىچىك قىزلارنىڭ قورچاق ئوينىشىغا رۇخسەت قىلىنغاندۇر».

تاتلىق يېمەكلىكلەردىن ياسىلىپ ھېيت ـ ئايەملەردەك كۈنلەردە سېتىلىدىغان ۋە يېيىلىدىغان ھەيكەللەرمۇ كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچۇقلىرىغا ئوخشاش.

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# پۈچۈق ۋە بۇزۇلغان ھەيكەللەر

ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «جىبرىئىل، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ھەيكەل بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرمىگەن، ئىككىنچى كۈنىمۇ ئۆيگە كىرمەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

«بېشىنى كەستۈرىۋەتكىن، دەرەخكە ئوخشاپ قالسۇن» دېگەن»[1].

بىر قىسىم ئالىملار ھەيكەللەرنىڭ ئىچىدە پەقەتلا تولۇق ھەيكەل ھارام قىلىنغان دېگەن پىكىرگە بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان. بۇلارنىڭ قارىشىچە: ھەرقانداق جانلىقنىڭ كەم بولسا ياشىيالمايدىغان بىر ئەزاسى ھەيكەلدە كەم بولسا، بۇنداق پۈچۈق ھەيكەل ھالالدۇر.

لېكىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرەخكە ئوخشىشى ئۈچۈن ھەيكەلنىڭ بېشى كېسىلىشىنى تەلەپ قىلىشىدىكى توغرا سەۋەب، كاللىسى بولمىغانلىقتىن ھەيكەلنىڭ ياشىيالمايدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كەم ئەزالىق ھەيكەل جائىز بولىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ھەيكەلنىڭ بۇزۇلىشى ۋە شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭدا ھۆرمەت قىلىنىدىغان كۆرۈنۈشنىڭ بولماسلىقىدۇر.

ئىنساپ بىلەن ئويلانغىنىمىزدا خاتىرىلەش ۋە مەڭگۈلەشتۈرۈش مەقسىتىدە بەزى بۈيۈك شەخس ۋە پادىشاھلارنىڭ مەيدانلارغا تىكلەنگەن يېرىم ھەيكەللىرىنى، زىننەت نىيىتى بىلەن ئۆيلەردە

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببانلار رىۋايەت قىلغان. كېيىنچە (ئىت بېقىش) دېگەن تېما ئاستىدا تولۇق بايان قىلىنىدۇ.

www.munber.org

قويىلىدىغان پۈتۈن ۋە يېرىم ھەيكەللەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىرراق ھارام دەپ ئېيتساق خاتالاشمىغان بولىمىز.

## نەقىشلەنگەن ۋە سىزىلغان گەۋدىسىز رەسىملەر

كىشىلەر ئارىسىدا (ھەيكەل) دەپ ئاتالغان گەۋدىلىك رەسىملەرنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك بولىدۇ. لېكىن قەغەز، كىيىم ـ كېچەك، پەردە، تام، گىلەم، كىگىز، پۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە سىزىلغان گۈزەل سەنئەت رەسىملىرىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئۇنىڭ ھۆكمى رەسىمنىڭ ئۆزىگە، قويۇلىدىغان جايغا ۋە قانداق ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بولىدۇ. رەسىم نېمە ئۈچۈن تەييارلانغان؟ قەيەرگە قويۇلغان؟ ۋە قانداق ئىشلىتىلۋاتىدۇ؟ رەسىمنى سىزغان كىشىنىڭ غايىسى نېمە؟

ئەگەر رەسىم خرىستىئانلاردا ھەزرىتى ئىسا، ھىندوسلاردا كالا رەسىمىدەك ئاللاھنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ بولسا، ئۇنى بۇ مەقسەتتە تەييارلىغان كىشى كۇپۇر ۋە ئازغۇنلۇقنى يايىدىغان كاپىردىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ: «قىيامەت كۈنىدە ئازابى ئەڭ قاتتىق بولىدىغانلار رەسىم تەييارلايدىغانلاردۇر» دېگەن[1].

ئىمام تابەرى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە رەسىم تەييارلايدىغانلاردىن مەقسەت: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىر نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مەقسەت قىلىپ تەسۋىرلىگەنلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىش بىلەن كاپىر بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى بۇ مەقسەتتە قىلمىغانلار پەقەتلا ئاسىي گۇناھكار بولىدۇ».

رەسىملەرنى ئۇلۇغلاش نىيىتىدە ئاسقانلارمۇ ئەينى ھۆكۈمگە كىرىدۇ، چۈنكى ئادەم ئىسلامدىن يىراقلاشمىغۇچە بۇنداق قىلىپ سالمايدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدەك يارىتىش ۋە يوقتىن بار قىلىش داۋاسى بىلەن ئىبادەت قىلىنمايدىغان رەسىملەرنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىش نىيىتىدە سىزغانلارنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىقى ھۆكۈمگە يېقىن بولۇپ، ئۇلار بۇنداق ئىش بىلەن تەۋھىد دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. يۇقىرىدىكى: «قىيامەت كۈنىدە ئازابى ئەڭ قاتتىق بولىدىغانلار، ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاتقانلاردۇر» دېگەن ھەدىسمۇ مۇشۇ ھەقتە كەلگەن. بۇ بولسا رەسىم سىزغۇچىنىڭ نىيىتىگە باغلىق نەرسە. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەزمۇننى بۇ ھەدىس قۇدسىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، بۇ ھەدىستە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مەخلۇقاتىمغا ئوخشىتىپ بىرنەرسە يارىتىشقا ئورۇنغانلاردىن بەكرەك زالىم يوق، ئەگەر يارىتالايدىغان بولسا بىر زەررە يارىتىپ باقسۇن، بىر دان يارىتىپ باقسۇن»

دېمەك: ھەدىستىكى: «مەخلۇقاتىمغا ئوخشىتىپ بىرنەرسە يارىتىشقا ئورۇنغانلار» دېگەن ئىبارە خۇسۇسەن يارىتىش ۋە يوقتىن بار قىلىش جەھەتتىن ئىلاھلىق داۋاسى قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىش نىيىتىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا قىيامەت كۈنىدە ئۇلارغا: «ياراتقان نەرسىلىرىڭلارغا جان كىرگۈزۈپ بېقىڭلارچۇ؟» دېيىلىدۇ. ئۇلار

www.munber.org

سىزغان ۋە ياسىغان رەسىملىرىگە جان كىرگۈزۈشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، ھەمدە بۇنى قىلالمايدىغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ.

سىزىش ۋە ئىلىكىدە ساقلاش ھارام بولغان رەسىملەر دىنىي جەھەتتىن مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن، دۇنياۋى جەھەتتىن ئۇلۇغلانغان كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىدۇر.

<u>بۇلارنىڭ بىرىنچىسى</u>: ھەزرىتى ئىبراھىم، ئىسھاق، مۇسا، مەريەم، جىبرىئىل ۋە شۇنىڭدەك پەيغەمبەر، پەرىشتە ياكى سالىھ كىشىلەرنىڭ رەسىملىرى بولۇپ، بۇنىڭغا خرىستىئانلار بەكرەك ئادەتلەنگەن. ھەمدە بىدئەتچى بەزى مۇسۇلمانلارمۇ ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى پاتىمە ۋە باشقىلارنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ ئۇلارنى ئۇلۇغلىغان.

<u>ئىككىنچىسى</u>: پادىشاھ، رەھبەر ۋە سەنئەتچىلەرنىڭ رەسىملىرى بولۇپ، بۇ گۇناھ جەھەتتىن بىرىنچىسىدىن يەڭگىلراق. بىراق، بۇ رەسىملەرنىڭ ئىگىلىرى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنى بىلەن ئەمەس باشقا بىر نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلغان ھاكىملار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا بىر ئېتىقادقا تەۋە ئىكەنلىكىنى داۋا قىلغان رەھبەرلەر ۋە ئەخلاقسىزلىقنى يايغان سەنئەتچىلەردەك يا بىر كاپىر، يا بىر زالىم ۋە ياكى بىر پاسىق بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىش ۋە ساقلاش كەسكىن گۇناھ بولىدۇ.

پەيغەمبەرلىك دەۋرى بىلەن كېيىنكى دەۋردىكى رەسىملەرنىڭ كۆپى ئۇلۇغلانغان ۋە مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن رەسىملەردۇر. چۈنكى بۇ رەسىملەر رىملىقلار ۋە ئاتەشپەرەسلەر تەرەپىدىن ياسالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى چوڭلىرىنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىنىڭ

www.munber.org

تەسىرىدىن خالىي بولمايتتى. سەھىھۇ مۇسلىمدە ئەبۇددۇھا[1] مۇنداق دەيدۇ: «ئىچىدە ھەيكەللەر بار بىر ئۆيدە مەسرۇق[2] بىلەن بىللە ئىدىم، مەسرۇق مەندىن: «بۇ كىسرانىڭ سۈرەتلىرىمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: «ياق، بۇلار ھەزرىتى مەريەمنىڭ سۈرەتلىرى» دېدىم. [ئاتەشپەرەسلەر پادىشاھلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى قاچىلاردىن تارتىپ ھەممە نىمىگە سىزىدىغان بولغاچقا مەسرۇق سۈرەتنى سىزغانلارنى ئاتەشپەرەسلەر دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، نەتىجىدە بۇ رەسىمنىڭ خرىستىئانلار تەرەپىدىن سىزىلغانلىقى مەلۇم بولغان] بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا مەسرۇق مۇنداق دېگەن: مەن ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئازابى ئەڭ قاتتىق بولىدىغانلار سۈرەت ياسايدىغانلاردۇر».

❋ ❋ ❋

رەسىم ۋە سۈرەتلەر جانلىقلارغا ئائىت بولماي، ئۆسۈملۈك، دەل ـ دەرەخ، دېڭىز ـ كۆلچەك، كېمە، كۆن، ئۆي، يۇلتۇز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەبىئىي مەنزىرىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بولسا، بۇلارنى سىزىشتا ياكى قوللىنىشتا ھېچ گەپ يوق.

ئەگەر سۈرەت جانلىققا ئائىت بولسا، ئۇنى ـ بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ـ ئۇلۇغلاش ئېتىقادىدا بولمىسا ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىش نىيىتى بولمىسا، مېنىڭچە بۇمۇ ھارام بولمايدۇ. بۇ ھەقتە پۈتۈن بۇ توغرا ھەدىسلەر كەلگەن.

---

[1] ـ ئەبۇددۇھا: مۇسلىم ئىبنى سۇبەيھ ئەلكۇفى، تابىئىي. ھـ100 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
[2] ـ مەسرۇق ئىبنى ئەلئەجدەئ ئەلكۇفى، تابىئىي، فەقىھ. ھـ 62 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

ئىمام مۇسلىم سەھىھدە بۇسر ئىبنى سەئىيد زەيد ئىبنى خالىدتىن، ئۇ ھەزرىتى ئەبى تالھە دىگەن ساھابىدىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «پەرىشتىلەر ئىچىدە سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيدۇ» بۇسر مۇنداق دىدى: كىيىن زەيد ئاغرىپ قالدى، ئۇنى كۆرگىلى بارغىنىمىزدا دەرۋازىسىدا سۈرەتلىك بىر مەلەڭزە كۆردۈم، مەن [مەن بىلەن بىللە بارغان] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆگەي ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ ئەل خەۋلانىگە: «سۈرەتنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى زەيد تۇنۇگۇن بىزگە دىمىگەنمىدى؟» دىدىم. ئۇبەيدۇللاھ ماڭا: «ئۇ: «كىيىم ـ كىچەك ئۈستىدىكى سۈرەت بۇنىڭ سىرتىدا» دىگەن چاغدا ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىمام تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ھەزرىتى ئەبى تالھە ئەل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگىلى كەلگەندە، ئۇنىڭ قېشىدا ھەزرىتى سەھل ئىبنى ھۇنەيف (ساھابە) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆردى. ھەزرىتى ئەبۇ تالھە ئاستىدىن رەسىملىك بىساتنى ئېلىۋېتىشنى بىر كىشىگە بۇيرىدى. ھەزرىتى سەھل سورىدى: «ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئېلىۋېتىسەن؟»، ھەزرىتى ئەبۇ تالھە مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئۇنىڭدا رەسىملەر بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە نېمە دىگەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن». ھەزرىتى سەھل دىدى: «لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىيىم ـ كىچەكتىكى بۇنىڭ سىرتىدا» دىمىگەنمىدى؟». ھەزرىتى ئەبۇ تالھە ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى: «شۇنداق دىگەن ئىدى، لېكىن بۇ رەسىملەرنى ئېلىۋەتسەم كۆڭلۈم تېخىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ».

ئىمام تىرمىزى: «بۇ ھەسەن سەھىھ ھەدىستۇر» دىگەن.

www.munber.org

بۇ ئىككى ھەدىس ھارام سۈرەتلەرنىڭ بىز ھەيكەل دەپ ئاتايدىغان گەۋدىلىك مۇجەسسەم سۈرەتلەر ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلامدۇ؟

❋ ❋ ❋

تاختىلارغا سىزىلىدىغان رەسىملەر ياكى كىيىم ـ كېچەك، بىسات ۋە تاملارغا چېكىلىدىغان رەسىملەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان توغرا، ساغلام، ئېنىق ۋە ئېتىراز قىلىنمىغان بىر دەلىل يوق.

توغرا، راھەت ـ پاراغەت ۋە ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق بولغانلارغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ تۈرلۈك رەسىملەرنى يامان كۆرىدىغانلىقىنىلا سەھىھ ھەدىسلەردە ئىزھار قىلغان.

ئىمام مۇسلىم زەيد ئىبنى خالد ئەلجۇھەنىدىن، ئۇ ھەزرىتى ئەبۇ تالھەدىن رىۋايەت قىلىشىچە: ھەزرىتى ئەبۇ تالھە مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىچىدە ئىت ياكى ھەيكەللەر بولغان ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم». زەيد ئىبنى خالد مۇنداق دېدى: «مەن ھەزرىتى ئائىشەگە كېلىپ: «بۇ (ھەزرىتى ئەبۇ تالھەنى دېمەكچى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىچىدە ئىت ياكى ھەيكەللەر بار بولغان ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دەيدۇ. سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟» دەپ سورىسام ھەزرىتى ئائىشە ماڭا مۇنداق جاۋاب بەردى: «ياق، لېكىن ئۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نىڭ نېمە قىلغىنىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي: بىر قېتىم غازاتقا چىقىپ كەتكەن چاغدا ئىشىككە رەسىملىك بىر رەخ تۇتتۇم. قايتىپ كېلىپ

www.munber.org

رەسىملىك رەختنى كۆرگىنىدە، ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلدىم، كېيىن ئۇنى تارتىپ ئېلىپ يىرتىۋەتتى ۋە: «ئاللاھ بىزنى تاش ۋە لاينى رەخ بىلەن يۆگەشكە بۇيرىمىغان» دېدى. كېيىن ئۇنى كېسىپ ئىككى ياستۇق قىلدۇق، ئىچىنى خورما دەرىخى تالاسى بىلەن تولدۇردۇق، ئاندىن ئۇ مېنى ئەيىبلىمىدى».

بۇ ھەدىستىن: تامغا ئوخشاش جايلارنى رەسىملىك پەردىلەر بىلەن يۆگەشنىڭ تەنزىيھىي مەكرۇھ[1] ئىكەنلىكىدىن چوڭراق بىر ھۆكۈم چىقمايدۇ. ئىمام نەۋەۋى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستە ھارام قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان بىر دەلىل يوق، چۈنكى ھەدىسنىڭ مەنىسى ئاللاھ بىزنى بۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىغان دېگەنلىك. شۇڭا بۇيرىمىغان ئىش ۋاجىب ياكى مۇستەھەب بولمايدۇ. ھارام قىلىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ».

ئىمام مۇسلىم سەھىھىدىكى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەدىسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: ئىشىكنىڭ ئۈدۈلىدا قۇشنىڭ رەسىمى بار بىر پەردىمىز بار ئىدى، ئىشىكتىن كىرگەن كىشى ئۇنى ئۈدۈل كۆرەتتى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: «بۇنىڭ يېرىنى ئالماشتۇرىۋېتىڭ، چۈنكى مەن ھەر قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ ئۇنى كۆرگىنىمدە دۇنيانى ئەسلەيمەن».

دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەنى ھېلىقى پەردىنى يىرتىۋېتىشكە بۇيرىمىغان، پەقەتلا ئۆيگە كىرگەندە ئۈدۈلىدا كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى باشقا يەرگە قويۇشقا بۇيرىغان. بۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيگە كىرگەندە دۇنيانى

---

[1] ـ مەكرۇھ دېگەن: چەكلىنىش تەرىپى كۈچلۈك بولغان ئىشتۇر، بۇ ئىش ھارامغا يېقىنراق بولسا تەھرىيمى مەكرۇھ بولىدۇ. ھالاللىقا يېقىنراق بولسا تەنزىيھىي مەكرۇھ بولىدۇ. ئۇنى قىلغۇچى جازالانمايدۇ. جۇرجانى: (ئەتتەئرىفات) قا قاراڭ ـ ت.

www.munber.org

ئەسلىتىدىغان بىر نەرسىنى كۆرۈشنى ياقتۇرمىغانلىقىدۇر. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈننەت ۋە نافىلە نامازلارنى ئۆيىدە ئوقۇيتتى، بۇنداق رەسىملىك ۋە نەقىشلىك پەردىلەر ئالاھقا تولۇق بېرىلىپ ناماز ئوقۇشقا توسقۇنلۇق قىلىپ قەلبنى مەشغۇل قىلىدىغان تۇرسا، ئۇنى ياقتۇرماسلىقى تەبىئىي ئەھۋال.

ئىمام بۇخارى سەھىھىدە ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىگە ئاسقان بىر پەردىسى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشىگە: «ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇر، ئۇنىڭ رەسىملىرى تا ھازىرغىچە نامىزىمدا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» دېدى».

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۆيىدە قۇشنىڭ رەسىمى ۋە رەسىملىك پەردە بولۇشىغا رازى بولغان.

بۇ ۋە بۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، دەسلەپكىلەرنىڭ بەزىلىرى مۇنداق دېگەن: «سايىسى چۈشىدىغان (گەۋدىلىك) سۈرەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ، سايىسى يوق سۈرەتلەردە ھېچ گەپ يوق»[1].

[1] ـ ئىمام نەۋەۋى (شەرھى مۇسلىم) دە بۇنى بايان قىلىپ: "بۇ باتىل قاراشتۇر" دەپ ئۇنى رەت قىلغان. ھافىز ئىبنى ھەجەر (فەتھۇل بارى)دا بۇ قاراشنىڭ سەھىھ بىر سەنەد بىلەن زامانىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن ۋە مەدىنە فەقىھلىرىدىن بولغان قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنغانلىقىنى ئېيتقان.
شەيخ بۇخەيتمۇ ئىمام خەتتابىنىڭ شۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: "ھايۋانلارنىڭ شەكلىنى تەسۋىرلىگەنلەر بىلەن ياغاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ نەقىشىنى ئىشلىگەنلەر گەرچە بۇ ئىش مەكرۇھ ھەمدە كۆڭۈلنى پايدىسىز نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل قىلىش دائىرىسىگە كىرسىمۇ، ئۇلارنى بۇ ھەقتە ئازاب ۋەدە قىلىنغانلار دائىرىسىگە كىرمەس دەپ ئۈمىد قىلىمەن".
شەيىخ بۇخەيت بۇنىڭغا مۇنداق دەپ ئىلاۋە قىلغان: "چۈنكى ھايۋاننىڭ رەسىمىنى سىزغان كىشى ئۇنىڭ ھەقىقى سۈرىتىنى پەيدا قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەتلا رەسىمىنى ۋە شەكلىنى سىزىدۇ، بۇ ئەھۋالدا تۇرغان بىر رەسىمدە ياشىشى ئۈچۈن ئۇرۇر بولغان كۆپلىگەن ئەزالار تېپىلمىغان بولىدۇ، بەلكى ھەممە نەرسىدىن ئىلگىرى گەۋدىسى، ماددىسى، ۋە ھەجمى بولمىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ، قىيامەت كۈنىدە ئىگىسىدىن جان كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدىغان سۈرەت ئەمەستۇر، چۈنكى بۇ

www.munber.org

بۇ قاراشنى ئاللاھ تائالانىڭ ھەدىس قۇدسىدىكى شۇ سۆزلىرى كۈچلەندۈرىدۇ:

«مېنىڭ مەخلۇقاتىمغا ئوخشىتىپ يارىتىشقا ئۇرۇنغانلاردىن بەكرەك زالىم كىشى بارمۇ؟ قولىدىن كەلسە بىر زەررە ۋە ياكى بىر ئارپا دانچىسى يارىتىپ باقسۇن»[1].

ھەركىم كۆرۈپ تۇرغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقان مەخلۇقاتى رەسىم ئەمەس، ھەجىملىك، گەۋدىلىك ۋە مۇجەسسەم سۈرەتتۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئېيتقاندەك:

﴿هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ﴾

﴿ئانىلارنىڭ بالا ياتقۇلىرىدا سىلەرنى خالىغان سۈرەتتە كىرگۈزگەن ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر﴾ [ئالى ئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت]

بۇ قاراشقا ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم سەھىھلىرىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان بۇ بىر ھەدىسلا تاقىشىدۇ: بىر كۈنى ھەزرىتى ئائىشە سۈرەتلىك بىر ياستۇق سېتىۋالغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈش بىلەن ئۆيگە كىرمەي بوسۇغىدا تۇردى، ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىن ياقتۇرماسلىق ئالامىتىنى سېزىپ: "ئى رەسۇلۇللاھ، ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا تەۋبە قىلاي، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟" دېدى. رەسۇلۇللاھ: «بۇ ياستۇق نەدىن كەلدى؟» دېيىشى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە: «ئۇنى قويۇپ ئولتۇرۇشلىرى ۋە يۆلىنىشلىرى ئۈچۈن

---

تەلەپىنىڭ سايىسى بولغان ۋە ھەر بىر ئەزاسى تولۇق بولغان سۈرەتنى ياسىغان كىشىگە قويۇلىدىغانلىقى ئېنىق، شۇڭا جان كىرگۈز دېيىلىدىغان سۈرەت ئەزالىرى تولۇق ۋە سايىسى چۈشىدىغان گەۋدىلىك ھەيكەلدۇر. شۇنداق دېگەندە ئاندىن جان كىرگۈزۈشكە بۇيرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. جان كىرگۈزەلمەسلىكمۇ ھەيكەل ئەزالىرىنىڭ كەملىكىدىن ئەمەس، ھەيكەلتاراشنىڭ جان كىرگۈزۈشكە ئاجىز كەلگەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ".

[1] ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سېتىۋالغان ئىدىم» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنىدە ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا: «ياراتقىنىڭلارغا جان كىرگۈزۈڭلار» دېيىلىدۇ» دېدى. كېيىن يەنە: «ئىچىدە سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ» دېدى. ئىمام مۇسلىمنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ ئارتۇق كەلگەن: ھەزرىتى ئائىشە دېدى: «ئۇنى كېسىپ ئۇنىڭدىن ئىككى كىچىك ياستۇق تىكىپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدە ئۇلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى».

لېكىن بۇ ھەدىسكە تۆۋەندىكى بىر قانچە ئىشلار قارشى چىقىدۇ:

1 - بۇ ھەدىس بىر - بىرىگە زىت كۆرۈنىدىغان شەكىلدە ھەرخىل رىۋايەت قىلىنغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىملىك پەردە كېسىلىپ، ئۇنىڭدىن ياستۇق تىكىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىلىرى ئۇنى پەقەت ئىشلەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

2 - بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ھەدىس پەقەتلا مەكرۇھلۇقنى كۆرسىتىدۇ. مەكرۇھلۇق بولسا تامالارنى رەسىملەر بىلەن يۆگەپ بېزىگەنلىك ئۈچۈن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رازى بولمايدىغان بىر خىل ئىسراپچىلىقتۇر. شۇڭا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىزنى تاش ۋە لاينى رەخ بىلەن يۆگەشكە بۇيرۇمىغان».

3 - ئىمام مۇسلىم قۇش سۈرەتلىك پەردە ھەققىدە ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «بۇنىڭ جايىنى ئالماشتۇرغىن، چۈنكى مەن ئۇنى ھەر

www.munber.org

قېتىم كۆرگىنىمدە دۇنيانى ئۇيلاپ قالىدىكەنمەن» دېگەن سۆزى ھەرگىزمۇ بۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

4 ـ بۇ ھەدىس ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆيىدە ئېشىلتىلگەن پەردە ھەدىسىگىمۇ زىت كېلىدۇ. ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغاندا سۈرەتلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنى جايىدىن ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغان.

ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئىمام ئىبنى ھەجەر[1] مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس بىلەن ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان يۇقىرىقى ياستۇق ھەدىسىنى بىرلەشتۈرۈش قىيىنغا چۈشتى، چۈنكى بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىۋېتىشكە بۇيرىغانغا قەدەر پەردىنىڭ ئۆيدە ئېشىلتىلگەنلىكىنى، پەقەتلا نامازدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇرنىنى ئالماشتۇرۇشقا بۇيرىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ يۆتكىۋېتىش بۇيرۇقى سۈرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس ناماز ئوقۇغاندا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىدى».

لېكىن ئىمام ئىبنى ھەجەر بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ: "بىرىنچىسىنىڭ سۈرەتلىرى جانلىقلارغا، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا جانسىزلارغا ئائىت ئىدى" دەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇچار قۇش رەسىملىك پەردە ھەققىدىكى ھەدىس بۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى بىكار قىلىۋېتىدۇ.

5 ـ بۇ ھەدىسكە كېيىم ـ كېچەككە كەشتىلەنگەن سۈرەتنى ئايرىپ چىقىرىۋەتكەن ھەزرىتى ئەبۇ تالھە ئەل ئەنسارىنىڭ ھەدىسى

[1] ـ **ئىبنى ھەجەر:** ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەل ئەسقالانى، ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس، (فەتھۇل بارى) نىڭ مۇئەللىپى، شافىئىي مەزھەب فەقىھى. ھـ852ـ يىلى ۋاپات بولغانـ ت.

www.munber.org

قارشى چىقىدۇ. ئىمام قۇرتۇبى[1]: «ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھەدىسى مەكرۇھلىقنى، ھەزرىتى ئەبۇ تالھەنىڭ ھەدىسى جائىزلىقنى بىلدۈرىدۇ دېيىش ئارقىلىق بۇ ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈش مۇمكىندۇر. جائىزلىق مەكرۇھلۇققا زىت كەلمەيدۇ» دېگەن. ئىمام ئىبنى ھەجەرمۇ بۇ قاراشنى ياقتۇرغان.

6 ـ بۇ ئاخىرقى ھەدىسنى ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان كىشى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى قاسىم ئىبنى ئەبۇبەكرى بولۇپ، ئۇ كىشى سايىسى بولمىغان گەۋدىسىز سۈرەتلەرنى جائىز دەپ قارايتتى. ئىبنى ئەۋن[2] مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرەپىدىكى ئۆيىگە كىرگەن ئىدىم. ئۇ ئۆيىدە قۇندۇز ۋە ئەنقا رەسىملىرى بار بىر ياتاق كۆردۈم»[3].

ئىمام ئىبنى ھەجەر مۇنداق دەيدۇ: «بەلكى قاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىيىم ـ كېچەكتىكى بۇنىڭ سىرتىدا» دېگەن سۆزىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە قاراپ ئىش قىلغاندۇر. ئەھۋالدىن قارىغاندا قاسىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەگە تامغا ئىسىلغان پەردىنى ئېلىۋېتىش ھەققىدە قىلغان بۇيرۇقىنى ھەم سۈرەتلىك بولغانلىقى، ھەم تامنى يۆگەشكە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن قىلغان دەپ قارىغاندەك كۆرۈنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ بىزنى تاش ۋە لاينى يۆگەشكە بۇيرۇمىغان» دېگەن ھەدىسىمۇ بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ».

[1] ـ **ئىمام قۇرتۇبى:** مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەل ئەنسارى، ئاتاقلىق مۇپەسسىر ۋە ھەدىسشۇناس، مالىكىي مەزھەب فەقىھى. ھـ671 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] ـ **ئىبنى ئەۋن:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئەۋن ئىبنى ئارتابان، كاتتا ئالىم. ھـ151 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[3] ـ ئىمام ئىبنى ھەجەر (فەتھۇل بارى) دا: "ئىبنى ئەبى شەيبە قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن سەھىھ سەنەد بىلەن نەقىل قىلغان" دېگەن.

www.munber.org

يۇقىرىقى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىكلىرىدىن بولۇپ مەدىنىنىڭ يەتتە فىقھى ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ناۋادا ئۇ رەسىم بىلەن بېزەلگەن ياتاق ھەققىدە بىر رۇخسەت بار دەپ چۈشەنمىگەن بولسا، ئۇنى ئىشلىتىشنى ھەرگىزمۇ جائىز دەپ قارىمىغان بولاتتى[1].

رەسىم ۋە رەسسامىلار ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەردىن يەنە بىر ئېھتىمالمۇ چىقىشى مۇمكىن، ئۇ بولسا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا بۇ ھەقتە قاتتىق ۋە كەسكىن پوزىتسىيەدە بولىشى ئۇ دەۋرنىڭ شېرىك، بۇتپەرەسلىك ۋە ھەيكەللەرنى ئۇلۇغلاش ئادىتى ئەمەلىي كۆرۈلگەن زامانغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. تەۋھىد ئەقىدىسى ئىنسانلار قەلبىگە ۋە ئەقلىگە يەرلىشىپ يىلتىز تۈتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەۋدىسىز رەسىم ۋە نەقىشلەرگە رۇخسەت قىلغان.

ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇيىدە سۈرەتلىك پەردە، ياستۇق ياكى زەدىۋال بولىشىغا رازى بولمىغان بولاتتى، كىيىم ـ كېچەك ئۈستىگە كەشتىلەنگەن سۈرەتلەرنى ئومۇمىي ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىۋەتمىگەن بولاتتى. بۇ ھەقتە قەغەزدەك نەرسىلەر كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش.

ھەنەفىي مەزھەب ئالىملىرىدىن ئىمام تاھاۋى[2] مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەسلەپكى چاغلاردا قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق سۈرەتلەرنى چەكلىگەن، چۈنكى ئۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلار سۈرەت ھەيكەللەرگە چوقۇنۇشتىن تېخى ئەمدىلا قۇرتۇلغان ئىدى، شۇڭا بۇلارنىڭ ھەرقاندىقىنى چەكلىگەن.

---

[1] ـ سۈرەت، رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە (سەھىھۇل بۇخارى) نىڭ شەرھى(فەتھول بارى) دىكى (شەرھى بابۇتتاساۋىير) ۋە (كىتابۇل لىباس) قا قاراڭ.

[2] ـ **ئىمام تاھاۋى:** ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سالامە، (ئەبۇ جەئفەر) مەشھۇر مۇھەددىس ۋە فەقىھ، ئۆز زامانىدىكى ھەنەفىي مەزھەب كاتتىۋىشى. ھـ321ـ يىلى ۋاپات بولغان– ت.

www.munber.org

كېيىنكى كۆنلەردە بۇ چەكلىمىگە ئەمەل قىلىنىپ، تەۋھىد ئەقىدىسى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە ئورنىغاندىن كېيىن، كىيىم - كېچەك ئېھتىياجى ئۈچۈن كىيىم - كېچەكتىكى سۈرەتلەرنى مۇباھ قىلىۋەتكەن. شۇنىڭدەك نادانلارنىڭ ئۇلۇغلىشىدىن ئەندىشە قىلىنمىغاچقا ھاقارەتلىنىدىغان سۈرەتلەرنىمۇ مۇباھ قىلىۋەتكەن. ئاخىرىدا ھاقارەتلەنمەيدىغان سۈرەتلەر ھەققىدىكى چەكلىمە ئۆز ئەينى چەكلەنگەن پېتى قالغان»(1).

## ھاقارەتلىنىدىغان رەسىم ۋە سۈرەت ھالالدۇر

رەسىم ۋە سۈرەتنىڭ قايسى بىر تەرىپىنى ئۇلۇغلاشتىن ئۆزگىرىپ، ئەنسىتمەسلىككە ئېلىپ بارىدىغان ھەر قانداق بىر ئۆزگىرىش ئۇ رەسىمنى مەكرۇھ دائىرىسىدىن ھالال دائىرىسىگە يۆتكەيدۇ. ھەدىس شەرىپتە: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىزنى سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «كىرگىن» دەپ ئىجازەت بەرگەندە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭدە سۈرەتلىك پەردە تۇرسا مەن قانداق كىرىمەن؟ ناۋادا بۇنى زادى ئىشلەتمىسەم بولمايدۇ دېسەڭ، بۇ رەسىملەرنىڭ بېشىنى كېسىۋەت، ياكى ئۇنى ياستۇق ياكى پالاس قىلىپ ئىشلەتكىن»(2).

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە رەسىملىك پەردە سەۋەبىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ياقتۇرماسلىقنى چۈشەنگەن ھامان، ئۇنىڭدىن بىر جۈپ ياستۇق

(1) ـ شەيخ بۇخەيت بۇنى (ئەلجاۋابۇششافىي) دېگەن كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن.
(2) ـ ئىمام نەسائى بىلەن ئىبنى ھىببان سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تىكىۋەتكەن، شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۇلۇغلاشتىن يىراقلاشتۇرۇپ توۋەن نەرسىلەر قاتارىدا ئىشلەتكەن.

دەپسەندە قىلىنىدىغان رەسىملەرنى دەسلەپكى دەۋردىكىلەرمۇ ئىشلەتكەن، ھەمدە بۇنىڭدا ھېچقانداق بىر چەكلىمە يوق دەپ قارىغان.

مەسىلەن: ھەزرىتى ئۇرۋە[1] ئۆيىدە قۇش ۋە ئىنسان رەسىملىرى بار ياستۇقلارغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئىكرامە[2] مۇنداق دەيتتى: «ئىلگىرىكىلەر تىكلەنگەن ھەيكەللەردىن نەپرەت قىلىشاتتى، ياستۇق ياكى پالاستەك ئۆستىگە دەسسىلىدىغان نەرسىلەردىكى سۈرەتلەردە چاتاق يوق دەپ قارىشاتتى».

## فوتو ئاپپارات سۈرەتلىرى

رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە ھازىرغىچە سۆزلەپ ئۆتكەنلىرىمىز ئىنىق ھالدا قولدا ئويۇلغان ۋە سىزىلغانلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما فوتو ئاپپاراتى بىلەن تارتىلغان رەسىملەر بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەسىرلەردە يوق ئىدى، ئۇنداقتا يۇقىرىدا رەسىم ۋە رەسساملار ھەققىدە ئېيتىلغانلار بۇنىڭغا چۈشەمدۇ ياكى چۈشمەمدۇ؟

---

[1] ـ **ئۇرۋە:** ئۇرۋە ئىبنى ئەززۇبەير ئىبنى ئەلئەۋۋام، مەدىنىنىڭ يەتتە چوڭ فەقىھلىرىنىڭ بىرى، كاتتا تابىئىي.ھـ 91ـ101ـ يىللار ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان– ت.

[2] ـ **ئىكرامە:** ئىكرامە ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلبەربەرى، ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ خىزمەتچىسى ۋە شاگىرتى، مەككىلىك تابىئىي فەقىھلەرنىڭ بىرى.ھـ107ـ يىلى ۋاپات بولغان– ت.

www.munber.org

پەقەتلا گەۋدىلىك مۇجەسسەم ھەيكەللەرنى ھارام دەپ قارىغانلار فوتو سۈرەتتە ھېچ گەپ يوق دەپ قارايدۇ، رەسىم پۈتۈن بولمىسا تېخىمۇ شۇنداق.

ئەمما باشقىلارنىڭ قارىشىچە: فوتو سۈرەت رەسسامنىڭ قەلىمى بىلەن سىزىلغان رەسىم بىلەن ئوخشاش ھۆكۈمدە بولامدۇ؟ ياكى رەسسام ـ ھەيكەلتاراشلارنىڭ ئازابلىنىشى ھەققىدە كەلگەن بەزى ھەدىسلەردىكى چەكلەش سەۋەبى ـ يەنى رەسسام ـ ھەيكەلتاراشلارنىڭ ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشاتماقچى بولغانلىقى ـ فوتو سۈرەتتە تېپىلمامدۇ؟ ئۇنداقتا بۇ سۈرەتلەردە بۇ سەۋەب تېپىلمىغان تەقدىردە شەرىئەتشۇناسلارنىڭ سەۋەبىيات فورمىسىدا دېگىنىدەك مۇسەببەبمۇ يەنى ھاراملىق ھۆكمىمۇ بولمامدۇ؟.

بۇ مەسىلىدە مىسىرنىڭ ئىلگىرىكى مۇپتىسى مەرھۇم مۇھەممەد بۇخەيت (فوتو سۈرەتلىرىنىڭ مۇباھلىقى ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب) ناملىق رىسالىسىدە مۇنداق دەپ پەتىۋا بەرگەن:

" فوتو ئاپپاراتى ئارقىلىق رەسىمگە تارتىش مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق سايىنى قامىۋېلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ـ رەسىمچىلەر بۇنى ياخشى بىلىدۇ ـ ئۇ چەكلەنگەن سۈرەتلەردىن ئەمەس. چۈنكى چەكلەنگەن سۈرەت ئىلگىرى بولمىغان بىر سۈرەتنى پەيدا قىلىش ۋە ياساش، ھەمدە ئاللاھ ياراتقان بىر جانلىققا ئوخشىتىش. ھالبۇكى ئاپپارات بىلەن تارتىلغان رەسىمدە بۇ مەنە يوق".

گەرچە فوتو سۈرەتلىرى بىلەن بىللە بارلىق رەسىملەر ھەققىدە قاتتىق چىڭ پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ مەكرۇھ ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدىغانلار بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا زۆرۈر ئەھۋاللاردا ۋە ئېھتىياج تېپىلغاندا فوتو سۈرەتلەرگە رۇخسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: كىملىك،

www.munber.org

كىنىشكا، گۇۋاھنامە، يول خېتى (پاسپورت)، جىنايەتچىلەرنى تونۇش ئۈچۈن تارتىلىدىغان سۈرەتلەرگە ئوخشاش. بۇ رەسىملەردە ئۇلۇغلاش نىيىتى ياكى ئەقىدىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى يوق، چۈنكى بۇنداق رەسىملەرنى ئىشلىتىشكە بولغان ئېھتىياج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇستەسنا قىلىۋەتكەن كىيىم ـ كېچەكتىكى سۈرەتكە بولغان ئېھتىياجدىن تېخىمۇ قاتتىق ۋە چوڭدۇر.

## سۈرەتنىڭ مەزمۇنى

سۈرەتنىڭ ھالال ياكى ھارام بولۇشىدا مەزمۇنىنىڭ رولى چوڭدۇر. ھېچبىر مۇسۇلمان ئىسلام ئېتىقادىغا، ئەخلاقىغا ۋە قانۇنىغا زىت كېلىدىغان ھەر قانداق بىر رەسىمنىڭ ھارام قىلىنىشىغا قارشى چىقمايدۇ. مەسىلەن: "ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ياكى يېرىم يالىڭاچ رەسىملىرى، شەھۋەت قوزغايدىغان سۈرەت ۋە فىلىملەر، بۇنداق رەسىم ۋە فىلىملەرنى تارتىش، سىزىش ۋە نەشىر قىلىپ باشقىلارغا كۆرسىتىش، ئۆي ۋە ئىشخانىلاردا ساقلاش، تاملارغا ئېسىش ۋە ئۇلارنى كۆرۈشكە ئىنتىلىش قاتارلىقلار.

دېمەك: يوقۇرىقىلارنىڭ ھارام قىلىنىشىدا ھېچقانداق شەك ـ شۈبھە ياكى كۆز قاراش ئوخشاشماسلىقى يوقتۇر.

شۇنداقلا مۇسۇلمانىنىڭ نەپرەت بىلدۈرىشى كېرەك بولغان كاپىر، پاسىق ۋە زالىملارنىڭ رەسىملىرىمۇ ئەينى ھۆكۈمدەدۇر. مەسىلەن: بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلغان بىر پادىشاھنىڭ، كالا ۋە ئوت قاتارلىق نەرسىلەرنى خۇدا قىلىۋالغان بىر بۇتپەرەسنىڭ، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

www.munber.org

رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلغان بىر يەھۇدىي ۋە خرىستىئاننىڭ، مۇسۇلماندارچىلىقنى داۋا قىلىپ تۇرۇپ ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلغان ھاكىملارنىڭ ياكى جەمئىيەتتە بۇزۇقلۇق ۋە ئەخلاقسىزلىق تارقىتىدىغان بەزىبىر سەنئەتچىلەر ۋە ناخشىچى ـ ئۇسسۇلچىلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىشى، سىزىشى ۋە قولىدا ساقلىشى جائىز بولمايدۇ، ھالال بولمايدۇ. بەزى دىنلارنىڭ سىمۋولى ۋە شۇئارى بولغان بۇت، كرېست قاتارلىق ئىسلام رازى بولمايدىغان نەرسىلەرمۇ ئوخشاش ھۆكۈمدەدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى گىلەم، كىگىز، پەردە ۋە ياستۇقلارنىڭ كۆپىلىرىدە بۇنداق سۈرەتلەر بولسا كېرەك، ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە بارلىق كرېست بەلگىلىك نەرسىلەرنى كرېست بەلگىسىدىن تازىلىغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلەتكەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

سەھىھۇل بۇخارىدا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھە قىلىنغان چاغدا كەبىنىڭ ئىچىدىكى سۈرەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆچۈرىۋەتمىگىچە ئىچىگە كىرمىگەن. شەكسىزكى، بۇ سۈرەتلەر مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىكىنى ۋە ئىلگىرىكى بۇزۇق ئەقىدىلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جىنازا نامىزىدىن كېيىن: «قايسىڭلار مەدىنىگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى بۇتلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي چېقىپ، قەبرىلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۈزلەپ، سۈرەتلەرنىڭ بىرىنىمۇ قويماي بۇزىۋېتىپ كېلىدۇ؟» دېدى. بىر كىشى: «مانا مەن ئى رەسۇلۇللاھ» دەپ ئالدىغا چىقتى، بۇنى كۆرۈپ مەدىنە ئاھالىسى قورقۇپ كېتىشتى، ئۇ كىشى مەدىنىگە يۈرۈپ كەتتى. قايتىپ كەلگەندە: «ئى رەسۇلۇللاھ

www.munber.org

ئۇ يەردە مەن چاقمىغان بۇت، تۇزلىمىگەن قەبرە، ۋە بۇزمىغان سۈرەت قالمىدى» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بۇندىن كېيىن كىمكى بۇلارنىڭ بىرسىگە قايتىدىكەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەنگە ئىنكار قىلغان بولىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇزىۋېتىشكە بۇيرىغان سۈرەت ۋە مازارلارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بۇتپەرەسلىكنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىنى بۇ نەرسىلەردىن تازىلاشقا ھەرىكەت قىلىشى ئېنىق. بۇ سەۋەبتىن بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا قايتىشنى ئاللاھنىڭ چۈشۈرگىنىگە تانغانلىق دەپ كۆرسەتكەن.

## سۈرەت ۋە سۈرەتچىلەر ھەققىدىكى ئەھكاملارنىڭ خۇلاسىسى

سۈرەت ۋە سۈرەتچىلەر ھەققىدىكى ئەھكاملارنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەش مۇمكىن:

1 ـ ھارام بولۇشتا ۋە گۇناھلىقتا ئەڭ يامان بولغان سۈرەتلەر: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدۇر. بۇنداق رەسىملەرنى تەييارلىغۇچى بۇنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا بۇ ئىش ئۇنى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ رەسىملەرنىڭ مۇجەسسەم گەۋدىلىك بولغانلىرى تېخىمۇ ئېغىر گۇناھ. قانداق بىر شەكىلدە بولسا بولسۇن بۇ رەسىملەرنى

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. مۇنزىرى: (بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى ياخشى) دېگەن. ئىمام مۇسلىم رىۋايىتىدە ھەييان ئىبنى ھۇساين مۇنداق دېگەن: "ھەزرىتى ئەلى ماڭا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى «ئىگىز قەبرىلەر بولسا تۈزلىۋەت، سۈرەتلەر بولسا ئۆچۈرىۋەت» دەپ ئەۋەتكەندەك سېنى ئەۋەتەيمۇ دېدى".

www.munber.org

ئۇلۇغلاشقا تەشۋىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئېغىر گۇناھقا قاتناشقان بولىدۇ.

2 ـ ئىبادەت قىلىنمايدىغان بىر نەرسىنىڭ سۈرىتىنى ئاللاھنىڭ ياراتقىنىغا ئوخشىتىش نىيىتى بىلەن سىزغان ۋە ياسىغان، يەنى ئاللاھنىڭ ياراتقىنىدەك ئۆزىنىڭمۇ بىرنەرسە يارىتالايدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ سۈرەت سىزغان ۋە ياسىغان كىشى كۇپۇرلۇققا يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇ پەقەت سۈرەتچىنىڭ نىيىتىگە باغلىق بىر ئىش.

3 ـ يۇقىرىقىلاردىن قالسا: ئىبادەت قىلىنمايدىغان، لېكىن ھەيكەللىرىنى تىكلەش ئارقىلىق مەڭگۈلەشتۈرۈشنى ئارزۇ قىلغان پادىشاھ، قوماندان، رەھبەرلەر قاتارلىقلارنىڭ كوچىلارغا، مەيدانلارغا، مەكتەپلەرگە ۋە ئىشخانىلاردەك جايلارغا تۇرغۇزۇلغان ھەيكەللىرى، بۇ ھەيكەللەر پۈتۈن بولسۇن ياكى يېرىم بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش.

4 ـ بۇلاردىن قالسا: ئىبادەت قىلىنمايدىغان گەۋدىلىك ھەيكەللەر. بۇلار ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش نىيىتى بىلەن قويۇلسا شەكسىز ھارام بولىدۇ. ئەمما بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى، قورچاقلىرى ۋە تاتلىق نەرسىلەردىن ياسالغان قورچاق شەكلىدىكى يېمەكلىكلەر بولسا، بۇلار ئويناش ۋە يېيىش ئارقىلىق تۆۋەن كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھارام ھۆكمىدىن چىقىرىۋېتىلگەن.

5 ـ بۇلاردىن قالسا: ئۇلۇغلاش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان پادىشاھ، رەھبەر ۋە داھىلارنىڭ گەۋدىسىز سۈرەتلىرى. ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تىكلەش ۋە تامغا ئېسىش تېخىمۇ چەكلىنىدۇ. ئەگەر سۈرەت زالىم، پاسىق ۋە كاپىر كىشىلەرنىڭ

www.munber.org

سۈرەتنى بولسا ئۆلارنى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش تېخىمۇ قاتتىق ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئىسلامنى يىقىشتۇر.

6 ـ بۇندىن قالسا: ئۆزى ئۇلۇغلانمايدىغان، لېكىن تامالارنى بېزەشتە ئىشلىتىلىدىغان زەدىۋاللاردەك ئىسراپ ئالامەتلىرىدىن سانىلىدىغان جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىز رەسىملىرىدۇر، بۇلار پەقەت مەكرۇھ قاتارىغا كىرىدۇ.

7 ــ دەل ـ دەرەخ، دېڭىز، كېمە ۋە تاغلاردەك جانسىز تەبىئىي مەنزىرىلەرنى ئىبادەتكە توسقۇنلۇق قىلمايدىغان ۋە ئىسراپ دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھالدا ياساش ۋە ئىشلىتىشتە ھېچقانداق چەكلىمە يوق.

8 ــ فوتو سۈرەتلىرىگە كەلسەك، بۇنداق سۈرەتلەر ئەسلىدە مۇباھتۇر، لېكىن سۈرەتتىكى مەزمۇن تەرەپتىن شەخسلەرنى ئۇلۇغلاش، بولۇپمۇ سۈرەتتىكى شەخس بىر كاپىر، پاسىق ياكى كوممۇنىست ۋە ئەخلاقسىزلىقنى تارقىتىدىغان كىشىلەردىن بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھۆكۈم ھاراملىققا ئالمىشىدۇ.

ئاخىرقى بىر سۆز: ھارام قىلىنغان ھەيكەل ۋە رەسىملەر بۇزىۋېتىلسە ياكى خارلانسا ھاراملىق دائىرىسىدىن ھالاللىق دائىرىسىگە يۆتكىلىدۇ. مەسىلەن: باللار قورچاقلىرى ۋە دەسسەيدىغان گىلەم ۋە پالاسلارغا ئوخشاش.

## ئېھتىياج بولمىسىمۇ ئىت بېقىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن نەرسىلەردىن بىرى بولسا، ئېھتىياج بولمىغان ھالدا ئىت بېقىشتۇر. بۇگۈنكى كۈنلەردە بەزى

www.munber.org

ئىسراپخورلارنى كۆرىۋاتىمىزكى، ئۇلار ئىنسانلارغا پۇل خەجلەشكە بېخىللىق قىلىپ تۇرۇپ ئىتلارغا پۇل خەجلەيدۇ. تېخى بەزىلىرى بارلىق پۇللىرىنى ئىتقا خەجلەش بىلەنلا قالماي يېقىنلىرى، دوستلىرى ۋە قوشنىلىرىغا ئازار بېرىپ، بارلىق رەھىمدىللىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىتلارغىلا سەرپ قىلىشىدۇ.

ھەمدە بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە ئىت بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ قاچا - قۇچىلىرىنى يالاپ مەينەت قىلىۋېتىش ئېھتىمالى بار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ بۇيرىغان:

﴿بىرىڭلارنىڭ قاچىسىنى ئىت يالاپ قويسا، ئۇ قاچىنى يەتتە قېتىم يۇيۇۋەتسۇن، يەتتىنچىسىنى تۇپا بىلەن يۇسۇن﴾[1].

بەزى ئالىملار ئىت بېقىشنى چەكلەشنىڭ ھېكمەتلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: "ئىت مېھمانغا قاۋايدۇ، تىلەمچىنى قورقىتىۋېتىدۇ، يولدىن ئۆتكەنلەرنى بىئارام قىلىدۇ".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

﴿جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ماڭا: «تۈنۈگۈن سېنىڭ يېنىڭغا كەلگەن ئىدىم، بىراق ئىشىكتە ھەيكەللەر، ئۆيىدىمۇ رەسىملىك پەردە ۋە ئىت بولغانلىقى ئۈچۈن كىرەلمىدىم، ھەيكەلنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىشكە بۇيرىغىن، ئۇ دەرەخكە ئوخشاپ قالسۇن، پەردىنى كېسىپ ئۇنىڭدىن يۆلىنىدىغان بىر جۈپ ياستۇق تىكىشكە بۇيرىغىن ۋە ئىتنى ئۆيدىن چىقىرۋېتىشكە بۇيرىغىن» دېدى﴾[2].

بۇ چەكلىمە پەقەتلا ئېھتىياج ۋە پايدىسى بولمىسىمۇ بىكاردىن - بىكارغا بېقىلىدىغان ئىتلار ئۈچۈندۇر.

[1] - ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] - ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## ئوۋ ۋە قاراۋۇللۇق ئىتلىرى مۇباھتۇر

ئــوۋ ئۈچــۈن، ئىتــز ۋە ئۇلاقلارنــى ســاقلاش زۆرۈر بولغــانلىقى ئۈچــۈن بىقىلغــان ئــىتلار يۇقــىرىقى ھــۆكۈمنىڭ ســىرتىدا. يــەنى بــۇ مەقســەتتە ئــىت باقسا چەكلىمــە يوقــتۇر. پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگــەن: «ئــوۋ ئــىتى يــاكى ئىتىــز ۋە مــاللىرىنى ســاقلاش ئىتىدىن باشقا بىر ئىت باققان كىشىنىڭ ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات[1] قەدەر كېمىيىدۇ»[2].

بــەزى ئىســلام قانۇنشۇناســلىرى بــۇ ھەدىســنى، ئىــتلارنى بېقىشــنىڭ چەكلىنىشــىنىڭ ھــارام دەرىجىســىدە ئەمــەس، مــەكرۇھ دەرىجىســىدە ئىكەنلىكىگــە دەلىــل قىلغــان، چۈنكى ھــارام نەرســىنى ئــەجرى كېمەيسۈن ياكى كېمەيمىسۈن ھەر قانداق ئــەھۋال ئاســتىدا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

ئىــتلارنى ئۆيلــەردە بېقىشــنى چەكلــەش ھېچقاچــان ئۇلارغــا باغرىتاشلىق قىلىش ياكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلغانلىق ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«ناۋادا ئىتلار ئۇممەتلەردىن بىر ئۇممەت بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان بولاتتىم»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىس ئارقىلىق قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن چوڭ بىر ھەقىقەتكە ئىشارەت قىلغان، قۇرئان كەرىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

---

[1] ـ قىيرات: 0.2125 گرامغا بارابەر كېلىدىغان ئېغىرلىق بىرلىكى ــ ت.
[2] ـ كۆپچىلىك رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿وَمَا مِنْ دَابَّةٍ فِي الْأَرْضِ وَلَا طَائِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ إِلَّا أُمَمٌ أَمْثَالُكُمْ﴾

﴿مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر﴾ [ئەل ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا بىر كىشىنىڭ چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇپ نەم توپىنى يەۋاتقان بىر ئىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆتۈكىدە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ھېلىقى ئىتنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويغان ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ياقتۇرۇپ گۇناھلىرىنى كەچۈرىۋەتكەن»[1].

## يېڭى ئىلىم ـ پەننىڭ ئىت بېقىشقا بولغان قارىشى

بەلكى بۈگۈنكى كۈنلەردە ۋەتىنىمىزدە بىر قىسىم غەرب مەدەنىيىتى ئاشىقلىرىنى كۆرىشىمىز مۇمكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئالىيجاناب ئىنسانلار ۋە بارلىق جانلىقلارغا مېھرىبانلىق قىلىدىغان باغرى يۇمشاق كىشىلەر دەپ قارىشىدۇ، ھەمدە ئىسلامنىڭ بۇ مۇلايىم، كۆڭۈلچان ۋە ۋاپادار ھايۋانغا قارىتا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشىنى تەنقىد قىلىشىدۇ. بۇنداق كىشىلەرگە گېرمانىيىلىك مۇتەخەسسىس ئالىم گېرارىد فىنتىستىمىرنىڭ (كوزنوس) ناملىق گېرمانىيە ژورنىلىدا يازغان قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىسىنى سۇنىمىز. ئۇ بۇ ماقالىدا ئىت بېقىش ياكى ئىتقا

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يېقىنلىششتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك نەتىجىلەرنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

يېقىنقى يىللاردا كىشىلەرنىڭ ئىت بېقىش ھەۋەسىنىڭ كۆچىيىپ كېتىشى بىزنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نەزىرىنى بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك نەتىجىلەرگە قارىتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا كىشىلەر ئىت بېقىش بىلەنلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىدۇ، سۆيۈشىدۇ، ھەمدە ئىتلارنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەر كىشىنىڭ يۈز ـ قوللىرىنى يالىشىغا سەل قارىشىدۇ. ھەتتا كۆپ ۋاقىتلاردا ئىنسانلار يەپ ـ ئىچىدىغان قاچىلاردا ئىتلارنىڭ تاماق يېيىشىگە كۆز يۇمۇشىدۇ.

گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ساغلام تەبىئەت ۋە ئومۇمىي ياقتۇرمايدىغان ئەيىب ئىشلار ھېسابلانسىمۇ، ھەمدە ساغلاملىق ۋە پاكىزلىق قائىدىسىگە زىت كەلسىمۇ، بىز بۇ ئىلمىي ماقالىمىزدا مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىنى پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ئالىملىرى ۋە ئەخلاقشۇناسلارغا ھاۋالە قىلىمىز.

ئەمما مەسىلىنىڭ تىببىي تەرىپىگە كېلىپ توختىلىدىغان بولساق، ئىتلارنى بېقىش ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك نەتىجىلەر سەل قارايدىغان نەرسە ئەمەس، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سەل قارىشىنىڭ تۆلىمىنى قىممەت تۆلىگەن، چۈنكى ئىتلاردىكى ئۆچەي قۇرۇتلىرى داۋالىغىلى بولمايدىغان ۋە تېز ساقايمايدىغان كېسەللەرگە سەۋەب بولغان، تېخى بەزىدە ئىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارغان.

بۇ قۇرۇت لېنتىسىمان بىر قۇرۇتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ (لېنتىسىمان ئىت قۇرۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنساندا دانىخورەك

www.munber.org

شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. باشقا ھايۋانلاردىمۇ كۆرىلىدۇ. بولۇپمۇ چوشقىدا كۆپرەك بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئىت، بۆرە ۋە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلاردا تولۇق ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. مۈشۈكلەردە بەك ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ قۇرۇت باشقا لېنتىسىمان قۇرۇتلاردىن ھەجمىنىڭ ئىنتايىن كىچىك بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىدۇ. ھەتتا ئۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك. بىز تېخى يېقىنقى يىللاردىلا بۇ قۇرۇتنىڭ ھاياتى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولالىدۇق...

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

«لېنتىسىمان ئىت قۇرۇتىنىڭ يېتىلىش باسقۇچلىرى باشقا ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بىردانە تۇخۇمچىدىن چىققان يىرىك ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان لېنتىسىمان قۇرۇت كاللىسى تۇغۇلىدۇ. بىر ـ بىرلىرىگە ئوخشاش بولغان تۇخۇمچىلاردىن پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان دانخورەكلەر كېلىپ چىقىدۇ، ھەمدە يىرىڭلاردىن تۇغۇلغان قۇرۇتلارنىڭ كاللىسى ئىتلارنىڭ ئۈچەيلىرىدە تولۇق يېتىشكەن لېنتىسىمان قۇرۇتلارغا ئايلىنىدۇ. لېكىن ئىنسانلاردا ۋە باشقا ھايۋانلاردا بۇنداق يىرىڭلاردىن پەقەتلا يېڭى يارا ۋە دانخورەكلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇلار لېنتىسىمان قۇرۇتتىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولىدۇ. ئادەتتە بۇ يارا چارۋا ماللاردا ئالما ھەجمىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق جىگەرنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىرلىشىپ ئادەتتىكى ئېغىرلىقتىن بەش ھەتتا ئون ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىنسانلاردا بولسا تۇگۈلگەن مۇش ياكى كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك چوڭلۇقتا بولىدۇ. ئىچى سېرىق سۇيۇقلۇق بىلەن توشۇپ ئېغىرلىقى 5 كىلوگرامدىن 15 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ.

ئىنسانلاردا بۇ قۇرۇتلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا جىگەردە خىلمۇخىل شەكىلدە كۆرىلىدۇ. لېكىن ئۇ كۆپ ئەھۋاللاردا ئۆپكە،

www.munber.org

موسكۇللار، تال، بۆرەك ۋە مېڭىنىڭ ئىچىگە كۆچىدۇ. شەكلى ۋە قۇرۇلۇشى مەتەخەسسىسلەرمۇ ئايرىيالمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

شەكسىزكى بۇ يارا قانداق يەردە بولسا بولسۇن ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ تەن سالامەتلىكى ۋە ھاياتى ئېغىر خەتەرگە دۇچار بولىدۇ. تېخىمۇ خەتەرلىك يېرى شۇكى، بىز بۇ قۇرۇتلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ھايات باسقۇچلىرىنى تونۇپ يەتكەن بولساقمۇ، يەنىلا داۋالاپ ئۇنىڭدىن قۇرتۇلۇش يولىنى بىلمەي تۇرىۋاتىمىز. لېكىن بەزىدە بۇ قۇرۇتلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىكىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بەلكى بۇنىڭ سەۋەبى جىسىم ئىشلەپ چىقارغان بەزى ماددىلارنىڭ بۇ قۇرۇتلارنى يوقىتىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. يېقىندا ئىسپاتلىنىشىچە ئىنسان جىسمى بۇنداق ئەھۋاللاردا بۇ قۇرۇتلارنىڭ زەھىرىنى بىكار قىلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىدىكەن، بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، بۇ قۇرۇتلار ئۆلگەن ئەھۋاللاردا كۆپىنچە زىيانلىق ئىز قالدۇرۇپ ئۆلىدىكەن. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇ قۇرۇتلارغا خىمىيۋى داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. دېمەك: بىمار كىشى ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن ساقايمىسا، باشقا داۋالاش يوللىرى ئۇنى ھالاك بولۇشتىن قۇتقۇزالمايدۇ.

مانا بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خەتەرلىك كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىنساننى ئۇنىڭ تۇيۇقسىز زەربىلىرىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قولىمىزدىكى بارلىق چارە ـ ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا مەجبۇر قىلماقتا.

www.munber.org

ئاتــاقلىق پروفېسســور دوكــتۇر (نوللــر) گــېرمانىيىدە ئۆلۈكلەرگــە قىلىنغــان ئاناــاتومىيىلىك تــەتقىقاتلار نەتىجىســىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئىسپاتلىغان:

گېرمانىيىدە كىشىلەرنىڭ لېنتىسىمان ئىت قۇرۇتىغا مۇپتىلا بولغانلىرى يۈزدە بىر پىرسەنتتىن تۆۋەن ئەمەس، بۇنىڭغا ئەڭ كۆپ گىرىپتار بولغان ئەللەر بولسا شىمالىي رايونلار... قىرىم يېرىم ئارىلى، ئىسلاندا، شەرقى ئاۋستىرالىيە ۋە گوللاندىيىنىڭ فىرىزلىز رايونى بولۇپ، بۇ جايلاردا كىشىلەر ئىتلارغا ھارۋا سۆرىتىدۇ. تەكشۈرۈشتە، بۇ جايلاردىكى ئىتلارنىڭ 12% لېنتىسىمان ئىت قۇرتىغا گىرىپتار ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان. ئىسلاندادا ھەر 43 كىشىنىڭ بىرى بۇ قۇرۇت يارىسىغا گىرىپتار ئىكەنلىكى بايقالغان.

لېنتىسىمان ئىت قۇرۇتى تۆپەيلىدىن ئىنسانلارنىڭ تەن سالامەتلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان خەتەرلەرنى بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىنسان غىزاسىغا كەلتۈرگەن زەرەرىگە قوشىدىغان بولساق، ھېچكىمنىڭ بۇ تۈرلۈك ھالاكەتتىن قوغدىنىشقا تەرەددۇت قىلمايدىغانلىقى مۇقەررەردۇر. چۈنكى بۈگۈن بۇ ۋابا كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولمىغان دۆلەتلەرمۇ تەھدىت ئاستىدا تۇرماقتا.

بۇ كېسەلگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بۇ قۇرۇتنىڭ ئىتلاردىلا قېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، نەتىجىدە باشقا يەرلەرگە تارىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. چۈنكى بىز ئىت بېقىشنى پۈتۈنلەي توسۇپ قالالمايمىز.

بۇنداق كېسەللىكلەر بايقالغان ئىتلارنى داۋالىماي تاشلاپ قويۇش ئىنتايىن خەتەرلىك. بولۇپمۇ پادىچىلىق ۋە قاراۋۇللۇققا

www.munber.org

ئىشلىتىلىدىغان ئىتلارنى ئۆچەيلىرىدىكى قۇرۇتلارنى پات - پات تازىلاش ئارقىلىق داۋالاش كېرەك.

ئۆزىنىڭ ساقلىقىنى ۋە ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر كىشى ئىتلاردىن پۈتۈنلەي يىراق تۇرۇشقا، ئىتنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەسلىككە بەك دىققەت قىلىشى كېرەك. ئىتلارنىڭ كىچىك باللارنىڭ قوللىرىنى يالىشىغا، ھەمدە باللار ئوينايدىغان جايلارغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلماسلىقى كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز ئىتلارنىڭ باللار ئوينايدىغان يەرلەردە يۈرگەنلىكىنى، ئۇيەر - بۇيەردە تىزەكلىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇڭا ئىتلارغا مەخسۇس تاماق قاچىلىرىنى ئايرىش، ئىنسانلار ئىشلىتىدىغان قاچا - قۇچىلارنى يالاتماسلىق، ئىتلارنى ئاشخانا، يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرى ۋە خەلق بازارلىرى قاتارلىق جايلارغا كىرگۈزمەسلىك كېرەك. ئومۇمەن ئىتلارنى ئىنساننىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق نەرسىدىن يىراق تۇتۇش ئارقىلىق تولۇق ئېھتىيات قىلىش كېرەك».

بىز بۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىتلارغا ئارىلىششنى قانداق چەكلىگەنلىكىنى، قاچىلارنى يالىشىدىن نەقەدەر ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ۋە ھېچبىر ئېھتىياج بولمىغان ئەھۋالدا ئىت بېقىشنى قانداق چەكلىگەنلىكىنى ئېنىق كۆردۇق. ئەرەب نەسلىدىن كەلگەن ھەمدە ساۋاتسىز بولغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن زامانىۋى ئىلىم - پەن ۋە تېببىي تەتقىقاتنىڭ ئەڭ يېڭى كەشپىياتلىرى ئوخشاش چىققانلىقىنىمۇ ئېنىق كۆردۇق. بۇنداق ئەھۋالدا بىز قۇرئان كەرىم ئېيتقان تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇماي تۇرالمايمىز:

www.munber.org

﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ❁ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى﴾

﴿ئـۇ (مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام) نەپسـى ـ خاھىشـى بىلـەن سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ﴾ [نەجم سۈرىسى 3 ـ 4 ـ ئايەتلەر]

❁ ❁ ❁

## تۆتىنچى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە پۇل تېپىشتا

﴿هُوَ الَّذِي جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ ذَلُولًا فَامْشُوا فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا مِنْ رِزْقِهِ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ رىزقىدىن يەڭلار﴾ [مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت]

مانا بۇ ئىسلام پرىنسىپىدۇر، ئۇلۇغ ئاللاھ زېمىننى ئىنسان ئۈچۈن تەييارلىغان ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىگە بويسۇندۇرغان، شۇڭا ئىنسانىنىڭ بۇ نېمەتتىن پايدىلىنىشى ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن زېمىننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىشلىشى ۋە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

ئىشلەشكە قادىر كىشىنىڭ ئىشلىمەي يېتىۋېلىشى ھارامدۇر

ئۆزىنى ئىبادەتكە ئاتىۋېتىش ياكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش باھانىسى بىلەن مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ ئىشلىمەي يېتىۋېلىشى ۋە رىزىق تەلەپ قىلىشقا ھورۇنلۇق قىلىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئاسمان ئالتۇن ـ كۈمۈش ياغدۇرمايدۇ.

www.munber.org

ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان كۈچكە ئىگە بولغان بىر كىشىنىڭ باشقىلار تەرەپىدىن بېرىلگەن ياردەم ۋە سەدىقىلەرگە تايىنىپ ياشىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام پەيغەمبىرى شۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«سەدىقە ئېلىش بايغا، تېنى ساقئا ۋە كۈچى بار ئادەمگە ھالال بولمايدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ قاتتىق قارشى تۇرغان ۋە مۇسۇلمانغا چەكلىگەن نەرسە بولسا: مەجبۇرلايدىغان زۆرۈر ئەھۋال بولمىسىمۇ يۈزىنى چۈشۈرۈپ، ئادىمىيلىك ۋە ئىززەت ئابرويىنى تۆكۈپ، كىشىلەردىن بىر نەرسە تىلەشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىياجى بولمىسىمۇ تىلىگەن ئادەم، خۇددى چوغنى قوللىرى بىلەن يىغقان كىشىگە ئوخشايدۇ»[2].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مېلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن تىلىسە، قىيامەت كۈنى يۈزىدە يارا بولۇپ كۆرىنىدۇ، ئۇ جەھەننەمنىڭ قىزىتىلغان تاشلىرىنى يېگەن بولىدۇ، جىق يەمدۇ، ئاز يەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا»[3].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«قايسى بىرىڭلاردا تىلەمچىلىك بولاۋېرىدىكەن، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يۈزىدە بىر پارچىمۇ گۆش قالمىغان ھالدا بارىدۇ»[4].

---

[1] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بەيھەقى ۋە ئىبنى خۇزەيمە سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[4] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مانا شۇنىڭدەك شىددەتلىك تەھدىت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىززىتىنى ساقلىغان. ئۇنى تىلەمچىلىكتىن، ئۆزگىگە تايىنىشقا ۋە باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىققا ئادەتلەندۇرگەن.

## قانداق شارائىتتا تىلەشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۆرۈرىيەت ۋە ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، كىمكى مۇھتاجلىق بېسىمى ئاستىدا ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ھۆكۈمەت ياكى شەخستىن تىلىسە ئۇ كىشىگە گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

«تىلەش ـ كىشىنىڭ يۈزىنى قارايتىدىغان داغدىن ئىبارەت. كىشى خالىسا يۈزىنى ساقلىسۇن، خالىسا قارايتسۇن. پەقەتلا ھاكىمدىن ياكى چارىسىز قالغان بىر ئىشتا تىلىسە بولىدۇ»[1].

ئىمام مۇسلىم سەھىھىدە ھەزرىتى قابىيسا ئىبنى ئەل مۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىر كۈنى ئىككى كىشى ئارىسىدا جېدەلنى ھەل قىلىش ۋە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارىغا چۈشۈپ تۆلەم تۆلەپ قويۇشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم. تۆلىشىم كېرەك بولغان مەبلەغنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «بىزگە زاكات مال كەلگىچە كۈتۈپ تۇر، كەلسە ساڭا بېرىمىز» دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدى: «ئى قابىيسا، تىلەش ئۈچ كىشىدىن باشقىسىغا ھالال بولمايدۇ: بىرىنچىسى: ئىككى تەرەپنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پـۇل تۆلـەپ قويمـاقچى بولغـان كـىشى بولـۇپ ئۇنـى تۆلـەپ بولغىچـە تـىلـسـە بولــىدۇ، تۆلـۇۋەتكـەندىن كېيىــن تـىلـمـەيدۇ. ئـىككـىنچـىسـى: چوڭ بىـر بالايىئاپـەت تۇيـەيلىدىن پـۇل ـ مېلىدىـن ئـايرىلىپ قالغـان كـىشى بولـۇپ، ئېھتىيـاجىنى قـامداپ ئـۆزىنى رۇسلـىۋالغىچە تـىلـسـە ھـالال بولـىدۇ. ئۈچـىنچـىسـى: نامراتلىشىـپ قالغـان كـىشى بولـۇپ، ئۇنـى تونـىيدىغـانلاردىن ئـاقىل ئـۈچ كـىشى: «پـالانى نامراتلـىشىـپ قالدى» دېسە، ئۇ كـىشى ئېھتىياجىنى قامداپ ئۆزىنى رۇسلـىۋالغىچە تـىلـسە ھالال بولـىدۇ. ئى قۇبەيسا، بۇلاردىن باشقا ئەھۋاللاردا تـىلـەپ يېگــەن نەرســـىلەر ھـــارامدۇر. ئۇنــى يېگــەنلەر ھـــارام يېگـــەن بولـىدۇ»[1].

## ئىنساننىڭ ئىززىتى ـ ئىشلەشتە

پـەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام بـەزى كـىشــىلەرنىڭ بـەزى ھۈنـەر ـ كەسىپلەرنى تۆۋەن كۆرۈشنى رەت قىلغـان ۋە ساھابىلىرىگە ھەقىقى ئـىــززەت ـ ھۆرمـــەتنىڭ قـــانداق ئـــىش بولـىشـــىدىن قەتئىيــنـــەزەر ئىشلەشــتە ئىكـەنلىكـىنى، خـارلىق ۋە تـۆۋەنلىكنىڭ باشـقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشتا ئىكەنلىكىنى ئۇگۈۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«بـىرىڭلارنىڭ ئـارغامچىسـىنى ئۈچـىسـىغا ئـارتىپ بىـر بـاغلام ئوتـۇن ئـەكىلىپ سېتىش ئـارقىلىق ئـاللاھنىڭ پـەزلى بىلـەن يـۈز ـ ئابروينى ساقلىشى، كىشىلەردىن تـىلـگىنىدىن ياخشىراقتۇر»[2].

شۇڭا مۇسۇلمان كـىشى ھارامغا تايانمايدىغان، ھارامغا يـول ئاچمايدىغـان ۋە ھارامغـا يېقىنلاشـمايدىغان ئـىش بولسـىلا مـەيلى

[1] ـ ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دېھقانچىلىق، تىجارەت، ياكى سانائەت ياكى قانداق بىر ھۈنەر ۋە قانداق بىر خىزمەت بولسۇن ھالال بىر يول ئارقىلىق پۇل تېپىشى كېرەك.

## دېھقانچىلىق بىلەن تېرىكچىلىك قىلىش

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە تېرىقچىلىق ئاساسلىرىنى ئىنسانغا بېرىلگەن بىر نېمەت دەپ بايان قىلغان. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا يەر - يۈزىنى ھەر تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلاردىن ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىغان، ئۇنى ئىنسانغا بوي سۇندۇرۇپ بىسات شەكلىدە ياىغان. شۇڭا بۇ ئىنسانلار ئەسلەپ، ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىشى كېرەك بولغان بىر نېمەتتۇر.

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمُ الْأَرْضَ بِسَاطا ۞ لِتَسْلُكُوا مِنْهَا سُبُلًا فِجَاجًا﴾

﴿زېمىندا كەڭ يوللاردا مېڭىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى بەرپا قىلىپ بەردى﴾ [نۇھ سۈرىسى 19 ـ 20 ـ ئايەتلەر]

﴿وَالْأَرْضَ وَضَعَهَا لِلْأَنَامِ ۞ فِيهَا فَاكِهَةٌ وَالنَّخْلُ ذَاتُ الْأَكْمَامِ ۞ وَالْحَبُّ ذُو الْعَصْفِ وَالرَّيْحَانُ ۞ فَبِأَيِّ آلَاءِ رَبِّكُمَا تُكَذِّبَانِ﴾

﴿زېمىننى ئىنسانلار ۋە جىنلار ئۈچۈن قىلدى. زېمىندا مېۋىلەر، بوغۇنلۇق خورما دەرەخلىرى بار. سامىنى بار دانلىق زىرائەتلەر، خۇشبۇي ئۆسۈملۈكلەر بار. ئى ئىنسانلار! جىنلار! پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟﴾ [ئەرراھمان سۈرىسى 10 ـ 13 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

ئاللاھ تائالا سۇنى قولايلاشتۇرۇپ ئاسماندىن يامغۇر شەكلىدە چۈشۈردى، دەريا قىلىپ ئاقتۇردى، سۇ بىلەن قۇرۇق زېمىننى ياشارتتى:

﴿وَهُوَ الَّذِي أَنزَلَ مِنْ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ نَبَاتَ كُلِّ شَيْءٍ فَأَخْرَجْنَا مِنْهُ خَضِرًا نُخْرِجُ مِنْهُ حَبًّا مُتَرَاكِبًا﴾

﴿ئاللاھ بۇلۇتتىن يامغۇر سۈيىنى چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈردى، ئۆسۈملۈكلەردىن يېشىل ياپراقلارنى چىقاردى، بىربىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن دانلارنى يېتىشتۈردى﴾ [ئەل ئەنئام سۈرىسى99 ـ ئايەت]

﴿فَلْيَنْظُرْ الْإِنسَانُ إِلَى طَعَامِهِ ❁ أَنَّا صَبَبْنَا الْمَاءَ صَبًّا ❁ ثُمَّ شَقَقْنَا الْأَرْضَ شَقًّا ❁ فَأَنْبَتْنَا فِيهَا حَبًّا ❁ وَعِنَبًا وَقَضْبًا﴾

﴿ئىنسان يېمىكىنىڭ قانداق كەلگەنلىكىگە نەزەر قىلسۇن، بىز زور مىقداردا يامغۇر ياغدۇردۇق، ئاندىن زېمىننى ياردۇق، ئۇنىڭدا ئاشلىقلارنى، ئۈزۈمنى ۋە ئوتياشلارنى ئۆستۈردۇق﴾ [ئەبەسە سۈرىسى 24 ـ 28 ـ ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا شاماللارنى ئەۋەتىدۇ، شاماللار بۇلۇتلارنى ھەيدەيدۇ، ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْأَرْضَ مَدَدْنَاهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَاسِيَ وَأَنْبَتْنَا فِيهَا مِنْ كُلِّ شَيْءٍ مَوْزُونٍ ❁ وَجَعَلْنَا لَكُمْ فِيهَا مَعَايِشَ وَمَنْ لَسْتُمْ لَهُ بِرَازِقِينَ ❁ وَإِنْ مِنْ شَيْءٍ إِلَّا عِنْدَنَا خَزَائِنُهُ وَمَا نُنَزِّلُهُ إِلَّا بِقَدَرٍ مَعْلُومٍ ❁ وَأَرْسَلْنَا الرِّيَاحَ لَوَاقِحَ فَأَنْزَلْنَا مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَسْقَيْنَاكُمُوهُ وَمَا أَنْتُمْ لَهُ بِخَازِنِينَ﴾

www.munber.org

﴿يەر يۈزىنى يېيىپ كەڭ قىلدۇق، ئۇنىڭغا تاغلارنى ئورناتتۇق، يەر يۈزىدە ھەر خىل تەكشى ئۆلچەملىك ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. يەر يۈزىدە سىلەر ئۈچۈن ۋە سىلەر رىزقىنى بېرەلمەيدىغانلار (يەنى خادىملار ۋە ھايۋانلار) ئۈچۈن تۇرمۇش لاۋازىمەتلىرىنى ياراتتۇق، قانداق نەرسە بولمىسۇن، ئۇنىڭ خەزىنىسى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىدۇر، بىز ئۇنى پەقەت مەلۇم مىقداردىلا چۈشۈرىمىز. بىز يامغۇر ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر﴾ [ئەل ھىجر سۈرىسى 19 ـ 22 ـ ئايەتلەر]

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا زىرائەت نىمىتىنى تەكىتلىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿بىر مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكسە ياكى بىر نەرسە تېرىسا، بۇنىڭ مېۋىسىدىن بىر ئىنسان ياكى بىر قۇش يېسە، بۇ ئۇنى تېرىغۇچى ۋە تىككۈچىگە سەدىقە يېزىلىدۇ﴾[1].

ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿بىر مۇسۇلمان بىر كۆچەت تىكسە، ئۇنىڭدىن يېيىلگەن مېۋە تىككەن كىشىگە سەدىقە يېزىلىدۇ. كۆچەتتىن ئوغۇرلانغان مېۋىمۇ ئۇنىڭغا سەدىقە يېزىلىدۇ. ئۇنى بىرسى بۇزۇپ كېمەيتىۋەتسىمۇ قىيامەت كۈنىگە قەدەر يەنىلا تىككۈچىگە سەدىقە يېزىلىدۇ﴾[2].

ھەدىسنىڭ كۆرستىشىچە: كۆچەت تىككۈچى ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ياكى كۆچەت باشقا بىرسىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تىكىلگەن كۆچەتتىن پايدىلىنىش داۋاملىشىپلا تۇرىدىكەن تىككۈچىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ.

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ ئىنئامى كاتتا بولغاچقا، ئالتە نەرسىگە ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ خۇددى دۇنيادا ھايات ۋاقتىدىكىدەكلا ساۋاب بېرىدۇ: پايدىسى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان (ۋەقپىدەك) سەدىقە، پايدىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلىم، دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئەۋلاد، كۆچەت تىكىش، زىرائەت تېرىش ۋە دۈشمەندىن قوغدىنىش ئۈچۈن قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش».

رىۋايەت قىلىنىشىچە: بىر كىشى ياڭاق كۆچىتىنى تىكىۋاتقان ھەزرىتى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سەن ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم تۇرۇپ، بۇنى تىكىپ يەرەمسەن؟ بۇ پەقەت بىر قانچە يىلدىن كېيىن ئاندىن مېۋە بېرىدىغان تۇرسا...؟» دېگەندە، ھەزرىتى ئەبۇ دەردا ئۇنىڭغا جاۋابەن دېگەن: «مېۋىسىنى باشقىلار يېسە، ساۋابىنى مەن ئالسام بولمامدىكەن؟».

ساھابىلەردىن يەنە بىرى مۇنداق دېگەن: مەن مۇشۇ ئىككى قۇلىقىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

«كىمكى بىر كۆچەت تىكىپ سەۋر قىلىپ يېتىشتۈرسە، ئۇنىڭدىن يېيىلگەن ھەر بىر مېۋە ئۇ كىشىگە سەدىقە بولۇپ يېزىلىدۇ»[1].

بەزى ئالىملار يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىدىكى ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ: ئەڭ ياخشى كەسىپ دېھقانچىلىق دەپ قارىغان. يەنە بەزىلەر: سانائەت ۋە قول ھۈنىرى دېسە، يەنە بەزىلەر: تىجارەت دەپ قارىغان.

بەزى تەتقىقاتچى ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ئەڭ ياخشى كەسىپ ۋەزىيەتكە قاراپ بولىدۇ. مەسىلەن: غىزا ماددىلىرىغا

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

بەكرەك مۇھتاج بولغان چاغلاردا كىشىلەرنى قىينىچىلىقتىن قۇرتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلىش ئەۋزەلرەك بولىدۇ. ناۋادا يوللار ئېچىلىپ قىلىپ، تىجارەت تاۋارلىرىغا خەلقنىڭ ئېھتىياجى بەكرەك بولسا، تىجارەت قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ. سانائەت ۋە قول ھۈنەرىگە ئېھتىياج بولغان چاغدا، سانائەت ۋە قول ھۈنەرلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەۋزەل بولىدۇ»[1].

بۇ ئاخىرقى قاراش ھازىرقى زامان ئىقتىساد ئىلمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## ھارام قىلىنغان زىرائەت

ئىسلامدا قوللىنىشى مەنئى قىلىنغان ياكى زىيانلىق جەھەتكىلا قوللىنىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش ھارامدۇر. مەسىلەن: تاماكىنى كۆچلۈك قاراشقا ئاساسەن ھارام دەپ قارايدىغان بولساق، تاماكا دەرىخىنى تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش ھارام بولىدۇ. مەكرۇھ دەپ قارىساق، تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش مەكرۇھ بولىدۇ.

ھارام قىلىنغان نەرسىنى كاپىرلارغا سېتىش باھانىسىدە تېرىش ۋە يېتىشتۈرۈش مۇسۇلمانغا ئۆزرە بولالمايدۇ، چۈنكى مۇسۇلمان ھەرگىزمۇ ھارام نەرسىنى بازارغا سالمايدۇ. ھەمدە مۇسۇلمان كىشىنىڭ كاپىرلارغا سېتىش ئۈچۈن چوشقا بېقىشىمۇ ھالال بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىز ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھاراق ياسىشى كەسكىن بىلىنگەن يەرگە ئۈزۈم سېتىشنى ھارام قىلغانلىقىنى كۆردۇق.

---

[1] ـ (شەرھى قەستالانى) غا قاراڭ.

# سانائەت ۋە ھۈنەر - كەسپلەر

ئىسلام دېھقانچىلىققا تەرغىپ قىلىپ ئۇنىڭ قەدرىنى كۆتۈرگەن، ھەمدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپ ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بارلىق كۈچىنى دېھقانچىلىققىلا قارىتىپ قويۇشىنى چەكلىگەن، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈممەتنى ئاسارەت خارلىقىغا دۇچار قىلىدىغان بىر كەمتۈكلۈكتۇر. بۇنداق قىلىشنىڭ پۈتۈن بىر مىللەتنى قورشىغان بالا ۋە خارلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلان قىلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. زاماننىڭ ئۆتۈشى بۇنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىينە مۇئامىلىسى[1] قىلىشساڭلار، كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئەگىشىپ (بۇ دېھقانچىلىقتىن كىنايە)، دېھقانچىلىققا رازى بولۇپ ئولتۇرساڭلار ۋە جىھادنى تاشلاپ قويساڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ بويۇنلىرىڭلارغا شۇنداق بىر خارلىقنى يۈكلەپ قويىدۇكى، تاكى دىنىڭلارغا قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇنى بويۇنلىرىڭلاردىن ئېلىۋەتمەيدۇ»[2].

ئۇنداقتا دېھقانچىلىق بىلەن بىرگە مىللەتنىڭ ئەركىن ۋە ئەزىز بولۇشى، دۆلەتنىڭ كۈچ - قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن باياشات ھاياتنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت ۋە سانائەتلەر بولۇشى كېرەك. بۇنداق ھۈنەر - سەنئەت ۋە سانائەتلەر

---

(1) - **ئىينە مۇئامىلىسى:** بىر كىشىگە بىر تاۋارنى مەلۇم باھادا مەلۇم ۋاقىتقا نىسى سېتىپ، ئاندىن كېيىن ئۇزى ساتقان ھېلىقى تاۋارنى ھېلىقى سېتىۋالغۇچىدىن بۇرۇنقىدىن تۆۋەنرەك باھادا نەخ سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت سودىدۇر. مال ساتقۇچى بۇ سودا ئارقىلىق نەخ پۇلغا دەرھال ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇنداق شەكىلدىكى مۇئامىلە تاشقى كۆرۈنۈشتە سودا، ھەقىقەتتە ھىلە ئىشلىتىلگەن جازانە بولغانلىقتىن ھارام قىلىنغاندۇر_ ت.

(2) - ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ھالال بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن ھۆكۈملىرىگە ئاساسەن پەرز كۈپايەدۇر.

بۇنىڭ مەنىسى: ئىسلام جەمئىيىتىدە ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان دەرىجىدە ھەر تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە سانائەت ئەھلى تولۇق بولىشى كېرەك. ناۋادا ئىلىم ـ پەن ياكى سانائەت ساھەلىرىدە بىر بوشلۇق بولۇپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان كىشى بولمىسا پۈتۈن مىللەت گۇناھكار بولىدۇ. بولۇپمۇ رەھبەرلەر ۋە ھوقۇق تۇتقانلار بەكرەك گۇناھكار بولىدۇ.

ئىمام غازالى مۇنداق دېگەن: «پەرز كۈپايە ـ دۇنيا ئىشلىرى يۈرۈشۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ھەر بىر ئىلىم ـ پەندۇر. مەسىلەن: دوختۇرلۇق ئىنسان جىسمىنىڭ ساق ـ سالامەت تۇرىشى ئۈچۈن زۆرۈر. ھېساب، مۇئامىلىلەر ۋە ۋەسىيەت ـ مىراس بۆلۈش قاتارلىق ئىشلاردا زۆرۈر. مانا بۇنداق ئىلىملەرنى بىر يۇرتتا ھاجەتنى قامدايدىغان دەرىجىدە ئۆگەنگەنلەر بولمىسا، بۇ يۇرتنىڭ پۈتۈن ئەھلى گۇناھكار بولىدۇ، ئەگەر ھاجەتنى قامدىغىدەك دەرىجىدە ئۆگەنگەن كىشىلەر بولسا، كۈپايە قىلىدۇ، قالغانلار ئۆگەنمىسىمۇ گۇناھكار بولمايدۇ. دېھقانچىلىق، توقۇمىچىلىق ۋە تىكمىچىلىك قاتارلىقلاردەك سانائەت ئاساسلىرىمۇ پەرز كۈپايىدۇر. ناۋادا بىر يۇرتتا ئوپېراتسىيە قىلىدىغان بىر دوختۇر بولمىسا كىشىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ، كېسەللىكنى بەرگەن ئاللاھ دورىسىنىمۇ بەرگەن ۋە ئۇنى ئىشلىتىش يولىنى كۆرسەتكەن، شۇڭا ئۇنى ئۆگەنمەي ھالاكەتكە يۈزلىنىش توغرا ئەمەس»(1).

---

ـ(1) (ئېھيائۇ ئۇلۇمىددىين)1 ـ توم، 15 ـ بەت.

www.munber.org

قۇرئان كەرىم بىر قانچە ھۈنەر ـ سەنئەتنى بايان قىلىپ ئۇلارنى نېمەت دەپ سۈپەتلىگەن. مەسىلەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَلَنَّا لَهُ الْحَدِيدَ۞أَنْ اعْمَلْ سَابِغَاتٍ وَقَدِّرْ فِي السَّرْدِ﴾

﴿تۆمۈرنى داۋۇدقا يۇمشاق قىلىپ بەردۇق، ئېيتتۇقكى: مۇكەممەل ساۋۇتلارنى ياسىغىن، ھالقىلىرىنى تەكشى قىلغىن﴾ [سەبەئ سۈرىسى10 ـ 11 ـ ئايەتلەر]

﴿وَعَلَّمْنَاهُ صَنْعَةَ لَبُوسٍ لَكُمْ لِتُحْصِنَكُمْ مِنْ بَأْسِكُمْ فَهَلْ أَنْتُمْ شَاكِرُونَ﴾

﴿جەڭلەردە سىلەرنى ساقلاش مەقسىتىدە داۋۇدقا سىلەر ئۈچۈن ساۋۇت ياساشنى ئۆگەتتۇق، سىلەر بۇنىڭغا شۈكرى قىلامسىلەر؟﴾ [ئەل ئەنبىيا سۈرىسى 80 ـ ئايەت]

سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَأَسَلْنَا لَهُ عَيْنَ الْقِطرِ وَمِنْ الْجِنِّ مَنْ يَعْمَلُ بَيْنَ يَدَيْهِ بِإِذْنِ رَبِّهِ وَمَنْ يَزِغْ مِنْهُمْ عَنْ أَمْرِنَا نُذِقْهُ مِنْ عَذَابِ السَّعِيرِ۞يَعْمَلُونَ لَهُ مَا يَشَاءُ مِنْ مَحَارِيبَ وَتَمَاثِيلَ وَجِفَانٍ كَالْجَوَابِ وَقُدُورٍ رَاسِيَاتٍ اعْمَلُوا آلَ دَاوُودَ شُكْرًا﴾

﴿ئۇنىڭغا (مىس) ئاقىدىغان بۇلاقنى ئاققۇزدۇق، بەزى جىنلار پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرى بويىچە سۇلايماننىڭ ئالدىدا ئىشلەيتتى، ئۇلاردىن كىمكى بىزنىڭ ئەمرىمىزگە خىلاپلىق قىلىدىكەن ئۇنىڭغا دوزاخ ئازابىنى تېتىتىمىز. ئۇلار سۇلايمانغا ئۇ خالىغان كاتتا سارايلارنى، ھەيكەللەرنى، كۆلدەك چوڭ لېگەنلەرنى ۋە مىدىرلىمايدىغان قازانلارنى ياسايتتى. ئى داۋۇد جەمەتى شۈكۈر قىلىڭلار﴾ [سەبەئ سۈرىسى 12 ـ 13 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

زۇلقەرنەين ۋە ئۇنىڭ ئېگىز توسمىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿قَالَ مَا مَكَّنِّي فِيهِ رَبِّي خَيْرٌ فَأَعِينُونِي بِقُوَّةٍ أَجْعَلْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُمْ رَدْمًا ۞ آتُونِي زُبَرَ الْحَدِيدِ حَتَّى إِذَا سَاوَى بَيْنَ الصَّدَفَيْنِ قَالَ انفُخُوا حَتَّى إِذَا جَعَلَهُ نَارًا قَالَ آتُونِي أُفْرِغْ عَلَيْهِ قِطْرًا ۞ فَمَا اسْطَاعُوا أَنْ يَظْهَرُوهُ وَمَا اسْتَطَاعُوا لَهُ نَقْبًا﴾

﴿زۇلقەرنەين ئېيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئەۋزەلدۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي. ماڭا تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىڭلار». (تۆمۈر پارچىلىرى دۆۋىلىنىپ) ئىككى تاغنىڭ ئارىسى تەكشى بولغاندا، «كۆيۈكلەرنى بېسىڭلار» دېدى. تۆمۈر پارچىلىرى ئوتتەك بولغاندا، ئۇ: «ماڭا ئېرىتىلگەن مىسنى بېرىڭلار، ئۇستىگە تۆكەي» دېدى. ئۇلار (يەنى يەجوج ـ مەجوج) ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىشقىمۇ، ئۇنى تېشىشكىمۇ قادىر بولالمىدى﴾ [كەھف سۈرىسى95 ـ 97 ـ ئايەتلەر]

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمە ياسىغان قىسسىسىنى بايان قىلدى، دېڭىزلاردا ماڭىدىغان تاغدەك يوغان كېمىلەرگە ئىشارەت قىلدى:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ الْجَوَارِ فِي الْبَحْرِ كَالْأَعْلَامِ﴾

﴿دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغلاردەك كېمىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدىندۇر﴾ [شورا سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

يەنە ئاللاھ تائالا كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە ئوق ئوۋلاش تۈرلىرىنى يەنى بېلىق ۋە دېڭىز ھايۋانلىرىنى تۇتۇش، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى

www.munber.org

ئوۋلاش ۋە مەرۋايىت قۇلۇللىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇش قاتارلىقلارنى بايان قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇرئان كەرىم ھېچبىر كىتابتا كۆرۈلمىگەن شەكىلدە تۆمۈرنىڭ قىممىتىنى بايان قىلغاندۇر. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى ۋە كىتابلارنى چۈشۈرگەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَنْزَلْنَا الْحَدِيدَ فِيهِ بَأْسٌ شَدِيدٌ وَمَنَافِعُ لِلنَّاسِ﴾

﴿تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار﴾ [ئەلھەدىيد سۈرىسى 25 ـ ئايەت]

بۇ سۈرىنىڭ تۆمۈر سۈرىسى دەپ ئاتىلىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

قايسى جەھەتتىن بولسا بولسۇن، جەمئىيەتنىڭ بىر ھاجىتىنى قامدايدىغان ياكى جەمئىيەتكە پايدىسى بولغان ھۈنەر ـ سەنئەت ئىسلام كۆرسەتكەن شەكىلدە ئېلىپ بېرىلسا ياخشى ئەمەل ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى كىشىلەر تۆۋەن كۆرگەن بىر نەچچە ھۈنەر ـ كەسىپنىڭ شەنىنى كۆتۈرگەن.

مەسىلەن: پادىچىلىقنى كىشىلەر تۆۋەن كۆرۈشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئاللاھ ئىبەرگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى قوي باققان» دېگەن. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ. سىلىمۇ قوي باققانمۇ؟» دەپ

www.munber.org

سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ھەئە، مەككىلىكلەرنىڭ قويلىرىنى بىرنەچچە قىيرات ئالتۇن ئىش ھەققى ئېلىپ بېقىپ بېرەتتىم»[1].

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوي باققان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە باققان قوي ئۆزىنىڭ ئەمەس مەككىلىكلەرنىڭ ئىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ قويلىرىنى ئىش ھەققى ئېلىپ بېقىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى ساھابىلىرىگە پەخىرلىنىشنىڭ ئىشلەيدىغانلارغا خاس ئىكەنلىكىنى، ھورۇن ۋە بىكار تەلەپلەرگە خاس ئەمەسلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىپ بەرگەن.

قۇرئان كەرىم بىزگە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان، ئۇ ياشانغان بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىزىنىڭ بىرىگە ئۆيلىنىش شەرتى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا سەككىز يىل ئىشلىگەن. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ياخشى ئىشلىگەن بولۇپ، بۇرۇن ئىككى قىزنىڭ بىرىنىڭ دېگەن بۇ سۆزلىرى راست چىققان:

﴿قَالَتْ إِحْدَاهُمَا يَاأَبَتِ اسْتَأْجِرْهُ إِنَّ خَيْرَ مَنْ اسْتَأْجَرْتَ الْقَوِيُّ الْأَمِينُ))

﴿ئى ئاتا ئۇنى سەن ئىشلەتكىن، ئۇ سەن ئىشلەتكەنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، كۈچلۈك، ئىشەنچلىكتۇر﴾ [ئەلقاساس سۈرىسى 26 ـ ئايەت]

ھەزرىتى ئىبنى ئاببااس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلىشىچە: داۋۇد ئەلەيھىسسالام ساۋۇت ياسايدىغان

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تۆمۈرچى، ئادەم ئەلەيھىسسالام دېھقان، نوھ ئەلەيھىسسالام ياغاچچى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچى ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالام پادىچى ئىدى[1].

ھەر بىر پەيغەمبەر بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، شۇڭا مۇسۇلمان كىشى ھالال پۇل تاپىدىغان ھۈنىرىنى تۆۋەن كۆرمەي كۆڭلىنى ئۈستۈن تۇتىشى كېرەك. سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

«ھېچكىم قول ئەمگىكىدىن يېگەن تاماقتىن ئوبدانراق تاماق يېمىگەن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇدمۇ ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن يەيتتى»[2].

## ئىسلام ئۇرۇش ئېلان قىلغان ھۈنەر ـ سەنئەتلەر

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئەقىدە، ئەخلاق، ئىززەت ـ نومۇس ۋە ئومۇمىي ئەدەب قائىدىلىرىگە زىيانلىق بولغان بەزى ھۈنەر ـ سەنئەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھارام قىلغان.

[1] ـ ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان. (داۋۇد ئەلەيھىسسالام كاتتا پادىشاھ تۇرۇقلۇق ساۋۇت ياساپ ساتاتتى، بۇ ئېھتىياجدىن ئەمەس پەقەتلا ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن يېيىشنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكتىن ئىدى ـ ت.

www.munber.org

# زىنا ـ پاھىشە

غەرب ئەللىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، پاھىشە كۆپىنچە غەرب ئەللىرىدە قانۇنلۇق كەسىپ بولۇپ، پاھىشىلەر ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئۇلارغا رۇخسەت ۋە كىنىشكا بېرىلىدۇ. لېكىن ئىسلام بۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىش ئارقىلىق پۇل تېپىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بەزى كىشىلەر كېنىزەكلىرىدىن كۈنلۈك باج ئېلىشاتتى، كېنىزەكلەر قايسى يولدىن بولسا بولسۇن بىر كۈنلۈك باجنى تېپىپ خوجايىنىغا تاپشۇرىشى كېرەك ئىدى، بۇ سەۋەبتىن كۆپىنچىلىرى زىناغا مەجبۇر بولاتتى، بەزى كىشىلەر ئازغىنا پۇلنى دەپ كېنىزەكلىرىنى پاھىشىلىككە زورلايتتى، ئىسلام دىنى كەلگەندە بارلىق مەنسۇبلىرىنى بۇ پاسكىنىچىلىقتىن قۇتۇلدۇردى، ئاللاھ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

﴿وَلَا تُكْرِهُوا فَتَيَاتِكُمْ عَلَى الْبِغَاءِ إِنْ أَرَدْنَ تَحَصُّنًا لِتَبْتَغُوا عَرَضَ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا﴾

﴿ئەگەر چۆرىلىرىڭلار ئىپپەتلىك بولۇشنى خالىسا، بۇ دۇنيانىڭ ئازغىنا مېلىنى دەپ ئۇلارنى پاھىشىگە مەجبۇرلىماڭلار﴾ [نۇر سۈرىسى 33 ـ ئايەت]

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا (مۇئازە) ئىسىملىك ساھىبجامال بىر كېنىزەكنى ئېلىپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇ يالاننىڭ يېتىملىرىگە ئائىت، يېتىم باللار

www.munber.org

كىرىمىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ ئايالنى زىناغا بۇيرۇمامسەن؟ »
دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئىتتىرگەن سەۋەبنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ پاسكىنا ھۈنەرنى چەكلىۋېتىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇنداق پاسكىنا ئىشلاردىن پاك ۋە يىراق تۇرۇشى ئۈچۈن مۇھتاجلىق، چارىسىزلىق ۋە ياخشى مەقسەت دېگەندەك ھەر قانداق قۇرۇق گەپ ـ سۆزلەرنى بىكار قىلىۋەتتى.

## ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە جىنسىي ئويۇن ـ تاماشالار

ئىسلام يەنە جىنسىي شەھۋەتنى قوزغايدىغان بىھايا ناخشا ـ ئۇسسۇل، يالىڭاچ كىنو ـ تىياترىدەك ئىشلارنى كەسىپ قىلىۋېلىشنى رەت قىلدى. بۇنداق بىمەنە نەرسىلەرنى بەزىلەر (سەنئەت) دەپ ئاتاشسىمۇ، ياكى بەزىلەر: (زامانىۋىلىشىش) ياكى (تەرەققى قىلىش) (مەدەنىيلىشىش) دەپ ئاتىۋېلىشسىمۇ ئىسلام بۇلارنىڭ ھەممىنى رەت قىلدى. ئىسلام ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىدىن تاشقىرى ھەرقانداق جىنسىي مۇناسىۋەتلەرنى ھارام قىلدى، قۇرئان كەرىم بۇلارنى مەنئى قىلىپ مۇنداق دېدى:

﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلًا﴾

﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

---

[1] ـ پەخرۇررازى تەفسىرى 23 ـ توم، 320 ـ بەت.

www.munber.org

دېمەك: ئىسلام دىنى زىنانى مەنئى قىلىش بىلەنلا كۇپايە قىلماي، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ قېلىشتىنمۇ ئاگاھلاندۇردى.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ۋە باشقا بارلىق شەھۋەت قوزغايدىغان نەرسىلەر مۇشۇ يامان ئىشقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىدۇ ۋە قىزىقتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى نېمىدېگەن يامان!.

## ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى

ئىسلام دىنى ھەيكەل تىكلەشنى ھارام قىلغىنىدەك، ھەيكەل ياساشنى تېخىمۇ قاتتىق ھارام قىلىدۇ. ئىمام بۇخارى سەئىيد ئىبنى ئەبۇلھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ھەزرىتى ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدا ئىدىم، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭغا: «ئى ئىبنى ئابباس، مەن پەقەت مۇشۇ ھەيكەللەرنى ياساپلا جان باقىمەن، ئۆز قولۇمنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياشايمەن» دېدى. ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان سۆزدىن باشقا نەرسە دېمەيمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر سۈرەت تەسۋىرلىسە، ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگىچە ئاللاھ ئۇنى ئازابلايدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەلمەيدۇ». ھېلىقى ئادەم بۇنى ئاڭلاش بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، ئۇ قاتتىق سىقىلغان ئىدى، شۇڭا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا: «ساڭا نېمە بولدى؟ ئەگەر بۇ ھۈنىرىڭدىن ۋاز كېچەلمىسەڭ دەل - دەرەخ ۋە جانسىز نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگىن» دېدى[1].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇت، كرېست ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياساشمۇ ئوخشاشلا ھارام.

ئەمما رەسىم سىزىش ۋە فوتو ئاپپاراتى بىلەن سۈرەت تارتىشنىڭ ھۆكمى بولسا، بىز يۇقىرىدا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى مۇباھ ـ ياكى چوڭ بولسا مەكرۇھ ـ بولىشىدۇر دەپ بايان قىلدۇق. بۇ ھۆكۈم ئەلۋەتتە مەزمۇنى ئىسلام ھارام قىلغان نەرسىدىن خالىي بولغان سۈرەتلەرگە ئۈيغۇن كېلىدۇ. ناۋادا سۈرەتتە ئىسلام چەكلىگەن نەرسىلەر تەسۋىرلەنگەن بولسا، ھۆكمى يەنىلا ھارام بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: ئاياللارنىڭ جىسمى تەسۋىرلەنگەن ياكى پادىشاھ، داھىي، پەيغەمبەر ۋە پەرىشتىلەرنىڭ رەسىملىرىدەك ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس دەپ چوقۇنىلىدىغان سۈرەتلەر ھارام بولىدۇ.

## مەست ۋە بىھوش قىلىدىغان زىيانلىق نەرسىلەرنى ياساش

يۇقىرىدا بىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىسلام دىنى ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تارقىتىشقا قاتنىشىشنى ياكى ئىستىمال قىلىشنى ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىگە بىنائەن بۇنداق ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى قىلغان كىشى لەنەت قىلىنغاندۇر.

خىيروئىين، ئەپيۇن، نەشىگە ئوخشاش زەھەرلىك چېكىملىكلەر، ھەمدە بىھوش قىلىدىغان ھەرتۈرلۈك ماددىلارمۇ ئىستىمال قىلىش، ئېلىپ ـ سېتىش، تارقىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھاراملىقى جەھەتتە ھاراققا ئوخشاش.

www.munber.org

دېمەك: ئىسلام دىنى مۇسۇلمان كىشىگە ھارام ئىشنى قىلىش ياكى ھارامغا تەشۋىق قىلىشقا تايانغان ھەرقانداق ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشنى چەكلەيدۇ.

## تىجارەت يولى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش

ئىسلام قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ۋە ھەدىس شەرىپلەردە تىجارەت ئۈچۈن كۈچلۈك بىر چاقىرىق ئېلان قىلغان، تىجارەتكە يۈزلىنىشكە ۋە تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىشقا قىزىقتۇرغان، ھەمدە ئۇنى «ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەش» دەپ ئاتاپ تىجارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىلارنى بىللە مەدھىيىلىگەن:

﴿وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِنْ فَضْلِ اللَّهِ وَآخَرُونَ يُقَاتِلُونَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ﴾

﴿بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ (يەنى تىجارەت قىلىپ) يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدۇ﴾ [مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت يوللىرىنى تا ھازىرقى كۈنگە قەدەر دۇنيا تىجارىتىنىڭ ئەڭ چوڭ يۆتكەش قورالى بولۇپ كېلىۋاتقان سۇ قاتناش قوراللىرى ئارقىلىق تەييارلاپ بەرگەنلىكىنى بىر نېمەت دەپ كۆرسىتىدۇ، ھەمدە ئۆزىنىڭ دېڭىزنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدا تىجارەت كېمىلىرىنى ماڭدۇرىدىغان قىلىپ بەرگەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

﴿وَتَرَى الْفُلْكَ فِيهِ مَوَاخِرَ لِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ نېمىتىنى تەلەپ قىلىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن يۇك ـ تاق، يېمەك ـ ئىچمەك قاچىلانغان) كېمىلەرنىڭ دېڭىزدا دولقۇن يېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسەن﴾ [فاتىر سۈرىسى 12 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا بەزىدە بۇنى شامال چىقىرىپ بەرگەنلىكى بىلەن بىللە بايان قىلىدۇ:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ يُرْسِلَ الرِّيَاحَ مُبَشِّرَاتٍ وَلِيُذِيقَكُمْ مِنْ رَحْمَتِهِ وَلِتَجْرِيَ الْفُلْكُ بِأَمْرِهِ وَلِتَبْتَغُوا مِنْ فَضْلِهِ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى تېتىتىش ئۈچۈن، ئەمرى بويىچە كېمىلەرنى دېڭىزلاردا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەرھەمىتىدىن تىلىشىڭلار ئۈچۈن، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن، شامالLARنى يامغۇر بىلەن خوش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىشى، ئاللاھنىڭ كامالى ـ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر﴾ [رۇم سۈرىسى 46 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم بۇنداق ئايەتلەرنى نېمەتنى ئەسلىتىش ۋە نېمەتتىن پايدىلىنىشقا چاقىرىپ قايتا ـ قايتا تەكرارلىغان، ھەتتا قۇرئان كەرىم ئاللاھنىڭ بارلىقىغا، قۇدرىتىگە ۋە ھېكمىتىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە كېمىنى كۆرسەتكەن:

﴿الَّتِي تَجْرِي فِي الْبَحْرِ بِمَا يَنفَعُ النَّاسَ﴾

﴿كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە (چۈشىنىدىغانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەلىللەر بار)﴾ [بەقەرە سۈرىسى 164 ـ ئايەت]

www.munber.org

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ الْجَوَارِ فِي الْبَحْرِ كَالْأَعْلَامِ﴾

﴿دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدۇر﴾ [شۇرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا مەككە ئەھلىگە مەككىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى مۇھىم تىجارەت مەركىزى قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىر نېمەت دەپ كۆرسەتكەن:

﴿أَوَلَمْ نُمَكِّنْ لَهُمْ حَرَمًا آمِنًا يُجْبَى إِلَيْهِ ثَمَرَاتُ كُلِّ شَيْءٍ رِزْقًا مِنْ لَدُنَّا﴾

﴿ئۇلارنى بىز تىنچ ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر﴾ [قاساس سۈرىسى 57 ـ ئايەت]

بۇ نېمەت بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئەمەلگە ئاشقان:

﴿رَبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِنْ ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِنْدَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُوا الصَّلَاةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُمْ مِنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز، ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن، (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل

www.munber.org

قىلغىن، ئۇلارغا شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگىن﴾ [ئىبراھىم سۈرىسى37 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا قۇرەيش قەبىلىسىگە قىشتا يەمەنگە، يازدا شامغا يۈزلىنىدىغان يىلدا ئىككى قېتىم تىجارەت قىلىش يولىنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى بىر نېمەت دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلار كەبىگە قاراش ھوقۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھېچقانداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىماي خاتىرجەم تىجارەت قىلغان، شۇڭا ئۇلار بۇ كەبىنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا يالغۇز ئىبادەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىك بىلەن شۈكۈر قىلىشى كېرەك:

﴿لِإِيلَافِ قُرَيْشٍ۝إِيلَافِهِمْ رِحْلَةَ الشِّتَاءِ وَالصَّيْفِ۝فَلْيَعْبُدُوا رَبَّ هَذَا الْبَيْتِ۝الَّذِي أَطعَمَهُمْ مِنْ جُوعٍ وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ﴾

﴿قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾ [قۇرەيش سۈرىسى]

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھەر يىلى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئارا دۇنياۋى سەۋىيىدە تىجارەت ئالماشتۇرۇش پۇرسىتىنى تەييارلاپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ بەيتىگە ھەر يىلى ھەج قىلىش مەۋسىمىدۇر:

﴿رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِنْ كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ لِيَشْهَدُوا مَنَافِعَ لَهُمْ وَيذكرُوا اسْمَ اللَّهِ﴾

www.munber.org

﴿كىشىلەر پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ، كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن﴾ [ھەج سۈرىسى 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر]

بۇ مەنپەئەتلەردىن بىرى بولسا تىجارەتتۇر. ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىشىچە مۇسۇلمانلار ئىخلاس ۋە ئىبادەتنىڭ ساپ بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، ھەج مەۋسىمىدە تىجارەت قىلىشتىن سىقىلغان. شۇنىڭ بىلەن قۇرئان كەرىم ئۇلارغا ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَنْ تَبْتَغُوا فَضْلًا مِنْ رَبِّكُمْ﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسىمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 198 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم ئەتىگىنى ئاخشىمى مەسجىدكە بارىدىغانلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿رِجَالٌ لَا تُلْهِيهِمْ تِجَارَةٌ وَلَا بَيْعٌ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَإِقَامِ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءِ الزَّكَاةِ﴾

﴿﴿ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ﴾ [نۇر سۈرىسى37 ـ ئايەت]

دېمەك: قۇرئان كەرىمنىڭ نەزىرىدە مۆمىنلەر مەسجىدلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىدا داۋاملىق ئولتۇرىۋالىدىغان تەرىقەت دەرۋىشلىرى ياكى

www.munber.org

چىركاۋ راھىبلىرى ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلار ئىش ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرى دىنىي مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولمايدىغانلىقىدۇر.

يۇقىرىدىكىلەر قۇرئان كەرىمدە تىجارەت ھەققىدە كەلگەن ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە قارايدىغان بولساق، ئىسلام پەيغەمبىرىنىڭ تىجارەتكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ھەمدە سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىلەن تىجارەت قائىدىلىرىنى بېكىتكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى ئارىسىدىن بۇ ھەدىسكە قۇلاق سالايلى:

﴿ئىشەنچلىك ۋە راستچىل تىجارەتچى قىيامەت كۈنى شەھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ﴾[1].

﴿راستچىل، ئىشەنچلىك تىجارەتچى پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار[2] ۋە شەھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ﴾[3].

پەيغەمبەر ئەيھىسسالامنىڭ راستچىل تىجارەتچىنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچى ۋە شەھىد دەرىجىسىگە چىقارغانلىقىدىن ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ، چۈنكى ھايات تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئىسپاتلىدىكى: جىھاد پەقەتلا جەڭ مەيدانىدىلا ئەمەس، ئىقتىساد مەيدانىدىمۇ بولىشى كېرەك.

تىجارەتچىلەرگە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بۇنداق مەرتىۋە ۋە ئاخىرەتتە بۇنداق كۆپ ساۋابنىڭ ۋەدە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى،

---

[1] ـ ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ھاكىم (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.

[2] ـ **سىددىيقلار:** سۆزىدە ۋە ئېتىقادىدا راستچىل بولىدىغانلاردۇر. پەيغەمبەرلەرنىڭ پەزىلەتلىك ساھابىلىرى شۇنداق. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ راستچىللىقتا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىللىقىغا ئىشىنىشتە يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولغاچقا سىددىيق دەپ نام ئالغان– ت.

[3] ـ ئىمام تىرمىزى ۋە ھاكىم ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تىجارەت كۆپىنچە ئەھۋاللاردا تاماخورلۇققا، قايسى يولدىن بولسا بولسۇن پايدا تېپىشقا ۋە پۇل بىلەن پۇل تۇغدۇرۇشقا قىزىقتۇرىدۇ، ئازراق پايدا تېخىمۇ كۆپ پايدىغا قىزىقتۇرىدۇ. كىمكى راستچىللىق ۋە ئامانەت چېگرىسىدىن چىقىپ كەتمىسە، نەپسىگە قارشى كۆرەشتە غەلىبە قىلغان مۇجاھىد بولىدۇ، نەتىجىدە مۇجاھىدلار دەرىجىسىگە لايىق بولغان بولىدۇ.

ھەمدە تىجارەت، دەسمايە بىلەن پايدىنى ھېسابلاش جەھەتتە تىجارەتچىلەرنى بىر مۇنچە سان ۋە ھېسابات قايىنىمىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ، ھەتتاكى بىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇتۇق سۆزلەۋاتقان چاغدا، تىجارەت كارۋىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا ھەممە كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ قويۇپ، كارۋان بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارغا كايىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا رَأَوْا تِجَارَةً أَوْ لَهْوًا انفَضُّوا إِلَيْهَا وَتَرَكُوكَ قَائِمًا قُلْ مَا عِنْدَ اللَّهِ خَيْرٌ مِنَ اللَّهْوِ وَمِنَ التِّجَارَةِ وَاللَّهُ خَيْرُ الرَّازِقِينَ﴾

﴿ئۇلار بىر تىجارەتنى ياكى تاماشانى كۆرسە، سېنى ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇۋاتقان پېتىڭ تاشلاپ، ئۇنىڭغا يۈگرىدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ۋە نېمەت تاماشادىن ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر. ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر﴾ [جۇمۇئە سۈرىسى 11 ـ ئايەت]

بۇ ھېسابات قايىنمى ئىچىدە ئىماننى يوقاتماي، قەلبىنى ئاللاھدىن قورقۇش بىلەن، تىلىنى ئاللاھنى ياد قىلىش بىلەن ياشارتىپ سالامەت قالغان كىشى، ئاللاھ يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى ئاتا

www.munber.org

قىلغان پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شەھىدلەر بىلەن بىللە بولۇشقا لايىق بولغان بولىدۇ.

ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىجارەت ساھەسىدە قىلغان ئىشلىرىغا نەزەر سالساق شۇنى كۆرىمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روھىي جەھەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، مەدىنىدىكى مەسجىدنى ئاللاھنىڭ تەقۋالىقى ۋە رازىلىقى ئۈستىگە بىنا قىلىپ ئۇنى ئىبادەت قىلىنىدىغان مەسجىد، ئىلىم ئۆگىتىلىدىغان مەكتەپ، ئىسلام تەشۋىقات ئورگىنى ۋە دۆلەتنىڭ مەركىزى قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئىقتىسادىي جەھەتكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

بۇرۇن مەدىنىدە بەنى قەينۇقا بازىرىنى يەھۇدىيلار قولىغا كىرگۈزىۋالغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە يەھۇدىيلارنىڭ چىشى پاتمايدىغان مۇستەقىل ئىسلامىي بازاردىن بىرنى قۇرۇپ چىقتى، بۇ بازارنى تەرتىپكە سېلىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلدى. بازارنى كۆرسەتمىلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ تۇردى، بىز (مۇسۇلمانىنىڭ ئۇمۇمىي ھاياتىدىكى ھالال - ھارام) دېگەن بابتا بايان قىلغىنىمىزدەك، بۇ بازاردا ئالداش، ئۆلچەم - تارازىدا كەم بېرىش، مونوپولچىلىق قىلىش ياكى ساختىپەزلىك قىلىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر يوق ئىدى.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئۇستا ياغاچچىلارنى، دېھقانلارنى ۋە ھەرخىل ھۈنەر - سەنئەت ئىگىلىرىنى كۆرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى كۈتىۋالماقتا، چۈشكەن ئايەتلەرنى ئۇلارغا يەتكۈزمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پەيغەمبەرگە باغلانغان،

www.munber.org

پـەيغەمبەرنى چـىـن قـەلبىدىن سۆيگـەن، ھـەر بـىرى پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىردەمۇ ئايرىلماسلىقنى ئارزۇ قىلغان. شۇنداق تۇرۇقلـۇق ساھابىلىرىنىڭ ئـۆز ئـىشـلىرىنى قىلىـپ تۇرغـانلىقىنى كـۆرىمىز. بىرسى تىجارەت بىلەن ئۇيـاق ـ بۇياققا قاتنـاپ يۈرگـەن، يەنە بىرسى خورمىزارلىقى ۋە ئېتىزىدا ئىشلىگەن، يەنە بىرى ھۈنەر ـ كەسىپ قىلغـان، پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ كۆرسـەتمىلىرىنى ئاڭلىمـاي قالغـانلىرى بولسا، باشـقىلاردىن سـوراپ ئۆگـىنىۋالغان، چۈنكـى پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئۆگـىنىشـكە قاتناشـقۇچىلارنى قاتنىشالمىغانلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشقا بۇيرىغان.

ئومۇمـەن ئەنسـارلار دېھقـانچىلىق ۋە بـاغۋەنچىلىك بىلـەن شۇغۇللانسـا، مۇھـاجىرلار بازارغـا بېـرىش ۋە تىجـارەت بىلـەن شۇغۇللىنـاتتى.

مانـا بـۇ مۇھـاجىرلاردىن بـىرى ھـەزرىتى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋفكە ئـاللاھ يولىدىكى دىنىي قېرىنداشـى ھـەزرىتى سـەئد ئىبنى رابىـئ ئـەل ئەنسـارى ئىككـى ئـۆيىدىن بىـرىنى، ئىككـى ئايالىدىن بىرىنى تاللىۋېلىشنى تەكلىپ بېرىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنداق بىر ئېسىل ئۆتـىنىش تەكلىپىگە قارىتا ئوخشاش دەرىجىدە ئېسىل تەشەككۈر جـاۋابىنى بېـرىدۇ، ئـۇ ھـەزرىتى سـەئدكە: « مېلىڭنى ۋە ئائىلەڭنى ئاللاھ ساڭا بەرىكەتلىك قىلسۇن، مېنىڭ ئۇلارغا ئېھتىياجىم يوق، بۇ يەردە تىجارەت قىلىدىغان بـازار بـارمۇ؟» دېدى. ھەزرىتى سەئد ئۇنىڭغا: «ھەئە، بەنۇ قەينۇقا بازىرى بار» دېدى. شۇنداق قىلىپ ھـەزرىتى ئابدۇرراھمـان يـاغ ۋە سۈزمە قاتـارلىقلارنى ئېلىپ بازارغا چىقتى، ئېلىپ ـ ساتتى، بازارغا بېرىشنى داۋاملاشتۇردى، ئاخىرى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىرىدىن بولۇپ قالدى، ۋاپات قىلغاندا نۇرغۇن بايلىق قالدۇرۇپ كەتتى.

www.munber.org

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرمۇ (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) تىجارەت قىلىپ تۇرغان، ھەتتا ئۇنى مۇسۇلمانلار خەلىپە سايلىغان كۈنمۇ بازارغا بېرىپ ئائىلىسى ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلماقچى بولغان ئىدى.

ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بازاردا ئېلىم - سېتىم قىلىش مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشتىن مەشغۇل قىلدى».

ھەزرىتى ئوسمان ۋە نۇرغۇنلىغان ساھابىلارمۇ شۇنداق ئىدى.

## خرىستىئانلارنىڭ تىجارەتكە قارىتا پوزىتسىيىسى

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام جەمئىيىتى دىنىنىڭ سايىسى ئاستىدا دۇنياغا يۈزلىنىپ ماڭغان، تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىم بىلەن شۇغۇللانسىمۇ تىجارەت ۋە ئېلىم - سېتىم ئاللاھنى ئەسلەشتىن توسۇپ قويمىغان. دەل بۇ چاغلاردا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى كۆپلىگەن ياۋرۇپا ئەللىرىدە ياشاۋاتقان خرىستىئانلار قۇتقۇزۇش ياكى قۇرتۇلۇش ئىددىيىسى بىلەن لەنەتكە ئۇچراش خەۋپى ئىددىيىسى ئىچىدە قارىغۇلارچە ئېزىپ يۈرمەكتە ئىدى، قۇرتۇلۇش ياكى قۇتقۇزۇش ئىددىيىسى دېگىنىمىز ـ (ئېكلىروس) قاراشلىرىغا قارشى چىقىپ ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق يۈكلىنىۋالغان گۇناھلاردىن قۇرتۇلۇشتىن ئىبارەت. لەنەتكە ئۇچراش خەۋپى دېگىنىمىز - كىشىلەرنىڭ دىنىي ئالىملارنىڭ تەلىماتلىرىغا قارشى چىقىپ ھۈنەر - سەنئەت ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇچرايدىغان لەنەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە ھۈنەر - كەسىپ ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ گۇناھى

www.munber.org

ئادەتتىكى بىر گۇناھ بولماستىن، دۇنيا ـ ئاخىرەت، ئاسمان ۋە زېمىندا مەڭگۈ قالىدىغان لەنەت ۋە ئەبەدىي جىنايەت ئىدى.

خرىستىئانلارنىڭ چوڭلىرىدىن (ئوگاستىن) مۇنداق دەيدۇ: «ئەمەلىيەتتە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئۆزى گۇناھتۇر، چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئىنساننى ئاللاھدىن ئۇزاقلاشتۇرىدۇ».

يەنە بىرسى مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر نەرسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئۆزگەرتىش پەيدا قىلماستىن باشقىلارغا ساتقان ئادەم، چېركاۋنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن قوغلانغان تىجارەتچىلەر قاتارىغا كىرىدۇ».

بۇ قاراشلار مەنتىقىي جەھەتتىن ئېيتقاندا «بىر خرىستىئان كىشى تىجارەت ئۈچۈن بىر خرىستىئان قېرىندىشى بىلەن سودا ئالدىدا داۋالىشىپ يۈرمەسلىكى كېرەك، چۈنكى خرىستىئانلار ئىچىدە ئۆزئارا پائال تىجارەت ھەرىكىتى بولماسلىقى كېرەك» دېگەن (پاپا پوۋلۇس) پىكىرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

www.munber.org

## ھارام قىلىنغان تىجارەت

ئىسلام دىنى: زۇلۇم، ئالداش، بوزەك قىلىش ياكى ئىسلام چەكلىگەن نەرسىنى بازارغا سېلىش قاتارلىق ئىشلاردىن باشقا ھەر تۈرلۈك تىجارەت ئۇسۇللىرىنى ھارام قىلمىغان.

مەسىلەن: ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىكلەر، توڭگۇز، بۇت ـ ھەيكەللەر ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىسلام دىنى ئىشلىتىشنى، پايدىلىنىشنى ياكى ئېلىپ ـ سېتىشنى ھارام قىلغان ھەر تۈرلۈك

نەرسىلەر بىلەن تىجارەت قىلىش، ئىسلام راۋا كۆرمەيدىغان ھارام تىجارەتتۇر. بۇلاردىن كەلگەن كىرىممۇ مەينەت كىرىمدۇر. بۇ كىرىم بىلەن ياشىغان كىشىنىڭ جىسمى جەھەننەمدە كۆيۈشكە لايىقتۇر، بۇنداق ھارام تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ، تىجارەتتە راستچىل، ئەمىن بولىشى ئۇلارنى جەھەننەم ئوتىدىن قۇتقۇزالمايدۇ، چۈنكى بۇلار تىجارەت قىلىۋاتقان ماللار، ئىسلام چەكلىگەن ۋە ئىسلام جەڭ ئېلان قىلغان ھارام ماللاردۇر. ئالتۇن ياكى يىپەك تىجارىتىدە چەكلىمە يوق، چۈنكى بۇلار ئاياللارغا ھالالدۇر، بىراق بۇلاردىن ئەرلەر ئىشلىتىشى ئۈچۈنلا ياسالغىنى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش ھارامدۇر.

ھالال تىجارەت قىلغاندا قىيامەت كۈنىدە گۇناھكارلار گورۇھى بىلەن بىللە تۇرۇپ، جەھەننەم ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تىجارەتچىلەرنىڭ دىققەت قىلىشى كېرەك بولغان بىر قانچە ئىشلار بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى نامازغا چىقىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ ئېلىپ - سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئۇلارغا:

«ئى تىجارەتچىلەر! » دېدى، بۇنى ئاڭلىغان ھەممە كىشىلەر قوللىرىدىكى نەرسىلەرنى قويۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھدىن قورققان ۋە راستچىل بولۇپ لەۋزىدە تۇرغانلاردىن باشقا بارلىق تىجارەتچىلەر قىيامەت كۈنىدە گۇناھكارلار قاتارىدا تىرىلىپ قوپىدۇ»[1].

ساھابىلەردىن ھەزرىتى ۋاسىلە ئىبنۇل ئەسقائ مۇنداق دەيدۇ: "بىز تىجارەت قىلغان چاغلىرىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە

[1] - ئىمام تىرمىزى، ئىبنى ھىببان، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى (ھەسەن سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

چىقىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئى تىجارەتچىلەر، ھەرگىز يالغان گەپ قىلىپ سالماڭلار»[1].

تىجارەتچى يالغان سۆزلەشتىن ئاگاھ بولسۇن، چۈنكى يالغان سۆز تىجارەتچىلەرگە بىر ئاپەت، يالغانچىلىق گۇناھقا باشلايدۇ، گۇناھ جەھەننەمگە باشلايدۇ.

تىجارەتچىلەر ئومۇمەن قەسەم ئىچىشتىن، بولۇپمۇ يالغان قەسەم قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشىگە ئاللاھ قىيامەت كۈنى قارىمايدۇ، ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىمايدۇ، ھەمدە ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. بىرى: يالغان قەسەم بىلەن مېلىنىڭ بازىرىنى چىقارغان كىشى»[2].

ھەزرىتى ئەبۇ سەئىيد مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى بىر سەھرالىق قولىدا بىر قوينى يېتىلەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا: «قوينى ئۈچ تەڭگىگە ساتامسەن؟» دېدىم، ئۇ ماڭا: «ئاللاھ بىلەن قەسەم، ياق ساتمايمەن"دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن ئۇنى شۇ باھادا ساتتى، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخىرىتىنى دۇنياسىغا سېتىپتۇ» دېدى»[3].

تىجارەتچى ئالدامچىلىق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن، چۈنكى ئالدامچى ئىسلام ئۈممىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

تىجارەتچى ئۆلچەش ياكى جىڭلاشتا كەم بېرىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن! ئاللاھ تائالا دېدى:

﴿وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ﴾

[1] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي!﴾ [مۇتەففىفىن سۈرىسى 1 ـ ئايەت]

مونوپولچىلىقتىن ھەزەر ئەيلىسۇن، چۈنكى مونوپولچىلىق قىلغۇچىدىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ.

جازانە (ئۆسۈم) بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆسۈمدىن بەرىكەتنى يوقىتىۋېتىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا جازانە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئاللاھقا ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىق دەپ كۆرسەتكەن. ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرستىلگەن: «بىر كىشىنىڭ بىلىپ تۇرۇپ جازانىدىن يېگەن بىر تەڭگىسى ئوتتۇز ئالتە قېتىم قىلغان زىنادىنمۇ ئېغىر»[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇئامىلىلەر بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## خىزمەت قىلىش ۋە مەنسەپ تۇتۇش

مۇسۇلمان كىشى ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا، تەلەپ قىلىنغان بارلىق نەرسىلەرنى جايىدا ئورۇنلاشقا كۈچى يېتىدىغانلا بولسا، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، ئىدارە، شىركەت ياكى بىر شەخس قولىدا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدىسا بولىدۇ. ئەمما ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئىشقا، بولۇپمۇ سوت ۋە ھۆكۈمەت مەنسەپلىرىگە ئۆزىنى كۆرسەتسە بولمايدۇ.

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىس راۋىلىرىدۇر.

www.munber.org

ھــەزرىتى ئــەبۇ ھۈرەيــرە (ئــاللاھ ئۇنىڭدىــن رازى بولســۇن) پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالامنىڭ مۇنــداق دېگــەنلىكىنى ئاڭلىغــان: «ھوقۇقدارلارنىــڭ، رەئىســلەرنىڭ، ئامبــارچىلارنىڭ ھالىغــا ۋاي! قىيامــەت كۈنــدە بەزى كىشــلەر شۇنداق بىــر ئــەھۋالدا قالــىدۇكى، دۇنيادا ھېچبىر خىزمەت تۇتمىساق بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلىپ، چاچلىرىدىن چولپان يۇلتۇزغا ئېسىلىپ، ھاۋا بوشلۇقىدا ساڭگىلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ»[1].

ھــەزرىتى ئــەبو زەر رەزىيــەللاھۇ ئــەنھۇ مۇنــداق دەيــدۇ: مــەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا بىر مەنسەپ تۇتقۇزمــاملا؟" دېدىــم، پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام مۈرەمگــە قولــى بىلــەن ئۇرغــان ھــالدا مۇنــداق دېــدى: «ئى ئــەبۇ زەر، ســەن ئــاجىز، مەنسەپ دېگەن ئامانەت، بۇ مەنسەپ تولۇق ھۆددىسىدىن چىقىپ مــەجبۇرىيىتىنى ئــادا قىلالىغــانلاردىن باشــقىلارغا قىيامــەت كۈنــى پۇشمان ۋە نومۇس بولىدۇ»[2].

يەنــە پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام مۇنــداق دېگــەن: «ســوتچىلار ئــۈچ خىــل بولىــدۇ: بىــر خىلــى جەننەتتــە، ئىككىسى جەھەننەمگــە كىــرىدۇ. جەننەتتــە كىــرىدىغىنى ھــەقنى تونــۇپ، ھەققــە ئاساســەن ھۆكــۈم قىلغــان كىشــىدۇر، قالغــان ئىككىســى بولســا، بىــرى ھــەقنى بىلىپ تۇرۇپ ناھەق ھۆكۈم قىلغان، يەنە بىرى بىر نەرسە بىلمەي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلغان كىشىدۇر، بۇ ئىككىسى جەھەننەمدىدۇر»[3].

ياخشى مۇسۇلمان دېگەن چوڭ مەنسەپ ۋە خىزمەتكە لاياقىتى بولســـىمۇ، ئۇنىـــڭ ئارقىســـىدىن قوغلاشماســـلىقى ۋە ئۇنىڭغـــا ھېرىسمەنلىك قىلمىغىنى تۈزۈك، چۈنكى پۈتۈن ئۈمىدىنى مەنسەپ -

---

[1] - ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان، ھاكىممۇ رىۋايەت قىلىپ (سەنەدى سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[2] - ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] - ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھوقۇققا باغلاپ قويغان كىشىنى مەنسەپ ـ ھوقۇق قۇل قىلىۋالىدۇ، كىمكى پۈتۈن دىققىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرىدىكەن، ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

ھەزرىتى ئابدۇرراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق دېدى: «ئى ئابدۇرراھمان، مەنسەپ تەلەپ قىلما. ئەگەر سەن تەلەپ قىلمىغان ھالدا مەنسەپ ساڭا بېرىلسە، ياردەم قىلىنىسەن. ناۋادا مەنسەپنى ئۆزۈڭ تەلەپ قىلىپ ئالغان بولساڭ ياردەمسىز يالغۇز قالىسەن»[1].

ھەزرىتى ئەنەسنىڭ دېيىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قازىلىقنى ئارزۇ قىلىپ، قازى بولۇشقا يولى بار كىشىلەردىن ياردەم سورىسا، ئۆزى يالغۇز قالىدۇ، كىمكى بۇ مەنسەپنى ئارزۇ قىلمىغان ھالدا مەجبۇرەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ»[2]. ناۋادا بىر مەنسەپنى تۇتۇشقا شۇ بىر كىشىدىن باشقا لاياقەتلىك ئادەم تېپىلمايدىغان، ھەمدە مەنسەپنى ئۆز ئۈستىگە ئالمىسا كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدىغان بىر ۋەزىيەت كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا لاياقىتى بار كىشى چىقىپ بۇ مەنسەپنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ. قۇرئان كەرىم بىزگە يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغان، بۇ قىسسەدە يۈسۈف ئەلەيھىسسالام پادىشاھقا مۇنداق دېگەن:

﴿اجْعَلْنِي عَلَى خَزَائِنِ الْأَرْضِ إِنِّي حَفِيظٌ عَلِيمٌ﴾

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿يۇسۇف: «مېنى مىسىرنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن ئوبدان ساقلىيالايدىغان، بىلىملىك ئادەممەن» دېدى﴾ [يۇسۇف سۈرىسى 55 ـ ئايەت]

سىياسىي ۋە باشقا بارلىق ئىش ـ خىزمەتلەرنى تەلەپ قىلىشتا ئىسلام كۆرسەتكەن ئەدەب ـ ئەخلاق ئەنە شۇنداق.

## ھارام قىلىنغان ئىش ـ خىزمەتلەر

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان «خىزمەت بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ» دېگەن سۆز، بۇنداق خىزمەتلەردە مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق بىر نەرسە بولماسلىق شەرتىگە باغلىق. مەسىلەن: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان قوشۇندا ئوفىتسېر ياكى ئەسكەر ياكى ئىشچى بولۇپ خىزمەت قىلىشى، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قورال ـ ياراق ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇت ياكى شىركەتلەردە ئىشلىشى، ھەمدە ئىسلام دۈشمىنى بولغان ھەرقانداق بىر ئورۇندا خىزمەت قىلىشى ھالال بولمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، كىمكى ھارامغا ياكى زۇلۇمغا ياردەم بېرىدىغان خىزمەتتە ئىشلىسە بۇ خىزمەت ھارام بولىدۇ. مەسىلەن: جازانە ـ ئۆسۈم ئىشلىرىدا ئىشلەش، ھاراق زاۋۇتى ۋە دۇكىنىدا ئىشلەش، تانسىخانا ياكى شۇنىڭدەك جايلاردا ئىشلەش قاتارلىقلاردەك.

بۇنداق ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزى بىۋاستە ھارام ئىشلارنى قىلمايدىغانلىقى، ئۇلارنى گۇناھتىن پاكلىيالمايدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك گۇناھقا ياردەم قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ گۇناھتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆسۈم

www.munber.org

يېگەنگە لەنەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۆسۈم مۇئامىلىسىنى يازغانغا ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولغانغىمۇ لەنەت قىلغان. ھاراق ئىچكەنگە لەنەت قىلغاندەك ئىشلەپ چىقارغانغا ۋە قۇيۇپ بەرگەنگىمۇ لەنەت قىلغان.

ئەمما بۇ ھۆكۈم مۇسۇلمان كىشىنى بۇنداق ئىشلاردىن تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال بولمىغان چاغلاردا شۇنداق بولىدۇ. ناۋادا بۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا، مۇسۇلمان كىشى بۇنداق ئىشلاردىن نەپرەتلەنگەن ھالدا ئىشلەپ تۇرۇپ ھارام ئىشتىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن داۋاملىق ئىزدىنىپ ھالال كەسىپكە يۆتكىلىشى كېرەك.

مۇسۇلمان دېگەن قانچىلىك كۆپ پايدا بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر گۇمانلىق ۋە دىنىنى ئاجىزلىتىدىغان جايلاردىن داۋاملىق ئۆزىنى يىراق تۇتىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

«گۇمانلىق نەرسىلەرنى قويۇپ، گۇمان يوق نەرسىلەرنى قىل» [1].

«بەندە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ سىلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، چەكلەنمىگەن نەرسىلەرنى تەرك قىلمىغىچە، تەقۋادارلار دەرىجىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ» [2].

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھ دە رىۋايەت قىلغان. ئىمام تىرمىزى (ھەسەن سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[2] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## پۇل تېپىش مەسىلىلىرىدە ئومۇمىي قائىدە:

پۇل تېپىشتىكى ئومۇمىي قائىدە شۇكى: ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا خالىغان يول ۋە خالىغان شەكىلدە پۇل تېپىشنى راۋا كۆرمەيدۇ، بەلكى ئىسلام دىنى جەمئىيەت ۋە كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا تىرىكچىلىك قىلىشقا قانۇنلۇق ۋە قانۇنسىز يوللارنى ئايرىپ كۆرسەتكەن، بۇ ئايرىش مۇنداق بىر ئاساسىي پرىنسىپقا تايىنىدۇ:

«پايدا ئېلىش پەقەتلا باشقىلارنىڭ زىيان تارتىشىغا باغلىق بولغان يوللارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىزدۇر. ئادالەت ۋە رازىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرىشى قانۇنلۇقتۇر» بۇ پرىنسىپنى ئاللاھ تائالانىڭ شۇ سۆزى ئېنىق بايان قىلىدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا ۞ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ عُدْوَانًا وَظُلْمًا فَسَوْفَ نُصْلِيهِ نَارًا﴾

﴿ئى مۆمىنلەر، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر، كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى چەكلەنگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز﴾ [نىسا سۈرىسى 29 ـ 30 ـ ئايەتلەر]

**بۇ ئايەت تىجارەتنىڭ قانۇنلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرت قويغان:**

www.munber.org

بىرىنچىسى: تىجارەت ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولىشى.

ئىككىنچىسى: بىر تەرەپنىڭ پايدا ئېلىشى ئىككىنچى تەرەپنىڭ زىيان تارتىشىغا باغلىق بولماسلىقى. بۇنى ئايەتتىكى «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن بۇيرۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. مۇپەسسىرلەر بۇنى ئىككى مەنىدە تەفسىر قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى مەنە بۇ ئورۇنغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىرىنچى مەنە: بىر ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈشمەڭلار.

ئىككىنچى مەنە: ئۆزۈڭلارنى ئۆز قوللىرىڭلار بىلەن ئۆلتۈرمەڭلار.

دېمەك: «بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ قېنىنى ئېقىتقان، ئاخىردا يالغۇز ئۆزىنىلا ھالاكەتكە سۆرىگەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئوغرىلىق، پارىخورلۇق، قىمارۋازلىق، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك، جازانىخورلۇق ۋە بۇلارغا ئوخشايدىغان كۆپلىگەن پۇل تېپىش يوللىرىدا ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلار قانۇنسىز يوللاردۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بولۇش شەرتى تېپىلسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن ئايىتىدىكى مۇھىم شەرت تېپىلمايدۇ»[1].

[1] ـ ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى: (ئىقتىساد ئاساسلىرى) ناملىق ئەسىرى، 152 ـ بەت.

www.munber.org

# ئۈچىنچى باب

## تۇي - تۆكۈن ۋە ئائىلە ھاياتىدىكى ھالال ۋە ھارام

- ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە .
- تۇي قىلىشتا .
- ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە .
- تۇغۇت چەكلەشتە .
- ئەر - ئايالنىڭ ھوقۇقلىرى ھەققىدە .

## ئاتا - ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە.

www.munber.org

## بىرىنچى ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدە

ئاللاھ تائالا ئىنساننى زېمىندىكى ئىزباسارى قىلىپ يارىتىپ، ئۇنى زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە بۇيرىدى. ناۋادا ئىنسانلار زېمىندا باقىي بولۇپ تۇرمايدىغان بولسا، بۇ ۋەزىپە ھەرگىزمۇ ئادا بولمايتتى، شۇڭا ئىنسان زېمىندا ياشاپ كەلدى، تېرىقچىلىق قىلدى، ئىشلەپچىقاردى، بىنا قىلدى ۋە گۈللەندۈردى. دېمەك: ئىنسانلار ئاللاھ تائالا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىپ كەلدى، بۇ ۋەزىپىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ھاياتىنىڭ داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر قىسىم ئىچكى تۈرتكە ۋە تەبىئەتلەرنى ئىنسانغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

مەسىلەن: ئىنساندا ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغان يېمەكلىكنى ئىزدەش تەبىئىتى بار، ئىنساندا يەنە جىنسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش تەبىئىتى بار، ئىنسانلار بۇ تەبىئەت بىلەن نەسلىنى ساقلاپ قالىدۇ، بۇ ئىنساندىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر تەبىئەت بولۇپ، ئىنسانلار بۇ تەبىئەتنىڭ ئۈسسۈزلۈقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر جۆرىگە مۇھتاج.

ئىنسانلار بۇ جىنسىي تەبىئەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا ئۈچ خىل پوزىتسىيىنىڭ بىرىنى تۇتۇشقا مەجبۇر:

## جىنسىي تەبىئەت ئالدىدا ئىنساننىڭ پوزىتسىيىسى

بىرىنچى پوزىتسىيە: دىن ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، چەكسىز ئەركىنلىك تەشەببۇس قىلىدىغان

www.munber.org

ئېقىملاردىكىدەك دىن، ئەخلاق ۋە ئۆرپ - ئادەت چەكلىمىسىنى قايرىپ قويۇپ، جىنسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىش. قانداق خالىسا، قەيەردە خالىسا ۋە كىم بىلەن خالىسا جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش. ئىنسان بۇنداق ئەھۋالدا ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. نەتىجىدە شەخس، ئائىلە ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ.

ئىككىنچى پوزىتسىيە: جىنسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنى پۈتۈنلەي بوغۇپ تاشلاپ، خۇددى مانى دىنى ۋە راھىبلىق ئېقىملىرىدىكىدەك ئۆزىنى مەھرۇم قىلىش ۋە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈش.

بۇ، جىنسىي ئارزۇيىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەمدە بۇ، ئىنساندا جىنسىي تەبىئەتنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى ئىنكار قىلغانلىق ۋە بۇ تەبىئەتنى ئىنسانىيەت نەسلىنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ھايات قانۇنىيىتىگە قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى پوزىتسىيە: جىنسىي ئارزۇ - ھەۋەسكە چەك - چېگرا سىزىپ، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېپمۇ قويماي، بولۇشىغا قويۇپمۇ بەرمەي، ئۇنى ئاشۇ دائىرە ئىچىدە قاندۇرۇش.

مانا بۇ نىكاھلىنىشنى يولغا قويۇپ زىنانى چەكلىگەن ساماۋى دىنلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر. خۇسۇسەن بۇ ئارزۇ - ھەۋەسنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنى قاندۇرۇشقا ھالال يوللارنى قولايلاشتۇرۇپ بەرگەن، راھىبلىق ۋە ئايالLARدىن ئايرىم ياشاشنى چەكلىگەن، ھەمدە زىنا ۋە زىنانىڭ مۇقەددىمىلىرىنىمۇ قاتتىق چەكلىگەن ئىسلام دىنىنىڭ يولىدۇر.

مانا بۇ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ئوتتۇرا ۋە نورمال يولدۇر. ناۋادا توي قىلىش يولغا قويۇلمىغان بولسا، جىنسىي تەبىئەت ئىنسان

www.munber.org

نەسلىنى ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينىمىغان بولاتتى. ئەگەر زىنا چەكلەنمەي، بىر ئايال بىر ئەرگە مەخسۇس قىلىنمىغان بولسا، دوستلۇق، مېھرى ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ قاتارلىق ئالىيجاناب ئىجتىمائىي ۋە ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇلارنى يېتىلدۈرىدىغان ئائىلىلەر قۇرۇلمىغان بولاتتى. ناۋادا ئائىلە بولمىغان بولسا، جەمئىيەتمۇ بولمىغان ۋە تەرەققى قىلمىغان بولاتتى.

## زىناغا يېقىنلاشماڭلار

بارلىق ساماۋى دىنلارنىڭ زىنانى ھارام قىلىشتا ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشتا بىردەك ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە ھەيران قالماسلىقىمىز كېرەك. ساماۋى دىنلارنىڭ ئاخىرقىسى بولسا، ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇنى چەكلەشتە قاتتىق چەك تۇرغان، ئۇنىڭدىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، چۈنكى زىنا، نەسەبنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىگە، نەسلگە جىنايەت قىلىشقا، ئائىلىلەرنىڭ چۇۋۇلۇپ كېتىشىگە، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ پارچىلىنىشىغا، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا، شەھۋەتنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋە ئەخلاقنىڭ يىمىرىلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ ھەقتە ھەقىقەتەن راست ئېيتقان:

﴿وَلَا تَقْرَبُوا الزِّنَى إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَسَاء سَبِيلًا﴾

﴿زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

www.munber.org

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىسلام بىر نەرسىنى ھارام قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق يوللارنى تاقاپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق مۇقەددىمىلەرنىمۇ ھارام قىلىدۇ. شەھۋەتنى قوزغاپ، ئەر ـ ئايالغا پىتنە دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان، زىناغا قىزىقتۇرىدىغان ياكى ئۇنى يېقىنلاشتۇرۇپ قولايلاشتۇرۇپ بېرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى بۇزۇقلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنى چەكلەيدۇ ۋە ھارام قىلىدۇ.

## نامەھرەم بىلەن خالىي بىر يەردە بولۇش ھارام

ئىسلام ھارام قىلغان مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىرى: ئەر كىشىنىڭ يات بىر ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە بولۇشىدۇر. يات ئايال دېگىنىمىز: ئەر كىشىنىڭ توي قىلىشى مەڭگۈ چەكلەنگەن ئانا، ئاچا، سىڭىل، ھاماچا... قاتارلىق يېقىن تۇغقانلىرىدىن باشقا ئاياللاردۇر. (بۇنى كېيىنچە بايان قىلىمىز).

بۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىسىگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىككەيلەن يالغۇز قالغان ۋاقىتتىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىق تەبىئىتى كۆڭلىگە سالىدىغان يامان ئويلاردىن ۋە ۋەسۋەسىلەردىن قوغداشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن ئادەم، مەھرىمى يېنىدا بىللە بولمىغان يات ئايال بىلەن خالىي بىر يەردە بولمىسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ﴾[1].

قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾

﴿پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 53 ـ ئايەت]

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ پەردە ئاياللار ھەققىدە ئەرلەرنىڭ ۋە ئەرلەر ھەققىدە ئاياللارنىڭ كۆڭلىگە كېلىۋالىدىغان ئوي ـ پىكىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى: بۇنداق ئەخلاقنى رىئايە قىلىش ئىنساننى ھىمايە قىلىدۇ، قورۇق گەپ ـ سۆزگە يول قويمايدۇ، گۇماننى يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى: بىر كىشى ئۆزىگە نامەھرەم بولغان بىر ئايال بىلەن بىر جايدا خالىي ئولتۇرۇشتا ئۆزىگە ئىشەنچ قىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىگە داغ كەلتۈرمەي، ئۆزىنى تېخىمۇ ئىپپەتلىك تۇتالايدۇ»[2].

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ھەزرىتى ئامىر ئىبنى رابىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، سەھىھەيندىمۇ ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن: ((مەھرەمى يېنىدا بىللە بولمىغان بىر يات ئايال بىلەن ھەرگىزمۇ خالىي بىر يەردە بىللە بولۇپ قالماڭلار)) دەپ رىۋايەت قىلىنغان.
[2] ـ تەفسىرى قۇرتۇبىي: 14 ـ توم، 228 ـ بەت.

www.munber.org

تۇغقانلار ئارىسىدىكى كەڭچىلىك نەتىجىسىدە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىبەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىمالىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى ئەرنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن مەسىلەن: ئېرىنىڭ بىر تۇغقىنى، ئېرىنىڭ ئىككى تۇغقىنى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن خالىي بىر يەردە ئولتۇرۇشتىن ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرغان. دېمەك _ تۇغقانلار بىلەن خالىي يەردە بولۇش، باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك خەتەرلىك. ئېزىپ سېلىش ئېھتىمالى تېخىمۇ كۈچلۈك. چۈنكى تۇغقان كىشى يات كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە ھېچ تۇسالغۇسىزلا ئۆيگە ۋە ئاياللارنىڭ قېشىغا كىرەلەيدۇ.

ئايال كىشىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، ھاممىسىنىڭ ئوغلى قاتارلىقلاردەك ئۆزىنىڭ نامەھرەم تۇغقانلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئايال كىشى ئۇلار بىلەن بىللە خالىي يەردە ئولتۇرسا بولمايدۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاياللار بار يەرگە كىرمەڭلار» بۇنى ئاڭلاپ ئەنسارلاردىن بىرسى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەرنىڭ تۇغقىنىچۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

«ئەرنىڭ تۇغقىنى ئۆلۈم» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

ھەدىسكە قارىغاندا، يات ئايال بىلەن يات ئەركىشىنىڭ خالىي يەردە بولۇشى بىر قانچە جەھەتتىن خەتەرلىك. چۈنكى ئىككىسى ئارىسىدا گۇناھ يۈز بەرگەن تەقدىردە، ئۇلار دىنىي خەتەرگە دۇچار بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئېرى كۈنلەپ ئايالىنى قويۇپ بېرىدىغان

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان. ھەدىستىكى "ئەرنىڭ تۇغقىنى" دېگەندىن مەقسەتنى ئىمام نەۋەۋى: ئاتىسى ۋە بالىسىدىن باشقا ئاكا ـ ئۇكا، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى، تاغا ۋە تاغىنىڭ ئوغۇللىرى، ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئوغلى ۋە ھاماچىنىڭ ئوغلى قاتارلىقلار دەپ قارىغان. ئىمام مازەرى ئۇنى قېيىن ئاتا دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ قېيىن ئاتىدىن باشقا يات تۇغقانلار ئاللىقاچان چەكلىمە دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى ئەسلەتمەك ئۈچۈن شۇنداق دېگەن. فەتھۇل بارى: 11ـ توم، 344 ـ بەت.

بولسا، بۇ ئايرىلىش ئايالغا ئېغىر كېلىدۇ. ھەمدە ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە گۇمانلىق قاراش ئەھۋالى يۈز بەرسە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىداق خەتەر پەقەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھېس - تۇيغۇلاردىنلا كېلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئائىلە ئىچى، ئەر - ئايال ئىككەيلەننىڭ ئىچكى ھاياتى ۋە سىرلىرىنىڭ يېيىلىپ، ۋات - ۋاتلار، يېتىم ئاقساقاللار ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاشقا ئامراق ئادەملەر ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيىنى بۇزۇشقا خۇشتار كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قېلىشىدىنمۇ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنۇل ئەسىير[1] مۇنداق دەيدۇ: «"ئەرنىڭ تۇغقانلىرى ئۆلۈمدۇر" دېگەن ئىبارە ئەرەبلەر قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇسلۇبتا ئېيتىلغان بىر ئىباردۇر، بۇ خۇددى (يولۋاس ئۆلۈمدۇر) (پادىشاھ ئوتتۇر) دېگەنگە ئوخشاش، يەنى يولۋاسقا يېقىنلاشماق ئۆلۈمگە، پادىشاھقا يېقىنلاشماق ئوتقا يېقىنلاشماق دېگەنلىكتۇر. دېمەك بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: ئايال كىشىگە ئېرىنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بىللە خالى يەردە ئولتۇرۇش، باشقا يات كىشىلەر بىلەن بىللە خالىي يەردە ئولتۇرىشىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك. چۈنكى تۇغقىنى ئايالىغا بەزى گەپ - سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئېرىگە ئېغىر تەلەپ قويۇشقا، ئېرىگە ناچار مۇئامىلە قىلىشقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. ھەمدە ئەر كىشى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيۋ ئىچى ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىشنى خالىمايدۇ».

---

[1] ـ **ئىبنۇل ئەسىير:** مۇبارەك ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل جەزرى، ھەدىس، لۇغەت ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدە تونۇلغان ئالىم. نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ھـ 606- يىلى ۋاپات بولغان- ت.

# شەھۋانىي قاراش

ئىسلام ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ بىرى بولسا، ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە ئارتۇقچە قارىشىدۇر. كۆز قەلبنىڭ ئاچقۇچىدۇر، قاراش پىتنىنىڭ ئەلچىسى ۋە زىنانىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇش بىلەن بارابەر پۈتۈن مۆمىن ئەر - ئاياللارنى تىكىلىپ قارىماسلىققا بۇيرىغان:

﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ وَيَحْفَظُوا فُرُوجَهُمْ ذَلِكَ أَزْكَى لَهُمْ إِنَّ اللَّهَ خَبِيرٌ بِمَا يَصْنَعُونَ ۞ وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي أَخَوَاتِهِنَّ أَوْ نِسَائِهِنَّ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُنَّ أَوِ التَّابِعِينَ غَيْرِ أُولِي الْإِرْبَةِ مِنَ الرِّجَالِ أَوِ الطِّفْلِ الَّذِينَ لَمْ يَظْهَرُوا عَلَى عَوْرَاتِ النِّسَاءِ وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ﴾

﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەردار. مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لىچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن، (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىناتىلىرىدىن، يا

www.munber.org

ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلىرىدىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەردىن، يا بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلاردىن باشقىلارغا كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى 30 ـ 31 ـ ئايەت]

بۇ ئىككى ئايەتتە بىرقانچە ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر بار، بۇ كۆرسەتمىلەرنىڭ ئىككىسى ئەر ـ ئايال ھەممىسىگە ئورتاق قارىتىلغان، ئۇ بولسا، تىكىلىپ قارىماسلىق ۋە ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلاش، باشقا كۆرسەتمىلەرنىڭ ھەممىسى ئاياللارغا قارىتىلغان.

بۇ ئىككى ئايەتكە نەزەر سالساق، قاراشنىڭ ھەممىنى ئەمەس، پەقەتلا بىر قىسمىنى چەكلىگەنلىكىنى، لېكىن ئەۋرەتنىڭ بىر قىسمىنى ئەمەس، پۈتۈنلەي ھەممىنى چەكلىگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز، چۈنكى ئەۋرەتنى پۈتۈنلەي ساقلاش كېرەك. ئەمما قاراش بولسا، ئاللاھ كىشىلەرگە قىيىنچىلىق بولۇپ قالماسلىقى ۋە بەزى مەنپەئەتكە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى ئۈچۈن كەڭچىلىك قىلىپ قاراشنىڭ بىر قىسمىغا رۇخسەت قىلغان، بۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىمىز.

تىكىلىپ قارىماسلىق دېگەننىڭ مەنىسى، قارىماي كۆزنى يۇمۇۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، ياكى باشنى ئېگىپ يەرگە قارىۋېلىش ئەمەس، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە مەقسەت قىلىنغانمۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿وَاغْضُضْ مِنْ صَوْتِكَ﴾ [لوقمان سۈرىسى 19 ـ ئايەت] (ئاۋازىڭنى پەسەيتكىن)

www.munber.org

دېگەن ئايىتىدىكى بۇيرۇقنىڭ مەنىسى سۆز قىلماي ئاغزىنى يۇمۇۋالغىن دېگەنلىك ئەمەس. دېمەك: تىكىلىپ قارىماسلىقنىڭ مەنىسى: كۆز سالماسلىق، قاراشتا ھايالىق بولۇش، ئۆتكەن ـ كەچكەن كىشىلەرگە خالىغانچە قاراپ تۇرىۋەرمەسلىك، بىرىگە قارىغان بولسا پۈتۈن ھۆسنىگە چوڭقۇرلاپ، ئۇزۇن قاراپ تۇرماسلىق دېگەنلىكتۇر.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەلى بىر قارىغاندىن كېيىن يەنە قاراۋەرمىگىن، دەسلەپكى قاراشقا رۇخسەت، ئىككىنچى قاراشقا رۇخسەت يوق»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاچكۆزلۈك ۋە تاماخورلۇق بىلەن قارىشىنى كۆزنىڭ زىناسى دەپ كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

﴿ئىككى كۆزمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زىناسى قاراشتۇر﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق شەھۋەتلىك قاراشلارغا زىنا دەپ نام بېرىشى، بۇنىڭ قانۇنسىز يول بىلەن ھوزۇرلىنىش ۋە جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنىڭ بىر يولى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

بۇ ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنجىلدا كەلگەن شۇ سۆزىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ: «بىلەردىن بۇرۇنقىلار زىنا قىلما دېيىشەتتى، مەن بولسام سىلەرگە دەيمەنكى: كىمكى كۆزى بىلەن قارىسا زىنا قىلغان بولىدۇ».

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇنداق ئاچكۆزلەرچە ھوزۇرلىنىپ قاراش ئىپپەت ۋە ئەخلاق ئۈچۈنلا خەتەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ساغلاملىقىغا، كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىگىمۇ خەتەرلىكتۇر.

## ئەۋرەتكە قاراش ھارامدۇر

ئەۋرەتلەرگە قاراشقا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ــ ئەر كىشى ئەر كىشىگە، ئايال كىشى ئايال كىشىگە قاراش بولسۇن، قاراش شەھۋەت بىلەن بولسۇن ياكى بولمىسۇن ـ ئەۋرەتلەرگە قاراشنى چەكلەپ مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئايال كىشىمۇ ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن بىر ئورۇندا ياتمىسۇن، ئايال كىشىمۇ ئايال كىشى بىلەن بىر ئورۇندا ياتمىسۇن»[1].

ئەر كىشىنىڭ ئايال ياكى ئەر قارىسا بولمايدىغان ئەۋرىتى بىر ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك: كىندىك بىلەن تىز ئارىلىقى دەپ بەلگىلىنىدۇ. ئىمام ئىبنى ھەزم ۋە بەزى مالىكىي مەزھەب ئالىملىرى: يوتا ئەر كىشى ئۈچۈن ئەۋرەت ئەمەس دەپ قارايدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى يات ئەرلەرگە نىسبەتەن: يۈزى ۋە ئىككى قولى (بېغىشىغىچە) دىن باشقا پۈتۈن بەدىنىدۇر.

ئەمما ئايال كىشىنىڭ مەھرىمىگە (دادىسى، ئاكا ـ ئىنىلىرى ...گە) نىسبەتەن ئەۋرىتىنى بولسا، ئۇنى ئالدىمىزدا بايان قىلىمىز.

[1] ـ ئىمام مۇسلىم، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئالىملار يەنە بۇ ھەدىسنى ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن، ئاياللارنىڭ ئاياللار بىلەن بىر يوتقاندا جىسمى تېگىشىپ يېتىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكىگە دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

www.munber.org

قاراش چەكلەنگەن ئەۋرەتلەرنى قول ياكى جىسىمنىڭ باشقا بىر ئەزاسى بىلەن تۇتۇشقا ھەم بولمايدۇ. بىز يۇقىرىدا قاراش ۋە تۇتۇش جەھەتتىن بايان قىلغان بۇ ھۆكۈملەر زۆرۈر ئەھۋال ۋە پەۋقۇلئاددە ئېھتىياج بولماسلىق شەرتىگە باغلىق، ئەگەر زۆرۈر ۋە جىددىي ـ مەسىلەن: تېز قۇتقۇزۇش ۋە داۋالاش زۆرۈرىيىتىدەك ـ ئەھۋال بولۇپ قالسا ھاراملىق ھۆكمى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ھەمدە قاراش رۇخسەت قىلىنغان ھەرقانداق يەرلەرگە قارىغان تەقدىردە ئېزىپ كېتىش ئېھتىمالى بولسا، ئۇنداق يەرلەرگە قاراشقا بېرىلگەن رۇخسەتمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىن قاراش چەكلىنىدۇ.

## قاراشتىكى مۇباھلىق دائىرىسى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھكاملاردىن مەلۇم بولدۇكى، ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرەت بولمىغان ئەزالىرىغا (يەنى كىندىكىنىڭ ئۈستى، تىزىنىڭ ئاستىغا) ئەگەر بىر يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغان ياكى ھېسسىيات قوزغىمايدىغان بولسا قارىسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىدە ھەبەشىستانلىقلارنىڭ نەيزە ئويۇنىنى كۆرۈشكە رۇخسەت قىلغان، ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا زېرىككىچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن قايتىپ كەتكەن[1].

ئەر كىشىنىڭمۇ ئايالنىڭ ئەۋرەت بولمىغان ئەزالىرىغا (يەنى يۈزى ۋە قولىغا) ھېسسىيات قوزغۇلۇش بولمىسا، ياكى يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىشتىن قورقمىغان ئەھۋاللاردا قارىسا بولىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇنىڭ قىز بىرتۇغقىنى ئەسما، جىسمى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نېپىز بىر كىيىم كەيگەن ھالدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەسما، ئايال كىشى بالاغەتكە يەتسە، جىسمىدىن ماۋۇ ـ ماۋۇ يەردىن باشقىسى كۆرۈنسە بولمايدۇ» دېدى ـ دە يۈزىگە ۋە قولىغا ئىشارەت قىلدى[1].

بۇ ھەدىس ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېزىپ كېتىش ئەندىشىسى بولمىغان چاغدا ئايال كىشىنىڭ يۈز ۋە قولىغا قارىسا بولىدۇ دەيدىغان بىر قانچە سەھىھ ھەدىسلەر كۈچلەندۈرىدۇ.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ئايالنىڭ ياكى ئەرنىڭ ئەۋرىتىدىن تاشقىرى ھەرقانداق بىر يەرگە شەھۋەت قوزغىلىشىغا يول قويمىغان ھالدا قارىسا بولىدۇ، لېكىن قارىغاندا تىكىلىپ قارىماسلىق ھەمدە قاراۋەرمەسلىك شەرت.

ئىسلام تۇيۇقسىز كۆزى چۈشۈپ قالغان ئەھۋاللاردا كەچۈرۈمچانلىق قىلىدۇ. ھەزرىتى جەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تۇيۇقسىز قاراپ سېلىش ھەققىدە سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «دەرھال كۆزۈڭنى باشقا يەرگە يۆتكىگىن» دېدى»[2]. يەنى ئارقا ـ ئارقىدىن قاراۋەرمىگىن.

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# ئاياللار زىننىتىنىڭ كۆرسىتىشكە بولىدىغانلىرى ۋە بولمايدىغانلىرى

يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتە ئەر ۋە ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە قارىشى ھەققىدىكى ھۆكۈم بايان قىلىندى. ئەمما ئىككىنچى ئايەتتە بولسا، ئاياللارغا خاس كۆرسەتمىلەر تۆۋەندىكىچە بايان قىلىندۇ:

﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا﴾

﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى31 - ئايەت]

يۈز، چاچ ۋە جىسىم گۈزەللىكى قاتارلىق تەبىئىي زىننەت بولسۇن ياكى كىيىم - كېچەك، ئالتۇن ئەسۋاپ ۋە رەڭ - بوياق قاتارلىق سۈنئىي زىننەت بولسۇن، ئايال كىشىنى زىننەتلەيدىغان ۋە چىرايلىقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسە ئايال كىشىنىڭ زىننىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئاياللارغا بۇنداق زىننەتلىرىنى يوشۇرۇشقا بۇيرىغان، ھەمدە ئۇلارنى كۆرسىتىشنى چەكلىگەن، بۇ زىننەتلەردىن پەقەتلا سىرتتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغانلىرىغا رۇخسەت قىلغان.

ئالىملار «سىرتتىن كۆرۈنگەن زىننەتلەر» نىڭ چەك - چېگرىسىنى ۋە مىقدارىنى بەلگىلەشتە ھەرخىل قاراشلاردا بولغان. بۇنىڭ مەنىسى: قەستەن بولماستىن ئۆزى كۆرۈنۈپ قالغان زىننەتلەر دېگەن بولامدۇ؟ مەسىلەن: شامال قايرىپ ئېچىۋەتكەن زىننەتكە ئوخشاش، ياكى بولمىسا، ئادەتتە ئوچۇق تۇرىدىغان ھەمدە ئوچۇق تۇرۇشى كېرەك بولغان يەرلەرمۇ؟

دەسلەپكى دەۋر ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشى ئىككىنچى قاراشنى كۆرستىدۇ.

www.munber.org

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ﴿سىرتتىن كۆرۈنگەن زىننەتلەر﴾ دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: «بۇلاردىن سۈرمە ۋە ئۈزۈك مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگەن. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ شۇنداق قاراش رىۋايەت قىلىنغان.

سۈرمە بىلەن ئۈزۈكنى كۆرسىتىشكە بېرىلگەن رۇخسەت ئۇنىڭ ئورنىنى ئىزھار قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ، ئۇ بولسا، يۈز ۋە قولدۇر. بۇ قاراش ھەزرىتى سەئىيد ئىبنى جۇبەير[1]، ھەزرىتى ئەتا[2]، ئىمام ئەۋزائى[3] ۋە باشقا كۆپلىگەن ئالىملاردىن ئاشكارا ئىپادىلەنگەن.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى قەتادە[4] ۋە باشقىلاردىن: سىرتتىن كۆرۈنگەن زىننەتلەرگە ئىككى بىلەيزۈكنى قوشۇۋېتىش رىۋايەت قىلىنغان. بۇ، كۆرسىتىش چەكلەنگەن زىننەتلەر قاتارىدىن بىلەكنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىۋەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ، لېكىن بىلەكنىڭ يېرىمىمۇ ياكى بىلەيزۈك ئورۇنلىرىمۇ، بۇنىڭدا ھەرخىل قاراشلار بار.

بۇ كەڭچىلىكنىڭ ئۇدۇلىدا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە نەخائى[5] قاتارلىقلاردەك چىڭتۇۋەتكەنلەر بولۇپ، ئۇلار سىرتتىن كۆرۈنگەن زىننەتنى كۆينەك قاتارلىق سىرتتىن كۆرۈنىدىغان كىيىم - كېچەك دەپ قارىغان، چۈنكى بۇلارنى يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

مېنىڭچە بۇ قاراشلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى: «﴿سىرتتىن كۆرۈنگەن زىننەت﴾ تىن مەقسەت: يۈز ۋە قوللار بىلەن بىللە ئادەتتە چىكىدىن ئاشۇرىۋەتمىگەن ھالدا ئىشلىتىلىدىغان قولغا سالىدىغان

---

[1] - **سەئىيد ئىبنى جۇبەير:** كاتتا تابىئىيلاردىن بىرى. ھـ 95 - يىلى ۋاپات بولغان- ت.
[2] - **ئەتا:** ئەتا ئىبنى ئەبى راباھ، مەشھۇر تابىئىي فەقىھ. ھـ 114 - يىلى ۋاپات بولغان- ت.
[3] - **ئەۋزائى:** ئابدۇراھمان ئىبنى ئەمر، فىقھى ئىماملىرىنىڭ بىرى. ھـ157 - يىلى ۋاپات بولغان- ت.
[4] - **قاتادە** ئىبنى دىئامە ئەسسەدۇسى، تابىئىي، كاتتا مۇپەسسىر ۋە فەقىھ. (60 - 117ھـ)- ت.
[5] - **ناخائى:** ئىبراھىم ئىبنى يەزىد، تابىئىي ۋە كاتتا فەقىھ. ھـ 96 - يىلى ۋاپات بولغان- ت

www.munber.org

ئۆزۈك، كۆزگە سۈرتىدىغان سۈرمىدەك زىننەتلەر» دېگەن قاراشتۇر. ساھابە ۋە تابىئىيلاردىن بىر گورۇپ شۇنداق قاراشتا بولغان[1].

ھازىرقى ئەسىرىمىزدىكى ئاياللار ئىچكىكە، لەۋگە ۋە تىرناق قاتارلىق يەرلەرگە ئىشلىتىۋاتقان رەڭ ـ بوياق ۋە ئۇپا ـ ئەڭلىكلەر رۇخسەت دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق نەرسىلەر پەۋقۇلئاددە زىننەت بولۇپ، بۇلارنى پەقەتلا ئۆي ئىچىدىلا ئىشلەتسە بولىدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاياللارنىڭ ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا ئەرلەرنى جەلب قىلىش ئۈچۈن بۇنداق گىرىم بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشى بولسا ھارامدۇر. يەنە ئايەتتىكى تاشقى زىننەت دېگەن سۆزنى تاشقى كىيىم ـ كېچەك دەپ قاراشمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى بۇنى ئالاھىدە ئايرىپ تۇرۇپ رۇخسەت قىلمىسىمۇ، كىيىم ـ كېچەك بەربىر سىرتتىن كۆرۈنۈپ تۇرماي چارە يوق، ئۇنى شامال قايرىپ ئېچىۋەتكەن يەرلەر دەپ قاراشمۇ شۇنداق، چۈنكى شامال قايرىپ ئېچىۋەتكەن ئەھۋاللاردا ئىنسان چارىسىز قالىدۇ، شۇڭا بۇنى ئالاھىدە ئۇمۇمىي ھۆكۈمدىن ئايرىش ھاجەتسىز.

ئايەتتىكى ئايرىشتىن دەرھاللا مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ يوشۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان بىر نەرسىنى ئىزھار قىلىشقا بېرىلگەن بىر رۇخسەتنى كۆرۈۋالايمىز، ئۇ نەرسە يۈز بىلەن قول بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق.

دېمەك: يۈز بىلەن قولغا رۇخسەت قىلىنغان، چۈنكى بۇلارنى يۆگەش ئاياللارغا قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ باللىرىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار تۇل ئايال بىلەن، نامرات ئېرىگە ياردەملىشىپ ئىشلەيدىغان ئاياللاردەك سىرتقا چىقىشقا مۇھتاج ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىن بولىدۇ.

---

[1] ـ بۇ قاراشنى ئىمام تابەرى، قۇرتۇبى، زەمەخشەرى، رازى ۋە يەنە باشقا مۇفەسسىرلەر تاللىغان، تېخىمۇ كەڭ مەلۇمات ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نۇر سۈرىسىدىكى ئاشۇ ئايەتكە بەرگەن تەفسىرىگە قاراڭ.

www.munber.org

ئىمام قۇرتۇبى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«يۈز بىلەن قول كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ھەم ئادەتتە، ھەم ناماز ۋە ھەجگە ئوخشاش ئىبادەتلەردە ئوچۇق تۇرىدىغان بولغاچقا ئايەتتە ئومۇمىي ھۆكۈمدىن ئايرىپ قىلىنغان رۇخسەت شۇنىڭغا ئۇدۇل كېلىدۇ. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسمۇ بۇنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما تېگىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان نېپىز كىيىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرىۋېلىپ ئۇنىڭغا: «ئى ئەسما، ئايال كىشى بالاغەتكە يەتكەندە، جىسمىدىن ماۋۇ ـ ماۋۇ يەردىن باشقا يەر كۆرۈنسە بولمايدۇ» دېدى ـ دە يۈزىگە ۋە قولىغا ئىشارەت قىلدى".

يەنە ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿قُلْ لِلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا مِنْ أَبْصَارِهِمْ﴾

﴿مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾ دېگەن نۇر سۈرىسى 30 ـ ئايىتىدە شۇ چاغلاردىكى ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنىڭ يوگەلمىگەنلىكىگە ئىشارەت بار. ناۋادا ئاياللارنىڭ يۈزى بىلەن بارلىق جىسمى يۆگەلگەن بولسا، تىكىلىپ قارىماسلار دەپ بۇيرۇشقا نېمە ھاجەت؟

شۇنداق بولغاندىمۇ، ھازىرقى ئەسىرىمىزدە بۇزۇقچىلىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە پاسىقلىق كەڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكتىن، كوچىنىڭ يېتىشىچە زىبۇ ـ زىننىتىنى يوشۇرۇپ، ھەتتا يۈزىنىمۇ يۆگەپ يۈرىشى، مۇسۇلمان ئاياللار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر، بولۇپمۇ ساھىبجامال ئاياللار تېخىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك.

www.munber.org

﴿وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾

﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى31 ـ ئايەت]

مۇسۇلمان ئايال بېشىنى، كۆكرىكىنى، بويىنىنى ۋە گېلىنى يۆگىشى، بۇ ئەزالارنى كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىكى لازىم.

﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ﴾

﴿تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن... باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى31 ـ ئايەت]

بۇ بۇيرۇق مۆمىن ئاياللارنىڭ قۇلاق، چاچ، بويۇن، كۆكرەك ۋە پاچاق قاتارلىقلارغا ئوخشاش زىننەتلىرىنى يات ئەرلەرگە كۆرستىشنى چەكلىگەن.

لېكىن ئۇ چەكلىمىدىن ئون ئىككى تۈرلۈك كىشىنى ئايرىپ چىقىرىۋەتكەن، بۇلار:

1 ـ ئەرلىرى: شۇڭا ئېرى ئايالىنىڭ خالىغان يېرىنى كۆرسە بولىدۇ، ئايالمۇ ئېرىنىڭ خالىغان يېرىنى كۆرسە بولىدۇ. ھەدىستە:

﴿ئەۋرىتىڭنى ئايالىڭدىن باشقا كىشىلەردىن ساقلىغىن﴾ دەپ كۆرستىلگەن.

2 ـ ئاتىلىرى: بۇلارنىڭ ئىچىگە ئانا ۋە ئاتا تەرەپتىن چوڭ دادىلارمۇ كىرىدۇ.

www.munber.org

3 ـ قېيىناتىلىرى: چۈنكى قېيىناتىلار ئۇلارغا نىسبەتەن ئاتىلارنىڭ ئورنىدا.

4 ـ باللىرى: نەۋرىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

5 ـ ئەرلىرىنىڭ باللىرى: ئۆيدە ئارىلىشىپ ئولتۇرۇش زۆرۈرىيىتى ھەمدە ئۇ ئايال ئۆي ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئانىسىنىڭ ھۆكمىدە بولغانلىقى ئۈچۈن[1].

6 ـ ئاكا ـ ئۇكىلىرى: بۇلار مەيلى بىر تۇغقان بولسۇن ياكى ئاتا بىر ياكى ئانا بىر تۇغقان بولسۇن ھەممىسى ئوخشاش.

7 ـ ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ باللىرى: بۇ، ئەر كىشى بىلەن ھامىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك مەھرەملىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

8 ـ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ باللىرى: بۇ، ئەر كىشى بىلەن ھامىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك مەھرەملىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

9 ـ ئاياللار: يەنى ئۇلار بىلەن تۇغقانچىلىق تەرەپتىن بولسۇن ياكى مۇسۇلمانچىلىق جەھەتتىن بولسۇن بىرىش ـ كېلىش قىلىدىغان ئاياللار. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئايال كىشىنىڭ زىننىتىدىن پەقەتلا يات كىشىلەرگە رۇخسەت قىلىنغان يۈز بىلەن قولدىن باشقا يەرنى كۆرسە بولمايدۇ.

---

[1] ـ ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: "زىننەتنى كۆرسىتىشتە قۇرئان كەرىم ھەممە مەھرەملەرنى بىر قاتاردا سانىغان، بىراق ئۇلارنىڭ تەرتىۋى ۋە كۆرسىتىلىدىغان زىننەت مىقدارى يېقىنچىلىقىنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۆز ئاتىسىغا كۆرسىتىدىغانىنى قېيىناتىسىغا كۆرسەتمەيدۇ.

10 ـ قول ئاستىدىكى قۇللىرى: چۈنكى ئىسلام قۇل ۋە كېنىزەكلەرنى ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاش قىلىۋەتكەن، بەزى ئىماملار بۇ كېنىزەكلەرگىلا خاس دەپ قارىغان.

11 ـ ئاياللارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر: بۇلاردا تۆۋەندىكى ئىككى شەرت تولۇق بولۇشى كېرەك:

بىرىنچىسى: ئاياللار بار ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىپ خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى.

ئىككىنچىسى: جىنسىي شەھۋىتى يوق بولۇشى.

12 ـ ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى چۈشەنمەيدىغان كىچىك بالىلار، يەنى جىنسىي تۇيغۇسى قوزغالمايدىغان كىچىك بالىلار: ئەگەر ئۇلاردا بۇنداق ھېس ـ تۇيغۇ كۆرەلسە، بالاغەتكە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا ئىچكى زىننىتىنى كۆرسەتسە بولمايدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت تاغىلار (ئاتىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى ياكى ئانىنىڭ ئاكا ـ ئۇكىلىرى) ھەققىدە بىر نەرسە دېمىدى، چۈنكى ئۇلار ئادەتتە ئاتىلارنىڭ ئورنىدا، ھەدىستە: «تاغا ئاتىغا ئوخشاشتۇر»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن.

## ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرى

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن ئېيتالايمىزكى: ئايال كىشىنىڭ جىسمىدىن كۆرۈنىشى چەكلەنگەن يەرلەر يوّگەش كېرەك بولغان ئەۋرەتتۇر، شۇڭا ئۇنى ئېچىش ھارامدۇر.

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دېمەك: يات ئەر كىشىلەر بىلەن مۇسۇلمان ئەمەس ئاياللار ئۈچۈن مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى يۈز ۋە قولدىن باشقا پۈتۈن جىسمىدۇر، ئىمام رازى[1] ئېيتقاندەك يۈز بىلەن قولنى مۇئامىلە ۋە ئېلىم ـ سېتىم قاتارلىق ئېھتىياج ئۈچۈن ئېچىش رۇخسەت قىلىنغان، شۇڭا ئاياللار ئېچىش زۆرۈر بولمىغان يەرلەرنى يۆگەشكە بۇيرۇلغان، كۆرسىتىش زۆرۈر بولغان يەرلەرگە رۇخسەت بېرىلگەن، چۈنكى ئىسلام قانۇنى كەڭچىلىك تەشەببۇس قىلىدىغان قانۇندۇر.

ئىمام رازى مۇنداق دېگەن: «يۈز بىلەن قولنىڭ كۆرۈنىشى زۆرۈر دەپ قارالغانلىقتىن بۇلارنىڭ ئەۋرەت ئەمەسلىكىگە ئالىملار ئىتتىپاقلاشقان، ئەمما پۇتنىڭ كۆرۈنىشى زۆرۈر بولمىغاچقا پۇت ئەۋرەتمۇ، ياكى ئەمەسمۇ دەپ ئىختىلاپلاشقان»[2].

نۇر سۈرىسىدىكى ئايەتتە بايان قىلىنغان 12 تۈرلۈك كىشىلەر ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى: قۇلاق، بويۇن، چاچ، كۆكرەك، بىلەك ۋە پاچاقتا ئوخشاش سىرتقى زىننەت ئورۇنلىرىدۇر، بۇنداق زىننەتلەرنى ئاشۇ 12 خىل كىشىگە كۆرسىتىشكە ئاشۇ ئايەت رۇخسەت قىلغان.

ئۇندىن باشقا دۈمبە، قورساق، ئىچكى ئەۋرەت ۋە يوتا قاتارلىق يەرلەرنى ئايال كىشى ئۆز ئېرىدىن باشقا ھېچبىر ئەر ياكى يات ئايالغا كۆرسەتسە بولمايدۇ.

ئايەتتىن ئاشۇ مەنىنى چۈشىنىش مۇمكىن، بۇ مەنە بەزى ئىماملارنىڭ «مەھرەم بىلەن باشقا ئاياللارغا نىسبەتەن ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى كىندىك بىلەن تىز ئارىلىقىدۇر» دېگەن قاراشلىرىدىن تېخىمۇ مۇۋاپىقراقتۇر، بەلكى ئايەتنىڭ بۇ مەنىسى

---

[1] ـ ئىمام رازى: مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەلھۇسەينى، ئاتاقلىق مۇپەسسىر ۋە كاتتا شەرىئەتشۇناس ئالىم. ھـ 606ـ يىلى ۋاپات بولغان ــ ت.

[2] ـ فەخرۇررازى تەفسىرى: 23ـ توم، 205 ـ 206 ـ بەتلەر.

www.munber.org

بەزى ئالىملارنىڭ: «مەھرەم بولغانلارغا نىسبەتەن ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى: ئۆيدە ئىش قىلىش ئەسناسىدا ئېچىشقا مەجبۇر بولمىغان يەرلەردۇر، شۇڭا ئادەتتە ئۆي ئىچىدە ئىش قىلغاندا كۆرۈنگەن يەرلەرگە مەھرەم كىشىلەر قارىسا بولىدۇ» دېگەن قاراشلىرىغا تېخىمۇ يېقىندۇر.

بۇ سەۋەبتىن مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا سىرتقا چىقىدىغان چاغدا كەڭ ۋە ھەممە يەرنى تولۇق يۆگەيدىغان كىيىم بىلەن چىقىش بۇيرۇق قىلىنغان، چۈنكى ئۇلار ئاشۇنداق ئېسىل كىيىم بىلەنلا كاپىر ۋە باشقا بۇزۇق ئاياللاردىن پەرقلىنەلەيدۇ. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە بۇ ئىلاھىي ۋە ئۇمۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئۇممىتىگە ئېلان قىلىشنى بۇيرىغان:

﴿يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَنْ يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ئېپپەتلىك ئىكەنلىكى) ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 59 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتتىكى پۈركەنجە: ئايال كىشى يۆگىنىدىغان چوڭ كىيىمدۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بەزى ئاياللار ئۆيىدىن تالاغا چىققان چاغدا بويۇن، چاچ ۋە گال قاتارلىق بەزى گۈزەللىكلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق پاسىقلارنى ۋە يامان يولدىكى كىشىلەرنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرىۋالاتتى. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ ئايەت مۆمىن ئايالنى جىسمىنىڭ بەزى يەرلىرى ئېچىلىپ قالماسلىقى، ئېپپەتلىك مۆمىن ئايال

www.munber.org

ئىكەنلىكى كۆرۈنۈشتىن مەلۇم بولىشى، ھېچقانداق بۇزۇق ئادەمنىڭ ۋە مۇناپىقنىڭ ئۆزىنى بىئارام قىلماسلىقى ئۈچۈن كىيىمىنى ئۈستىگە تولۇق يېپىشقا بۇيرىدى. ئايەتنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ بۇيرۇق بەزىلەر دېگەندەك، ئاياللاردىن قورقانلىقتىن ياكى ئۇلارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا پاسىق ۋە بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ئازار بېرىپ قويىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكتۇر، چۈنكى زىنبۇ ـ زىنىنتىنى ئېچىۋەتكەن، ماڭغاندا سىڭايان ماڭىدىغان، گەپ قىلغاندا سۆيۈقلۇق بىلەن گەپ قىلىدىغان ئاياللار، ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە يامان يولدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە تەمە پەيدا قىلىدۇ، مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئاياللارغا قىلغان بۇيرۇقىنىڭ كۆرسەتكەن ئۈلچىمىدۇر:

﴿فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ﴾

﴿نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، چۈنكى دىلىدا نىفاق بار ئادەم (سىلەرگە قارىتا) تەمەدە بولۇپ قالىدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

ئىسلام، مۇسۇلمان ئاياللىنىڭ يۆگىنىش ۋە ساقلىنىش مەسىلىسىدە قاتتىق تەلەپ قويىغان، بۇ ھەقتە پەقەتلا ياشانغان قېرى ئاياللارغا ئازراق رۇخسەت قىلغان، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْقَوَاعِدُ مِنَ النِّسَاءِ اللَّاتِي لَا يَرْجُونَ نِكَاحًا فَلَيْسَ عَلَيْهِنَّ جُنَاحٌ أَنْ يَضَعْنَ ثِيَابَهُنَّ غَيْرَ مُتَبَرِّجَاتٍ بِزِينَةٍ وَأَنْ يَسْتَعْفِفْنَ خَيْرٌ لَهُنَّ وَاللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

﴿ياتلىق بولۇشنى خالىمايدىغان ياشانغان ئاياللار زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە، (ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى كىيىملىرى بىلەن

www.munber.org

يۈرسە) ھېچ گۇناھ يوقتۇر. تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [نۇر سۈرىسى 60 ـ ئايەت]

ياشانغان ئاياللاردىن مەقسەت: قېرىپ كەتكەنلىكتىن ئادەت كۆرۈشتىن ۋە ئېغىرئاياغ بولۇشتىن توختىغان، ياتلىق بولۇشنى ئويلىمايدىغان، ئەر كىشىگە مەيلى يوق، ئەرلەرمۇ ئۇلارنى خالىمايدىغان ئاياللاردۇر. ئاللاھ تائالا ئەنە شۇنداق ئاياللارغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇلارغا تاشقى كىيىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى، مەسىلەن: پەرەنجە، پەلتۇ ۋە ئابايە قاتارلىقلارنى سېلىۋېتىشكە رۇخسەت قىلغان.

قۇرئان كەرىم بۇ رۇخسەتنى ﴿زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا﴾ دېگەن سۆزى بىلەن باغلاپ قويغان. بۇنىڭ مەنىسى: بۇ كىيىملەرنى زىننەتنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئېھتىياج بولۇپ قالغاندا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن سېلىۋەتسە بولىدۇ دېگەنلىك. بۇ بىر رۇخسەت بولۇپ، يەنىلا ئەڭ ئەۋزىلى: تېخىمۇ كامالەتكە يۈزلىنىش ۋە بارلىق گۇماندىن يىراق بولۇش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان تاشقى كىيىملىرىنىمۇ سېلىۋەتمەي يۆگىنىشىدۇر.

﴿تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن ساقلانسا، ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر﴾ [نۇر سۈرىسى 60 ـ ئايەت]

## ئايال كىشىنىڭ ئاممىۋى مۇنچىلارغا كىرىشى

ئىسلام دىنى ئەۋرەتلەرنى يۆگەش ۋە ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنىڭ ئاممىۋى مۇنچىلارغا كىرىپ، كۆرگىنىنى ھەرخىل سورۇنلاردا

www.munber.org

ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان ھەرخىل ئاياللار ئالدىدا بەدىنىنى يالىڭاچلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ھەزرىتى جابىرنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

«كىمكى ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ئاممىۋى مۇنچىغا يۆگەنمەي كىرمىسۇن، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ئايالىنى ئاممىۋى مۇنچىغا كىرگۈزمىسۇن»[1].

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاممىۋى مۇنچىلارغا كىرىشنى ئومۇمىيۈزلۈك مەنئى قىلدى، كېيىنچە ئەرلەرگىلا يۆگىنىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلدى»[2].

داۋالىنىش ئۈچۈن ئاممىۋى مۇنچىغا كىرىش زۆرۈر بولۇپ قالغان ئاياللار بۇ ئۇمۇمىي چەكلىمىنىڭ سىرتىغا قويۇلدى، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرنىڭ ئېيتىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاممىۋى مۇنچا ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«ئاممىۋى مۇنچىلارغا ئەرلەر يۆگەنمەي كىرمىسۇن، كېسەل ياكى تۇغقان ئاياللاردىن باشقا ئاياللارنى ئاممىۋى مۇنچىغا كىرگۈزمەڭلار!»[3].

---

[1] ـ ئىمام مۇنزىرى مۇنداق دېگەن: "بۇ ھەدىسنى نەسائى رىۋايەت قىلغان، تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلىپ (ھەسەن) دەپ باھا بەرگەن. ھاكىممۇ رىۋايەت قىلىپ: ئىمام مۇسلىم شەرتىگە ئاساسەن (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن". (تەرغىب) دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد مۇشۇ لەپزى بىلەن رىۋايەت قىلغان ھەمدە زەئىپلەشتۈرمىگەن. ئىمام تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجەمۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان، لېكىن راۋىيلىرىدىن بىرى تونۇلغان كىشى ئەمەس.

[3] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرىنىڭ ئىچىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى زىياد ئىبنى ئەنئۇم ئەلئىفرىيقى دېگەن كىشى بار. (يەنى بۇ ھەدىسكە (ئاجىز) دەپ باھا بېرىلگەن ـ ت).

www.munber.org

بۇ ھەدىس ئاجىز دەپ قارالغان بولسىمۇ، شەرىئەتتىكى كېسەل كىشىلەرگە ئىبادەت ۋە مەجبۇرىيەتلەردە يەڭگىللىتىش ۋە ئاسانلاشتۇرۇش قائىدىلىرى بۇ ھەدىسنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە يۆلەيدۇ، ھەمدە «خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان نەرسە، ھاجەت ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر قائىدىمۇ ئۇنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە ھاكىم رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىسمۇ ئۇنى قوللايدۇ: ھەزرىتى ئىبنى ئاببا س پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئاممىۋى مۇنچا دېيىلگەن ئۆيدىن ساقلىنىڭلار!» ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ ئاممىۋى مۇنچا كىرنى تازىلايدىغان، كېسەلگە پايدا قىلىدىغان تۇرسا» دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇنداقتا كىم كىرسە يۆگىنىپ كىرسۇن» دېدى[1].

شۇڭا ئايال كىشى ئۆزرىسىز ۋە ھاجەتسىز ئاممىۋى مۇنچىغا كىرسە ھارام ئىش قىلغان بولىدۇ ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاگاھلاندۇرغان ئازابقا لايىق بولۇپ قالىدۇ. ئەبۇ ئەلمەلىھ ئەلھۇزەلى[2] رىۋايەت قىلىشىچە ھىمسى شەھرىدىن ياكى شامدىن كەلگەن بىر گۇرۇپ ئاياللار جامائىتى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قېشىغا كىرگەندە، ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا دېدى: ئاياللىرىنى ئاممىۋى مۇنچىغا كىرگۈزىدىغانلار سىلەرمۇ؟ مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم:

(1) ـ ھاكىم رىۋايەت قىلىپ: "ئىمام مۇسلىم شەرتلىرگە ئاساسەن سەھىھ دېيىشكە بولىدۇ" دېگەن. ئىمام مۇنزىرى (تەرغىب) تە بۇنىڭغا قارىتا بىر نەرسە دېمىگەن.
(2) ـ **ئەبۇ ئەلمەلىھ ئەلھۇزەلى:** ئامىر ئىبنى ئۇسامە، تابىئىي. ھـ 112 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

«ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەردە كىيىمىنى سالغان ئايال، ئاللاھ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتقان بولىدۇ»[1].

ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسى ئايال ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەردە كىيىمىنى سالدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپقان پەردىسىنى ئېچىۋېتىدۇ»[2].

ئەگەر بۇ، ئىچىگە ئايالاردىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدىغان ئاممىۋى ئايالار مۇنچىسىغا ئايالارنىڭ كىرىشىگە قارىتا ئىسلامنىڭ قاتتىق پوزىتسىيىسى بولسا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە ئەۋرەتلىرىنى كۆرسىتىپ كوللەردە ۋە دېڭىز بويلىرىدا يالىڭاچ يۈرىدىغان ئايالارنىڭ ھۆكمى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇلار ئاللاھ بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق پەردىنى يىرتىۋەتكەن بولمامدۇ؟ شەكسىزكى ئەرلىرىمۇ بۇ گۇناھتا ئۇلارنىڭ شېرىكى، چۈنكى ئەرلەر ئۇلارغا مەسئۇلدۇر.

## ھۆسن ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ھارام

مۇسۇلمان ئايالنى باشقا كاپىر ۋە جاھىلىيەت دەۋرى ئايالىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە ئەخلاقلار بار. مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئەخلاقى بولسا: ئۆزىنى ساقلاش، شەرم ـ ھايا، ئېپپەتلىك بولۇش قاتارلىقلاردۇر. ئەمما غەيرى مۇسۇلمان ئايالارنىڭ ئەخلاقى بولسا: ھۆسن ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە باشقىلارنى

(1) ـ ئىمام تىرمىزى مۇشۇ لەپزى بىلەن رىۋايەت قىلىپ (ھەسەن) دەپ باھا بەرگەن، يەنە ئۇنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، ھاكىممۇ ئۇنى رىۋايەت قىلىپ: "ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم شەرتلىرىگە ئاساسەن سەھىھ دېيىشكە بولىدۇ" دېگەن. (تەرغىب) كە قاراڭ.
(2) ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، تابارانى ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. (تەرغىب) كە قاراڭ.

www.munber.org

ئۆزىگە جەلب قىلىشتۇر. ئىمام زەمەخشەرى[1] مۇنداق دەيدۇ: « ھۆسن ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش دېگەن يوشۇرۇش كېرەك بولغان جايلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئىزھار قىلىش دېمەكتۇر ».

ئىمام زەمەخشەرى بۇ سۆزى ئارقىلىق يوشۇرۇش كېرەك بولغان ھۆسن ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش دېگەن سۆزگە: « بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن ئېچىشقا ئۇرۇنماق » دېگەن يېڭى بىر مەنىنى ئىلاۋە قىلغان بولدى، يوشۇرۇش كېرەك بولغان نەرسە، جىسمىدىكى بىر ئەزا بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى ئەزانىڭ ھەركىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى يۈرۈش ـ تۇرۇش ياكى سۆزلىشىش ئۇسلۇبى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى ئاياللار كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەك ياكى تاقايدىغان زىبۇ ـ زىننەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھۆسن ـ جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرقى كۈنىمىزگە قەدەر ھەرخىل شەكىللىرى كۆرۈلگەن، بەزى ئالىملار بۇلارنىڭ بىر قانچىسىنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان بۇ سۆزىدە بايان قىلغان:

﴿وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى﴾

﴿ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 33 ـ ئايەت]

ھەزرىتى مۇجاھىد[2] دېدى: « جاھىلىيەت دەۋرىدە ئاياللار سىرتقا چىقىپ ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرىشەتتى ».

---

(1) ـ **زەمەخشەرى:** مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد ئەل خارەزمى ئەززەمەخشەرى، ئاتاقلىق مۇپەسسىر، لۇغەتشۇناس ۋە فەقىھ، (تەفسىرى كەششاف) مۇئەللىپى. ھـ 538ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(2) ـ **مۇجاھىد:** مۇجاھىد ئىبنى جەبر ئەلمەككى، تابىئىي، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ شاگىرتى ۋە مەككىنىڭ مۇپەسسىرى. ھـ 102 ـ ياكى 104 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

ھەزرىتى قاتادە دېدى: «ئاياللار ناز قىلىپ، سۆيۈقلىق بىلەن مېڭىشاتتى».

ھەزرىتى مۇقاتىل[1] دېدى: «ياغلىقنى بېشىغا ئارتىپ قويۇپ چەگمىگەنلىكتىن بويۇنلىرى، ئاسقان زىرە، ھالقىلىرى ۋە گىلاپكىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى».

مانا بۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ھۆسن - جامالىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشىدىن بىر كۆرۈنۈش: ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىش... ناينىقىشىپ مېڭىش، ھۆسنىنى ۋە جىسمىنى كۆرسىتىدىغان شەكىلدە ياغلىق ئارتىۋېلىش قاتارلىقلار. ھازىرقى ئەسىرىمىزدىكى جاھىلىيەت بىزگە ھەرخىل ۋە رەڭگا - رەڭ ھۆسن كۆرسىتىش شەكىللىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىدا ئىلگىرىكى جاھىلىيەت ھۆسن كۆرسىتىش شەكىللىرى ئىنتايىن ھايالىق يۈگىنىپ كېيىنىش ھېسابلىنىدۇ.

## ھۆسنىنى كۆرسىتىشتىن ھېسابلانمايدىغان ئىشلار

مۇسۇلمان ئايال ھۆسنىنى كۆرسىتىش دائىرىسىدىن چىقىپ، ئىسلام ئەدەب - ئەخلاقى بىلەن زىننەتلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەدەب - ئەخلاقلارغا رىئايە قىلىشى كېرەك:

1 - كۆزىنى قاراشتىن ساقلاش، چۈنكى ئايال كىشىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك زىننىتى ھايادۇر، ھايانىڭ ئەڭ ئېنىق بەلگىسى بولسا كۆزىنى تىكىلىپ قاراشتىن ساقلاشتۇر.

---

[1]- مۇقاتىل: مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان ئەلبەلخى، كاتتا مۇپەسسىر. ھـ 150- يىلى ۋاپات بولغان- ت.

www.munber.org

ئاللاھ تائالا دەيدۇ:

﴿وَقُلْ لِلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ﴾

﴿مۆمىن ئاياللارغا ئېيتقىن: نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

2 ـ ئەرلەر بىلەن چاپلىشىدىغان، سۈركىلىدىغان دەرىجىدە ئارىلاشماسلىق. بۇ خىلدىكى ئارىلىشىش ھازىرقى كۈنلەردە كىنوخانىلاردا، ئۇنىۋېرسىتېت سىنىپلىرىدا ۋە زاللاردا، ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىدا ۋە شۇنىڭدەك جايلاردا كۆرىلىۋاتىدۇ. ھەزرىتى مەئقال ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: « بىرىڭلارنىڭ بېشىغا جۇۋالدۇرۇز سانجىلىشى، ئۆزىگە ھالال بولمىغان بىر ئايالنى تۇتۇشىدىن ياخشىدۇر »[1].

3 ـ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى. ئىسلام شەرىئىتىگە ئۇيغۇن بولغان كىيىم تۆۋەندىكى سۈپەتلەر بولغان كىيىملەردۇر :

بىرىنچىسى: قۇرئان كەرىم ئايرىغاندىن باشقا جىسمىنىڭ ھەممە يېرىنى يۆگەيدىغان بولۇشى، قۇرئان كەرىم رۇخسەت قىلغان يەرلەر ئەڭ كۈچلۈك قاراشقا ئاساسەن يۈز بىلەن قول (بېغىشقىچە).

ئىككىنچىسى: ئاستىدىكى جىسمى كۆرۈنۈپ قالىدىغان دەرىجىدە نېپىز بولماسلىقى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دوزاخ ئەھلى ئىچىدە مۇنداق سۈپەتلىك ئاياللار بارلىقىنى ئېيتقان:

[1] ـ ئىمام مۇنزىرى مۇنداق دېگەن: "بۇ ھەدىسنى تابارانى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان، تابارانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك".

www.munber.org

«كىيىم كەيگەننى بىلەن يەنىلا يالىڭاچ، باشقىلارغا مايىل بولىدىغان ۋە باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان ئاياللار، ئۇلار جەننەتكە كىرمەيدۇ، پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ». «كىيىم كەيگىنى بىلەن يەنىلا يالىڭاچ» دېگەننىڭ مەنىسى: ئۇلارنىڭ كىيىملىرى نېپىز بولغانلىقتىن يۆگەش رولىنى ئورۇندىماي ئاستىدىكى جىسىمنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ دېگەنلىكتۇر. بىر كۈنى بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇپ ئاياللار جامائىتى نېپىز كىيىملەرنى كىيىشكەن ھالدا ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرگەن ئىدى، ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر مۆمىن بولىدىكەنسىلەر، بۇ مۆمىنلەر كىيىدىغان كىيىم ئەمەس».

يەنە بىر كۈنى نېپىز بىر ياغلىق ئارتىۋالغان بىر كېلىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنگەندە مۇنداق دېگەن: «بۇنى كەيگەن ئايال نۇر سۈرىسىگە ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ».

ئۈچىنچىسى: نېپىز بولمىغاندىمۇ جىسمىنىڭ شەكلىنى ۋە ھەجمىنى ئىزھار قىلمايدىغان بولىشى، غەرب مەدەنىيىتى ئېلىپ كەلگەن كىيىم پاسونلىرىغا ئوخشاش شەھۋەت قوزغايدىغان بولماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى كۈنلەردە مودىچىلار ھىسسىياتنى قوزغايدىغان كىيىملەرنى لايىھەلەشتە بەسلەشمەكتە، بۇنداق كىيىملەر نېپىز كىيىملەردىن بەكراق جەلب قىلىدىغان پاسوندا بولغاچقا ئۇنى كەيگەن ئاياللار يالىڭاچ ئاياللاردەكلا كۆرۈنىدۇ.

تۆتىنچىسى: بۈگۈنكى كۈنلەردىكى ئەرلەرنىڭ ئىشتانلىرىغا ئوخشاش ئەرلەرگە خاس كىيىم بولماسلىقى. ئاياللار ئىشتاننى قىسقا كۆينەك ۋە مايكا بىلەن كەيگەن تەقدىردە ئەر كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما ئىشتاننى ئۇزۇن كۆينەك ياكى پەلتۇ ئىچىگە كەيسە بۇنىڭدا چاتاق يوق. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

www.munber.org

ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرگە لەنەت قىلغانىدەك، ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللارغىمۇ لەنەت قىلغان، ئاياللارنىڭ ئەرچە كىيىم كىيىشىنى چەكلىگەنىدەك، ئەر كىشىنىڭمۇ ئاياللارچە كىيىم كىيىشىنى چەكلىگەن.

بەشىنچىسى: خرىستىئان، يەھۇدىي ۋە بۇتپەرەس كاپىرلارنىڭ مەخسۇس كىيىملىرى بولماسلىقى. چۈنكى ئۇلارغا ئوخشىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش، پىكىر ۋە كۆرىنىشتە ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا مۇستەقىللىق ۋە ئالاھىدىلىك خالايدىغان ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دىنى كۆپلىگەن ئىشلاردا كاپىرلارغا ئوخشاپ قالماسلىققا بۇيرىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن :

«كىمكى بىر مىللەتكە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلاردىن بولۇپ كېتىدۇ».

4 ـ گەپ ـ سۆزدە، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا تۈز ۋە ئېسىل بولۇشقا رىئايە قىلىپ، يۈز ۋە بارلىق جىسىم ھەرىكىتىدە ھېسسىيات قوزغىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى ناز قىلىش ۋە سۈيۈقلۇق قىلىش مۇسۇلمان ئايالنىڭ ئىشى ئەمەس، بۇزۇق ئاياللارنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿فَلَا تَخْضَعْنَ بِالْقَوْلِ فَيَطْمَعَ الَّذِي فِي قَلْبِهِ مَرَضٌ﴾

﴿نازاكەت بىلەن سۆز قىلماڭلار، چۈنكى كۆڭلىدە نىياق بار ئادەم تەمەدە بولۇپ قالىدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

www.munber.org

5 ـ ئەتىر پۇرىقى ۋە ھەرخىل قىلىقلار بىلەن ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىشقا ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا يَضْرِبْنَ بِأَرْجُلِهِنَّ لِيُعْلَمَ مَا يُخْفِينَ مِنْ زِينَتِهِنَّ﴾

﴿زىننەتلىرىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا پۇتلىرىدىكى بىلەزۈكلىرىنى جاراڭلىتىش ئۈچۈن پۇتىنى يەرگە قاتتىق ئۇراتتى. بۇنداق قىلىقنىڭ ئەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغانلىقى ھەمدە ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىدىكى يامان نىيەتكە دالالەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم بۇنى چەكلىگەن.

يەنە ئەرلەرنى جەلب قىلىش ئۈچۈن ئاياللار ئىشلىتىدىغان پۇراقلىق گىرىم ۋە پۇراقلىق ئەتىرلەرمۇ ئوخشاشلا چەكلەنگەن، ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

« ئەتىر چېچىپ بىر سورۇندىن ئۆتكەن ئايال ـ زىناخوردۇر »[1].

بۇنىڭدىن مەلۇمكى: « ئاياللار ئۆيگە سولۇنۇپ، ئۆيدىن پەقەت قەۋرىستانلىققىلا چىقىدۇ » دېگەندەك ھۆكۈمنى ئىسلام ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئەكسىچە ئىسلام ئاياللارنىڭ نامازغا،

(1) ـ ئىمام مۇنزىرى مۇنداق دېگەن: "بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان، تىرمىزىمۇ رىۋايەت قىلىپ (ھەسەن سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن، يەنە نەسائى ۋە ئىبنى خۇزەيمە بىلەن ئىبنى ھىببان ئىككەيلەن سەھىھلىرىدە رىۋايەت قىلغان، ئۇلارنىڭ لەپزى: "قانداق بىر ئايال ئەتىر ـ پۇراق ئىشلىتىپ پۇرىقىنى پۇرىسۇن دەپ بىر سورۇندىن ئۆتسە، ئۇ ئايال زىناخوردۇر". ھاكىممۇ بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ: "سەنەدى سەھىھ" دەپ باھا بەرگەن".

www.munber.org

ئىلىم ئېلىشقا ۋە ئېھتىياجىنى قامداشقا، دىنىي ۋە دۇنياۋى بارلىق ئىشلىرىنى ئورۇنداشقا سىرتقا چىقىشنى يوللۇق دەپ قارىغان. ساھابىلەرنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى مۇسۇلمان ئاياللارمۇ شۇنداق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇندىن كېيىنكى خەلىپە ۋە قوماندانلار بىلەن جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن چىقاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى ھەزرىتى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن:

«ئېھتىياجىڭلارنى قامداش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشىڭلارغا ئاللاھ رۇخسەت قىلغان»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلارنىڭ ئايالى مەسجىدكە چىقىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىسا توسماڭلار»[2]. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار»[3].

بەزى قېينىلاشتۇرۇۋەتكەن ئالىملار، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ھەرقانداق ئەزاسىغا قارىسا ھارام بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن: ئىمام تىرمىزىنىڭ ھەزرىتى ئۇممى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلى نەبھاندىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۇممى سەلەمە ۋە ھەزرىتى مەيمۇنەگە: «يوشۇرۇنۇڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلغان، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئەما تۇرسا؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئەما بولسا سىلەرمۇ

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى سەھىھىدە نىكاھ كىتابىدا ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى سەھىھىدە ھەزرىتى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئــەمامۇ؟ ســـلەر ئۇنـــى كۆرمەمســـلەر؟. لېكـــن هـــەدىس تـــەتقىقاتچىلىرىنىڭ دېيىشـــچە: بـــۇ هـــەدىس، هـــەدىس مۇتەخەسسىسلىرى تەرەپىدىن توغرا ھەدىس ئەمەس دەپ قارالغان.

چۈنكى ھەزرىتى ئۆمىي سەلەمەدىن رىۋايەت قىلغان كىشى نەبھان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىگە تايانغىلى بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد قاتارلىق ئىماملارنىڭ ئېيتقىنىدەك: ھەدىسنى توغرا دەپ قارىغاندىمۇ يەنىلا ھېچ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىغا قارىتا داۋاملىق يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەلگەنلىكتىن ئۇلارغا شۇنداق دېگەن، شۇڭا توغرا ئىسپاتلانغان بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك بولىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيسىنىڭ قىزى پاتىمىنى ئىددىتىنى ئۆمىي شۇرەيكنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشكە بۇيرىغاندىن كېيىن ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىدىكى ئەھۋال ئېسىگە كېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە ساھابىلىرىم كىرىدۇ، ئىددىتىڭنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمىي مەكتۇمنىڭ ئۆيىدە توشقۇزغىن، چۈنكى ئۇ ئەما بىر ئادەم، كىيىم ئالماشتۇرساڭمۇ سېنى كۆرمەيدۇ»[1].

## ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىشى

بۇنىڭدىن ئېنىق بولىدۇكى، ئايال ۋە ئۇنى كۆرگەن ئەرلەر تەرەپىدىن خاتىرجەملىك بولغان تەقدىردە، ئايال كىشى كىيىنىشتە، زىبۇ - زىننەتتە، گەپ - سۆزلىرىدە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئىسلام ئەدەبلىرىگە رىئايە قىلىدىغانلا بولسا، ئېرى بار ۋاقىتلاردا ئېرىنىڭ مېھمانلىرىغا كېرەكلىك خىزمەتنى قىلسا

(1) ـ تەفسىرى قۇرتۇبى: 12 ـ توم، 228 ـ بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئايالنىڭ مېھمانلارنى كۆرۈشى ۋە مېھمانلارنىڭ ئايالنى كۆرۈشى تەبىئىي.

ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار سەھل ئىبنى سەئىد ئەل ئەنسارىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «ئەبۇ ئۇسەيد ئەسسائىدى تويى قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلارنى چاقىرغان ئىدى، مېھمانلارغا ئايالى ئۇممى ئۇسەيدتىن باشقا بىرەيلەن تاماق ئېتىپ ئەكەلمىدى. ئۇ بىر ساپال تاۋاقتا ئاخشىمى چىلاپ قويغان بىر ئاز خورمىنى ئەكىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن خورمىنى ئۆز قولى بىلەن سىقىپ سۈيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىززەتلىگەن جەھەتتىن سۇندى». شەيخۇل ئىسلام ئىبنى ھەجەرنىڭ ئېيتقىنىدەك: «بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئايال كىشى ئېرى بىلەن بىللە ئېرىنىڭ مېھمانلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلسا بولىدۇ، ئەمما بۇنداق ئەھۋاللاردا پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولماسلىقى، ئايال كىشى يۆگىلىشى كېرەك بولغان يەرلىرىنى يۆگىگەن بولۇشى شەرت. بۇ شەرت تېپىلسا ئەر كىشى ئايالىنى خىزمەتكە سالسا بولىدۇ». لېكىن بۈگۈنكى كۈنلەردىكى كۆپىنچە ئاياللاردەك تولۇق كىيىم ـ كېچەكسىز ھالەتتە (ياكى: كىيىشكە رىئايە قىلمىغان تەقدىردە)، ئۇ ئايالنىڭ ئەرلەرگە كۆرۈنۈپ يۈرۈشى ھارام بولىدۇ.

## ئەر بىلەن ئەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتلىشىشى چوڭ ھاراملارنىڭ بىرىدۇر

ئىسلامدا جىنسىي ھېسسىياتنى تەرتىپكە سېلىش جەھەتتىن زىنا ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمىلىرى ھارام قىلىنغاندەكلا ھەزرىتى لۇت

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى قىلغان «ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشى» مۇ ھارام قىلىنغاندۇر.

بۇ پاسكىنا ئىشتۇر، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر چىركىنىشتۇر، پاسكىنىچىلىق پاتقىقىغا پېتىشتۇر، ئەر كىشىلىك تەبىئىتىنى بۇزۇشتۇر، ھەمدە ئاياللار ھەققىگە قىلىنغان بىر جىنايەتتۇر.

بۇ قەبىھ گۇناھنىڭ بىر جەمئىيەتتە تارقىلىشى، ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، شۇ جەمئىيەتتىكىلەرنى بۇ يامان ئادەتكە قۇل قىلىپ قويىدۇ، ھەمدە ھەرتۈرلۈك ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە ئېسىل ئۆرپ ـ ئادەتنى ئۇنۇتتۇرىدۇ. بۇ مەينەت گۇناھنى بىرىنچى بولۇپ پەيدا قىلغان لۇت قەۋمى ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بۇ ھەقتە بىزگە كۇپايە قىلىدۇ. ئۇلار ھالال، پاك ئاياللىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئاشۇ يامان ھارام ئىشنى قىلىشاتتى، شۇڭا ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى لۇت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:

﴿أَتَأْتُونَ الذُّكْرَانَ مِنَ الْعَالَمِينَ۝وَتَذَرُونَ مَا خَلَقَ لَكُمْ رَبُّكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ بَلْ أَنْتُمْ قَوْمٌ عَادُونَ﴾

﴿سىلەر ئەھلى جاھان ئىچىدىن لىۋات قىلىپ، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەر ئۈچۈن ياراتقان ئاياللىرىڭلارنى تاشلاپ قويامسىلەر؟ سىلەر ھەقىقەتەن (بۇزۇقچىلىقتا) ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر﴾ [شۇئەرا سۈرىسى 165 ـ 166 ـ ئايەتلەر]

قۇرئان كەرىم ئۇلارغا ھەزرىتى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بىلەن ئازغۇنلۇق، جاھالەت، ئىسراپ، بۇزۇقلۇق ۋە جىنايەت تامغۇسىنى بىرقانچە ئايەتلەردە ئۇرغان.

بۇلارنىڭ بۇزۇلغانلىقى، ئەخلاقىنىڭ چىرىپ، تەبىئىتىنىڭ بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولسا، ئۇلارنىڭ لۇت

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرىغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى بولۇپ، بۇ مېھمانلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا ئاشۇ مىللەتنى سىناپ ئەۋەتكەن ئىنسان قىياپىتىدىكى ئازاب پەرىشتىلىرى ئىدى، بۇ ۋەقەلىكنى قۇرئان كەرىم مۇنداق بايان قىلغان:

﴿وَلَمَّا جَاءتْ رُسُلُنَا لُوطا سِيءَ بِهِمْ وَضَاقَ بِهِمْ ذَرْعًا وَقَالَ هَذَا يَوْمٌ عَصِيبٌ ۞ وَجَاءهُ قَوْمُهُ يُهْرَعُونَ إِلَيْهِ وَمِنْ قَبْلُ كَانُوا يَعْمَلُونَ السَّيِّئَاتِ قَالَ يَاقَوْمِ هَؤُلَاء بَنَاتِي هُنَّ أَطهَرُ لَكُمْ فَاتَّقُوا اللَّهَ وَلَا تُخْزُونِي فِي ضَيْفِي أَلَيْسَ مِنْكُمْ رَجُلٌ رَشِيدٌ ۞ قَالُوا لَقَدْ عَلِمْتَ مَا لَنَا فِي بَنَاتِكَ مِنْ حَقٍّ وَإِنَّكَ لَتَعْلَمُ مَا نُرِيدُ ۞ قَالَ لَوْ أَنَّ لِي بِكُمْ قُوَّةً أَوْ آوِي إِلَى رُكْنٍ شَدِيدٍ ۞ قَالُوا يَالُوط إِنَّا رُسُلُ رَبِّكَ لَنْ يَصِلُوا إِلَيْكَ﴾

﴿بىزنىڭ ئەلچىلىرىمىز لۇتنىڭ يېنىغا كەلگەن چاغدا (قەۋمىنىڭ ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ) قىيىن ئەھۋالدا قالدى، ئۇلار توغرىسىدا يۈرىكى سىقىلدى ۋە: «بۇ بىر دىشۋار كۈندۇر» دېدى، لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار بۇرۇندىن يامان ئىشلار (لىۋات) نى قىلىشاتتى، لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم (مىللىتىمنىڭ قىزلىرىنى دېمەكچى) سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر ئوڭ ئادەم يوقمۇ؟». ئۇلار لۇتقا ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوقلۇقىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن». لۇت ئېيتتى: «كاشكى مېنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، (سىلەرگە زەربە

www.munber.org

بەرگەن بولاتتىم)». ئۇلار (يەنى پەرىشتىلەر): «ئى لۇت! شۇبھىسىزكى بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» ﴿ [ھۇد سۈرىسى 77 ـ 81 ـ ئايەت]

ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى بۇ قەبىھ گۇناھنى قىلغان كىشىنىڭ جازاسى ھەققىدە توختۇلۇپ، ھەر ئىككىسىگە زىنا جازاسى بېرىلەمدۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسى ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە نېمە بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ؟ قىلىچ بىلەنمۇ ياكى ئوت بىلەنمۇ؟ ياكى بولمىسا ئېگىز يەردىن تاشلاپ ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەردە ھەرخىل قاراشتا بولغان.

سىرتتىن قاراشقا قاتتىق كۆرۈنگەن بۇنداق ئېغىر جازالاش ئەمەلىيەتتە ئىسلامىي جەمئىيەتنى ھالاك بولۇش ۋە ھالاك قىلىۋېتىشتىن باشقا بىر نەرسىگە پايدىسى بولمايدىغان بۇنداق زىيانلىق ۋە خەتەرلىك جىنايەتلەردىن تازىلاش ۋە قوغداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

www.munber.org

## قول بىلەن جىنسىي لەززەتلىنىشنىڭ ھۆكمى

بۇگۈن بەزى ياشلار قوللىرى بىلەن جىسمىدىكى مەنىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى ئارام ئالدۇرىدۇ ۋە ھاياجىنىنى تىنچلاندۇرىدۇ. بۇ ئىش (مەخپىي ئادەت) ياكى (ئانانىزىم) قىلماق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى ھارام دەپ قارىغان، ئۇلاردىن ئىمام مالىك شۇ ئايەتنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن:

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِفُرُوجِهِمْ حَافِظُونَ ۞ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ ۞ فَمَنْ ابْتَغَى وَرَاءَ ذَلِكَ فَأُولَئِكَ هُمُ الْعَادُونَ﴾

﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر، يەنى خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر. بۇنىڭ سىرتىدىن جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر﴾ [مۆئمىنۇن سۈرىسى 5 ـ 7 ـ ئايەتلەر]

دېمەك: ئۇلارنىڭ قارىشىچە قولى بىلەن لەززەتلەنگەن كىشى شەھۋىتىنى باشقا يول بىلەن قاندۇرغان بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەلدىن: مەنىنى جىسمىدىن چىققان بىر ئارتۇق نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى چىقىرىش خۇددى قان ئالدۇرغانغا ئوخشاشلا جائىز بولىدۇ دېگەن قاراش رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام ئىبنى ھەزممۇ بۇنى قوللىغان، لېكىن ھەنبەلىي مەزھەبىدىكى ئالىملار مەنىنى بۇ شەكىلدە چىقىرىشنىڭ جائىز بولىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت قويغان:

بىرىنچىسى: ئۇنى زىنا قىلىپ سېلىشتىن قورققان چاغدا قىلىشى.

ئىككىنچىسى: توي قىلىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن چاغدا قىلىشى.

شەھۋەت كۈچىيىپ كېتىپ زىنا قىلىپ سېلىش خەۋپى بولغان ئەھۋاللاردا ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشى بويىچە ئىش قىلساقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ غۇربەتچىلىكتە ئىشلەيدىغان ياكى ئوقۇيدىغان، گۇناھ قىلىشقا قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەرگە كۆپ دۇچ كېلىدىغان، بۇ سەۋەبتىن ھارام ئىش قىلىپ سېلىشتىن ئەنسىرەيدىغان بىر يىگىت چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا، شەھۋىتىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن بۇ چارىنى قوللانسا بۇنىڭدا ھېچ

www.munber.org

گەپ يوق. بۇنىڭدىن ياخشىراق چارە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توي قىلىشقا كۈچى يەتمىگەن مۇسۇلمان ياشلارغا بەرگەن كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىشتۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆپرەك روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان، چۈنكى روزا تۇتۇش ئىرادىنى مۇستەھكەملەيدۇ، سەۋرچانلىقنى ئۆگىتىدۇ، تەقۋادارلىقنى ۋە ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن تۇيغۇنى كۈچلەندۈرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياشلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿ئى ياشلار! سىلەردىن ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتكەنلەر بولسا دەرھال ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى قاراشتىن، ئەۋرەتنى زىنادىن ساقلايدۇ، كىمكى ئۆيلىنىشكە كۈچى يەتمىگەن بولسا روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھىمايەتتۇر﴾

❁ ❁ ❁

## ئىككىنچى توي قىلىشتا

### ئىسلامدا راھىبلىق يوق

ئىسلام جىنسىي ئارزۇ - ھەۋەسنى چەكلىمىسىز قويىۋەتمىگەن، بۇنىڭ ئۈچۈن زىنانى ۋە زىناغا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق يولنى ھارام قىلغان.

لېكىن ئىسلام مۇنداق قىلىپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا جىنسىي ھەۋەسنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان قاتماللىققىمۇ قارشى تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن توي قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، ئاختا قىلىۋېتىش ۋە توي قىلىشتىن ۋاز كېچىپ دەرۋىش بولىۋېلىشنى چەكلىگەن.

www.munber.org

دېمەك: تويي قىلىشقا كۈچى يەتكەن بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىبادەتكە ئۆزىنى ئاتىۋېتىش ۋە راھىبلىق قىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ ياشاش داۋاسى بىلەن تويي قىلىشتىن ۋاز كېچىشى ھارامدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلەردە مۇشۇنداق راھىبلىق ئېقىمىغا مايىللىقنى كۆرۈپ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئىسلام يولىدىن چەتنەش ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدىن يۈز ئۆرۈش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان، شۇنداق قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭغا ئوخشاش خرىستىئان ئىددىيەلىرىنى ئىسلام مۇھىتىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئەبۇ قىلابە[1] مۇنداق دېگەن:

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر نەچچە كىشى دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئاياللاردىن ئايرىلىپ راھىب بولۇپ كەتمەكچى بولغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاچچىقلاپ مۇنداق دېدى: «سىلەردىن بۇرۇنقىلار چىڭىتىۋەتكەنلىكتىن ھالاك بولغان، ئۇلار ئۆزلىرىگە قاتتىقچىلىق قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا قاتتىقچىلىقنى كۆرسەتكەن، مانا مۇناستىرلار ۋە چېركاۋلاردىكى راھىبلار ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى. شۇڭا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھەج قىلىڭلار، ئۆمرە قىلىڭلار ۋە راۋۇرۇس بولۇڭلاركى، ئاللاھمۇ سىلەرنى راۋۇرۇس قىلسۇن»»[2].

ئەبۇ قىلابە دېيىشىچە بۇ ئايەت ئاشۇلار ھەققىدە نازىل بولغان:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ﴾

---

[1] ـ **ئەبۇ قىلابە:** ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، مەشھۇر تابىئىي ئالىم، ھـ 104 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
[2] ـ ئابدۇررازاق، ئىبنى جەرىر ۋە ئىبنۇل مۇنزىر قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئى مۆمىنلەر، ئاللاھ سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى ھارام قىلماڭلار، چەكتىن ئاشماڭلار، ئاللاھ چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾ [مائىدە سۈرىسى 87 ـ ئايەت]

مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر قاتارلىق بىرنەچچە ساھابە ئۆزىنى ئاختا قىلىپ تەركىدۇنيا بولۇپ راھىبلار كىيىمىنى كەيمەكچى بولغاندا، يۇقىرىدىكى ۋە ئۇندىن كېيىنكى ئايەت نازىل بولغان[1].

ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: ساھابىلەردىن بىر گۇرۇپ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاياللىرىدىن ئۇنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنى ئاز كۆرگەندەك قىلىپ: "ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە كېلەچەكتىكى گۇناھىنى كەچۈرۈۋەتكەن تۇرسا، ئۇ نەدە، بىز نەدە؟" دېيىشكەن. ئۇلاردىن بىرى: «مەن كۈن تاشلىماي داۋاملىق روزا تۇتىمەن» دېگەن. ئىككىنچىسى: «مەن كېچىلەردە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن» دېگەن. ئۈچىنچىسى: «مەن ئاياللاردىن يىراقلىشىپ، مەڭگۈ توي قىلمايمەن» دېگەن. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ دەرھال ئۇلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بولسام سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاللاھنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئاللاھدىن ئەڭ كۆپ قورقىدىغان كىشىدۇرمەن. لېكىن مەن ھەم كېچىدە ناماز ئوقۇيمەن ھەم ئۇخلايمەن، روزا تۇتىمەن ھەم ئېغىز ئاچىمەن، ھەمدە ئاياللار بىلەن توي قىلىمەن. كىمكى مېنىڭ يولۇمنى قەستەن تاشلىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس».

[1] ـ ئىمام ئىبنى جەرىر تەفسىرىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەزرىتى سەئىد ئىبنى ئەبى ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشىنى رەت قىلغان. بولمىسا بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىۋالاتتۇق»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ياشلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى ياشلار! قايسىڭلارنىڭ قۇدرىتى بولسا ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى ۋە ئەۋرەتنى ھارامدىن تېخىمۇ ياخشى ساقلايدۇ»[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئۆيلىنىش ھەربىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئۆيلىنىشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلار بولسا، ئۆيلەنمەي يۈرىشى ھارامدۇر» باشقا ئالىملار: «زىنا قىلىپ سېلىش خەۋپى بولسا، تۇيۇ قىلىشقا قاتتىق تەشنا بولسا، تۇيۇ قىلىشى پەرز بولىدۇ» دەپ پەرزلىكنى مۇشۇنداق ئەھۋالغا باغلاپ قويغان.

ئۈستۈمگە مەسئۇلىيەت يۈكلىنىدۇ ياكى ئائىلەمنى باقالماي قالىمەن دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۆيلەنمەي يۈرۈش مۇسۇلمان كىشىگە ياراشمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى تىرىشىپ ئىشلىشى ۋە ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچۈن تويى قىلغانلارغا ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىنى ۋە پەزلىنى كۈتىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَنكِحُوا الْأَيَامَى مِنكُمْ وَالصَّالِحِينَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِنْ يَكُونُوا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللَّهُ مِنْ فَضْلِهِ﴾

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئـاراڭلاردىكى بويتـاق ئـەر، ئايـاللارنىڭ ۋە ياخشـى قـۇل ۋە ياخشى چۆرىلـەرنىڭ بېشـىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار. ئەگـەر ئۇلار يوقسۇز بولـىدىغـان بولسا، ئـاللاھ ئۇلارنـى ئـۆز كـەرىمى بىلـەن باي قىلـىدۇ، ئـاللاھنىڭ كــەرىمى كــەڭدۇر، ئــاللاھ بەندىلــەرنىڭ مەنپــەئەتىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [نۇر سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ كىشىگە ئاللاھ چوقۇم ياردەم قىلىدۇ: ئىپپەتلىك بولۇش ئۈچــۈن ئۆيلەنگــەن كىشــى، ھۆرلىككــە ئېرىشـــش ئۈچــۈن پــۇل تۆلىمەكچى بولغـان قـۇل، ئـاللاھ يولــدا جىھـاد قىلىشـقا چىققـان كىشى»[1].

## يىگىتنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان قىزغا قارىشى

ئۆيلەنمەكچى بولغـان كىشـىنىڭ كـۆڭلىدە مۇئەييەن بىـر قىـز بولسا، قىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ ۋە ئۇنى تونۇپ ئاندىن توي قىلىش ئۈچـۈن، تـوي ئىشـلىرىنى باشلاشـتىن ئىلگـىرى ئـۇ قىزغـا قارىسـا بولىدۇ. ئـەر ـ خوتۇنلـۇق يولـىدا كـۆزى تېـڭىقلىق ماڭماسلىق ۋە كېيىـن پۇشايمان قىلدۇرىدىغـان بىـر پالاكەتكە يولۇقماسلىق ئۈچۈن ئالىدىغـان قىـزنى كـۆرۈش پـۈتۈنلەي يوللـۇق، چۈنكى كـۆز قـەلبنىڭ ئەلچىســـىدۇر، بـــەلكى كۆزلــەرنىڭ ئۇچرىششــى قەلبلــەرنىڭ ئۇچرىششـىغا ۋە روھلارنىڭ بىرلىشىشـىگە سەۋەب بولار.

ئىمـام مۇسـلىم رىۋايـەت قىلىشـىچە: ھـەزرىتى ئـەبۇ ھۇرەيـرە مۇنـداق دېگـەن: پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنـىدا ئىدىـم، بىـر

---

([1]) ـ ئىمام ئەھمەد، نەسائىي، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ھاكىملار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەنسارلاردىن بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورىدى: «ئۇنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟» ئۇ كىشى: «ياق» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ باققىن، چۈنكى ئەنسارلارنىڭ كۆزىدە بىر نەرسە بار».

ھەزرىتى مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ بىر ئايالغا ئەلچى ئەۋەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنى كۆرۈپ باققىن، چۈنكى بۇرۇن كۆرۈپ بېقىش كېيىن ئۆزئارا ئامراقلىششىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىراقتۇر» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئېيتقان، ئۇلار بۇنى ياقتۇرمىغاندەك قىلغان، ھوجرىسىدا تۇرۇپ بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئايال: «ئەگەر مېنى كۆرۈشنى ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان بولسا، كۆرگىن» دېگەن. ھەزرىتى مۇغىيرە دېدى: «شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايالنى كۆرۈپ، ئاندىن ئالدىم»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يا ھەزرىتى مۇغىيرىگە يا ئىلگىرىكى كىشىنىڭ كۆرىشىگە ئالماقچى بولغان ئايالنىڭ جىسمىدىن مۇئەييەن بىر مىقدار بەلگىلىمىگەن. بەزى ئالىملار: يۈزى بىلەن قولىنى كۆرسە بولىدۇ دەپ قارىغان. بىراق يۈز بىلەن قولنى ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ كۆرۈشكە بولىدۇ. تويى قىلىش نىيىتى پەۋقۇلئاددە بىر ئەھۋال بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئەھۋالدا باشقا چاغلاردا كۆرگىلى بولغاندىن ئارتۇقراق كۆرۈش جائىز بولۇشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قايسىڭلار بىر

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئىبنى ھىببان ۋە دارىمى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

ئايال بىلەن ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە ھەيدەكچى بولىدىغان بەزى يەرلىرىنى كۆرەلىسە، كۆرسۇن»[1].

بەزى ئالىملار كۆرىدىغان مىقدارنى بەك كېڭەيتىۋەتسە، يەنە بەزى ئالىملار بەك تارايتىۋەتكەن، ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرا ۋە نورمال بولغىنىدۇر. بەزى تەتقىقاتچىلار قىزنى دادىسى ۋە ئاكىسى قاتارلىق مەھرەملىرىنىڭ ئالدىدا كېيىپ يۈرىدىغان كىيىمى بىلەن كۆرسە بولىدۇ دەپ بەلگىلىگەن. بۇلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىس شەرىپنىڭ مەنىسگە ئاساسەن ئاتا - ئانىسى ياكى مەھرىمى بار يەردە قىز بىلەن كۆرۈشسە بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق قىز بىلەن يىگىت بىر - بىرىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى، خاراكتېرىنى كۆرۈپ بىر قەدەر مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە ھەيدەكچى بولىدىغان بەزى يەرلىرىنى كۆرەلىسە، كۆرسۇن» دېگەن ھەدىسىنىڭ ئۇقۇمىغا كىرىدۇ»[2].

قىزنى كۆرۈشتە، قىزنى ۋە ئائىلىسىنى خەۋەردار قىلىپ قويۇپ كۆرسىمۇ بولىدۇ. ياكى ئۇنىڭ كۆرىشى ئۆيلىنىش نىيىتى بىلەن بولغاندىن كېيىن، كۆرىدىغانلىقىنى قىزغىمۇ، قىزنىڭ ئائىلىسىگىمۇ تۇيدۇرماي كۆرسە ھەم بولىدۇ. ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئايالى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: "ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئىدىم".

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەزرىتى مۇغىيرىنىڭ ھەدىسىگە ئاساسەن شۇنى بىلىۋالايمىزكى:

---

[1]- ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2]- پروفېسسور بەھىي ئەل خۇلى: (ئۆي بىلەن جەمئىيەتتىكى ئايال)، 24- بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە دەپ باھانە قىلىپ قىزنى توي قىلىش نىيىتى بىلەن كۆرمەكچى بولغان كىشىنىڭ كۆرۈشىگە ئۇنىماي تۇرىۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئەمەس، ئۆرپ ـ ئادەتلەر شەرىئەتكە بويسۇنىشى كېرەك. شۇنىڭدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالماقچى بولغان يىگىت ۋە ياتلىق بولماقچى بولغان قىزلارغا رۇخسەت چەمبىرىنى كېڭەيتىۋېتىپ، بۈگۈن غەرب مەدەنىيىتى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى دورايدىغانلار قىلىۋاتقاندەك سۆز سالدۇرۇش نامى ئاستىدا قىز ـ ئوغۇللارنى باغچا ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا چىقىرىپ قويۇشمۇ توغرا ئەمەس. چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىش قايسى جەھەتتە بولسا بولسۇن، ئىسلام تەبىئىتىگە خىلاپتۇر.

## توي تەكلىپىنىڭ چەكلەنگەن تۈرلىرى

تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ئىددىتىنى توشقۇزۇپ بولغىچە، ئۇلارغا توي تەكلىپى قويۇش هارامدۇر. چۈنكى ئىددەت تۇتۇش ۋاقتى ئىلگىرىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتكە ئائىت بولغاچقا بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئايالنى تەلەپ قىلىش توغرا بولمايدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئىددەتلىك ئايالغا ئوچۇق ئەمەس ئىما قىلىپ، پۇرۇتۇپ قويۇش ئارقىلىق ئۇ ئايالغا ئۆيلىنىش نىيىتى بارلىقىنى ئىزهار قىلسا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا عَرَّضْتُمْ بِهِ مِنْ خِطْبَةِ النِّسَاء﴾

www.munber.org

﴿ئىددىتى توشمىغان ئاياللارغا ئۇلارنى ئالدىغانلىقىڭلارنى پۇرۇتۇپ ئۆتسەڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 235 ـ ئايەت]

مۇسۇلمان كىشى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئالماقچى بولۇپ سۆزلىشىپ قويغان ئايالغا يول ماڭسا ھارام بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ قويغان كىشى بۇرۇن سۆزلىشىپ قويغانلىق جەھەتتىن بىر ھەققە ئىگە بولغان. بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق، ئىنساني مۇناسىۋەتنى قوغداش ئۈچۈندۇر. مۇسۇلمان كىشى ئادەمگەرچىلىككە ياراشمىغان، دۈشمەنلىك ۋە بۇلۇڭپىلىشقا ئوخشاپ قالىدىغان بۇنداق قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك، ئەگەر ئىلگىرى كىلىشكەن كىشى توي قىلىش نىيىتىدىن يانغان ياكى ئىككىنچى كىشىگە ئۆزى رۇخسەت قىلغان بولسا، ئۇ چاغدا ھېچ گەپ يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿مۆمىن مۆمىننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۆمىن مۆمىن قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلىشى، ياكى ئالماقچى بولۇپ ئەلچى ئەۋەتكەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشى ھالال بولمايدۇ﴾[1].

ئىمام بۇخارىنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىلگىرى سۆز ئاچقان كىشى توي قىلىشتىن ۋازكەچمىگۈچە ياكى رۇخسەت قىلمىغۇچە ھېچكىم باشقىلار سۆز ئاچقان قىزغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن»[2].

قىزلار ياتلىق بولۇشقا زورلانمايدۇ، رازىلىقى ئېلىنىدۇ

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىز تويى قىلىش مەسىلىسىدە بىرىنچى قارار ئىگىسىدۇر، شۇڭا ئاتىلار قىزنىڭ رازىلىقىنى ۋە رەيىنى ئالمىسا بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«تويى مەسىلىسىدە چوكان ئۆزى قارار قىلىدۇ، قىز بالىنىڭ ماقۇللىقى ئېلىنىدۇ، ماقۇل بولغىنى سۈكۈت قىلغىنىدۇر»[1].

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بىر قىز كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۇنى رازىلىقى بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ قويغانلىقىنى، ئۇنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزغا قارار قىلىش ھوقۇقىنى بېرىۋەتكەن، لېكىن ئۇ قىز مۇنداق دېگەن: «مەن دادامنىڭ قىلغىنىغا قوشۇلدۇم، بىراق مەن ئاتىلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ھېچقانداق زورلاش ھوقۇقى يوقلىقىنى ئاياللارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى ئىدىم»[2].

بىر قىزنى دىيانەتلىك ۋە ئەخلاقلىق بىر كىشى تەلەپ قىلغان تەقدىردە، ئاتىسىنىڭ قىزنى بەرمەي، تويىنى كېچىكتۈرۈۋېتىشى توغرا بولمايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ نەرسە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ: ۋاقتى كىرىپ قالغان ناماز، تەييار بولغان جىنازا، ۋە لايىقى كەلگەن قىز»[3]. يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر سىلەرگە دىيانىتى ۋە ئەخلاقى يارايدىغان لايىق كەلسە، ئۇنىڭغا قىزىڭلارنى بېرىڭلار، ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭلار، يەر يۈزىدە چوڭ پىتنە ۋە بۇزۇقچىلىق يۈز بېرىدۇ»[4].

(1)ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2)ـ ئىمام ئىبنى ماجە ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
(3)ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
(4)ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللار

مۇسۇلمان كىشىنىڭ تۆۋەندىكى ئاياللارنىڭ بىرى بىلەن ئۆيلىنىشى ھارامدۇر:

1 ـ ئۆگەي ئانا. ئېرىدىن ئاجراشقان بولسۇن ياكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن ئوخشاش. جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ خىلدىكى ئۆيلىنىش بار بولۇپ، ئىسلام بۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى: ئۆگەي ئانا، ئاتا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ئانىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن بولىدۇ، شۇڭا ئاتىسىغا قارىتا ھۆرمەت بىلدۈرۈش جەھەتتىن بۇ ئايال ئوغلىغا ھارام قىلىنىشى مۇقەررەر بولغان. چۈنكى بۇ ئايالنى ئېرىنىڭ ئوغلىغا مەڭگۈ ھارام قىلىۋېتىش، ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆز سېلىپ تەمە قىلىش يولىنى كېسىپ تاشلايدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشكە تايىنىدۇ.

2 ـ ئانا: چوڭ ئانىلارمۇ ئانىغا ئوخشاش.

3 ـ قىزى: نەۋرە قىزىمۇ قىزىغا ئوخشاش.

4 ـ ئاچا ـ سىڭىل: بىر تۇغقان بولسۇن ياكى دادا بىر ياكى ئانا بىر بولسۇن ئوخشاش.

5 ـ ھامما: بۇ، ئانا بىلەن دادىنىڭ بىر تۇغقان ياكى ئانا بىر ياكى دادا بىر ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6 ـ ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ قىزلىرى.

7 ـ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ قىزلىرى.

www.munber.org

يۇقىرىدىكى تۇغقان ئاياللار ئىسلامدا مەھرەملەر دەپ ئاتالغان يېقىن ئاياللاردۇر، چۈنكى بۇلار ھەر زامان ۋە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا مۇسۇلمان كىشى نىكاھلىنىشى ھالال بولمايدىغان، مەڭگۈلۈك چەكلەنگەن ئاياللاردۇر. ئەر كىشىمۇ ئۇ ئاياللارغا نىسبەتەن مەھرەم دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىقى يېقىن ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىشنىڭ ھارام بولۇش ھېكمىتى ئېنىقتۇر، بۇلار:

❖ نورمال بىر ئىنساننىڭ تەبىئىتى ئانىسى، ھەمشىرىسى ياكى قىزىغا قارىتا جىنسىي تۇيغۇنى رەت قىلىدۇ. ھەتتا ھايۋانلارنىڭ بەزىسى بۇنداق تۇغقانلىرىغا يېقىن كەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ ھامىسىغا قارىتا تۇيغۇسى خۇددى ئانىسىغا بولغان تۇيغۇسىغا ئوخشاش، تاغىمۇ ئاتا ئورنىدىدۇر.

❖ ناۋادا ئىسلام دىنى بۇ قەتئىي چەكلەش ھۆكۈملىرىنى بەلگىلىمىگەن بولسا ئىدى، داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە بىر يەردە يالغۇز ئولتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرۈلگەن بولاتتى.

❖ ئەر كىشى بىلەن يۇقىرىقى ئايال تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ھۆرمەت، يېقىنلىق، رەھىم ـ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقتەك ئالاھىدە تۇيغۇ ئۇستىگە قۇرۇلغان كۈچلۈك رىشتە مەۋجۇدتۇر. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدىكى سۆيگۈ ۋە دوستلۇق دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ئۈچۈن مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن يات ئاياللارغا يۈزلىنىپ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق يېڭى يېقىنچىلىقنى پەيدا قىلىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى.

﴿وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً﴾

www.munber.org

﴿ئـــاراڭلاردا (ئــەر ـ خوتـــۇن ئارىســـىدا) مېھىـــر ـ مۇھەببـــەت ئورناتتى﴾ [رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت]

❖ بىـــز يۇقـــرىدا بايـــان قىلغـــان تۇغقـــان ئايـــاللار بىلـــەن ئـــەر كىشـــىنىڭ ئوتتۇرىســـىدىكى مېھرىبـــانلىق ۋە ھۆرمەتلەشكە تايانغان تۇغۇلما ھېسسىياتنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ ئىسسىق ساقلاپ قېلىش كېـرەك. شـۇنداق قىلغـاندىلا بـۇ ھېسسـىيات ئۇلارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدىكى دائىمـىي مېھىـر ـ شەپـقەت رىشتىسـىنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. بۇنداق ھېسسىيات ۋە رىشتىنى ئاجرىشىپ كېتىش ۋە ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتكۈدەك جىدەل ـ ماجىراغا ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى بولغـان ئۆيلىنىشـىنىڭ بـوران ـ چاپقۇنىغـا ئۇچـرىتىش، ئۇنىـڭ داۋاملىشىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلغانلىق بولىدۇ.

❖ بۇنـداق يېقىـن تۇغقـانلار ئىچىـدە ئۆيلىنىشـتىن مـەيدانغا كېلىدىغان نەسىل كۆپىنچە ئەھۋاللاردا زەئىپ ـ ئاجىز بولىدۇ، ئەگەر بىـر كىشـىنىڭ تۇغقـانلىرى ئارىسـىدا جىسـمانىي يـاكى ئـەقلىي جەھـەتتىن ئـەيىب بولسـا، بـۇ ئەيىبلـەر كېلەچـەكتىكى نەسىلدە يېغىلىپ نامايەن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

❖ ئايال كىشى بەزىدە ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قوغدايدىغان، مۇداپىئە قىلىدىغان بىر كىشىگە مۇھتاج بولىدۇ، خۇسۇسەن ئېرى بىلەن مۇناسىۋىتى قالايمىقانلىشىپ كەتسە، قوغدىغۇچىغا بەكرەك مۇھتاج بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار بىلەن توي قىلىش يولغا قويۇلسا، ئايالنى قوغدايدىغان كىشى ئايالنىڭ رەقىبىدىن باشقا كىشى بولمايدۇ ـ دە، چاتاق چىقىدۇ.

www.munber.org

## ئېمىلداشلىق سەۋەبىدىن نىكاھلىنىش ھارام بولغان ئاياللار

9 ـ كىچىكىدە ئېمىتكەن ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى ھارام بولىدۇ: چۈنكى ئېمىتىش ئارقىلىق ئۇ ئايال ئانىسىنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدۇ. ئېمىتكەن ئايالنىڭ سۈتى بىلەن ئەمگەن بالىنىڭ گۆشى ۋە سۆڭىكى ئۆسۈپ يېتىلگەن بولىدۇ، ھەمدە بۇ ئېمىتىش ئىككەيلەننىڭ ئارىسىدا ئانا ـ بالىلىق مېھرىنى پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە بۇ ئانا ـ بالىلىق مېھرى ئوتتۇردا نامايەن بولمىسىمۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئېمىتىشنىڭ نىكاھلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەر بار:

بىرىنچى شەرت: ئەمگۈچىنىڭ يېشى ئىككى ياشقا توشمىغان چاغدا ئېمىتكەن بولىشى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە سۈت بىرىنچى ئورۇندىكى غىزا ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى شەرت: قېتىم سانى تويغۇدەك بەش قېتىم ئېمىتىشتىن كەم بولماسلىق. تويغۇدەك ئېمىتىش دېگەن: بالا تويغانلىقتىن ئۆزلىگىدىن ئېمىشنى توختىتىشىدۇر.

ئېمىش سانى ھەققىدە بىر قانچە كۆز قاراش بولۇپ، بەش قېتىم دەپ بەلگىلەش ئەڭ كۈچلىكى ۋە ئەڭ ئورتىسىدۇر.

10 ـ ئېمىلداش ئاچا ـ سىڭىللار: ئايال كىشى ئېمىتكەن بالىنىڭ ئانىسى بولغىنىدەك، ئۇ ئايالنىڭ قىزلىرىمۇ ئەمگەن ئوغۇلنىڭ ئېمىشتىن بولغان ئاچا ـ سىڭىللىرى بولىدۇ، ئېمىتكەن ئانىسىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىمۇ ئەمگەن ئوغۇلنىڭ ھاممىلىرى بولىدۇ. باشقا تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭغا تۇغقان بولۇپ قالىدۇ. ھەدىس

www.munber.org

شەرىيئەتتە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «نەسەب مۇناسىۋىتى بىلەن نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان تۇغقانلار ئېمىتىش مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ ھارام قىلىنىدۇ»[1].

خۇددى نەسەب مۇناسىۋىتى بىلەن ھامما ۋە بىر تۇغقاننىڭ قىزى ھارام قىلىنغاندەكلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېمىتىش مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ ھارام قىلىنىدۇ. دېمەك: سۈت ئېمىتىش ئارقىلىق تۇغقان بولغانلار نەسەب ئارقىلىق تۇغقان بولغانلارغا ئوخشاش.

قۇدا ـ باجىلىق بىلەن نىكاھلىنىش ھارام بولغان ئاياللار

11 ـ قېيىن ئانا: قىزنى نىكاھ قىلىش بىلەنلا، بىر ياستۇققا باش قويمىسىمۇ، نىكاھ قىلىنغان ئايالنىڭ ئانىسى نىكاھ قىلغۇچى ئۈچۈن ئانا ئورنىدا بولىدۇ ـ دە، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا نىكاھلىنىش ھارام بولىدۇ.

12 ـ ئۆگەي قىز: ئۇ بىر ياستۇققا باش قويغان ئايالنىڭ قىزى بولۇپ، ئەگەر ئۇ ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىپ، تېخى ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويمىغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ قىزىنى ئالسا بولىدۇ.

13 ـ ئوغلىنىڭ ئايالى (كېلىن): ئوغلى دېگىنىمىز بېقىۋالغان ئەمەس، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدۇر. بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمى ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتكە خىلاپ بولغانلىقى، ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىدە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا جَعَلَ أَدْعِيَاءَكُمْ أَبْنَاءَكُمْ ذَلِكُمْ قَوْلُكُمْ بِأَفْوَاهِكُمْ﴾

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنى ئاللاھ بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۇلارنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا قىلىۋېلىشىڭلار) پەقەت ئېغىزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

يەنى بۇنداق سۆزلەر ئېغىزىڭلاردىكى سۆزدىن ئىبارەت، ھەقىقەتنى ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ، يات كىشىنى تۇغقان قىلىۋېتەلمەيدۇ.

بۇ ئاخىرقى ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھارام بولۇشى، قۇدىلىشىش سەۋەبىدىن كەلگەن بولۇپ، قۇدىلىشىش ۋە قۇدىلار ئوتتۇرىدىكى قويۇق مۇناسىۋەتلەر بۇنى تەقەززا قىلغان.

ئىككى ئاچا ـ سىڭىل بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆيلىنىمەك

14 ـ جاھىلىيەت دەۋرىدە يولغا قويۇلۇپ، ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ يەنە بىرى: ئىككى ئاچا ـ سىڭىل بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۆيلىنىشتۇر. چۈنكى ئىسلام داۋاملىق تەشەببۇس قىلغان قېرىنداشلىق سۆيگۈسى ئاچا ـ سىڭىل بىر ـ بىرىگە كۈندەش بولۇپ قالسا، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىككى ئاچا ـ سىڭىلنى بىر ۋاقىتتا نىكاھلىنىشنى ئېنىق ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسىدە بۇنى كېڭەيتىپ بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئايال بىلەن ھاممىسى بىر ۋاقىتتا ئېلىنمايدۇ»[1]. يەنە بىر ھەدىستە بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەر ناۋادا ئۇنداق قىلساڭلار، تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى ئۈزگەن بولىسىلەر»[2].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دىمەك، ئىسلام دىنى تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى كۈچلەندۈرۈشنى تەكىتلەيدىغان تۇرسا، ئۇنى ئۈزۈۋېتىدىغان نەرسىنى قانداقمۇ يولغا قويسۇن؟.

## باشقىلارنىڭ نىكاھىدىكى ئاياللار

15 ـ ئېرى بار ئايالغا ئېرىنىڭ نىكاھىدا تۇرغان مۇددەت ئىچىدە باشقا بىر كىشى بىلەن نىكاھلىنىش ھارامدۇر. بۇنداق ئايالنىڭ باشقا بىر كىشىگە نىكاھلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى شەرت تېپىلىشى كېرەك:

بىرىنچى: ئۆلۈم ياكى تالاق بىلەن ئېرىنىڭ قولىدىن ئاجرىغان بولىشى كېرەك.

ئىككىنچى: ئاللاھ تائالا ئىلگىرىكى ئەر ـ ئايالنىڭ تۇگەنچىسى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە بۇيرىغان ئىددەتنى تولۇق توشقۇزىشى كېرەك.

ھامىلدار ئايال ئۈچۈن بۇ ئىددەتنىڭ مۇددىتى تاكى ئۇ قورسىقىدىكى بالىنى تۇغقانغا قەدەر بولۇپ، ھامىلدارلىق مۇددىتى ئۇزۇن بولسۇن، قىسقا بولسۇن پەرقى يوق.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈن.

ئاجراشقان ئاياللار ئۈچۈن ئۈچ ھەيز مۇددىتىدۇر. ھەيز سانىنى ئۈچ قىلىشتىكى مەقسەت: بالىياتقۇدا ئىلگىرىكى ئېرىدىن بولغان بالا بار يوقلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر. نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇنداق ئېھتىيات زۆرۈردۇر. ئەمما ئايال كىشى ھەيز كۆرمەيدىغان بەك كىچىك قىز ياكى ياشانغان چوڭ ئايال

www.munber.org

بولسا، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئاي بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

﴿وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ أَنْ يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ اللَّهُ فِي أَرْحَامِهِنَّ إِنْ كُنَّ يُؤْمِنَّ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ﴾

﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن بالىياتقۇلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى يوشۇرۇش ئۇلارغا دۇرۇس ئەمەس﴾ [بەقەرە سۈرىسى 228 ـ ئايەت]

﴿وَاللَّائِي يَئِسْنَ مِنَ الْمَحِيضِ مِنْ نِسَائِكُمْ إِنِ ارْتَبْتُمْ فَعِدَّتُهُنَّ ثَلَاثَةُ أَشْهُرٍ وَاللَّائِي لَمْ يَحِضْنَ وَأُولَاتُ الْأَحْمَالِ أَجَلُهُنَّ أَنْ يَضَعْنَ حَمْلَهُنَّ﴾

﴿ئاياللىرىڭلاردىن ھەيز كەلمەيدىغانلارنىڭ ئىددىتىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىدىن شۈبھىدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى ئۈچ ئايدۇر، تېخى ھەيز كۆرمىگەنلەرنىڭ ئىددىتى ھەم ئۈچ ئايدۇر، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى تۇغۇش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾ [تالاق سۈرىسى 4 ـ ئايەت]

﴿وَالَّذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا يَتَرَبَّصْنَ بِأَنفُسِهِنَّ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا﴾

﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ، ئاياللىرى قەپقالغان كىشى بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئۇن كۈن ئىددەت تۇتىشى لازىم﴾ [بەقەرە سۈرىسى234 ـ ئايەت]

www.munber.org

يۇقىرىدىكى نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ئاياللارنىڭ **15** تۈردىن **14** تۈرىنى قۇرئان كەرىم نىسا سۈرىسىدىكى ئۈچ ئايەتتە بايان قىلغان:

﴿وَلَا تَنكِحُوا مَا نَكَحَ آبَاؤُكُمْ مِنْ النِّسَاءِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ إِنَّهُ كَانَ فَاحِشَةً وَمَقْتًا وَسَاءَ سَبِيلًا ۞ حُرِّمَتْ عَلَيْكُمْ أُمَّهَاتُكُمْ وَبَنَاتُكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ وَعَمَّاتُكُمْ وَخَالَاتُكُمْ وَبَنَاتُ الْأَخِ وَبَنَاتُ الْأُخْتِ وَأُمَّهَاتُكُمْ اللَّاتِي أَرْضَعْنَكُمْ وَأَخَوَاتُكُمْ مِنْ الرَّضَاعَةِ وَأُمَّهَاتُ نِسَائِكُمْ وَرَبَائِبُكُمْ اللَّاتِي فِي حُجُورِكُمْ مِنْ نِسَائِكُمْ اللَّاتِي دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَإِنْ لَمْ تَكُونُوا دَخَلْتُمْ بِهِنَّ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ وَحَلَائِلُ أَبْنَائِكُمْ الَّذِينَ مِنْ أَصْلَابِكُمْ وَأَنْ تَجْمَعُوا بَيْنَ الْأُخْتَيْنِ إِلَّا مَا قَدْ سَلَفَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ غَفُورًا رَحِيمًا ۞ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنْ النِّسَاءِ﴾

﴿ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ، بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، قەبىھ كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر، بۇ نېمە دېگەن يامان ئادەت ـ ھە. سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرەڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىندىشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، ھەمشىرەڭلارنىڭ قىزلىرىنى، سۈت ئانىلىرىڭلارنى، ئېمىلدەش ھەمشىرەڭلارنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قۇچىقىڭلاردا تەربىيىلىگەن قىزلىرىنى ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇ ئاياللىرىڭلار بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى ئالساڭلار ھېچ گەپ يوقتۇر. يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىللە بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى، لېكىن ئۆتكەنكىلەر ئەپۇ قىلىندى، ئاللاھ ھەقىقەتەن

www.munber.org

مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشىمۇ سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾ [نىسا سۈرىسى 22 ـ 24 ـ ئايەتلەر]

ئەمما ئايالنى ھاممىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمرىگە ئېلىشنىڭ ھاراملىقى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدە بايان قىلىنغاندۇر.

## مۇشرىك ئاياللار

16 ـ نىكاھلىنىش ھارام قىلىنغان ئاياللاردىن بىرى مۇشرىك ئايالدۇر. بۇ، ئەرەبلەرنىڭ مۇشرىكلىرىدەك بۇتلارغا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان ئايالدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَنكِحُوا الْمُشْرِكَاتِ حَتَّى يُؤْمِنَّ وَلَأَمَةٌ مُؤْمِنَةٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكَةٍ وَلَوْ أَعْجَبَتْكُمْ وَلَا تُنكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا وَلَعَبْدٌ مُؤْمِنٌ خَيْرٌ مِنْ مُشْرِكٍ وَلَوْ أَعْجَبَكُمْ أُولَئِكَ يَدْعُونَ إِلَى النَّارِ وَاللَّهُ يَدْعُو إِلَى الْجَنَّةِ وَالْمَغْفِرَةِ بِإِذْنِهِ﴾

﴿مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغۇچە ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار. (ھۆر) مۇشرىك ئايال سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ، مۆمىن دېدەك. ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر، مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار، (ھۆر) مۇشرىك ئەر سىلەرنى مەپتۇن قىلغان تەقدىردىمۇ مۆمىن قۇل ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن ئارتۇقتۇر، ئەنە شۇلار (مۇشرىك ئەر ۋە ئاياللار) سىلەرنى دوزاخقا چاقىرىدۇ، ئاللاھ ئۆز ئىرادىسى بويىچە جەننەتكە مەغپىرەتكە چاقىرىدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت]

www.munber.org

بۇ ئايەتكە ئاساسەن مۇسۇلماننىڭ مۇشرىك ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى ۋە مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇشرىك ئەر بىلەن نىكاھلىنىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ دىن ئېتىقادلىرى ئارىسىدا ئوخشاشماسلىق ۋە چوڭ پەرق بار بولۇپ، بىرى جەننەتكە يەنە بىرى جەھەننەمگە چاقىرىدۇ. جەننەتكە چاقىرغانلار ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، جەھەننەمگە چاقىرغانلار بولسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، پەيغەمبەرگە ۋە ئاخىرەت كۈنىگە تانغان ۋە ئىنكار قىلغانلاردۇر.

ئەر ـ خوتۇنلۇق دېگەن خاتىرجەملىك ۋە سۆيگۈ تۇرسا، بۇنداق بىر كىچىك جەمئىيەتتە بىر ـ بىرىدىن شۇنچە يىراق بولغان ئىككى تەرەپ قانداقمۇ چىقىشالىسۇن؟

## ئەھلى كىتاب ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش

ئەھلى كىتاب يەنى يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشنى قۇرئان كەرىم جائىز دەپ قارىغان، بۇلار دىنلىرىنىڭ ئەسلىنى نەقەدەر ئۆزگەرتىۋەتكەن بولىشىدىن قەتئىينەزەر ساماۋى بىر دىنغا مەنسۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ھەر جەھەتتە ئۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلغان. شۇڭا بۇ ھەقتىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ تاماقنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغاندەكلا، مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ قىزلىرى بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

﴿وَطعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ إِذَا آتَيْتُمُوهُنَّ أُجُورَهُنَّ مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ وَلَا مُتَّخِذِي أَخْدَانٍ﴾

﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ تامىقى سىلەرگە ھالال ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلارمۇ ئۇلارغا ھالالدۇر، مۆمىنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەردىن بولغان ئىپپەتلىك ئاياللارنىڭ مەھرىنى بەرسەڭلار، ئىپپەتلىك بولغىنىڭلار ۋە ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاھىشىنى كۆزلىمىگەن ھالدا (ئۇلارنى ئالساڭلار) ئۇلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

مانا بۇ باشقا دىنلاردا تېپىلمايدىغان ئىسلامىي كەڭچىلىكنىڭ بىر مىسالىدۇر، ئىسلام يەھۇدىي ۋە خرىستىئاننى كاپىر ۋە ئازغۇچى دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئاشۇ دىنلاردىكى بىر ئايال مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى تۇتقۇچى، كۆڭلىنى ئاچىدىغان شېرىكى، بالىلىرىنىڭ ئانىسى ۋە سىردىشى بولۇشىغا رۇخسەت قىلغان، چۈنكى ئەر ـ خوتۇنلۇق بۇلارنى تەقەززا قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً﴾

﴿ئاياللار بىلەن ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇرناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾ [رۇم سۈرىسى21 ـ ئايەت]

www.munber.org

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە ئاگاھلاندۇرۇش بار:

1 ـ ئىسلام پەقەتلا ساماۋى دىن ۋە ساماۋى كىتابى بار ئاياللارنى ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلغان. ئەمما كوممۇنىست ۋە ئاتېئىست ئاياللاردەك تېگىدە دىنسىز بولغانلار ياكى ئىسلام رەت قىلىدىغان باھائىيىيە[1]، دۇرزىييە[2] ۋە نۇسەيرىييە[3] قاتارلىق تائىپىلەردىكى ئاياللاردىن ئۆيلىنىش بولسا، كەسكىن ھارام ۋە قانۇنسىزدۇر.

2 ـ ئىسلام پەقەتلا يەھۇدىي، خرىستىئانلارنىڭ پاك ۋە ئىپپەتلىك بولغانلىرىنىلا ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئىپپەتسىز ئاياللىرى بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلمىغان.

3 ـ ئائىلە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللارنى ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۆيلىنىش دېگەن ئايالنىڭ ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن دوستلۇق ئورنۇتۇش دېگەنلىك، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى ئېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ دىنى ۋە مىللىتىگە سادىقلىق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى جاسۇسلۇق قىلىش ۋە دۈشمەنلەر بىلەن ھەمكارلىشىشتىن يانمايدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن

---

(1) ـ **باھائىيىيە:** ئىراندا 19 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا چىققان بابىيىە تائىپىسىنىڭ داۋامى بولغان بىر تائىپە. پەلسەپىسى ئىسمائىلىيىيە تائىپىسىنىڭ ۋە ئاشۇرىۋەتكەن سوپىلارنىڭ بەزى قاراشلىرىغا تايىنىدۇ. ئەخلاقتا خرىستىئانلىق تۈسى ئالىدۇ. دۇنياۋىيلىككە ئىنتىلىدۇ. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئەگەشكۈچىلىرى بار ـ ت.

(2) ـ **دۇرزىييە:** چېكىدىن ئاشقان شىيئەلەردىن ئىسمائىلىيىيە تائىپىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ھاكىم بىئەمرىللاھ ئەلفاتىمى دېگەن كىشىنى ئۇلۇغلايدۇ. ئەگەشكۈچىلىرى ھازىر شامدا ياشايدۇ ـ ت.

(3) ـ **نۇسەيرىييە:** ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنگەن دەپ قارايدىغان بۇزۇق ئەقىدىلىك بىر شىيئە تائىپىسى. ئەگەشكۈچىلىرى ھازىر شامدا ياشايدۇ ـ ت.

www.munber.org

ھازىرقى ئىسرائىل دۆلىتىدىكى يەھۇدىي ئايالدىن ئۆيلىنىشكە قەتئىي بولمايدۇ.

4 ـ دىن ئەھكاملىرىنى ئورۇنداشقا ھېرىسمەن دىندار مۇسۇلمان ئايال، مۇسۇلمان كىشىگە ئىسلام نامىنى ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس ئالغان، دىنغا سۇس قارايدىغان مۇسۇلمان ئايالدىن ياخشىراقتۇر. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگەتكەن:

«دىندار ئايالنى ئال! ياخشىلىق كۆرىسەن»[1].

بۇنىڭغا ئاساسەن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمان ئايال مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ھەرقانداق يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئايالدىن ئەۋزەل دېيىشكە بولىدۇ.

5 ـ ئەگەر مۇسۇلمان كىشى بالىلىرىنىڭ ئېتىقادىنى بۇلغۇۋېتىدۇ، ئەخلاق جەھەتتە ئۇلارنى يامان يولدا تەربىيلەپ قويىدۇ دەپ قورقسا، دىننى بۇ خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇنداق يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئايالدىن يىراق تۇرۇشى ۋاجىب. بولۇپمۇ شۇنداق ئايالنىڭ دۆلىتى ۋە مۇھىتىدا ياشايدىغانلار شۇنداق قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر.

6 ـ ئەگەر بىر شەھەردە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئاز بولسا، كۆچلۈك قاراشقا ئاساسەن مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ مۇسۇلمان ئاياللاردىن باشقىلارغا ئۆيلىنىشى ھارام بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق شارائىتتا مۇسۇلمان ئەرلىرىنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆيلەنمەي باشقىلاردىن ئۆيلىنىشى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باشقا دىندىكىلەرگە ياتلىق بولۇشى ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشۇ ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قىزلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئەرسىز قېلىشىغا

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سەۋەب بولىدۇ، بۇنداق بولسا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە چوڭ زىيان يېتىدۇ. شۇڭا بۇنداق شارائىتلاردا يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئاياللاردىن ئۆيلىنىشكە بېرىلگەن رۇخسەتنى ۋاقىتلىق توختۇتۇپ تۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىندۇر[1].

## مۇسۇلمان ئايالنىڭ مۇسۇلماندىن غەيرىيگە ياتلىق بولۇشى

ئەھلى كىتاب بولسۇن ياكى بولمىسۇن، مۇسۇلمان بولمىغان بىر ئەر كىشىگە مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ ياتلىق بولۇشى ھارامدۇر. بۇ ھېچقانداق شارائىتتا ھالال بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تُنكِحُوا الْمُشْرِكِينَ حَتَّى يُؤْمِنُوا﴾

﴿مۇشرىك ئەرلەر ئىمان ئېيتمىغۇچە مۆمىن ئاياللارنى ئۇلارغا ياتلىق قىلماڭلار﴾ [بەقەرە سۈرىسى 221 ـ ئايەت]

ھەمدە مۆمىن، مۇھاجىر ئاياللار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿فَإِنْ عَلِمْتُمُوهُنَّ مُؤْمِنَاتٍ فَلَا تَرْجِعُوهُنَّ إِلَى الْكُفَّارِ لَا هُنَّ حِلٌّ لَهُمْ وَلَا هُمْ يَحِلُّونَ لَهُنَّ﴾

﴿ئەگەر ئۇلارنى ھەقىقىي مۆمىن دەپ تونىساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرماڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس﴾ [مۇمتەھىنە سۈرىسى 10 ـ ئايەت]

[1] ـ بىزنىڭ (ھۇدەل ئىسلام) دېگەن كىتابىمىزدا مۇسۇلمان ئەرنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان ئايال بىلەن توي قىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي پەتۋا بار، شۇنىڭغا قاراڭ.

www.munber.org

بۇ ئومۇمىي ھۆكۈمدىن ئەھلى كىتاب ئەرلىرىنى ئايرىپ چىقىدىغان بىر دەلىل يوق بولغاچقا، مۇسۇلمان ئايالنىڭ ھەرقانداق بىر كاپىرغا ياتلىق بولۇشىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىردەك ھارام دەپ قارىغان.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمان ئەرنىڭ يەھۇدىي ۋە خرىستىئان ئايال بىلەن ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلغان. لېكىن مۇسۇلمان ئايالنىڭ يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئەرگە ياتلىق بولۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان. چۈنكى ئۆينىڭ مەسئۇلى، ئىگىسى ۋە ئايالنىڭ باشلىقى ئەر كىشىدۇر. ھەمدە يەھۇدىي ياكى خرىستىئان ئاياللار مۇسۇلمان ئەرگە ياتلىق بولغان تەقدىردە، ئىسلام ئۇلارغا ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى بېرىپ، بارلىق قانۇنلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغان. لېكىن يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرى باشقا دىندىكى ئايالنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلمىغان، ئۇنداق بولىدىكەن ئىسلام دىنى مۇسۇلمان قىزلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى قانداقمۇ خەتەرگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە رىئايە قىلمايدىغانلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويسۇن؟

بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە شۇكى: ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت ياخشى ئۆتىشى ئۈچۈن ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئېتىقادىنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. مۇسۇلمان كىشى بولسا، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار دىنلىرى - نەقەدەر بۇلغىنىپ كەتكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - ئەسلىدە ساماۋى دىن، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئاللاھدىن كەلگەن كىتاب، مۇسا ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى دەپ ئىشىنىدۇ. شۇڭا بۇ دىندىكى ئايال مۇسۇلمانغا ياتلىق بولغان تەقدىردە ئۆزىنىڭ دىنىنى، كىتابىنى ۋە پەيغەمبىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئەرنىڭ يېنىدا ياشىغان بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئىمانى پەقەت شۇلارغا ئىشىنىش بىلەنلا تولۇقلىنىدۇ. ئەمما يەھۇدىي ۋە

www.munber.org

خرىستىئان دىگەن ئىسلامغا، قۇرئانغا ۋە ئىسلام پەيغەمبىرىگە پەقەتلا ئىشەنمەيدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ يېنىدا دىنىنىڭ پەرىزلىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى ئورۇندايدىغان، بەلگىلىگەن ھالال ـ ھارام چەكلىمىسىگە رىئايە قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان ئايال قانداقمۇ ياشيالىسۇن؟

باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئېرى ئۇنىڭ دىنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ تۇرىۋاتسا، مۇسۇلمان ئايالنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى ۋە مۇسۇلماندارچىلىقىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇڭا، ئىسلام دىنى ئەر كىشىگە بۇتپەرەس، مۇشرىك ئايال بىلەن ئۆيلىنىشنى ھارام قىلغاندا، ھەقىقەتەن ئۆز روھىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلغان، چۈنكى ئىسلام دىنى بۇتپەرەسلىكنى ۋە شېرىك كەلتۈرۈشنى پۈتۈنلەي رەت قىلىدۇ. ناۋادا مۇسۇلمان كىشى بۇنداق ئايال بىلەن ئۆيلەنسە، بىر ـ بىرىنىڭ دىنىنى رەت قىلىدىغان بۇ ئىككى كىشى ئارىسىدا قانداقمۇ خاتىرجەملىك، مېھىر ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ بولسۇن؟

## زىنا قىلىدىغان ئاياللار

17 ـ بۇ يەردە زىنا قىلىدىغان ئاياللاردىن مەقسەت: ئاشكارا زىنا قىلىپ ئۇنى كەسىپ قىلىۋالغان زىناخور ئاياللاردۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ھەزرىتى مەرسەد ئىبنى ئەبى مەرسەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئالاقىسى بولغان (ئەناق) ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايال بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىشىنى سورىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىۋالغاندىن كېيىن، شۇ ئايەت نازىل بولغان:

www.munber.org

﴿الزَّانِي لَا يَنكِحُ إِلَّا زَانِيَةً أَوْ مُشْرِكَةً وَالزَّانِيَةُ لَا يَنكِحُهَا إِلَّا زَانٍ أَوْ مُشْرِكٌ وَحُرِّمَ ذَلِكَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿زىنا قىلغۇچى ئەر پەقەت زىنا قىلغۇچى ئايالنى ياكى مۇشرىك ئايالنىلا ئالىدۇ. زىنا قىلغۇچى ئايال پەقەت زىنا قىلغۇچى ئەرگە ياكى مۇشرىككىلا تېگىدۇ. ئۇنداق قىلىش مۆمىنلەرگە ھارام قىلىندى﴾ [نۇر سۈرىسى 3 ـ ئايەت] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەتنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىپ: ﴿ئۇنى ئالمىغىن﴾ دېگەن[1].

چۈنكى ئاللاھ تائالا پەقەت مۆمىن ئاياللارنىڭ ئىپپەتلىكىنى ۋە ئەھلى كىتابنىڭ ئىپپەتلىك ئاياللىرىنى ئېلىشقىلا رۇخسەت قىلغان، ھەمدە ئۇلارنى ئالىدىغان ئەرلەرنىڭمۇ ئىپپەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿مُحْصِنِينَ غَيْرَ مُسَافِحِينَ﴾

﴿زىنادىن ساقلىنىپ ئىپپەتلىك بولغان ھالدا﴾ [نىسا سۈرىسى 24 ـ ئايەت]

شۇڭا كىمكى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى بۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلمىسا ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا ئۇ مۇشرىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىشكە پەقەتلا شۇنىڭغا ئوخشاش مۇشرىكلا رازى بولىدۇ. كىمكى بۇ ھۆكۈمگە ئىقرار قىلىپ، ئۇنى قوبۇل قىلسا، لېكىن ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆيلىنىشى ھارام بولغان كىشىگە ئۆيلەنسە بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ زىناخور بولىدۇ.

بۇ ئايەت نۇر سۈرىسىدىكى دەررە ئۇرۇش ئايىتىدىن كېيىن كەلگەن:

---

[1] ـ بۇ ۋەقەلىكنى ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە تىرمىزىلار بايان قىلغان.

www.munber.org

﴿الزَّانِيَةُ وَالزَّانِي فَاجْلِدُوا كُلَّ وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِائَةَ جَلْدَةٍ﴾

﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار﴾ [نۇر سۈرىسى 2 ـ ئايەت]

بۇ بولسا جىسمانىي جازادۇر، ئەمما زىناخور بىلەن توي قىلىشنى چەكلەش بولسا، مەنىۋى جازادۇر. بۇ خۇددى ھازىرقى قانۇنلاردا گەرەجدانلىقتىن مەھرۇم قىلىشقا ياكى مەلۇم بىر ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش جازاسىغا ئوخشايدۇ.

ئىمام ئىبنۇل قاييىم يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەنىسىنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دېگەن[1]: «بۇ ھۆكۈمنى قۇرئاننىڭ ئېنىق ئايىتى تەقەززا قىلغاندەك، ئىنساننىڭ تەبىئىتىمۇ تەقەززا قىلىدۇ، ئەقىلمۇ بۇ ھۆكۈمنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىسىگە، پاھىشە ئايالنىڭ ئېرى بولۇپ، كۆنلمەيدىغان شوۋىچى بولۇپ قېلىشنى ھارام قىلغان. ھەممە ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى ئاشۇنداق ئىشلارنى يامان كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان قىلىپ ياراتقان. كىشىلەر بىر كىشىنى قاتتىق تىللىماقچى بولسا، ئۇنى شوۋىچى دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تىللايدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلماننىڭ بۇنداق بولۇشنى ھارام قىلغان.

بۇ ھارام قىلىش ھۆكمىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىشقا بولىدۇ: زىنا بىر جىنايەتتۇر، ئايال تەرەپىدىن قىلىنغان بۇ جىنايەت ئەرنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ھەممە ئاللاھ تائالا كىشىلەرگە نېمەت قىلىپ بەرگەن، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتىنى تولۇقلايدىغان نەسەبنى بۇلغايدۇ. چۈنكى زىنا، ئۇرۇقلارنىڭ ئارىلىشىپ، نەسەبلەرنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتىنىڭ گۈزەل ھۆكۈملىرىدىن بىرى بولسا: تەۋبە قىلغانلىقى ۋە ھامىلدار

[1] ـ (ئىغاسەتۇل لەھفان) 1 ـ توم، 66 ـ 67 ـ بەتلەر.

www.munber.org

ئەمەسلىكى تولۇق ئىسپاتلانمىغۇچە زىناخور ئايالنى ئېلىشنى ھارام قىلىشتۇر».

ئۇنىڭ ئۈستىگە زىناخور ئايال پاسكىنا، مەينەت... ھەمدە ئۇلۇغ ئاللاھ نىكاھنى مېھىر ـ شەپقەت ۋە پاك سۆيگۈگە سەۋەب قىلغان. دېمەك: پاسكىنا ئايال قانداقمۇ پاك ئەر تەرەپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ جۈپتى بولالايدۇ؟ جۈپتى دېگەن سۆز جۈپلىشىشتىن يەنى ئوخشىشىشتىن كەلگەندۇر. بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن دېگەن بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ئىككەيلەن دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. پاك كىشى بىلەن پاسكىنا كىشى دىندا ۋە ئادەتتە بىر ـ بىرىگە زىت، ھەمدە بىر ـ بىرىدىن نەپرەت قىلىشىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا بىر ـ بىرىنى سۆيۈش، بىر ـ بىرىگە مېھرى ـ شەپقەت قىلىش ۋە بىر ـ بىرى بىلەن جۈپلىشىش ھاسىل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن راست ئېيتقان:

﴿الْخَبِيثَاتُ لِلْخَبِيثِينَ وَالْخَبِيثُونَ لِلْخَبِيثَاتِ وَالطَّيِّبَاتُ لِلطَّيِّبِينَ وَالطَّيِّبُونَ لِلطَّيِّبَاتِ﴾

﴿يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەرلەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر﴾ [نۇر سۈرىسى 26 ـ ئايەت]

## ۋاقىتلىق نىكاھ

توي قىلماق ئىسلامدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق بىللە ياشاش نىيىتىگە تايىنىدىغان مۇستەھكەم رىشتە ھەم مۇھىم

www.munber.org

كېلىشىمدۇر. قۇرئان كەرىم بايان قىلغان كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، سۆيگۈ ۋە مېھىر ـ شەپقەت مېۋىسىنى قولغا كەلتۈرمەك ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپتە مەڭگۈ بىللە ياشاش نىيىتى بولۇشى لازىم. بۇ جۈپلىشىشنىڭ غايىسى نەسىللىنىش ۋە ئىنسان جىنسىنىڭ دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىشىشىدۇر.

﴿وَاللَّهُ جَعَلَ لَكُمْ مِنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا وَجَعَلَ لَكُمْ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ بَنِينَ وَحَفَدَةً﴾

﴿ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن خوتۇنلىرىڭلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتتى، سىلەر ئۈچۈن ئۇلاردىن ئوغۇللارنى ۋە نەۋرىلەرنى ياراتتى﴾ [نەھل سۈرىسى 72 ـ ئايەت]

ئەمما ۋاقىتلىق نىكاھ بولسا، ئەر بىلەن ئايالنىڭ مۇددەتلىك باغلىنىشىدىن ئىبارەت بولغاچقا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان مەنە بۇنىڭدا تېپىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىتلىق نىكاھقا ئىسلام قانۇنى پۈتۈنلەي بەلگىلىنىپ بولۇشتىن ئىلگىرى سەپەرگە ۋە غازاتقا چىققان چاغلاردا رۇخسەت قىلغان، كېيىن ئۇنى مەڭگۈ ھارام قىلىۋەتكەن.

بۇنداق نىكاھنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى: ئۇ چاغدىكى كىشىلەر جاھىلىيەتتىن ئىسلامغا يۆتكىلىش باسقۇچىدا ئىدى، جاھىلىيەت دەۋرىدە زىنا كەڭ تارقالغان ئىدى، ئىسلامىيەت كېلىپ كىشىلەرنى جىھادقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلغاندا ئۇلارغا ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ سەپەر قىلىش قىيىن بولغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىمانى كۈچلۈك ئىرادىلىك كىشىلەر بولغىنىدەك ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلارمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئىمانى ئاجىز كىشىلەرنىڭ قەبىھ زىنا يولىغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىناتتى.

www.munber.org

ئەمما ئىرادىلىك كىشىلەر بولسا ئۆزلىرىنى ئاختا قىلىۋېتىشكە بەل باغلىغان، بۇ ھەقتە ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: «يېنىمىزدا ئاياللىرىمىز بولمىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە غازاتقا چىقاتتۇق. بىز: «ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىۋەتمەمدۇق؟» دەپ سورىغىنىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇنداق قىلىشتىن توسۇپ كىيىم ـ كېچەك تويلۇق بېرىپ ۋاقىتلىق نىكاھ قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغان»[1].

دېمەك: ۋاقىتلىق نىكاھ ئاجىز ۋە كۈچلۈك ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ، سۆيگۈ، يېقىنلىق، نەسىللىنىش، ھارامدىن ساقلىنىش ۋە تۇغقانلار دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق نىكاھنىڭ بارلىق مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تولۇق ئەر ـ ئاياللىق ھاياتىنى يولغا قويۇشقا قاراپ قويۇلغان بىر قەدەم ئىدى.

قۇرئان كەرىم جاھىلىيەت دەۋرىدە كەڭ تارقالغان جازانە ۋە ھاراقنى چەكلەشتە تەدرىجي چەكلەش ئۇسۇلىنى قانداق قوللانغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ نىكاھ مەسىلىسىدە ئەينى ئۇسۇلنى قوللانغان. شۇڭا زۆرۈر ئەھۋاللاردا ۋاقىتلىق نىكاھقا رۇخسەت قىلغان، كېيىن بۇنداق نىكاھنى ھارام قىلىۋەتكەن. بۇنى ھەزرىتى ئەلى ۋە بىر گۇرۇپ ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان. مەسىلەن: ئىمام مۇسلىم سەھىھىدە ھەزرىتى سەبرە ئەلجۇھەنىدىن رىۋايەت قىلىشىچە: «ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىنى پەتھى قىلىش غازىتىغا چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاقىتلىق نىكاھقا رۇخسەت قىلغان، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن چىقىپ بولغىچە ئۇنى ھارام قىلىۋەتكەن» يەنە بىر

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

رىۋايىتىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۇنى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ھارام قىلىۋەتكەندۇر».

لېكىن بۇ چەكلەش ئانىلار ياكى قىزلار بىلەن ئۆيلىنىش ھارام بولغىنىدەك كەسكىنمۇ؟ ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان، توڭگۇز گۆشىنى يېيىشتەك زۆرۈر ئەھۋاللاردا رۇخسەت قىلىنىدىغان چەكلەشمۇ؟

ئومۇم ساھابىلارنىڭ قارىشى: ئىسلام قانۇنى بىكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ چەكلەش كەسكىندۇر، ئۇنىڭدا رۇخسەت قىلىش يوقتۇر.

بىراق ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاقىتلىق نىكاھقا زۆرۈر ئەھۋاللاردا رۇخسەت قىلىنىدۇ دەپ قاراپ، بارلىق ساھابىلارنىڭ قارىشىغا قېتىلمىغان. بىر كۈنى بىرسى ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن ۋاقىتلىق نىكاھ ھەققىدە سورىغاندا، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان، ئۇنىڭ خىزمەتچىسى ئۇنىڭدىن: «بۇ پەقەت قىيىن ئەھۋاللارغىلا بېرىلگەن رۇخسەتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى ئىبنى ئابباس: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

كېيىنكى كۈنلەردە ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلقنىڭ بۇ ھەقتە چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكىنى، پەقەتلا زۆرۈرەتكە رۇخسەت قىلماستىن ۋاقىتلىق نىكاھنى داۋاملىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى پەتىۋاسىدىن يېنىپ، ۋاقىتلىق نىكاھقا ئىككىنچى رۇخسەت قىلمىغان[2].

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ (زادۇل مەئاد) 4 ـ توم، 7 ـ بەت. بۇ ھەدىسنى ئىمام بەيھەقى ھەمدە ئىمام مۇسلىم ۋاقىتلىق نىكاھ بابىدا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىش

ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ماسلىشىدىغان، چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىلگەن نەرسىلەرنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان بىر دىندۇر. بىز بۇنى ئىسلامنىڭ كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن ئېنىق كۆرىۋالالايمىز. چۈنكى ئىسلام دىنى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇسۇلماننىڭ بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلغان. ئىسلامدىن ئىلگىرىكى كۆپلىگەن دىن ۋە مىللەتلەر ھېچبىر چەكلىمىگە باغلانماستىن نۇرغۇنلىغان ھەتتا ئونلىغان ۋە يۈزلىگەن ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلاتتى. ئىسلام كەلگەندە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمگە چەكلىمە ۋە شەرت قويدى.

ئىسلام قويغان چەكلىمە بولسا: بىر كىشى نىكاھىغا ئالغان ئاياللارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سانى تۆتتىن ئاشماسلىقتۇر. غەيلان ئەسسەقافى دېگەن كىشى مۇسۇلمان بولغان چاغدا ئون خوتۇنى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى مۇنداق دەپ بۇيرىغان:

«بۇلاردىن تۆتنى ساقلاپ قېلىپ، قالغىنىنى قويۇۋېتىپ بەرگىن»[1].

ھەمدە سەككىز خوتۇنى بىلەن[2]، بەش خوتۇنى[3] بىلەن مۇسۇلمان بولغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت تۆتىنىلا قالدۇرۇپ باشقىلىرىنى قويۇۋېتىشكە بۇيرىغان.

---

(1) ـ ئىمام شافىئى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھىببان، ئىبنى ئەبى شەيبە، دارىقۇتنى ۋە بەيھەقىيلار رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەھمەد، دارىمى، ئىبنى ھىببان، ھاكىم ۋە سۈنەن كىتاب ئىگىلىرى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئـەمما پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ توققـۇز ئايـال بىلـەن ئۆيلـىنىشى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ئىسلام تەشـۋىقاتىنىڭ ئېھتىيـاجى، ۋاپـات بولغـاندىن كېيىـن ئىسـلام ئۈممىتىنىـڭ ئۇلارغا ئېھتىيـاجى بولغـانلىقى جەھـەتتىن پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەخسۇس بېرىلگەن بىر رۇخسەتتۇر.

## بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن ئۆيلىنىشتە ئادالەت شەرتتۇر

ئىسلامنىڭ بىـردىن ئـارتۇق ئايـال بىلـەن ئۆيلىنىشكە قويغان شـەرتى بولسـا: مۇسـۇلمان كىشـى ئايـاللىرى ئارىسـىدا يېمـەك ـ ئىچمەكتە، كىيىم ـ كېچەكتە، تۇرىدىغان ئۆيدە، خەجلەپ بېرىدىغان پـۇلدا ۋە بىـللە قونۇشـتا ئادالـەت بىلـەن ئىـش قىلالايدىغانلىقىغا ئىشـەنچ قىلىشـدۇر، كىمكى بـۇ ھەقلەرنى ئـادىللىق بىلـەن ھەممە ئاياللىرىغا تەڭ قىلىپ، ئادا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشـەنچ قىلالمىسا، ئۇنـداق كىشـىنىڭ بىـردىن ئـارتۇق ئايـال بىلـەن ئۆيلىنىشى ھارام بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً﴾

﴿ئەگەر (ئاياللىرىڭلار ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىـر خوتـۇن بىلـەن كۇپايىلەنسـەڭلار بولىـدۇ﴾ [نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىككى ئايالى بولۇپ، بىرىگە بەكرەك مايىل بولغان كىشى، قىيامـەت كۈنـى چۈشـۈپ يـاكى ساڭگىـلاپ قالغـان بىـر تەرىپـىنى

www.munber.org

سۆرىگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ»[1]. ھەدىستە ئاگاھلاندۇرۇلغان مايىل بولۇش پەقەتلا كۆڭۈلنىڭ مايىل بولۇشى بولماستىن، بەلكى ھەقلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل مايىللىقىدا ئادىللىق قىلىش ئىنسان قولىدىكى ئىش ئەمەس، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇنى كەچۈرىۋەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَنْ تَسْتَطِيعُوا أَنْ تَعْدِلُوا بَيْنَ النِّسَاءِ وَلَوْ حَرَصْتُمْ فَلَا تَمِيلُوا كُلَّ الْمَيْلِ﴾

﴿قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرىگە پۈتۈنلەي مايىل بولماڭلار﴾ [نىسا سۈرىسى 129 ـ ئايەت]

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممە نەرسىنى ئاياللىرىغا تەڭ ۋە ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلاتتى ۋە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

«ئى ئاللاھ، بۇ كۈچۈم يەتكەن نەرسىنى تەقسىم قىلىشىم، مېنىڭ قولۇمدا بولمىغان، پەقەتلا سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان نەرسىلەر ھەققىدە مېنى كەچۈرگىن»[2].

بۇ يەردە قولىدا بولمىغاندىن مەقسەت: كۆڭۈل مەسىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ بىرىگە قارىتا ئالاھىدە ئامراقلىق تۇيغۇسىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىقىدىغان چاغدا ئاياللىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى، چەك قايسى ئايالغا چىقسا، شۇنى بىللە

[1]ـ سۈنەن كىتابلىرى ئىگىلىرى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[2]ـ سۈنەن كىتابلىرى ئىگىلىرى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئېلىپ ماڭاتتى[1]. بۇنى پەقەتلا كۆڭۈل ئاغرىقى بولماسلىق ۋە ھەممىنى تەك رازى قىلىش ئۈچۈن قىلاتتى.

## تۆتكىچە ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلىشتىكى ھېكمەت

ئىسلام ــ ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە بەلگىلىگەن دىنىدۇر. شۇڭا ئىسلام دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ھەممە زامان ۋە ئەسىرلەرگە ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا ئۇمۇمىيۈزلۈك بولغان مەڭگۈلۈك قانۇنلارنى بەلگىلىگەن.

ئىسلام شەھەر ئاھالىسىگە خاس قانۇن بەلگىلىگەندە، يېزا ئاھالىسىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، سوغۇق بەلۋاغدىكىلەرنى ئويلاپ، ئىسسىق بەلۋاغدىكىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. بىر ئەسىر ۋە بىر دەۋرنى كۆزلەپ باشقا دەۋرلەرنى ۋە ئەۋلادلارنى تاشلاپ قويمايدۇ.

ئىسلام كىشىلەرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تەڭ قامدايدۇ، ھەممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

مەسىلەن: بەزى كىشىلەر بالا يۈزى كۆرۈشنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغان بولىسىمۇ، ئايالى كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبتىن تۇغماس چىقىپ قالىدۇ، بۇنداق بىر ئەرنىڭ بىرىنچى ئايالىنى ساقلاپ قېلىپ، بارلىق ھەقلىرىنى ئادا قىلىش بىلەن بىللە بالا يۈزى كۆرۈش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغان ئىككىنچى بىر ئايالنى بىرىنچى ئايالنىڭ ئۈستىگە ئېلىشى ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ياخشى ئەمەسمۇ؟

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى ۋە شەھۋىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن ئايالىدا ئەر كىشىنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان ياكى مەلۇم بىر كېسەللىك ياكى ئادەت كۆرۈش مۇددىتى ئۇزۇن بولۇشتەك بىرقانچە ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئەر كىشى ئۇزۇن مۇددەت چىداپ تۇرالمايدىغان بولسا، بىرىنچى ئايالىنى قويىۋېتىش ياكى يوشۇرۇن ئاشنا تۇتقاننىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئايالنى نىكاھلاپ ئالسا توغرا بولمامدۇ؟

بەزى ئەھۋاللاردا بولۇپمۇ ياشلارنى ۋە ئەر كىشىلەرنى قىرىپ تۈگىتىدىغان ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئاياللارنىڭ سانى ئەرلەرنىڭ سانىدىن ئارتۇق بولىدۇ. مانا بۇنداق ئەھۋاللاردا ئاياللار پۈتۈن ئۆمرىنى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىن مەھرۇم بولۇپ ياشاشنىڭ ئورنىغا كۈنداش بولۇپ ياشىشى ھەم ئاياللار ئۈچۈن ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. چۈنكى بۇ تۇرمۇش خاتىرجەملىك، سۆيگۈ ۋە ئېپپەت ۋە ئانا بولۇش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى بەخش ئېتىدۇ.

دېمەك: تويى قىلىشقا قادىر بولغان ئەرلەرنىڭ سانىدىن ئارتۇق بولغان ئاياللارنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى ئۈچ يولنىڭ بىرىنى تاللىماي چارە يوق:

1 ـ يا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەر ـ خوتۇنلۇقتىن مەھرۇم ھالدا ئۆتكۈزۈش.

2 ـ ياكى ئەرلەرنىڭ ھارام كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ئويۇنچۇق بولۇپ ياشاش.

3 ـ ياكى ئايالى بار ھەمدە يەنە بىر ئايالنى بېقىپ خەۋەر ئالالايدىغان بىر ئەرگە ياتلىق بولۇش.

www.munber.org

شەكسىزكى، بۇ ئاخىرقى يول ئەڭ ساغلام ۋە ئەڭ ئادالەتلىك چارىدۇر، ئىسلام كۆرسەتكەن يولمۇ شۇدۇر.

﴿وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ اللَّهِ حُكْمًا لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾

﴿ئاللاھقا چىن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھۆكۈمدە ئاللاھدىنمۇ ئادىل كىم بار؟﴾ [مائىدە سۈرىسى 50 ـ ئايەت]

خرىستىئان غەرب دۇنياسى ئۆز ئەرلىرىگە سانسىز ئاشىق ـ مەشۇقلارنى تۇتۇشنى ھېچبىر شەرت ياكى چەكلىمىسىز راۋا كۆرگەن تۇرۇقلۇق، ھەمدە بۇ قانۇنسىز ۋە ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىقىدىغان بالا ـ چاقىلارغا ۋە ئاشنا ئايالغا قارىتا ھېچبىر قانۇني ياكى ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت ئېتىراپ قىلمىغان تۇرۇقلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىن ئارتۇق ئايال بىلەن قانۇنلۇق نىكاھلىنىشىنى ئەيىبلىشى ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن بۇ ئىككى يولنىڭ قايسى بەكرەك توغرا؟

❁ ❁ ❁

## ئۈچىنچى ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ھالال ۋە ھارام

قۇرئان كەرىم توينىڭ مەنىۋى غايىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئۇنى ئەر ـ ئائىللىق تۇرمۇشنى بىنا قىلىشنىڭ ئاساسى قىلغان. بۇ مەنىۋى غايىلەر: ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئېھتىياجنى ئۆزئارا سۆيگۈ بىلەن قاندۇرۇشتا، ئىككى تەرەپنىڭ يېقىنچىلىقىنى ۋە تۇغقانچىلىقىنى قۇدىلىشىش بىلەن كېڭەيتىشتە ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئىنسانىي رەھىم ـ شەپقەتنىڭ مۇكەممەللىشىپ، ئاتا ـ

www.munber.org

ئانىلاردىن بالىلارغا كۆچىشىدە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ مەنىلەرنى شۇ ئايەت كۆرسىتىدۇ:

﴿وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِتَسْكُنُوا إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ﴾

﴿ئاياللار بىلەن ئارام ئېلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى، ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار﴾ [رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت]

## ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتتە

قۇرئان كەرىم مەنىۋى جەھەتكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەنلا قالماستىن ئەر بىلەن ئايالى ئوتتۇرىسىدىكى ھىسسىيات ۋە جىسمانىي مۇناسىۋەتكىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ جەھەتتە جىنسىي ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان، زەرەر ۋە بۇزۇقچىلىقتىن ساقلايدىغان ئەڭ ياخشى يوللارنى كۆرسەتكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە: يەھۇدىيلار ۋە ئاتەشپەرەسلەر ھەيزدار ھالەتتىكى ئاياللاردىن بەك يىراق تۇراتتى. خرىستىئانلار بولسا، ھەيزدار ھالەتتىكى ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈۋېرەتتى، ھەيز ئەھۋالىغا پەرۋا قىلمايتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر بولسا خۇددى يەھۇدىيلار ۋە ئاتەشپەرەسلەردەك ھەيزدار ئاياللار بىلەن بىللە بىر داستىخاندا

www.munber.org

تاماق يېمەيتتى، بىر كۆرپىدە ئولتۇرمايتتى، ھەتتا بىر ئۆيدە بىللە تۇرمايتتى.

بۇ سەۋەبتىن بەزى مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەيز ھالەتتىكى ئايالغا يېقىنلىشىشنىڭ ھالال ياكى ھارام تەرەپلىرىنى سورىغاندا بۇ ئايەتلەر نازىل بولغان:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ عَنِ الْمَحِيضِ قُلْ هُوَ أَذًى فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ وَلَا تَقْرَبُوهُنَّ حَتَّى يَطْهُرْنَ فَإِذَا تَطَهَّرْنَ فَأْتُوهُنَّ مِنْ حَيْثُ أَمَرَكُمُ اللَّهُ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ﴾

﴿ئۇلار سەندىن ھەيز ئورنىغا جىنسىي يېقىنلىشىشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورىشىدۇ. ئېيتقىنكى: ھەيز نىجاسەتتۇر، شۇڭا ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار، ھەيزدىن پاكلانغىچە ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلماڭلار. تولۇق پاكلانغاندا ئۇلارغا ئاللاھ بۇيرىغان جايدىن يېقىنچىلىق قىلىڭلار. ئاللاھ ھەققەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى، پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى222 ـ ئايەت]

بەزى ئەرەبلەر ھەيز مەزگىلىدە ئاياللىرىدىن نېرى تۇرۇشنى، ئۇلار بىلەن ئۆيدە بىللە تۇرماسلىق دەپ چۈشىنىپ قالغان. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايەتنىڭ مەقسىتىنى ئۇلارغا مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن: ﴿مەن پەقەت ھەيز مەزگىلىدىكى ئاياللارغا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىقنى بۇيرۇدۇم، ئەجەملەردەك ئۇلارنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇمىدۇم. يەھۇدىيلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مۇنداق

www.munber.org

دېيىشكەن: "بۇ ئادەم بىزگە پۈتۈن ئىشلىرىمىزدا خىلاپ ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ﴾[1].

دېمەك: مۇسۇلمان كىشى ئايالى بىلەن ھەيز جايىدىن يىراق تۇرۇپ كۆڭۈل ئاچسا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ھەيز ھالىتىدىكى ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىدىغانلار بىلەن، ھەيز ھالىتىدىكى ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتلەشكىدەك دەرىجىدە ئارىلىشىدىغانلار ئارىسىدا ئوتتۇرا يولنى تاللىغان بولىدۇ.

ھازىرقى زامان تىببىي تەرەققىياتى ھەيز ۋاقتىدا زەھەرلىك ماددىلارنىڭ چىقىدىغانلىقىنى، بۇ ماددا جىسىمدا قالسا، جىسىمغا زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كەشپ قىلدى. ھەمدە ھەيز ھالىتىدە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسلىق بۇيرۇقىنىڭ سىررىنى تاپتى. چۈنكى ھەيز ھالىتىدە ئايال كىشىنىڭ تاناسىل ئەزالىرى قان بىلەن توشقان بولىدۇ، نېرۋىمۇ ئىچكى بەزلەر چىقارغان نەرسىلەر تۈپەيلىدىن بىئارام ھالەتتە بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا جىنسىي مۇناسىۋەت زىيانلىق بولۇپلا قالماي. بەلكى تېخى قاننىڭ چۈشۈشىنى توسۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بۇ ۋاقىتتىكى جىنسىي مۇناسىۋەت كۆپلىگەن نېرۋا بىئاراملىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. بەزىدە تاناسىل ئەزالىرىنىڭ ياللۇغلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ[2].

## ئارقا تەرەپتىن ساقلىنىش

جىنسىي مۇناسىۋەت ھەققىدە ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:

---

[1] ـ ئىمام رازى تەفسىرى: 6 ـ توم، 66 ـ بەتكە قاراڭ.
[2] ـ مەرھۇم ئابدۇل ئەزىز ئىسمائىلنىڭ ((ئىسلام ۋە يېڭى تىبابەت)) دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

www.munber.org

﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ وَقَدِّمُوا لِأَنفُسِكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّكُمْ مُلَاقُوهُ وَبَشِّرِ الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن خۇددى ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىققا خالىغان ھالەتتە كېلىڭلار، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ئالدىنئالا ياخشى ئەمەل تەييارلاڭلار، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، بىلىڭلاركى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىسىلەر، مۆمىنلەرگە (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن﴾ [بەقەرە سۈرىسى 223 ـ ئايەت]

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبى ۋە ھېكمىتى بولۇپ، ئۇنى بۈيۈك ھىندىستان ئالىمى ۋەلىيۇللاھ دەھلەۋى[1] مۇنداق دەپ بايان قىلغان:

"يەھۇدىيلار ساماۋى بىر ھۆكۈمگە تايانماستىن، جىنسىي مۇناسىۋەت شەكلىگە چەكلىمە قويۇۋالاتتى. ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرىدىغانلار ۋە ئەنسارلار شۇلارنىڭ يولىنى تۇتاتتى. يەھۇدىيلار: "ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاشسا، بالا ئالغاي تۇغۇلىدۇ" دېيىشەتتى، شۇڭا بۇ ئايەت نازىل بولدى:

﴿فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾ يەنى ئالدىدىن بولسۇن، ئارقىدىن بولسۇن، ئايالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغىلا بولىدىكەن قايسى تەرەپتىن بولسۇن بولاۋېرىدۇ. چۈنكى بۇنداق چەكلەشتە يا دىنىي ياكى دۇنياۋى بىر مەنپەئەت يوقتۇر. ئىنسان ئۆز مەنپەئەتىنى ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ. قايسى شەكىلدە يېقىنلاشسا ئۇرۇقنى ئايالىنىڭ ئالدىدىكى ئۇرۇق تېرىيدىغان يەرگە تېرىسىلا بولىدۇ. ئالدىدىن

---

[1] ـ ۋەلىيۇللاھ دەھلەۋى: ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرراھىيم، شاھ ۋەلىيۇللاھ دەپ تونۇلغان. ھـ 1176 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

ياكى ئارقا تەرەپتىن بولۇشىنىڭ پەرقى يوقتۇر. بۇ چەكلىمىنى يەھۇدىيلار ئارتۇقچە پەيدا قىلىۋالغان، شۇڭا ئۇنىڭ بىكار قىلىنىشى لايىق ئىدى[1].

جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ شەكلى ۋە كەيپىياتىنى كىشىلەرگە بەلگىلەپ بەرمەك دىنىنىڭ ئىشى ئەمەس، دىنىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى كىشىلەرنىڭ ئاللاھدىن قورقۇپ، بىر كۈنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى بىلىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئارقا تەرىپىگە يېقىنلىشىشتىن ساقلىنىشىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللارنىڭ ئارقىسىغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن[2]. يەنە ئايالىنىڭ ئارقىسىغا يېقىنلاشقان بىر كىشىنىڭ ۋەقەسىدە: «ئۇ كىچىك بەچچىۋازلىقتۇر» دېگەن[3]. يەنە ئەنسارلاردىن بىر ئايال ئايال كىشىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاشماقنىڭ ھۆكمىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا بۇ ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن:

﴿نِسَاؤُكُمْ حَرْثٌ لَكُمْ فَأْتُوا حَرْثَكُمْ أَنَّى شِئْتُمْ﴾

﴿ئاياللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن (نەسىل تېرىيدىغان) ئېكىنزارلىقتۇر، ئېكىنزارلىقىڭلارغا خالىغان ھالەتتە كېلىڭلار﴾ [بەقەرە سۈرىسى 223 ــ ئايەت] يەنى جىنسىي ئەزاغا دېمەكچى[4].

يەنە ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ھالاك بولدۇم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «سېنى نېمە ھالاك قىلدى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «تۈنۈگۈن ئۇلاغقا تەتۈر مىندىم» (ئايالىنىڭ ئالدىغا ئارقا تەرەپتىن يېقىنلاشقانلىقتىن

---

[1] ـ ”ھۆججەتۇللاھ ئەل بەلىغا“: 2 ـ توم، 134 ـ بەت.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.
[4] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

كىنايە) دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەت نازىل بولغىچە سۆز قىلمىدى، ئايەت نازىل بولغاندا ئۇنىڭغا: «ئالدى تەرەپتىن ياكى ئارقا تەرەپتىن بولسۇن مەيلى، ھەيزدار ئايالغا ۋە ئايالنىڭ ئارقىسىغا بولسا بولمايدۇ» دېدى[1].

## ئەر - خوتۇن ئۇتتۇرىسىدىكى سىرلارنى ساقلاش

سالىھ ۋە ياخشى ئاياللارنى قۇرئان كەرىم مەدھىيىلىگەن، ھەمدە ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿قَانِتَاتٌ حَافِظَاتٌ لِلْغَيْبِ بِمَا حَفِظَ اللَّهُ﴾

﴿ياخشى ئاياللار داۋاملىق ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، ئەرلىرى يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئاللاھنىڭ ئىنايىتى بىلەن ئەرلىرىنىڭ ھەقلىرىنى ساقلىغۇچىلاردۇر﴾ [نىسا سۈرىسى 34 ـ ئايەت]

ساقلىنىشى كېرەك بولغان نەرسىلەردىن بىرى بولسا: ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭا بۇ ئىچكى مۇناسىۋەت ئولتۇرۇشلاردا ۋە دوست - ئاغىنىلەر بىلەن پاراڭلاشقان يەرلەردە دېيىلسە توغرا بولمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

«قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇرنى ئەڭ يامان كىشىلەردىن ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا يايىدىغان كىشىدۇر»[2].

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى، سالام بەرگەندىن كېيىن بىزگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ:

«ئورنۇڭلاردىن قوپماي تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ پەردىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ: «مەن ئايالىم بىلەن ئۇنداق قىلدىم، مۇنداق قىلدىم» دەيدىغانلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن جىم تۇردى، كېيىن ئاياللار بار تەرەپكە بېرىپ ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بارمۇ؟» دېدى، بىر قىز بىر تىزىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ۋە سۆزىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بويىنىنى ئىگىز كۆتۈردى ۋە مۇنداق دېدى: «ھەئە، ئى رەسۇلۇللاھ، ئەرلەرمۇ چىقىپ دېيىشىدۇ، ئاياللارمۇ چىقىپ تازا دېيىشىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ ئۇلارغا: «بۇنداق قىلغان ئادەم نېمىگە ئوخشايدۇ بىلەمسىلەر؟ ئۇنداق قىلغان ئادەم خۇددى يولدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرىنى قاندۇرغان ئەركەك شەيتان بىلەن چىشى شەيتانغا ئوخشايدۇ» دېدى[1].

بىر مۇسۇلماننى بۇنداق ئەخمەقلىق ۋە گالۋاڭلىق قىلىپ سېلىشتىن نەپرەتلەندۈرمەك ئۈچۈن بۇ ئوخشۇتۇش كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى ھېچبىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى شەيتان ياكى ئاشۇ شەيتاندەك بولۇشىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ.

❋ ❋ ❋

(1)ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# تۆتىنچى تۇغۇت چەكلەشتىكى ھالال ۋە ھارام

شەكسىزكى، ئۆيلىنىشنىڭ غايىلىرىدىن بىرى، بەلكى بىرىنچىسى ئىنسان نەسلىنى ساقلاپ قېلىشتۇر. ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىششى پەقەتلا نەسىللىنىشنىڭ داۋاملىششى بىلەن بولىدۇ. ئىسلام دىنى نەسلىنىڭ كۆپ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغان، تۇغۇلغان بالا ئوغۇل بولسۇن ياكى قىز بولسۇن ئوخشاشلا قارشى ئالغان، لېكىن بۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى زۆرۈر ئەھۋاللاردا تۇغۇتنى رەتكە سېلىشقا رۇخسەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى نەسلىنى ئازايتىش ئۈچۈن كىشىلەر قوللانغان ئەڭ مەشھۇر ئۇسۇل ئەزلى قىلىش (مەنىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش) تىن ئىبارەت ئىدى، ۋەھيي ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە ساھابىلەر شۇنداق قىلاتتى. ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە قۇرئان نازىل بولىۋاتقان چاغلاردا بىز ئەزلى قىلاتتۇق». ئۇ يەنە سەھىھۇ مۇسلىمدە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەزلى قىلاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى بىلگەن، ئەمما بىزنى توسمىغان».

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ بىر كېنىزىكىم بار، مەن ئۇنىڭدىن ئەزلى قىلىمەن، مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىششىنى ياقتۇرىمەن، لېكىن ئېغىرئاياق بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن، يەھۇدىيلار: (ئەزلى

قىلىش بوۋاق بالىنى ئۆلتۈرگەنلىك) دېيىشىۋاتىدۇ» دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

«يەھۇدىيلار يالغان ئېيتىدۇ (يەنى ئەزلى قىلىش ھەقىقىي بوۋاق بالىنى ئۆلتۈرگەنلىك ئەمەس)، ناۋادا ئاللاھ ئۇنى يارىتىشنى خالىسا، ئۇنى توسالمايسەن» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىستە دېمەكچى بولغىنى: ئەر كىشى ئەزلى قىلغان تەقدىردىمۇ، بەلكى تۇيماستىن بىرەر تامچە چىكىتىپ قېلىپ، ھامىلدارلىققا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. تولۇق ئېھتىيات قىلسىمۇ ئاللاھ يەنىلا يارىتىشقا قادىردۇر.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئۆمەر بار بىر ئولتۇرۇشتا ئەزلى قىلىش ھەققىدە پاراڭ بولدى، بىرسى: «يەھۇدىيلار بۇنى: (بوۋاق بالىنى ئۆلتۈرگەنلىك) دەپ داۋراڭ سېلىشىۋاتىدۇ» دېدى، ھەزرىتى ئەلى بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: «ياق، تۆرەلمە يەتتە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمىگىچە ئۆلتۈرۈلگەن بولمايدۇ، ئالدى بىلەن لاينىڭ جەۋھىرى، ئاندىن بالىياتقۇدا جايلاشقان ئابىمەنى، ئاندىن لەختە قان، ئاندىن بىر پارچە گۆش، ئاندىن سۆڭەك، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇرىلىدۇ، ئاندىن جان كىرگۈزۈلۈپ باشقا بىر مەخلۇق قىلىنىدۇ». بۇنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر: «ھەقىقەتەن توغرا ئېيتتىڭ، ئاللاھ ئۆمرۈڭنى ئۇزۇن قىلسۇن» دېدى.

www.munber.org

---

([1])ـ سۈنەن كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان.

# تۇغۇتنى رەتكە سېلىشنى جائىز قىلىدىغان زۆرۈر ئەھۋاللار

بۇ زۆرۈر ئەھۋاللارنىڭ بىرىنچىسى بولسا: تەجرىبىلىك ۋە ئىشەنچلىك دوختۇرنىڭ سۆزىگە ئاساسەن، تۇغۇت ياكى ھامىلدارلىق تۇپەيلىدىن ئانىنىڭ ھاياتىغا ياكى تەن - سالامەتلىكىگە خەۋپ يېتىش ئەھۋالىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تُلْقوا بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾

﴿ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار﴾ [بەقەرە سۈرىسى 195 - ئايەت]

يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

﴿ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار! ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [نىسا سۈرىسى 29 - ئايەت]

زۆرۈر ئەھۋاللارنىڭ يەنە بىرى بولسا: بالىلارنى دەپ ئېغىر قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قېلىشتىن، ياكى بالىلارنىڭ تۇپەيلىدىن ئوغرىلىق، پارىخورلۇقتەك ھارام ئىشلارنى قىلىپ سېلىشتىن ئەندىشە قىلىدىغان ئەھۋاللاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 185 - ئايەت]

﴿مَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُمْ مِنْ حَرَجٍ﴾

www.munber.org

﴿ئاللاھ سىلەرگە مۇشەققەتنى خالىمايدۇ﴾ [مائىدە سۈرىسى6 ـ ئايەت]

يەنە بالىلارنىڭ تەن سالامەتلىكى ياكى ئۇلارنى بېقىپ تەربىيىلەشنىڭ ئوبدان بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئەھۋاللاردۇر. سەھىھ مۇسلىمدا ھەزرىتى ئۇسامە ئىبنى زەيد مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئايالىمدىن ئەزلى قىلىمەن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟» دەپ سورىغاندا ئۇ كىشى: «ئايالىمنىڭ بالىسىغا ـ ياكى دېدى ـ بالىلىرىغا ئىچىم ئاغرىيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇ (يەنى ئەزلى قىلىش) زىيانلىق بولىدىغان بولسا، ئىران ۋە رىمغا زىيان قىلغان بولاتتى» دېدى[1].

بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىسمەن ئەھۋاللارنىڭ پۈتۈن بىر مىللەت ياكى پۈتۈن بىر مەملىكەتكە زىيان يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەندەك قىلىدۇ[2]. ئەزلى قىلغان ئىران ۋە رىم ئىمپېرىيىلىرى شۇ چاغدا ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەردىن تۇرۇپ، بۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىمىغانلىقى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

يەنە شەرىئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان زۆرۈر ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا: يېڭى بىر ھامىلدارلىق ياكى بىر تۇغۇتنىڭ قۇچاقتىكى سۈت ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئەنسىرەشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېمىتىۋاتقان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشنى ئېمىتىۋاتقان ئانىنىڭ سۈتىنىڭ

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئەسكەرتىش: ئاپتورنىڭ تۇغۇتنى رەتكە سېلىشقا بەرگەن رۇخسەتلىرى، نورمال ۋەزىيەتتە قىسمەن كىشىلەر دۇچ كېلىدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا بېرىلگەن رۇخسەتلەردۇر. بۇنى ھەممە كىشىلەرگە ئومۇملاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقى ئېنىقتۇر ـ ت.

www.munber.org

بۇزۇلۇشىغا ۋە ئېمىۋاتقان بالىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى جەھەتتىن "يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش" دەپ ئاتىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى داۋاملىق پايدىلىق بولغان نەرسىلەرگە بۇيرۇپ، زىيانلىق بولغان نەرسىلەردىن توساتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۈممىتىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاپ مۇنداق دېگەن: «باللىرىڭلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى ھامىلدارلىق ھالىتىدىكى سۈت ئاتلىق ئەسكەرنى يىقىتىۋېتىدۇ»[1]. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ھاراملىق دەرىجىسىگە قەدەر چەكلىمىگەن، چۈنكى ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك مىللەتلەرگە قاراپ بۇ ئىشنىڭ ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمىگەنلىكىنى كۆرگەن. دېمەك: بۇنىڭدىن زىيان كېلىپ چىقىشى ئېنىقمۇ ئەمەس، ھەم داۋاملىقمۇ ئەمەس. بۇنىڭ ئۈستىگە ئېمىتىش مۇددىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنى كەسكىن چەكلىۋەتكەن بولسا، تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن قىينىلىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇنداق دېگەن:

«ئېمىتىۋاتقان ئايال بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى چەكلەشنى ئويلىدۇم، كېيىن ئىرانلىق ۋە رىملىقلار بۇنى قىلسىمۇ زىيان قىلمىغانلىقىنى كۆردۈم»[2].

ئىمام ئىبنۇل قاييىم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: «باللىرىڭلارنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن ھەدىس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«بۇ ھەدىسلەردىن بىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھامىلدارلىق ھالىتىدىكى سۈت خۇددى ئاتلىق ئەسكەرنى ئىتتىرىپ دومىلىتىپ يىقىتقۇدەك ئەمگەن بالىنىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئىيتقان، بۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا بىر خىل ئازار يەتكۈزىدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇڭا ئۇنداق قىلماڭلار دەپ يول كۆرسەتكەن. لېكىن ئۇنى ھارام قىلىش تەرىقىسىدە چەكلىمىگەن، كېيىن ئەمگەن بالىغا كېلىدىغان ئازارنىڭ يولىنى تاقاش ئۈچۈن ئىمۇۋاتقان ئاياللارغا جىنسىي يېقىنلىشىشنى چەكلىۋېتىشنى ئويلىغان، بىراق بۇ چەكلەشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىياننىڭ ئېغىرراق ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. بولۇپمۇ ياشلار ۋە شەھۋەتلىك كىشىلەر ئىككى يىل ئىمىتىش مۇددىتىدە ئاياللىرىغا يېقىنلاشمىسا ئۇلاردا خەتەرلىك ئەھۋاللار كۆرىلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئىمىتىۋاتقان ئاياللارغا يېقىنلىشىشنى چەكلىگەندىن چەكلىمىگەن ياخشىراق دەپ قارىغان. بولۇپمۇ ئەينى زاماندىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك ئىككى مىللەتنىڭ شۇنداق قىلىپ تۇرۇپ زىيان تارتىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى چەكلەش نىيىتىدىن يانغان»[1].

ھازىرقى ئەسىرىمىزدە ھامىلدار بولۇپ قېلىشقا توسالغۇ بولىدىغان يېڭى چارىلەر پەيدا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزلىگەن ئىمىدىغان بوۋاقنى زىياندىن قوغداش بىلەن بىرلىكتە ئىمىتىش مۇددىتىدە ئاياللارغا يېقىن كەلمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولغان مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدىغان چارىلەر بار.

---

[1] - (مفتاهۇ دارۇسسائادە)، 620 - بەت، ۋە (زادۇل مەئاد) 4 - توم، 16 - بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

يۇقىرىقىلارغا بىنائەن ئىككى تۇغۇت ئارىسىدىكى ئەڭ تولۇق ئېمىتىش مۇددىتىنى ئىسلام نەزىرىدە 30 ياكى 33 ئاي دەپ بەلگىلەيمىز.

ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار: «ئەزلى قىلىش ئايالى رۇخسەت قىلغان تەقدىردە جائىز بولىدۇ» دەپ قارىغان. چۈنكى ئايالنىڭ بالا تۇغۇش ھەمدە جىنسىي مۇناسىۋەتتىن بەھرىمەن بولۇش ھەققى باردۇر. ھەزرىتى ئۆمەردىنمۇ ئايالىنىڭ رۇخسىتىسىز ئەزلى قىلىشتىن توسقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. بۇ ھۆكۈم، ئايالالارنىڭ ھېچقانداق بىر ھەققىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان بىر دەۋردە ئىسلامنىڭ ئايالالار ھوقۇقىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## بالا چۈشۈرۈۋېتىش

ئىسلام بەزى زۆرۈر ئەھۋالالار سەۋەبىدىن تۇغۇتنى رەتكە سېلىشقا رۇخسەت قىلغىنى بىلەن قورساقتا تۆرىلىپ بولغان بالىغا جىنايەت قىلىشقا ـ بالا ھارامدىن بولغان تەقدىردىمۇ ـ قەتئىي رۇخسەت قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنادىن ھامىلدار بولغان بىر ئايالغا بالىسىنى تۇغۇپ ۋە ئۇنى تولۇق ئېمىتىپ بولغىچە زىنا جىنايىتىگە بەلگىلەنگەن جازانى ئىجرا قىلىشنى قوبۇل قىلمىغان، چۈنكى قورساقتىكى بالىنىڭ ھېچ گۇناھى يوق.

بارلىق ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى: قورساقتىكى بالىغا جان كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش ھارام، مۇسۇلماننىڭ بۇنى قىلىشى ھالال بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ھاياتلىقى ئېنىق، تولۇق يارىتىلىپ بولغان بىر جانلىققا قىلىنغان بىر جىنايەتتۇر دەپ

www.munber.org

بىردەك قاراشقا كەلگەن. شۇڭا ئۇلار: باشقىلار تەرپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن بالا تىرىك چۈشۈپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتسە تولۇق تۆلەم، ئۆلۈك چۈشسە ئازراق مالىي جازا مۇئەييەنلىشىدۇ دېگەن.

لېكىن ئۇلار يەنە مۇنداق دېگەن:

«بالا، بالىياتقۇدا جانلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قورساقتا قېلىپ نورمال تۇغۇت ئارقىلىق دۇنياغا كېلىشى چوقۇم ئانىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇنداق بولۇشىنى ئىشەنچلىك دوختۇرلار تەكىتلىگەن بولسا، بۇنداق ئەھۋالدا شەرىئەتنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرى ئىككى زىياننىڭ يەڭگىلرەكىنى تارتىشقا بۇيرىيدۇ. ئەگەر بالا ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئانىنىڭ ئۆلۈشى كېرەك بولسا، بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئانا قۇربان قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئانا بالىنىڭ ئەسلى ۋە ئاساسىدۇر. ئانىنىڭ ھاياتى مۇقىملىشىپ بولغان، ئۇنىڭ ھاياتتا ئۆزىگە لايىق نېسىۋىسى، ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، مۇنداق بولىدىكەن تېخى ئۆز ئالدىغا ھاياتىنى باشلىمىغان، ھېچ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالمىغان قورساقتىكى بىر بالىنىڭ ھايات كەچۈرىشى ئۈچۈن ئانىنى قۇربان قىلىشىمىز ئەقىلگە سىغمايدۇ»[1].

بۇنىڭغا ئوخشاش بىزگە ئىلمىي يول ئارقىلىق بالىنىڭ مېيىپ تۇغۇلىدىغانلىقى، ئۆزىنى ۋە ئەتراپىتىكىلەرنى قىيناپ ياشايدىغانلىقى كەسكىن ئىسپاتلانسا، شەرىئەت قائىدىلىرى ئۇنى قورساق كۆتۈرگەن دەسلەپكى چاغلاردىلا چۈشۈرۈۋېتىشنى چەكلىمەيدۇ.

---

[1] ـ شەيخ شەلتۇت:(پەتىۋالار)، 464 ـ بەت.

www.munber.org

ئىمام غازالى قورساقتا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشنى ئايرىپ مۇنداق دېگەن: «تۇغۇتنى رەتكە سېلىش - قورساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ۋە تىرىك بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش دېگەن - دۇنياغا كېلىپ بولغان مەۋجۇت بىر مەخلۇققا قارشى قىلىنغان بىر جىنايەتتۇر. دۇنياغا كېلىشمۇ بىر قانچە باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. دۇنياغا كېلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولسا: ئەرنىڭ مەنىسىنىڭ ئايالنىڭ تۇخۇمچىسى بىلەن بىرلىشىپ بالىياتقۇدا يېتىپ بىر ھاياتنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىشىدۇر، بۇنى بۇزۇۋېتىش بىر جىنايەتتۇر. ئەگەر چاپلاشقان مەنىي بىر قان پارچىسىغا ئايلانسا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش تېخىمۇ چوڭ بىر جىنايەت بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا جان كىرگۈزۈلۈپ تولۇق يارىتىلىپ بولسا ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش تېخىمۇ قەبىھلەشكەن بىر جىنايەت بولىدۇ. جىنايەتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي قەبىھ شەكلى بولسا، تىرىك تۇغۇلۇپ بولغان بالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتۇر»[1].

❋ ❋ ❋

## بەشىنچى ئەر - ئايالنىڭ ھوقۇقلىرى ھەققىدە

بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك نىكاھ دېگەن مۇستەھكەم بىر رىشتە بولۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ رىشتە ئارقىلىق بىر ئايال بىلەن بىر ئەرنى باغلىغان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بۆرۈن بىر شەخس بولغان بولسا، تويدىن كېيىن بىر جۈپ دەپ ئاتىلىدىغان بولغان، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى سان جەھەتتىن بىر شەخس بولسىمۇ ھەقىقەتتە بىرى يەنە

[1] - (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين) ئادەتلەر بۆلۈمى، نىكاھ بابى، 47 - بەت.

www.munber.org

بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى، بىر ـ بىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەم، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا شېرىك بولىدىغانلىقى جەھەتتىن جۈپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ئۆتتۈرىدىكى بۇ رىشتىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

﴿هُنَّ لِبَاسٌ لَكُمْ وَأَنْتُمْ لِبَاسٌ لَهُنَّ﴾

﴿ئۇلار سىلەن ئۈچۈن كىيىمدۇر، سىلەرمۇ ئۇلار ئۈچۈن كىيىمسىلەر﴾ [بەقەرە سۈرىسى187 ـ ئايەت]

بۇ تەسۋىرلەش، ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىگە كەلتۈرۈپ بېرىدىغان بىرلەشمەك، يۆگەش، ھىمايە قىلىش ۋە بىر ـ بىرىنى زىننەتلەش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ھېس قىلدۇرىدىغان بىر تەسۋىرلەشتۇر. شۇڭا ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتا رىئايە قىلىشى كېرەك بولغان ھوقۇقلىرى بار بولۇپ، بۇ ھوقۇقلار پەقەتلا ئەرلەرنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەڭمۇ ـ تەڭ ھوقۇقتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ﴾

﴿ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللىرىنىڭمۇ ھەقلىرى بار، (ئاياللارغا مەھرى بېرىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش جەھەتتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقتا ئىگە﴾ [بەقەرە سۈرىسى 228 ـ ئايەت]

ئۇ بولسا باشقۇرۇش ۋە مەسئۇللۇق دەرىجىسىدۇر.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئاياللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەقلىرى

www.munber.org

نېمىلەر؟» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تاماق يېگەندە ئۇنىڭغىمۇ يېگۈزۈشۈڭ، كىيىم كەيگەندە ئۇنىڭغىمۇ كەيگۈزۈشۈڭ، يۈزىگە ئۇرماسلىقىڭ، سەت گەپ بىلەن تىللىماسلىقىڭ، يۈز ئۆرۈش چارىسىنى قوللانغاندا ياتىدىغان يەردىن باشقا يەردە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرمەسلىكىڭ» دەپ جاۋاب بەردى[1].

ئۇنداق بولىدىكەن، مۇسۇلمان بىر ئەرنىڭ ئايالىغا ۋە ئۇنىڭ كىيىمىگە پۇل خەجلىمەي تۇرۇۋېلىشى توغرا بولمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«باقىدىغان ئادەملىرىنى باقماي زايا قىلىۋېتىش ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر گۇناھتۇر»[2].

ئايالىنىڭ يۈزىگە ئۇرۇش ئەر كىشىگە جائىز بولمايدۇ، چۈنكى يۈزىگە ئۇرۇش ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ھاقارەتلىگەنلىك بولىدۇ، ھەمدە پۈتۈن جىسمىنىڭ گۈزەللىكىنى جەملىگەن بۇ يۈزگە ئۇرۇش ئىنتايىن خەتەرلىك.

ئەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ئايالىنى زورۇر بولغاندا ئەدەبلىشى جائىز بولسىمۇ، يەنىلا ئايالىنى قاتتىق ئۇرۇش ياكى يۈزىنى زىدە قىلىش ۋە جان يەرلىرىگە ئۇرۇش جائىز بولمايدۇ.

يەنە مۇسۇلمان ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا تىل ئازارى بېرىپ، سەت سۆزلەر بىلەن تىللاپ يۈرىشى توغرا ئەمەس. ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى بايان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ئىشەنگەن بىر ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئېرى ياقتۇرمىغان بىر كىشىنى كىرگۈزىشى ھالال بولمايدۇ، ئېرى رۇخسەت قىلمىسا سىرتقا چىقمايدۇ، ئېرىگە قارشى

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

باشقىلارنىڭ سۆزىگە كىرمەيدۇ، ئېرىدىن ئايرىم يېتىۋالمايدۇ، جىسمانىي جەھەتتە ئېرىدىن كۈچلۈك بولسا ئېرىنى ئۇرمايدۇ. ناۋادا ئېرى ناھەق ئاچچىقلاپ قالغان بولسا، ئۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئۇقتۇرسۇن، ئېرى توغرا چۈشىنىپ كەتسە تېخى ياخشى، ناۋادا ئېرى يەنىلا رازى بولماي تۇرىۋالسا، ئايالىنىڭ قىلغىنىنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ﴾[1].

## ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە سەۋرلىك بولۇشى كېرەك

مۇسۇلمان كىشى ئايالىدىن بەزى بىر ياقتۇرمايدىغان قىلىق كۆرگەندە سەۋر قىلىشى كېرەك. ئايالىنىڭ ئايال كىشىلىك جەھەتتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئىنسانىي جەھەتتىن ئەر كىشىدىن پەرقلىندىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشى، خاتالىقى يېنىدا ياخشىلىقلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئەيىبلىرىنىلا ئەمەس ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك.

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

« مۆمىن ئەر مۆمىن ئايالدىن نەپرەتلەنمىسۇن، ئۇنىڭ بىر خۇيىنى ياقتۇرمىغىنى بىلەن باشقا بىر خۇيىنى ياقتۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن »[2].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ فَإِنْ كَرِهْتُمُوهُنَّ فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا﴾

[1] ـ ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۆتۈڭلار، ئەگەر ئۇلارنى ياقتۇرمىساڭلار (سەۋر قىلىڭلار) چۈنكى سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ كۆپ خەيرىيەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن﴾ [نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت]

ئىسلام مۇسۇلمان ئەرنى ئايالىنىڭ يامان خۇيلىرىغا سەۋر قىلىشقا بۇيرىغاندەك، ئايالىنىمۇ پۈتۈن مەيتۈن قىلىش كۈچى ۋە ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ئېرىنى رازى قىلىشقا بۇيرىغان. ئېرىنى نارازى قىلغان ھالدا يېتىپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿ئۈچ كىشى باركى، نامازلىرى بېشىدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلمەيدۇ: ئۆزىنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرگە ئىمام بولغان كىشى، ئېرىنى رازى قىلماي ياتقان ئايال، بىر بىرىگە دۈشمەنلەشكەن ئاكا ـ ئۇكىلار﴾[1].

## ئىناقسىزلىق كۆرۈلگەندە

ئەر كىشى ئۆزىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، ئىستىداتى، تۇرمۇشتىكى ئورنى، ئايالىنىڭ نەپىقىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ۋە تويلۇق بېرىشى جەھەتتىن ئۆينىڭ خوجىسى ھەم ئىگىسىدۇر. ئۇنداق بولىدىكەن ئايال كىشىنىڭ ئېرىگە بويسۇنماي، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قارشى چىقىشى، ئارىسىدىكى شېرىكلىكنىڭ بۇزۇلۇشىغا ۋە ئۆي كېمىسىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولۇشى توغرا ئەمەس.

[1] ـ ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەگەر ئەر كىشى ئايالدا بويسۇنماسلىق ۋە يوغانلىق قىلىش ئالامىتىنى كۆرسە، ئالدى بىلەن چىرايلىق سۆز، تەسىرلىك نەسىھەت ۋە ئاقىلانە يېتەكلەش ئارقىلىق ئۇنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنىشى كېرەك.

ناۋادا بۇ چارىنىڭ پايدىسى بولمىسا، تۈزۈلۈپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالىلىق ھېس ـ تۇيغىسىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ، ياتىدىغان جاينى ئايرىپ، ئايىلى بىلەن بىللە ياتماسلىق چارىسىنى قوللىنىشى كېرەك.

ناۋادا بۇ ئىككى يولنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ پايدىسى بولمىسا، قاتتىق ئۇرماسلىق ۋە يۈزىگە تەككۈزمەسلىك شەرتى بىلەن قولى ئارقىلىق ئەدەبلەشنى سىناپ كۆرىدۇ. چۈنكى بۇ بەزى ئاياللارنى مەلۇم شارائىتلاردا تەربىيىلەشكە ياراىدىغان بىر چارە. بۇ يەردىكى ئۇرۇشنىڭ مەنىسى قامچا ياكى كالتەك بىلەن ئۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدەك يەڭگىل بولىشى كېرەك:

«ئەگەر قىيامەت كۈنىدە قىساس بولمىغان بولسا ئىدى، مۇشۇ مىسۋاك بىلەن سېنى راسا سالغان بولاتتىم»[1].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى قاتتىق ئۇرۇشتىن نەپرەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «نېمە سەۋەبتىن ئاياللىرىڭلارنى قۇللىرىڭلارنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالايسىلەر؟ بەلكى شۇ كۈنى ئاخشىمى دۇمبالىغان ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە يېتىشىڭلار مۇمكىن»[2].

---

(1)ـ ئىبنى سەئد (ئەتتاباقات) تا رىۋايەت قىلغان.
(2)ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، ئىمام بۇخارىيمۇ بۇنىڭغا يېقىن مەنىدە ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە ئايالللىرنى ئۇرىدىغانلار ھەققىدە: «ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەمەسلىكىنى بىلىسىلەر» دېگەن[1].

ئاتاقلىق ھەدىسشۇناس ئالىم ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشىلىرىڭلار ھەرگىز ئۇرمايدۇ» دېگەن سۆزىدە ئاياللارنى ئۇرۇشقا ئومۇمەن رۇخسەت قىلىنغانلىقىغا دالالەت بار، ئەمما قانداق ئەھۋاللاردا ئۇرۇش جەھەتتىن ئېيتقاندا. ئەر كىشىگە بويسۇنۇش كېرەك بولغان ئىشلاردا بويسۇنماي تۈرىۋالسا. ئەدەبلەپ ئۇرسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇرماي قورقۇتۇپ قويۇش بىلەن بولىدى قىلسا تېخى ياخشىراق بولىدۇ. سۆز بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدىغانلا بولسا كۆچ ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا ئەر ـ ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياخشى مۇناسىۋەت نەپرەتلىنىشكە ئايلىنىپ قالىدۇ، پەقەتلا ئالاھىدا ئاسىيلىق قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ ھەقتە نەسائى ھەزرىتى ئائىشەدىن بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالىنى ياكى خىزمەتچىسىنى پەقەت ئۇرۇپ باقمىغان، پەقەتلا ئاللاھ يولىدا ياكى ئاللاھنىڭ قانۇن ـ تۈزۈمى دەپسەندە قىلىنسا. ئاللاھ ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ ئۇرغان. بولمىسا قولى بىلەن بىر كىشىنى ئۇرۇپ باقمىغان»[2].

ناۋادا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈنۈم بەرمەي ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ يوغىناپ كېتىش خەۋپى بولسا، جەمئىيەتتىكى دانىشمەن ۋە ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر ئارىغا چۈشۈپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككى تەرەپتىن ياراشتۇرۇش قابىلىيىتى بار ئىككى

---

[1] ـ (فەتھۇل بارى) دا بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ۋە نەسائى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان دېيىلگەن. ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىملار بۇ ھەدىسنىڭ ھەزرىتى ئىيياس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى زۇباب تەرىپىدىن قىلىنغان رىۋايىتىگە (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[2] ـ (فەتھۇل بارى)، 9 ـ توم، 249 ـ بەت.

www.munber.org

كىشىنى ئۇلارنى ياراشتۇرۇشقا ۋە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. بەلكى بۇ ئىككى كىشىنىڭ ياراشتۇرۇشقا خالىسانە كۆچ چىقىرىشى ئارقىلىق ئەر ـ ئايال ئىككەيلەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاللَّاتِي تَخَافُونَ نُشُوزَهُنَّ فَعِظُوهُنَّ وَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلَا تَبْغُوا عَلَيْهِنَّ سَبِيلًا إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيًّا كَبِيرًا ۞وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُوا حَكَمًا مِنْ أَهْلِهِ وَحَكَمًا مِنْ أَهْلِهَا إِنْ يُرِيدَا إِصْلَاحًا يُوَفِّقِ اللَّهُ بَيْنَهُمَا إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرًا﴾

﴿سىلەر ئىتائەتسىزلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ چارە ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەبلەش مەقسىتىدە بوشراق ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر. (ئاللاھ ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانىنى جازالايدۇ) ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىيەتچى كىشىنى، ئايالنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىيەتچى كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككەيلەننى ياراشتۇرۇشنى خالىسا، ئەرـخوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ [نىسا سۈرىسى34 ـ 35 ـ ئايەت]

www.munber.org

# تالاق قىلىش رۇخسەت قىلىنىدىغان ئەھۋاللار

يۇقىرىقى بارلىق ئۆرۈنۈشلار ئۇنۇم بەرمىگەندە، ئەر كىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىش قىلىش، چىرايلىقچە ئايرىلىشتىن باشقا ھېچ نەرسە ھەل قىلالمايدىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىسلام يولغا قويغان ئاخىرقى بىر چارىنى قوللانسا بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ تالاق قىلىش چارىسىدۇر.

ئىسلام بۇ چارىنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ يولغا قويغان. ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھالال نەرسىلەردىن ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يامان كۆرۈنىدىغىنى تالاقتۇر».

«ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەر ئارىسىدا تالاقتەك يامان كۆرىدىغىنى يوقتۇر»[1].

تالاقنى ئاللاھ تائالا يامان كۆرىدىغان ھالال نەرسە دەپ ئىپادىلەش تالاقنىڭ تۇرمۇش قىيىنلىشىپ ئەر - ئايال ئوتتۇرىدىكى سوغۇقچىلىق چېكىگە يەتكەن ۋە ئەر - ئايال ئىككىيلەننىڭ ئاللاھ كۆرسەتكەن ھەق - ھوقۇقلىرىنى ئادا قىلىشى مۇمكىن بولمىغان ئەھۋاللاردەك زۆرۈرەت ئۈچۈن بېرىلگەن بىر رۇخسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. چۈنكى مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن ئايرىلىش كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ يَتَفَرَّقَا يُغْنِ اللَّهُ كُلًّا مِنْ سَعَتِهِ﴾

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئەگەر ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتسە، ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنى ئىككىنچىسىدىن بىھاجەت قىلىدۇ﴾ [نىسا سۈرىسى 130 ـ ئايەت]

## ئىسلامدىن بۇرۇنقى تالاق قىلىش ئۇسۇللىرى

تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان دىن پەقەت ئىسلام دىنىلا ئەمەس، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇن تالاق قىلىش بىر ياكى ئىككى مىللەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. ئۇ چاغدا ئەر كىشى ھەقلىق ياكى ھەقسىز بولسۇن ئاچچىقلاپ قالغان ۋاقتتا ئايالىنى قويۇپ بېرىپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ئايال كىشى ئۆز ھەققى ئۈچۈن داۋا قىلالمايتتى ياكى ئۆزىنى قوغداپ قالالمايتتى.

گرېتسىيىلىكلەرنىڭ نامى كۆتۈرۈلۈپ مەدەنىيىتى گۈللەنگەندە، ئۇلاردا شەرتسىز ۋە چەكلىمىسىز تالاق قىلىش كەڭ تارقالغان ئىدى.

رىملىقلار تالاق قىلىشنى توي قىلىشنىڭ ئاساسلىق بىر بۆلىكى دەپ قارايتتى، ھەتتاكى ئىككى تەرەپ توي قىلغاندا تالاق قىلماسلىققا كېلىشكەن بولسا، قازىلار بۇ توينىڭ ئىناۋەتسىزلىكىگە ھۆكۈم قىلاتتى.

رىملىقلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئادەتتىكى ئائىلە قانۇنى تالاققا رۇخسەت قىلغىنى بىلەن ئۇلاردىكى دىنىي توي مۇراسىم قانۇنى تالاق قىلىشنى چەكلەيتتى، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئەر كىشىگە چەكسىز ھوقۇق بېرىپ بەزى ۋاقىتلاردا ئەرنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرىۋېتىشىگىمۇ رۇخسەت قىلاتتى. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە

www.munber.org

ئۆلارنىڭ دىنىي تۈزۈم قانۇنىمۇ ئادەتتىكى ئائىلە قانۇنىدەكلا تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان.

## يەھۇدىي دىنىدىكى تالاق قىلىش تۈزۈمى

يەھۇدىي دىنى ئاياللار ئەھۋالىنى بىر ئاز ياخشىلىغان، لېكىن تالاق قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتكەن. مەسىلەن: ئايالىدىن بىر يامان ئىش سادىر بولغان تەقدىردە، ئېرى كەچۈرىۋەتسىمۇ ئايالىنى تالاق قىلىشقا مەجبۇر قىلىناتتى، يەنە بىر كىشى ئايالى بىلەن ئون يىل بىللە ياشاپ بالىسى بولمىغان تەقدىردە، ئايالىنى تالاق قىلىشقا زورلىناتتى[1].

## خرىستىئان دىنىدىكى تالاق قىلىش تۈزۈمى

خرىستىئان دىنى بۇ ھەقتە بارلىق دىنلارغا، بولۇپمۇ يەھۇدىي دىنىغا قارشى چىققان بىر دىندۇر. ئىنجىلدا كېلىشىچە ئىسا ئەلەيھىسسالام تالاق قىلىشنىڭ ھارام قىلىنىشىنى، ھەمدە ئايالىنى قويۇپ بەرگەن ئەر ياكى قويۇپ بېرىلگەن ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلىشىنىڭمۇ ھاراملىقىنى ئېلان قىلغان. مەتتە ئىنجىلى 5 / 31 ـ 32 دە مۇنداق دېگەن: «بەزىلەر ئايالىنى تالاق قىلغان كىشى، ئايالىغا تالاق خېتى بېرىشى كېرەك دەيدۇ. ئەمما مەن بولسام سىلەرگە شۇنى دەيمەنكى: زىنادىن باشقا بىر سەۋەب بىلەن ئايالىنى

[1] ـ مەرھۇم مۇھەممەد فەرىد ۋەجدى: ”ئىسلام دۇنياۋى ئەبەدىي دىين“، 172 ـ بەت.

تالاق قىلغان كىشى، ئايالىنى زىناخور قىلغان بولىدۇ، كىمكى تالاق قىلىنغان ئايالنى ئالسا زىنا قىلغان ھېسابتا بولىدۇ».

يەنە مۇرقۇس ئىنجىلى 10 / 11 ـ 12 دە مۇنداق دەپ بايان قىلغان: «كىمكى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىپ باشقا بىرسى بىلەن ئۆيلەنسە، بىرىنچى ئايالىنىڭ ئۈستىگە زىنا قىلغان بولىدۇ، ئېرىدىن ئاجرىشىپ باشقا بىر ئەرگە تەگكەن ئايالمۇ زىنا جىنايىتى سادىر قىلغان بولىدۇ».

ئىنجىل بۇنداق قاتتىق ھارام قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى: «ئاللاھ بىرلەشتۈرگەن نەرسىنى ئىنساننىڭ ئايرىۋېتىشى توغرا بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ[1].

بۇ جۈملە مەنە جەھەتتىن توغرا، ئەمما بۇنى تالاق قىلىشنىڭ ھارام قىلىنىشىغا سەۋەب قىلىۋالماق ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئەر ـ ئايال ئىككىيلەننى بىرلەشتۈردى دېگەننىڭ مەنىسى: توي قىلىشقا رۇخسەت قىلدى، توي قىلىشنى يولغا قويدى دېگەنلىك بولىدۇ، شۇڭا توي قىلغۇچى ئىنسان تۇرۇقلۇق، بىرلەشتۈرۈشنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىش توغرا بولغان. ئەگەر ئاللاھ تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى يولغا قويسا، تالاقنى ئىنسان قىلغىنى بىلەن يەنىلا ئايرىۋېتىش ئاللاھدىن بولغان بولىدۇ. دېمەك: ئىنسان ئاللاھ بىرلەشتۈرگەننى ئايرىۋەتكەن بولمايدۇ، ئەكسىچە بىرلەشتۈرگەنمۇ، ئايرىۋەتكەنمۇ ئاللاھ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئېيتقاندا ئاللاھ تائالا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىنى زىنا بىلەن ئايرىۋەتتىغۇ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئايرىۋېتىشنى تەقەززا قىلىدىغان باشقا بىر سەۋەب بىلەن ئىككىيلەننى ئايرىۋەتمەيدۇ؟

---

[1] ـ مەتتە ئىنجىلى 19/6 ۋە مۇرقۇس ئىنجىلى 9/10.

www.munber.org

## تالاق مەسىلىسىدە خرىستىئان مەزھەبلىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار

ئىنجىل تالاق قىلىشنى چەكلەپ، پەقەتلا زىنا سادىر بولغان ئەھۋالنى بۇنىڭدىن مۇستەسنا قىلىپ چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، كاتولىك مەزھىبى مەنسۇپلىرى بۇنىڭغا باشقىچە مەنە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە ئومۇمىي قانۇندىن سىرت قىسمەن ئەھۋاللاردىلا تالاققا رۇخسەت قىلىنىدۇ دېگەن مەنە يوق. چۈنكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قانۇنىدا ھەرگىز تالاق قىلىش يوق، ئىنجىلدا: «پەقەتلا زىنا ھالىتىدە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن سۆز ئەسلىدە بۇزۇق نىكاھ ھەققىدە دېيىلگەندۇر. دېمەك بۇنداق نىكاھ زىنادىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدا ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشى ھالال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ۋاجىب بولۇپ قالىدۇ»[1].

ئەمما پروتستانت مەزھىبى مەنسۇپلىرى بولسا، مەلۇم ئەھۋاللاردا تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: «ئايالنىڭ زىنا قىلىپ ئېرىگە خىيانەت قىلىش ئەھۋالى. ئۇلار يەنە بەزى ئەھۋاللارنى ئىنجىلنىڭ كۆرسەتمىسىگە قېتىپ قىستۇرۇپ قويغان. لېكىن ئۇلار مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغىنى بىلەن تالاق قىلغۇچى ئەر ۋە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۇندىن كېيىن قايتا ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇشنى ھارام قىلىۋەتكەن.

مىسىردىكى ئارسوزوكس مەزھىبى مەنسۇپلىرى ئىنجىلنىڭ زاھىرىي مەتنىگە ئاساسلىنىپ زىنا قىلغان بىر ئايالنى تالاق قىلسا بولىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار يەنە باشقا سەۋەبلەر ئۈچۈنمۇ

---

[1] ـ مىسىر كاتولىك قىبتىي ئىنىستىتۇتىنىڭ مەتنە ئىنجىلىغا قىلغان شەرھى، 29 ـ بەت.

www.munber.org

تالاق قىلىشنى يولغا قويغان. مەسىلەن: ئۈچ يىلغىچە تۇغماسلىق، يۇقۇملۇق كېسەل، سۈلھىلىشىش مۇمكىن بولمايدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك جېدەل.

بۇلار ئىنجىلدا كۆرسىتىلگەن سەۋەبلەرنىڭ سىرتىدىكى سەۋەبلەردۇر. شۇڭا بۇ مەزھەبنىڭ رادىكاللىرى يېڭىچىلارنىڭ بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئەيىبلىگەن. ھەمدە تالاق قىلغان ئەر ۋە تالاق قىلىنغان ئايالغا ھەر قانداق بىر شارائىت ئاستىدا قايتا توي قىلىشقا رۇخسەت بېرىشنىمۇ ئەيىبلىگەن. مانا بۇ سەۋەبتىن مىسىردىكى خرىستىئان مەھكىمىلىرىدىن بىرى، بىر خرىستىئان ئايالنىڭ ئېرىنىڭ نامرات بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان دەۋاسىنى رەت قىلغان. مەھكىمە چىقارغان ھۆكۈمدە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى چېركاۋ ۋە خرىستىئان ئومۇمىي مىللىي مەجلىسىنىڭ بەزى ئەزالىرى زاماننىڭ تەرەققىياتىغا تەڭكەش قىلىپ، ئىمانى ئاجىزلارنىڭ رىغبىتىنى قاندۇرغان. نەتىجىدە، ئىنجىلدا ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان سەۋەبلەر بىلەن تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. ئەمەلىيەتتە خرىستىئان قانۇنىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى زىنادىن باشقا ھېچقانداق بىر سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاجرىشىش جائىز ئەمەس دەپ كۆرسىتىشىدە كەسكىندۇر. ھەمدە بىر قېتىم ئاجراشقان كىشىنىڭ ئىككىنچى قېتىم توي قىلىشىنى پاسكىنا توي، بەلكى ئۇنى دەل زىنانىڭ ئۆزىدۇر دەپ ھۆكۈم قىلغاندۇر»[1].

---

[1] ـ ’’ئەل ئەھرام‘‘ گېزىتى: 1956 ـ 3 ـ 1 ـ كۈنى سانى.

www.munber.org

## خرىستىئان دىنىدا تالاقنى چەكلەنگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى

تالاق مەسىلىسىدە بەزى ئەھۋالدا ئايرىلىشنى مۇقەررەرلەشتۈرىدىغان تۇرمۇش ۋەزىيەتلىرىنى ۋە ئىنسانىي تەبىئەتنى ئېتىبارغا ئالماسلىق جەھەتتىن خرىستىئانلارنىڭ بۇنداق تەئەسسۇپلۇق قىلىشىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى بولسا: خرىستىئانلارنىڭ ئۆز دىنى ۋە كىتابى ئىنجىلنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئىسيان كۆتىرىشى بولۇپ، ئاخىرى ئۇلار «ئاللاھنىڭ بىرلەشتۈرگىنىنى ئايرىۋېتىش» تىن باشقا بىرنەرسە قىلالمىغان. بۇ سەۋەبتىن غەربتىكى خرىستىئانلار ئۆزلىرىگە بۇ مەڭگۈلۈك تۇرمىدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىدىغان يېڭى قانۇنلارنى پەيدا قىلىۋالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەسىلەن: ئامېرىكىلىقلار ئىنجىلغا مەيدە قاققاندەكلا ئاجرىشىشقا كەڭ ـ تاشا رۇخسەت قىلىۋەتكەن، نەتىجىدە يوقىلاڭ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاجرىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرىلىشكە باشلىغان. بۇ مۇقەددەس رىشتىنىڭ بۇنداق قالايمىقانچىلىققا دۇچار بولۇپ قالغانلىقىدىن مۇتەپەككۇر ۋە دانىشمەنلەر شىكايەت قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ھەتتا ئۇ يەردە ئاجرىشىش داۋالىرىغا مەسئۇل سوتچىلارنىڭ بىرى مەملىكىتىدە بەك قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئەركىن جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. چۈنكى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇش ھازىر ئىككى تەرەپ يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن بۇزىۋېتىدىغان تىجارەت شىركىتىگە ئوخشاپ قالغان بولۇپ، بۇ بارلىق دىنلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپتۇر. ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان يا دىن ياكى سۆيگۈ رىشتىسى بولمىغاچقا، ئۇلارنى پەقەت شەھۋەت ۋە كۆڭۈل ئېچىشلا بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان بولغان.

www.munber.org

«ئائىلە تۇرمۇشىدا دىن كۆرسەتمىلىرىگە ئوخشىمايدىغان قانۇن بويىچە يۈرۈش غەرب خرىستىئانلىرىدىن باشقا مىللەتلەردە ئاساسەن تېپىلمايدۇ. مەسىلەن: براخمانىزم، بۇددىزم، ئاتەشپەرەسلىك ۋە بۇتپەرەسلىك قاتارلىق باشقا دىندىكىلەر ئائىلە تۈزۈمىدە ئۆز دىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ماڭىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىبىر ئەھۋاللاردا ئۆز دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان قانۇنلارنى پەيدا قىلغانلار بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تويى ۋە ئاجرىشىش مەسىلىلىرىدە دىن كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ قانۇنلارنى پەيدا قىلغانلار يوق. پەقەت خرىستىئانلارلا ئەمەلىي جەھەتتىن ئومۇمەن ئائىلە تۈزۈمىدە، خۇسۇسەن ئاجرىشىش مەسىلىسىدە ئۆز دىنلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قارشى چىققانلاردۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خرىستىئان دىنىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۈيغۇن كەلمەيدىغان، ئىنسان تەبىئىتىگە كۆز يۇمىدىغان ۋە ھاياتتا تەتبىقلاشقا يارىمايدىغان كۆرسەتمىلەر دەپ قارىغان»[1].

## خرىستىئان دىنى ۋاقىتلىق بىر چارە ئىدى

ئىنجىلدا كەلگەن تالاق ھەققىدىكى ئەھكاملارنى دەسلەپكى دەۋردىكى ئۆزگەرتىش تەسىرىگە ئۇچرىمىغان توغرا ئەھكاملار دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، ھازىرقى ئىنجىللارنى تەتقىق قىلىپ باققان كىشىگە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىنسانلارغا مەڭگۈ ۋە ئومۇمىي بىر قانۇن بەلگىلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ پەقەتلا يەھۇدىيلارنىڭ تالاق

[1] ـ دوكتۇر ئەلى ئابدۇل ۋاھىد ۋافى: (ئىسلامدا ئىنسان ھەقلىرى)، 88 ـ بەت.

www.munber.org

مەسلىسىدىكىدەك ئاللاھ رۇخسەت قىلغان نەرسىلەردە چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرىنى رۇسلاشقا ئەۋەتىلگەندۇر. مەتتا ئىنجىلىنىڭ 19 ـ بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسا جەلىل شەھرىدىن چىقىپ ئوردانىيە ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار چېگرىسىغا كەلگەندە فەرىسىيىۇن نامى بىلەن ئاتالغان بىر گورۇپ يەھۇدىيلار ئۇنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كېلىپ: ”ئەر كىشى ئايالىنى ھەرقانداق سەۋەب ئۈچۈن قويۇپ بەرسە بولامدۇ؟“ دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «سىلەر ھېچ ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟ ئىنساننى دەسلەپتە ئەركەك ـ چىشى قىلىپ ياراتقان ئاللاھ، ئۇلارنىمۇ ياراتقاندۇر، شۇڭا ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ ئايالى بىلەن بىللە تۇرىدۇ، نەتىجىدە ئىككەيلەن خۇددى بىر جىسىمغا ئايلىنىدۇ. دېمەك كېيىن ئۇلار ئىككى كىشى ئەمەس بىر كىشىنىڭ ھۆكمىدىدۇر، ئاللاھ بىرلەشتۈرگەن نەرسىنى ئىنسان ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنمىسۇن». بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن يەنە مۇنداق دەپ سورىدى: ”ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا تالاق خېتى بېرىپ قويۇپ بېرىشنى تاپىلىغان؟“ ھەزرىتى ئىسا ئۇلارغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «سىلەر باغرى قاتتىق بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىڭلارنى قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلغان، ئەسلىدە دەسلەپتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى. مانا مەن سىلەرگە شۇنداق دەيمەنكى، ئايالىنى زىنادىن باشقا بىر سەۋەب بىلەن قويۇپ بېرىپ باشقا بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن كىشى زىنا قىلغان بولىدۇ، قويۇپ بېرىلگەن بىر ئايالغا ئۆيلەنگەن كىشىمۇ زىنا قىلغان بولىدۇ». بۇنى ئاڭلىغان شاگىرتلىرى: ”ئەر كىشى ئايالى بىلەن مۇنداق بولىشى كېرەك بولسا تويى قىلمىغىنى تۈزۈككەن“ دېيىشتى»

[مەتتە ئىنجىلى 19 ـ بۆلۈم1 ـ 10]

www.munber.org

بۇ سۆھبەتتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تالاق ھەققىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەن يولىدىن ئىشىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنى نورماللاشتۇرۇشنى خالىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنى زىنادىن باشقا سەۋەب بىلەن تالاق قىلىشنى ھارام قىلىش ئارقىلىق جازالىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرماقتا. دېمەك: بۇ چەكلىمە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى بىلەن كېلىدىغان ئالەمشۇمۇل ۋە مەڭگۈ بىر قانۇننىڭ كېلىشىگە قەدەر مەلۇم بىر مۇددەت ئۇچۇن ۋاقىتلىق بىر چارە ئىدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام يۇقىرىدىكى كۆرسەتمىلەرنى پۈتۈن ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك قانۇن قىلىپ بەلگىلىگەن دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سەممىي ياردەمچىلىرى ۋە شاگىرتلىرى بۇنداق قاتتىق ھۆكۈمنىڭ ئۆزلىرىگە ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: "ئەر كىشى ئايالى بىلەن بۇنداق بولىشى كېرەك بولسا، توي قىلمىغىنى تۈزۈككەن" دېيىشكەن. ھەمدە ئەر كىشى ئايالىنى نەقەدەر يامان كۆرىشىدىن ۋە ئۇنىڭدىن نەقەدەر نەپرەتلىنىشىدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ تەبىئەتلىرى ۋە يۈزلىنىشلىرى نەقەدەر بىر - بىرىگە زىت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەقەت بىر ئايال بىلەنلا مەڭگۈلۈك توي قىلىش، ئايالىنى ئېرىنىڭ بويىنىدىكى ھېچقانداق ئەھۋالدا قۇرتۇلالمايدىغان بىر تاقاقتىن ئىبارەت قىلىپ قويىدۇ.

قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بىر دانىشمەنمۇ: « سەن بىلەن چىقىشالمايدىغان ھەم سەندىن ئايرىلمايدىغان بىرى بىلەن ھەمراھ بولۇشۇڭ ئەڭ چوڭ بالالارنىڭ بىرىدۇر » دېگەن.

www.munber.org

## ئىسلامنىڭ تالاقنى ئازايتىش ئۈچۈن قويغان چەكلىمىلىرى

ئۇلۇغ ئىسلام شەرىئىتى ئاجرىشىشنى مۇمكىن قەدەر ئەڭ تار دائىرە ئىچىگە قورشىۋېلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن چەكلىمىلەرنى بەلگىلىگەن.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ كۆرمەستىن ۋە ھېچبىر زۆرۈر ئەھۋال بولماستىن تالاق قىلىش ئىسلامدا چەكلەنگەن ۋە ھارام قىلىنغان ئىشتۇر. چۈنكى بۇ، بەزى ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك: ئەر ئۈچۈنلا زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، ھەر ئىككىيلەننىڭ مەنپەئەتىنى زايا قىلىۋېتىشتۇر، شۇڭا بۇ پۇل - مالنى ئورۇنسىز بۇزۇپ چېچىۋەتكەنگە ئوخشاشلا ھارام بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «زىيان ئۇرۇش يوق»[1].

ئەمما تولا ئۆيلىنىپ تولا تالاق قىلىپ يۈرىدىغانلارنىڭ قىلىقلىرىنى بولسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھېلى ئۇنى، ھېلى بۇنى تېتىپ يۈرىدىغان ئەر - ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيمەن»[2].

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا تولا ئۆيلىنىدىغان ئەرلەرنى ۋە تولا ئەرگە تېگىدىغان ئاياللارنى ياخشى كۆرمەيدۇ»[3].

---

[1] - ئىمام ئىبنى قۇدامە: (ئەلمۇغنى)، 7 - توم، 77 - بەت. ھەدىسنى ئىمام ئىبنى ماجە ۋە دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[2] - ئىمام تابارانى ۋە دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان.
[3] - ئىمام تابارانى (ئەلمۇئجەمۇل كەبىر) دە ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تالاق دېگەن يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈچۈن ئەمەس، تۇتۇملۇق بىر سەۋەب ئۈچۈن بولىدۇ».

ھەيزدار ھالەتتىكى ئايالنى تالاق قىلىش ھارامدۇر

تالاق قىلىشقا لايىق بىر سەۋەب تېپىلغان تەقدىردە مۇسۇلماننىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئالدىراپ تالاق قىلىشىغا رۇخسەت يوقتۇر، بەلكى مۇناسىپ ۋاقىتنى تاللاپ تالاق قىلىشى كېرەك.

شەرىئەتنىڭ كۆرسىتىشىچە بۇ مۇناسىپ ۋاقىت: ئايال كىشىنىڭ ھەيزدار ياكى تۇغۇتتىن كېيىنكى نىپاس ھالىتى بولماي پاك ھالىتىدۇر. ھەمدە ئايالىغا مۇشۇ پاكلىق ھالىتىدە جىنسىي يېقىنلىق قىلمىغان بولىشى كېرەك. ئېنىق ھامىلدارلىق ھالىتى بۇنىڭ سىرتىدا.

چۈنكى ھەيزدارلىق ۋە تۇغۇتتىن كېيىنكى نىپاس ھالەتلىرىدە ئايالىغا جىنسىي يېقىنلىق قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغاچقا، بەلكى ئەر كىشىنىڭ تالاق قىلىشىغا ئايالىغا يېقىنلىشالمىغانلىقى سەۋەبىدىن قوزغالغان ئاچچىقى تۈرتكە بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن. شۇڭا ئايالىنىڭ ھەيزدىن پاكلىنىشىنى كۈتۈش ۋە پاكلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماستىن تالاق قىلىش بۇيرۇلغان.

ئايالنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلىش ھارام قىلىنغان، شۇنداقلا جىنسىي يېقىنلاشقان پاك ھالەتتىمۇ تالاق قىلىش ھارام قىلىنغان، كىم بىلىدۇ بەلكى ئۇ ئايال مۇشۇ ئاخىرقى قېتىمدا ئېرىدىن ھامىلدار بولۇپ قالغان بولىشى مۇمكىن، ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنىڭ قورسىقىدا بالا بارلىقىنى بىلسە، ئايالىدىن ئايرىلىشتىن ۋاز كېچىپ، بالا ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولىشى مۇمكىن.

www.munber.org

ئەگەر ئايال پاك بولۇپ، بۇ پاكلىق ھالىتىدە ئېرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغان بولسا، ياكى ھامىلدارلىقى ئېنىق بولسا، تالاق قىلىشنىڭ ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدىكى كۆچلۈك نەپرەتتىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ ـ دە ئۇ چاغدا تالاق قىلسا ئورۇنلۇق بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئايالىنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلغان بولۇپ، دادىسى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئەلخەتتاب بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: ((ئوغلۇڭنى بۇيرىغىن، ئايالىنى قايتۇرىۋالسۇن، كېيىن خالىسا ئايالىنى پاك ھالەتتە يېقىنلاشماي تۇرۇپ تالاق قىلسۇن، مانا بۇ ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشىغا ئۇدۇللاپ تالاق قىلىشتۇر)) دېگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ بۇيرىغان:

﴿يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ إِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَطَلِّقُوهُنَّ لِعِدَّتِهِنَّ﴾

﴿ئى پەيغەمبەر ئېيتقىنكى، سىلەر ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (ئۇدۇللاپ) تالاق قىلىڭلار﴾ [تالاق سۈرىسى1 ـ ئايەت]

يەنى پاك ھالەتتە ۋە ئىددەتنى باشلاشقا مۇناسىپ چاغدا دېمەكچى.

يەنە بىر ھەدىستە: «ئوغلۇڭنى بۇيرىغىن، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلسۇن، ئاندىن كېيىن پاك ھالەتتە ياكى ھامىلدار ھالەتتە ئۇنى تالاق قىلسۇن» دېگەن.

www.munber.org

لېكىن ھەيزدار ھالەتتە قىلىنغان تالاق تالاق ھېسابلىنىپ، ئىجرا قىلىنامدۇ ياكى بۇ تالاق ھېسابقا ئېلىنمامدۇ؟

بۇ تالاق مەشھۇر قاراشقا ئاساسەن تالاق ھېسابلىنىدۇ، ئەمما تالاق قىلغۇچى گۇناھكار بولىدۇ.

يەنە بىر گۇرۇپ فەقىھلەر: تالاق ھېسابلانمايدۇ دېگەن، چۈنكى ھەيزدار ھالەتتىكى ئايالنى تالاق قىلىشنى ئاللاھ بەلگىلىمىگەن، ئۇنىڭغا رۇخسەتمۇ قىلمىغان. دېمەك: ئۇنداق قىلىش ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە يوقتۇر، ئۇنداق بولىدىكەن بۇنى قانداقمۇ ھېسابقا ئالغىلى ۋە توغرا دېگىلى بولىدۇ؟

ئىمام ئەبۇ داۋۇد توغرا سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىشىچە: «ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن: «ئايالىنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلغان كىشى ھەققىدە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورالغاندا، سورىغۇچىغا ئايالىنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلغان ۋەقەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ تالاقنى ھېسابلىماي ئايالنى ئۆزىگە قايتۇرىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن».

تالاق بىلەن قەسەم ئىچىش ھارامدۇر

بىر نەرسىنى قىلىشقا ياكى قىلماسلىققا ياكى ماۋۇ ئىشنى قىلساڭ سەن تالاق دەپ ئايالىغا تەھدىت سېلىشقا تالاق بىلەن قەسەم ئىچىش توغرا ئەمەس.

چۈنكى ئىسلامدا قەسەمنىڭ مەخسۇس بىر شەكلى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا شەكىلدىكى قەسەمگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئىسلامدىكى قەسەم بولسا، ئاللاھ بىلەن قەسەم ئىچىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھدىن باشقا

www.munber.org

بىر نەرسە بىلەن قەسەم ئىچسە، شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ»[1].
«كىمكى قەسەم ئىچمەكچى بولسا، ئاللاھ بىلەن ئىچسۇن، بولمىسا ئىچمىسۇن»[2].

## تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشقىچە ئەر ـ خوتۇنلۇق ئۆيدە تۇرىدۇ

ئىسلام شەرىئىتىدە تالاق قىلىنغان ئايال ئىددىتى توشقىچە بۇرۇندىن ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەر ـ خوتۇنلۇق ئۆيدە تۇرۇشى كېرەك. ئايالنىڭ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى ياكى ئېرى تەرەپىدىن ناھەق چىقىرىۋېتىلىشى ھارامدۇر. چۈنكى بۇ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تالاق بولسا، ئەر ئىددەت مۇددىتى ئىچىدە ئايالنى ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشقا ئىككىنچى قېتىم قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىددەت جەريانىدا ئايالى ئېرى بىلەن بىللە تۇرسا، ئېرىنىڭ مېھرى ۋە ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ، ھەمدە بىللە ئۆتكۈزگەن بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەيدۇ ـ دە، ئىددەت توشۇپ بولغىچە ئاجرىشىش مەسىلىسىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىدۇ. ئەرنىڭ ھەققى ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن ھەمدە قورساقتا قالغان ياكى قالمىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بۇ ئىددەت جەريانىدا، كۆڭۈللەر ئۆزگىرىپ، يىكىرلەر يىغىلىنىپ، ئاچچىقلار يېنىپ، ئوتتۇرىدىكى نەپرەت مۇھەببەتكە ئايلىنىپ قېلىشى يىراق ئەمەس. ئاللاھ تائالا تالاق قىلىنغان ئاياللار ھەققىدە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿وَاتَّقُوا اللَّهَ رَبَّكُمْ لَا تُخْرِجُوهُنَّ مِنْ بُيُوتِهِنَّ وَلَا يَخْرُجْنَ إِلَّا أَنْ يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُبَيِّنَةٍ وَتِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللَّهِ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ لَا تَدْرِي لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَلِكَ أَمْرًا﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار! (ئىددەتتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار! ئۇلارمۇ چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن جازالىنىشقا چىقىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، سەن بىلمەيسەنكى، ئاللاھ شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن﴾ [تالاق سۈرىسى 1 ـ ئايەت]

ناۋادا ئەر ـ ئايال ئاجراشمىسا زادى بولمايدىغان ئىش بولسا، ئاجرىشىش بىر ـ بىرىگە ئازار بەرمەستىن، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى زايا قىلىۋەتمەستىن، بىر ـ بىرىگە تۆھمەت چاپلىماستىن، چىرايلىقچە بولۇشى كېرەك. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ﴾

﴿ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئەپلىشىڭلار، ياكى چىرايلىقچە ئۈزلىشىڭلار﴾ [تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەت]

﴿فَإِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌ بِإِحْسَانٍ﴾ ﴿چىرايلىقچە تۇتۇش، ياكى ياخشىلىقچە قويۇۋېتىش لازىم﴾ [بەقەرە سۈرىسى 229 ـ ئايەت]

﴿وَلِلْمُطَلَّقَاتِ مَتَاعٌ بِالْمَعْرُوفِ حَقًّا عَلَى الْمُتَّقِينَ﴾

﴿تالاق قىلىنغان ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش، تەقۋادارلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 241 ـ ئايەت]

www.munber.org

# تالاق بىردىن - بىردىن بولىدۇ

ئىسلام ھەربىر مۇسۇلمان ئەر كىشىگە ئايالىنى ئۈچ قېتىمدا ئۈچ تالاق قىلىش ھەققىنى بەرگەن. بۇ ئۈچ قېتىمدىكى ئۈچ تالاقنى ھەر قېتىم تالاق قىلغاندا ئايالى پاك ھالەتتە بولۇشى، ھەمدە بۇ پاك ھالەتتە ئايالىغا جىنسىي يېقىنلاشمىغان بولىشى شەرت. ئەگەر بۇ شەرت بىلەن ئايالىنى بىر قېتىم تالاق قىلسا، ئىددىتى توشقىچە ساقلايدۇ. ناۋادا ئىددىتى توشۇپ بولغىچە ئايالى بىلەن يارىشاي دېسە، يارىشىپ كەتسە بولىدۇ. ئىددىتى توشۇپ بولغىچە يارىشالمىسا، ئىددىتى توشۇپ بولغاندىن كېيىن يارىشاي دېسە، يېڭى بىر نىكاھ بىلەن قايتا ياراشسا بولىدۇ. ناۋادا قايتا يارىشىشنى خالىمىسا، ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولسا بولىدۇ.

ناۋادا بىرىنچى قېتىملىق تالاقتىن كېيىن ئايالى بىلەن ياراشسا، ئاندىن كېيىن ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا يەنە نەپرەتلىنىش ۋە ئىتتىپاقسىزلىق يۈز بەرسە، باشقا بارلىق چارىلەر بۇ ئىككەيلەن ئوتتۇرىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلالمىسا، بۇ چاغدا ئېرى ئايالىنى ئىككىنچى قېتىم يۇقىرىقىدەك تالاق قىلسا بولىدۇ، ھەمدە ئىددەت ئىچىدە ئايالىنى نىكاھسىز قايتۇرىۋالسا ھەم بولىدۇ، ياكى ئىددەت توشۇپ كەتكەن بولسا يېڭى نىكاھ بىلەن ئەمرىگە ئالسا بولىدۇ.

ئەگەر ئايالىنى ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلىپ قالغان بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى نەپرەتنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ۋە بىر - بىرى بىلەن ئەپلىشىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە دەلىل بولىدۇ. شۇڭا ئۈچىنچى قېتىمقى تالاقتىن ۋە ئۇنىڭ ئىددىتىدىن كېيىن ئايالىنى ئەمرىگە قايتۇرالمايدۇ. پەقەتلا ئايالى باشقا بىر

www.munber.org

ئەرگە شەرئىي نىكاھ بىلەن تەگسە، يەنى بىرىنچى ئېرى بىلەن قايتا يارىشىۋېلىشقا پۇرسەت تەييارلاش ئۈچۈن تەگمەي، ھەقىقىي تۇي قىلىپ ئۆي تۇتۇپ قېلىش نىيىتىدە تەگسە، كېيىن ئىككىنچى ئېرى بىلەن چىقىشالماي ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ كەتسە ياكى ئىككىنچى ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭدىن ئىددەتنى توشقاندىن كېيىن ئاندىن بىرىنچى ئېرى ئۇنى قايتا نىكاھلاپ ئالالايدۇ. بولمىسا، ئۇ ئايال بىرىنچى ئېرى بىلەن قەتئىي يارىشالمايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋالالايمىزكى، بۇ ئۈچ قېتىمدا قىلىدىغان ئۈچ تالاقنى بىر قېتىمدا بىراقلا ياكى بىر سۆز بىلەنلا جۇغلاپ قىلغان كىشى، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا زىت ئىش قىلغان بولىدۇ، ھەمدە ئىسلامنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ كەتكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ ئايالىنى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئاچچىقىدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ: «مەن ئاراڭلاردا تۇرۇقلۇق ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ئوينىلىۋاتامدۇ؟» دېگەن. بۇنى ئاڭلاپ ساھابىلەردىن بىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتمەيمۇ؟» دېگەن [1].

## چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىش

ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنى بىرىنچى ياكى ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلسا، ئىددىتى توشۇشقا ئاز قالغاندا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش كېرەك:

يا ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش، يەنى ئايالىغا زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ياكى ئاۋارە قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس،

[1] ـ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يارىشىپ چىرايلىق ئۆي تۇتۇش مەقسىتىدە ئايالنى قايتۇرىۋېلىشى كېرەك.

ياكى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىن چىرايلىق ئايرىلىپ كېتىشى كېرەك. يەنى ئايالنىڭ ئىددىتى توشقىچە ساقلاپ تۇرۇپ، بىرى يەنە بىرىگە زىيان يەتكۈزمەستىن، بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىنى يېۋالماستىن، سەتلەشمەستىن ئايرىلىپ كېتىش كېرەك. ئايالنى ئىددىتى توشماستىنلا ئۇنىڭغا ئازار بېرىش ۋە باشقا بىر كىشى بىلەن توي قىلىشىغا ئۇزۇنراق مۇددەت توسالغۇ بولۇش مەقسىتىدە، ئايالنى ئەمرىگە قايتۇرىۋېلىشى ھارامدۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر ئەنە شۇنداق قىلىپ قېيىشاتتى.

ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە يۇرەكلەرنى تىترىتىۋېتىدىغان بىر تاۋۇشتا، ئاياللارغا بۇنداق زىيانكەشلىك قىلىشنى كەسكىن ھارام قىلغان، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَأَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ أَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَارًا لِتَعْتَدُوا وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ وَلَا تَتَّخِذُوا آيَاتِ اللَّهِ هُزُوًا وَاذْكُرُوا نِعْمَةَ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَمَا أَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهِ وَاتَّقُوا اللَّهَ وَاعْلَمُوا أَنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

﴿سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلارنى چىرايلىقچە نىكاھىڭلاردا تۇتۇڭلار، ياكى چىرايلىقچە قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار، كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى خىلاپلىق قىلىش بىلەن مەسخىرە قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەزنەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى،

www.munber.org

پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ياد ئېتىڭلار. ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 231 ـ ئايەت]

بۇ ئۇلۇغ ئايەتكە دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئايەتنىڭ يەتتە جۈملىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭدا ئاگاھلاندۇرۇشتىن كېيىن تەكرار ئاگاھلاندۇرۇش، ئەسلىتىشتىن كېيىن قايتا ئەسلىتىش، قورقۇتۇشتىن كېيىن يەنە قورقۇتۇش بار. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، قۇلىقى گەپ ئاڭلايدىغان كىشىلەرگە بۇلار ئەلبەتتە يېتەرلىك.

## ئېرىدىن ئاجراشقان ئايالنىڭ قايتا توي قىلىشىنى توسۇش ھارام

تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئىددىتى توشسا، ئايالنىڭ كونا ئېرى بولسۇن ياكى ئايالنىڭ ئىگىلىرى بولسۇن ياكى ئۇلاردىن باشقا ھەر قانداق ئادەم بولسۇن، خالىغان كىشى بىلەن توي قىلىشتىن توسۇۋېلىشى ھالال بولمايدۇ. توي قىلماقچى بولغان ئىككى تەرەپ شەرىئەتكە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئۇيغۇن يول بىلەن رازىلىشىپ، توي قىلماقچى بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ يولىنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالنى باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىشتىن توسۇۋېلىپ، ئىككىنچى بىر كىشىگە ياتلىق بولسا ئۇنداق قىلىمەن، بۇنداق قىلىۋېتىمەن دەپ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تەھدىت سېلىشى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قالاق كىشىلەرنىڭ ئىشىدۇر.

www.munber.org

بەزى جەمەتلەر ۋە قەبىلىلەرنىڭ تالاق قىلىنغان ئايالنى قايتا ياتلىق بولۇشتىن مەھرۇم قىلىدىغان قائىدە ۋە ئادەتلىرى، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

شۇنداقلا تالاق قىلغان ئەر ئايالنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشنى خالىسا، ھەر ئىككەيلەن چىرايلىقچە بىر ـ بىرى بىلەن يارىشىشقا رازى بولۇشسا ۋە ئوتتۇرىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشنى خالىسا، ئايالنىڭ ياكى ئايال ئىگىلىرىنىڭ بۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشىمۇ، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قارشى ئىش قىلغانلىق بولىدۇ. «يارىشىش ئەڭ ياخشىدۇر». مانا بۇ مەنىلەر بۇ ئايەتلەردە ئېنىق كۆرستىلگەن:

﴿وَإِذَا طَلَّقْتُمْ النِّسَاء فَبَلَغْنَ أَجَلَهُنَّ فَلَا تَعْضُلُوهُنَّ أَنْ يَنكِحْنَ أَزْوَاجَهُنَّ إِذَا تَرَاضَوْا بَيْنَهُمْ بِالْمَعْرُوفِ ذَلِكَ يُوعَظُ بِهِ مَنْ كَانَ مِنْكُمْ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ ذَلِكُمْ أَزْكَى لَكُمْ وَأَطهَرُ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

﴿ئاياللىرىڭلارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشۇپ تەگمەكچى بولغان ئەرلىرى بىلەن قائىدە بويىچە پۈتۈشكەن بولسا، ئۇلارنى نىكاھلىنىشتىن توسماڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئىچىڭلاردا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارغا نەسىھەت قىلىنىدۇ، بۇ سىلەرگە ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ پاكتۇر. ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾ [بەقەرە سۈرىسى232 ـ ئايەت]

## ئېرىدىن نەپرەتلىنىدىغان ئايالنىڭ ھەققى

ئېرىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ياشاشقا تاقىتى قالمىغان خوتۇن، ئېرى بەرگەن تويلۇق ۋە سوۋغا ـ سالاملارنىڭ ھەممىنى

www.munber.org

ياكى بىر قىسمىنى ئۆزئارا كېلىشىپ ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق ئېرىدىن ئاجراش ۋە قۇرتۇلۇش ھەققىگە ئىگە. بۇنداق ئەھۋالدا ئەر كىشىمۇ ئايالىغا بەرگەن نەرسىدىن ئارتۇق نەرسە تەلەپ قىلمىغىنى ياخشىراق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَإِنْ خِفْتُمْ أَلَّا يُقِيمَا حُدُودَ اللَّهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا فِيمَا افْتَدَتْ بِهِ﴾

﴿ئەگەر سىلەر ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇننىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) ئېرىگە مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككەيلەنگە گۇناھ بولمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى229 ـ ئايەت]

ساھابىلەردىن ھەزرىتى سابىت ئىبنى قايسىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ سابىت ئىبنى قايسىنىڭ دىيانىتى ياكى ئەخلاقىنى ئەيىبلىمەيمەن، لېكىن مەن ئۇنى ياقتۇرمىغانلىقىمدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا تاقەت قىلالمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالدىن ئېرىدىن نېمە تويلۇق ئالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئايال: «بىر باغ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «ئۇنىڭغا بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسىز؟» دېگەندە ئۇ ئايال: «ھەئە» دېگەن، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتكە: «باغنى ئېلىپ ئۇنى بىر تالاق قىلىۋەتكىن» دېدى[1].

ئاجرىشىشقا لايىق بىر سەۋەب ياكى بىر ئەيىب بولماستىن ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىشقا ئالدىراپ، تالاق خېتىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە نەسائى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«قانداق بىر ئايال ھېچ سەۋەبسىز ئېرىدىن ئاجرىششىنى تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ پۇرىقى ھارام بولىدۇ»[1].

## ئايالىغا زىيان ئۇرۇش ھارامدۇر

خوتۇنى ئوچۇق بىر ئەخلاقسىزلىق قىلىپ قالمىغان تەقدىردە، بەرگەن تويلۇقنىڭ ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلىپ، زىيان يەتكۈزىشى ھارامدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَعْضُلُوهُنَّ لِتَذْهَبُوا بِبَعْضِ مَا آتَيْتُمُوهُنَّ إِلَّا أَنْ يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُبَيِّنَةٍ﴾

﴿ئۇلار ئوچۇق بىر پاھىشە ئىشنى قىلمىغان ھالەتتە، سىلەر ئۇلارغا بەرگەن تويلۇقتىن بىر قىسمىنى يۇلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتمەڭلار﴾ [نىسا سۈرىسى 19 ـ ئايەت]

بولۇپمۇ، ئەر كىشى ئايالىنى ياقتۇرماي، باشقا ئايالنى ئېلىش ئۈچۈن، ئايالىدىن ئايرىلىشنى خالايدىغان بولسا، بۇ چاغدا ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىش ئۈچۈن ئايالىدىن بىر نەرسە ئېلىشى ھارام بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَإِنْ أَرَدْتُمُ اسْتِبْدَالَ زَوْجٍ مَكَانَ زَوْجٍ وَآتَيْتُمْ إِحْدَاهُنَّ قِنطَارًا فَلَا تَأْخُذُوا مِنْهُ شَيْئًا أَتَأْخُذُونَهُ بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا ۞ وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُ وَقَدْ أَفْضَى بَعْضُكُمْ إِلَى بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُمْ مِيثَاقًا غَلِيظًا﴾

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئەگەر بىر خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ئورنىغا باشقا بىر خوتۇننى ئالماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا كۆپ تويلۇق بەرگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسىنى قايتۇرىۋالماڭلار. ئۇنى ئايالغا قارا چاپلاپ ۋە ئوچۇق زۇلۇم قىلىپ ئالامسىلەر؟ ئۆزئارا بىر جايدا خىلۋەتتە بولغان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن نىكاھتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى (تويلۇقنى) قانداقمۇ قايتۇرىۋالىسىلەر؟﴾ [نىسا سۈرىسى 20 ـ 21 ـ ئايەتلەر]

## "ئايالىمغا يېقىنلاشمايمەن" دەپ قەسەم ئىچىش ھارامدۇر

ئاياللار ھەقلىرىنى قوغداش جەھەتتە، ئىسلامنىڭ قالتىس گۈزەل ھۆكۈملىرىنىڭ بىرى بولسا: ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا ئاچچىقلاپ، ئايالىنىڭ ئاياللىق تەبىئىتى كۆتۈرەلمەيدىغان بىر مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىن كەلمەي ۋە بىللە ياتماي تۇرىۋېلىشىنى ھارام قىلغانلىقىدۇر. ئەگەر ئەر كىشى بۇ تاشلىۋېتىشنى "ئايالىمغا ھەرگىز يېقىنلاشمايمەن" دېگەن قەسەم بىلەن تەكىتلىسە، ئاچچىقى يېنىپ ئۆزىنى تۇتىۋېلىشى ئۈچۈن تۆت ئاي مۆھلەت بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەقلى ھوشىنى تېپىپ تۆت ئاي ئۆتۈپ بولغىچە ئايالىغا يېقىنلاشسا، قەسىمىنى ئاللاھ كەچۈرىۋېتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە دەرۋازىسىنى كەڭرى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ پەقەتلا قەسەم كاپپارىتى بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بۇ مۇددەت ئۆتۈپ بولغىچە ئىرادىسىدىن يانماي، قەسىمىنى بىكار قىلمىسا، ئايالىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ ئايالى ئۇنىڭدىن ئاجرىشتۇرىلىدۇ.

www.munber.org

ھەتتا بەزى فەقىھلەر، سوتچىنىڭ ھۆكمىگە قارىماستىن تۆت ئاي مۇددەتنىڭ توشۇشى بىلەنلا ئايالىنىڭ ئېرىدىن ئاجراپ كېتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. يەنە بەزىلەر: تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مەسىلە سوتقا سۇنۇلىدۇ، سوت ئەرگە يا ئايالىنى رازى قىلىش، يا ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىش ئىختىيارىنى بېرىدۇ، بۇ چاغدا ئەر بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللىشى كېرەك.

ئايالىغا جىنسىي يېقىنلاشماسلىققا قىلىنغان بۇنداق قەسەم شەرىئەتتە (ئىيلا) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿لِلَّذِينَ يُؤْلُونَ مِنْ نِسَائِهِمْ تَرَبُّصُ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ فَإِنْ فَاءُوا فَإِنَّ اللَّهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ وَإِنْ عَزَمُوا الطَّلَاقَ فَإِنَّ اللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾

﴿ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ، ئەگەر ئۇلار (بۇ مۇددەتتە يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھلىرىنى) ئاللاھ چوقۇم مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاللاھ ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئەگەر ئۇلار تالاق قىلىش نىيىتىگە كەلسە، ئاللاھ ھەقىقەتەن (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [بەقەرە سۈرىسى 226 ـ 227ـ ئايەتلەر]

ئەرنىڭ ئۆزىنى توختىتىپ، ئەقلى ھوشىغا قايتىشى ئۈچۈن بۇ مۆھلەت تۆت ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن، چۈنكى بۇ ئادەتتە ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن يىراق تۇرۇشقا چىدىيالايدىغان ئەڭ ئۇزۇن مۇددەتتۇر. بۇ ھەقتە مۇپەسسىرلەر ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق بىر قىسسىسىنى بايان قىلغان: بىر كېچىسى خەلىپە ئۆمەر پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى چارلاشقا چىققاندا بىر ئايالنىڭ مۇنداق دەپ قوشاق ئېيتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان:

www.munber.org

ئەجەب تاڭ ئاتمىدى كېچە ئۇزىراپ

ئويناشقا جۇپتۇم يوق قىينىدى پىراق

قەسەمكى ئاللاھدىن قورقمىسام شۇئان

كېتەتتى ئاستىمدا كارىۋات غىچىرلاپ

خەلىپە ئۆمەر بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئاشۇ ئايال ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ھەزرىتى ئۆمەر تەكشۈرۈشتە ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى مۇجاھىدلار قوشۇنىدا جىھادقا ئاتلىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى، تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، قىزى ھەفسادىن: ”ئايال كىشى ئېرىدىن ئايرىلسا، قانچىلىك مۇددەت چىدايدۇ؟“ دەپ سورىغاندا، ھەفسا: ”تۆت ئاي“ دەپ جاۋاب بەرگەن.

شۇ كۈندىن كېيىن ئەمىرىلمۆمىنىن ئۆمەر ھەر قانداق بىر ئەرنىڭ ئايالىدىن تۆت ئايدىن ئارتۇق ئايرىلىپ ئەسكەرلىككە بېرىشىنى مەنئى قىلغان.

❋ ❋ ❋

www.munber.org

# ئالتىنچى ئاتا ـ ئانا ۋە بالىلار ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتتە

## ئىسلام نەسەبنى ھىمايە قىلىدۇ

بالىلار ئاتىلارنىڭ ئىزباسارىدۇر، ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرى ھايات ۋاقتىدا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆز قارچۇغى ھېسابلانسا، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاتىلىرىنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ قويماي، يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇلار ئاتىلىرىدىن چىراي ـ شەكىل ۋە ھەر تۈرلۈك ياخشى ـ يامان خۇي ۋە خاراكتېرلارنى مىراس ئالىدۇ.

دېمەك: ئۇلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ يۈرەك پارىسى ۋە كۆز قارچۇغىدۇر. ئاللاھ تائالا نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتمەي پاك ساقلىنىشى، بالا ئاتىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇشى ئۈچۈن زىنانى ھارام قىلىپ، توي قىلىشنى پەرز قىلغان. چۈنكى توي قىلىش ئارقىلىقلا ئايال ئېرىگە خاس بولىدۇ، ئېرىگە خىيانەت قىلىشى ياكى ئۇنىڭ ئېتىزىنى باشقىلارنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇشى ھارام بولىدۇ. شۇڭا توي قىلىش بىلەنلا ئايال ئەر ـ خوتۇنلۇق دەۋرىدە تۇغقان ھەرقانداق بالا ئېرىنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ھېچقانداق ئىسپاتلاشقا ھاجىتى يوق. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك: ”بالا ئەرگە مەنسۇپ“[1] بولىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# ئاتا بالىسىغا تانسا بولمايدۇ

يۇقىرىقى جەھەتتىن ئەر كىشى ئۆز نىكاھىدىكى بىر ئايال تۇغقان بالىسىنىڭ نەسەبىنى ئىنكار قىلىشى ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق ئىنكار قىلىشى ئايالى ۋە بالىسىغا ئەڭ سەت ئار - نومۇس ۋە ئەڭ چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قۇرۇق سۆز، قۇرۇق گۇمان ياكى بەزى تارالغان ئاساسسىز گەپ - سۆزلەرگە بىرىلىپ بۇنداق زىيان ئۇرۇشقا قەدەم قويۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئەمما كەسكىن دەلىل - ئىسپات بىلەن ئايالىنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرسە، ئىسلام شەرىئىتىمۇ ئۇنى ئۆز بالام ئەمەس دەپ قارايدىغان بالىنى باقتۇرۇشقا، مىراس ئېلىشقا ھەققى يوق دەپ قارايدىغان كىشىگە مىراس قالدۇرۇشقا ياكى ئەڭ ئاز دېگەندە پۈتۈن ئۆمۈر بويى گۇمان ئىچىدە ياشىشىغا تاشلاپ قويالمايدۇ ۋە رازى بولمايدۇ. بۇنداق كىشىگە ئىسلام شەرىئىتى ”لەنەتلىشىش“ ئۇسۇلى ئارقىلىق چىقىش يولى قىلىپ بەرگەن. بۇ ئۇسۇلغا كۆرە ئېرى ئايالىنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلغانلىقىنى ۋە باشقا بىر ئەردىن قورساق كۆتۈرگەنلىكىنى تەكىتلىيەلىسە ياكى كۈچلۈك گۇمان قىلىپ بىلەلىسە، لېكىن ئۇنىڭ قولىدا بۇنىڭغا ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات بولمىسا، ئۇ بۇ مەسىلىنى سوتقا سۇنىدۇ. قازى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن لەنەتلىشىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن ئىككەيلەننى مەڭگۈلۈككە ئايرىۋېتىدۇ، بالا ئانىغا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە لەنەتلىشىش ئۇسۇلىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَالَّذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَاءُ إِلَّا أَنفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ أَحَدِهِمْ أَرْبَعُ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنْ الصَّادِقِينَ۞وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَةَ اللَّهِ عَلَيْهِ إِنْ كَانَ مِنْ

www.munber.org

الْكَاذِبِينَ۞ وَيَدْرَأُ عَنْهَا الْعَذَابَ أَنْ تَشْهَدَ أَرْبَعَ شَهَادَاتٍ بِاللَّهِ إِنَّهُ لَمِنْ الْكَاذِبِينَ۞ وَالْخَامِسَةَ أَنَّ غَضَبَ اللَّهِ عَلَيْهَا إِنْ كَانَ مِنْ الصَّادِقِينَ﴾

﴿ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن، ئايالمۇ ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلىپ، بەشىنچى قېتىمدا: «ئەگەر ئېرىم راستچىللاردىن بولسا، ماڭا ئاللاھنىڭ غەزىپى بولسۇن» دېسە، جازاغا تارتىلمايدۇ﴾ [نۇر سۈرىسى 6 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

## ئىسلامدا بالا قىلىۋېلىش ھارامدۇر

ئاتا بالىنىڭ نەسىبىنى ئىنكار قىلسا بولمىغىنىدەك، ئۆز پۇشتىدىن بولمىغان بىر بالىنى بالا قىلىۋېلىشمۇ ھالال بولمايدۇ. تارىختا ئۆتكەن مىللەتلەردەك ئەرەبلەرمۇ جاھىلىيەت دەۋرلىرىدە بالا بېقىۋېلىش ئارقىلىق خالىغان كىشىنى ئۆز نەسىبى ۋە جەمەتىگە قوشۇۋالاتتى. مەسىلەن: بىر كىشى بىر بالىنى تاللاپ، ئۇنى بېقىۋالغانلىقىنى ئېلان قىلسا، ئۇ ئۆز بالىلىرىدىن بىرى ۋە ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بارلىق ھوقۇق ۋە سالاھىيىتىدىن بەھرىمەن بولاتتى، ھەمدە ئاشۇ ئائىلىگە مەنسۇپ بولاتتى، بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئاتىسى ۋە نەسەبىنىڭ مەلۇم بولىشى بېقىۋېلىنىشقا توسالغۇ بولمايتتى.

www.munber.org

ئىسلام كەلگەندە بۇنداق بالا بېقىۋېلىش تۈزۈمى ئەرەب جەمئىيىتىدە كەڭ تارىلىپ كەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇرۇن زەيد ئىبنى ھارىسەنى بالا قىلىۋالغان ئىدى، زەيد ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئۇرۇشلىرىنىڭ بىرىدە ئولجا ئېلىنغان بالا بولۇپ، ئۇنى ھەكىم ئىبنى ھىزام دېگەن كىشى ھاممىسى خەدىجىگە ئېلىپ بەرگەن، ھەزرىتى خەدىجە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ہیرىۋەتكەن. زەيدنىڭ ئاتىسى ۋە تاغىسى زەيدنىڭ بار يېرىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدكە تالاش ئىختىيارىنى بەرگەن، لېكىن ئۇ ئاتىسى ۋە تاغىسىنى تاللىماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاللىغان، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئازات قىلىۋېتىپ، خالايىق ئالدىدا ئۇنى بالا قىلىۋالغان ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئۇ زەيد ئىبنى مۇھەممەد (مۇھەممەد ئوغلى زەيد) دېگەن نام بىلەن تونۇلدى، ئۇ قۇللاردىن بىرىنچى بولۇپ مۇسۇلمان بولغان كىشى ئىدى.

ئۇنداقتا جاھىلىيەت تۈزۈمىگە ئىسلام قانداق قارىغان؟

ئىسلام بالا بېقىۋېلىشنى ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەتنى بۇرمىلاشتىن ئىبارەت بىر ساختىلىق دەپ قارىغان، بۇ ساختىلىق يات بىر كىشىنى باشقا بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى قىلىپ، ئۇنى بۇ ئائىلىدىكى ئاياللارغا مەھرەم قىلىپ قويىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئائىلىدىكى ئاياللار بۇ كىشىگە يات ئاياللاردۇر، چۈنكى بېقىۋالغان كىشىنىڭ ئايالى بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئانىسى يا قىزى ياكى بىر تۇغقىنى ۋە ياكى ھاممىسى ئەمەس، ئۇ ھەممىيلەنگە يات.

بالا قىلىۋېلىنغان بۇ بالا، باللىق سۈپىتى بىلەن ئەر ـ ئايال ئىككەيلەندىن مىراس ئېلىپ، بۇ مىراسىنىڭ ئەسلىي ئىگىلىرى

www.munber.org

بولغان تۇغقانلارنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدۇ، نەتىجىدە ھەقىقىي تۇغقانلار ئۆز ھەقلىرىنى تارتىۋالغان بۇ يات تاجاۋۇزچىغا ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇ ئۆچمەنلىك قايناپ ـ تېشىپ، تۇغقانلار ئوتتۇرىدا كۆڭۈلسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن قۇرئان كەرىم بۇنداق جاھىلىيەت تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنى كەسكىن ھارام قىلغۇەتكەن، ھەمدە ئۇنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بارلىق نەتىجىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا جَعَلَ أَدْعِيَاءَكُمْ أَبْنَاءَكُمْ ذَلِكُمْ قَوْلُكُمْ بِأَفْوَاهِكُمْ وَاللَّهُ يَقُولُ الْحَقَّ وَهُوَ يَهْدِي السَّبِيلَ۞ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ هُوَ أَقْسَطُ عِنْدَ اللَّهِ فَإِنْ لَمْ تَعْلَمُوا آبَاءَهُمْ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ وَمَوَالِيكُمْ﴾

﴿سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ ھەقىقىي بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر. ئاللاھ ھەقنى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن چاقىرىڭلار، بۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئادىل ئىشتۇر، ئەگەر ئاتىلىرىنى بىلمىسەڭلار، ئۇلار سىلەرنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىڭلاردۇر، دوستلىرىڭلاردۇر﴾ [ئەھزاب سۈرىسى4 ـ 5 ـ ئايەتلەر]

قۇرئاننىڭ بۇ ئېنىق ئايىتىگە نەزەر سالايلى: «سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ ئاللاھ ھەقىقىي بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا دېيىش) پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر» يەنى بالا بېقىۋېلىش ھېچبىر ھەقىقەتكە تايانمىغان بىر قۇرۇق سۆزدىن ئىبارەتتۇر، ئېغىزدىكى سۆزلەر ھەقىقەتلەرنى يەڭگۈشلىيەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتنىمۇ

www.munber.org

ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ياتنى تۇغقان، غەيرىينى ئۆز ياكى بېقىۋېلىنغان بالىنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا قىلىۋېتەلمەيدۇ، ئېغىزدىكى سۆز بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ تومۇرلىرىدا بېقىۋالغۇچىنىڭ قانلىرىنى ئېقتالمايدۇ، بېقىۋالغۇچىنىڭ قەلبىدە ئاتىلىق مېھرىنى ياكى بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ قەلبىدە باللىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى پەيدا قىلالمايدۇ، بالىغا بۇ جەمەتنىڭ خاراكتېرىنى ھەمدە بۇ ئائىلىنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي ۋە مىجەز ـ خۇلقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى سىڭدۈرەلمەيدۇ.

بۇ سەۋەبلەردىن ئىسلام دىنى بالا قىلىۋېلىش تۈزۈمى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىراس ئېلىش ۋە بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئايالىنى بېقىۋالغۇچى مەڭگۈ نىكاھقا ئالالماسلىقتەك بارلىق نەتىجىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋەتكەن.

مەسىلەن: مىراس مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىم قان رىشتىسى، ئەر ـ خوتۇنلۇق ۋە ھەقىقىي تۇغقانلىقتىن باشقا نەرسىنى مىراس ئېلىشقا سەۋەب قىلمىغان:

﴿وَأُولُوا الْأَرْحَامِ بَعْضُهُمْ أَوْلَى بِبَعْضٍ فِي كِتَابِ اللَّهِ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ھۆكمىدە بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشتا ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئەڭ ھەقلىقتۇر﴾ [ئەنفال سۈرىسى 75 ـ ئايەت]

يەنە توي قىلىش مەسىلىسىدە قۇرئان كەرىم: بېقىۋالغان بالىسىنىڭ نىكاھىغا ئەمەس ھەقىقىي بالىسىنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن ئايالنى كېيىنچە بېقىۋالغۇچىنىڭ نىكاھلاپ ئېلىشى چەكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان:

﴿وَحَلَائِلُ أَبْنَائِكُمُ الَّذِينَ مِنْ أَصْلَابِكُمْ﴾

www.munber.org

﴿ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان باللىرىڭلارنىڭ (ئېلىپ قويۇپ بەرگەن) ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ھارام قىلىندى﴾ [نىسا سۈرىسى 23 ـ ئايەت]

بۇنىڭغا بىنائەن، بېقىۋېلىنغان بالا ئايالىنى قويۇپ بەرسە، بېقىۋالغۇچى كىشى ئۇ ئايالنى ئۆز نىكاھىغا ئالالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئەمەلىيەتتە يات بىر كىشى قويۇپ بەرگەن ئايال. شۇڭا بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

## بالا قىلىۋېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلىي بىكار قىلىش

بالا قىلىۋېلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كىشىلەر ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ھاياتىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بۇ تۈزۈمنى يالغۇز سۆز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ھەم سۆز ھەم ئەمەلىي تەتبىق بىلەن يىقىپ تاشلاشنى مۇۋاپىق كۆرگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بارلىق شەك ـ شۈبھىلەرنى قومۇرۇپ تاشلاپ، بېقىۋالغان باللىرى ئېلىپ قويۇپ بەرگەن ئاياللارنى ئېلىشقا قىلىنغان رۇخسەتكە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ سىقىلىشىنى يوقىتىش، ھەمدە مۇسۇلمانلارغا پەقەت ئاللاھنىڭ ھالال قىلغان نەرسىسىنىڭ ھالال، ھارام قىلغان نەرسىسىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى تاللىغان.

مۇھەممەد ئوغلى زەيد دەپ تونۇلغان ھارىسەنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىنىڭ قىزى زەينەب بىلەن ئۆيلەنگەن ئىدى. ئەمما ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشى

www.munber.org

بولمىغاچقا، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايالىدىن كۆپ شىكايەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئايالىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالىدىغانلىقىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىلسىمۇ، بۇ مەسىلە ئىنتايىن نازۇك بولغاچقا، زەيد دەرد ـ ئەھۋال ئۇقۇپ كەلسىلا ئۇنىڭغا: «ئايالىڭنى قويۇۋەت» دېيىشنىڭ ئورنىغا: «ئاللاھدىن قورق، ئايالىڭنى قويۇۋەتمە» دەپ ئۇنى قايتۇراتتى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنسانىي ئاجىزلىق غالىب كېلىپ، كىشىلەرگە يۈز كېلەلمەسلىكتىن قورققان ئىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كايىپ قۇرئان كەرىم ئايىتى نازىل بولدى، نازىل بولغان ئايەتلەر ئىچىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بېقىۋالغان يات ئوغلى قويۇپ بەرگەن ئايالنى نىكاھىغا ئېلىشنى چەكلەشتىن ئىبارەت بولغان بۇنداق كونا تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرىدىغان ئايەتلەرمۇ بار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دىدى:

﴿وَإِذْ تَقُولُ لِلَّذِي أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتَ عَلَيْهِ أَمْسِكْ عَلَيْكَ زَوْجَكَ وَاتَّقِ اللَّهَ وَتُخْفِي فِي نَفْسِكَ مَا اللَّهُ مُبْدِيهِ وَتَخْشَى النَّاسَ وَاللَّهُ أَحَقُّ أَنْ تَخْشَاهُ فَلَمَّا قَضَى زَيْدٌ مِنْهَا وَطَرًا زَوَّجْنَاكَهَا لِكَيْ لَا يَكُونَ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ حَرَجٌ فِي أَزْوَاجِ أَدْعِيَائِهِمْ إِذَا قَضَوْا مِنْهُنَّ وَطَرًا وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ مَفْعُولًا﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: "خوتۇنۇڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھدىن قورققىن" دېدىڭ. ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ. كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ. ئاللاھدىن

www.munber.org

قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن (زەينەبنى) زەيد قويۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇندىلىدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى37 ـ ئايەت]

ئۇندىن كېيىن قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاقلاپ، بۇ ئىشنى قىلسا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ھېچقانداق سىقىلماسلىقى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

﴿مَا كَانَ عَلَى النَّبِيِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ اللَّهُ لَهُ سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ قَدَرًا مَقْدُورًا ۞ الَّذِينَ يُبَلِّغُونَ رِسَالَاتِ اللَّهِ وَيَخْشَوْنَهُ وَلَا يَخْشَوْنَ أَحَدًا إِلَّا اللَّهَ وَكَفَى بِاللَّهِ حَسِيبًا ۞ مَا كَانَ مُحَمَّدٌ أَبَا أَحَدٍ مِنْ رِجَالِكُمْ وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ وَكَانَ اللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمًا﴾

﴿ئاللاھ پەيغەمبەرگە ھالال قىلىپ بۇيرىغان ئىشنى قىلىشتا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، بۇ (يەنى بۇيرىغان ئىشنى قىلىشتا گۇناھ يوقلۇقى) ئۆتكەنكى پەيغەمبەرلەرگە تۇتقان ئاللاھنىڭ يولىدۇر، ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن ھۆكۈمدۇر، ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدۇ، ئاللاھدىن قورقىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ھېچكىشىدىن قورقمايدۇ، ئاللاھ ھېساب ئېلىشقا يېتەرلىكتۇر. مۇھەممەد ئاراڭلاردىكى ئەرلەرنىڭ ھېچبىرسىنىڭ ئاتىسى ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 38 ـ 40 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

## يېقىپ تەربىيلەش مەنىسىدىكى بالا قىلىۋېلىش

يۇقىرىقى ئىسلام ئەمەلدىن قالدۇرغان بالا قىلىۋېلىش تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ بىر كىشى بىر بالىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىگە بالا قىلىۋېلىپ، نەسەب جەھەتتىن ئۆز نەسىبى ۋە جەمەتىگە مەنسۇپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆيدىكى قىز ـ ئاياللار بىلەن ئارىلىشىش، ئۇلار بىلەن نىكاھلانماسلىق ۋە مىراس ئېلىش قاتارلىق بارلىق بالىلىق ھوقۇقىنى بېرىۋېتىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر خىل بالا بېقىۋېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنى كىشىلەر بالا قىلىۋېلىش دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسلام چەكلىگەن بالا قىلىۋېلىشقا كىرمەيدۇ. ئۇ بولسا: بىر كىشى بىر يېتىم بالىنى ياكى ئىگىسى يوق يولغا تاشلىنىپ قالغان بىر بالىنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىشتا، تەربىيلەشتە ئۆز بالىسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۆز بالىسىدەك غىزالاندۇرىدۇ، كىيىندۈرىدۇ، ئوقۇتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنى ئۆز نەسەبىگە مەنسۇپ قىلىۋالمايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكىدەك بالىلىق ھوقۇقلىرىنى بەرمەيدۇ. مانا بۇنداق بېقىۋېلىش ئاللاھنىڭ دىنىدا ماختالغان بىر ياخشى ئىشتۇر، بۇنداق قىلغان كىشى بۇ ئىشىغا جەننەتتە ساۋاب بېرىلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن يېتىمنى باققان كىشى بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق» دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئايرىپ ئىشارەت قىلغان[1].

كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن بالىمۇ يېتىم بالىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق بالىغا (ئىبنى سەبىيل) يەنى سەرگەردان

[1] ـ ئىمام بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ياكى يولۇچى دېگەن نامنى بېرىش بەكمۇ مۇۋاپىق بولۇپ، ئىسلام دىنى بۇلارنى بېقىشنى بۇيرىغان.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ بالىسى بولماي، بېقىۋالغان بالىسىغا مال ـ مۈلكىدىن بىر بۆلۈك بېرىشنى خالىسا، ئۇ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىسىنى بېرىۋەتسە بولىدۇ. ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مىراسىنىڭ ئۈچتەن بىر قىسمىغا قەدەر ئۇنىڭغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلسا بولىدۇ.

## سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش

ئىسلام دىنى زىنانى ھارام قىلىش ۋە بالا قىلىۋېلىشنى ھارام قىلىش ئارقىلىق نەسەبلەرنى قوغدىغان، بۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ ساپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان. ئىسلام يەنە «سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش» نامى بىلەن ئۆز ئېرىدىن باشقا بىر ئەرنىڭ مەنىيسى بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇشنىمۇ ھارام قىلىۋەتكەن. بەلكى تېخى بۇ بۇنداق ئەھۋالدا خۇددى كاتتا ئۇستاز شەيخ شەلتۇت[1] ئېيتقاندەك: «ئىنتايىن قەبىھ جىنايەت ۋە چوڭ گۇناھ بولۇپ، زىنا بىلەن بىر دەرىجىدە تۇرىدۇ. زىنا بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش، نەتىجىسىمۇ ئوخشاش، ئۇ بولسىمۇ يات بىر ئەرنىڭ مەنىيسىنى ھېچبىر شەرئىي ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئايالغا مەقسەتلىك ھالدا سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ناۋادا بۇ جىنايەتتە زىناغا

[1] ـ شەيخ شەلتۇت: مەھمۇد شەلتۇت، جامىئۇل ئەزھەرنىڭ سابىق شەيخلىرىدىن بىرى، پەتىۋا ۋە تەفسىر بىلەن تونۇلغان، بىرقانچە كىتابلىرى نەشىر قىلىنغان. ھـ 1383 = م 1964- يىلى ۋاپات بولغان– ت.

www.munber.org

قارىغاندا ئازراق پەرقلىنىدىغان تەرىپى بولمىغان بولسا سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ ھۆكمى، بارلىق ئىلاھىي قانۇنلار ۋە ساماۋى كىتابلار چەكلىگەن زىنانىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولغان بولاتتى.

ئەگەر سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۆز ئېرىدىن غەيرىي يات بىر شەخسنىڭ مەنىيسى بىلەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىش، بالا قىلىۋېلىشتىنمۇ قاتتىقراق ۋە قەبىھرەك جىنايەت بولىدۇ ئەلۋەتتە، چۈنكى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشتىن بولغان بالا بىر تەرەپتىن بالا بېقىۋېلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نەسەبكە يات بىر نەرسىنى ئارىلاشتۇرىۋېتىشتەك بىر نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن زىنادىن ئىبارەت بولغان يەنە بىر رەزىللىك بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىدۇ. بۇ يولدىن ھەر قانداق قانۇن ـ ياساقلار، ھەمدە پەزىلەتلىك ئىنسانىي تەبىئەتمۇ نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ ئاخىرى كىشىلەرنى ئېسىل جەمئىيەت رىشتىسىنى ھېس قىلمايدىغان ھايۋانلار دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ»[1].

## بالىنىڭ ئاتىسىدىن غەيرىيگە مەنسۇپ بولىۋېلىشى گۇناھتۇر

ئىسلام دىنى ئاتىلارغا ئۆز بالىلىرىنىڭ نەسەبىنى ئىنكار قىلىشىنى ھارام قىلغاندەك، بالىلارغىمۇ ئۆز ئاتىسىدىن غەيرىيگە مەنسۇپ بولۇشىنى ھارام قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاللاھنىڭ ۋە خالايىقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىتىدىغان قەبىھ گۇناھلاردىن بىرى دەپ قارىغان. ھەزرىتى ئەلى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) قولىدىكى بىر ھۆججەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئوقۇغان: «كىمكى ئۆز ئاتىسىدىن غەيرىيگە مەنسۇپ

---

[1] ـ (شەيخ شەلتۇت پەتىۋالىرى)، 300 ـ بەت.

www.munber.org

بولىۋالسا، ياكى قول ئازات قىلغان ئىگىسىدىن باشقىغا مەنسۇپ بولىۋالسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق خالايىقنىڭ لەنىتى تېگىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن يا تەۋبە يا تۆلەم قوبۇل قىلىنمايدۇ»[1].

ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز ئاتىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆز ئاتىسىدىن غەيرىينى ئاتام دەۋالسا، جەننەت ئۇنىڭغا ھارام بولىدۇ»[2].

## بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار

ئىسلام دىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان شەكىلدە نەسەبلەرنى قوغدىغاندىن كېيىن، ئاتا - بالا ھەر ئىككى تەرەپكە ئائىتلىق بىلەن باللىق تەقەززا قىلىدىغان ھەقلەرنى بەلگىلەپ بەردى، ھەممە بۇ ھەقلەرنى قوغداش ئۈچۈن بىر قانچە ئىشلارنى ھارام قىلدى.

مەسىلەن: بالىسىنىڭ ياشاش ھەققى بار. ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرىۋېتىش ياكى ئۇنى - بەزى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەر قىلغاندەك - تىرىك كۆمۈۋېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ياشاش ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىش ھەققى يوق. بۇ مەسىلىدە قىز - ئوغۇل ھەر ئىككىسى بارابەر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ إِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَإِيَّاكُمْ إِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئًا كَبِيرًا﴾

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەققەتەن چوڭ گۇناھتۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى31 ـ ئايەت]

﴿وَإِذَا الْمَوْءودَةُ سُئِلَتْ۞بِأَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ﴾

﴿تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟ دەپ سورالغان چاغدا﴾ [تەكۋىير سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

بۇنداق قەبىھ جىنايەتكە ئىتتىرگەن سەۋەب نامراتلىق ياكى نامراتلىشىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشتەك ئىقسادىي سەۋەب بولسۇن، ياكى تۇغۇلغان بالا قىز بولسا كېيىنچە نومۇسقا قېلىشتىن ئەنسىرەشتەك باشقا سەۋەب بولسۇن بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئىسلام بۇنداق ۋەھشىي جىنايەتنى ئەڭ قاتتىق شەكىلدە ھارام قىلغان، چۈنكى بۇ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك، سىلە ـ رەھىم رىشتىسىنى ئۈزگەنلىك ۋە ئاجىز بىر جانغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن ئىبارەت بىر جىنايەتتۇر. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام : «قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر؟» دەپ سورالغاندا: «ئاللاھ سېنى ياراتقان تۇرۇغلۇق ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈشۈڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. «ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟» دەپ سورالغاندا: «سېنىڭ رىزقىڭغا شېرىك بولۇشىدىن ئەنسىرەپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن(1).

ئاياللارمۇ ئەرلەرگە ئوخشاشلا بۇ جىنايەتنى چەكلەشكە ۋە ئۇنى قىلماسلىققا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قول بەرگەن:

﴿أَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللَّهِ شَيْئًا وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ أَوْلَادَهُنَّ﴾

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە﴾ [مومتەھىنە سۈرىسى 12 ـ ئايەت]

بالىنىڭ ئاتىسى بويىنىدىكى يەنە بىر ھەققى بولسا: ئۇنى ياخشى ئىسىم بىلەن ئاتاش بولۇپ، بالىسىغا چوڭ بولغاندا ئازابلىنىدىغان ئىسىم قويسا بولمايدۇ. يەنە ئابدۇنەبى ياكى ئابدۇرۇسۇل دېگەندەك ئاللاھدىن باشقىغا قۇللۇق ئىپادىلەيدىغان ئىسىم قويۇشمۇ ھارام بولىدۇ.

بالىلارنىڭ يەنە ئاتىلىرىنىڭ بويىنىدا بېقىش، تەربىيىلەش ۋە چىقىمىنى قىلىش ھەققى بار، شۇڭا بالىلارنى تاشلىۋېتىشكە ياكى زايا قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىڭلار پادىچىلار، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن مەسئۇل بولىسىلەر»[1]. «باقىدىغان كىشىلەرنى زايا قىلىۋەتمەك گۇناھ جەھەتتىن ئىنسانغا يېتەرلىكتۇر»[2]. «ئاللاھ تائالا ھەر باققۇچىنى باقىدىغان نەرسىلىرىنى باقتىمۇ ياكى زايا قىلىۋەتتىمۇ سوراق قىلىدۇ، ئاتىنىمۇ بالا ـ چاقىلىرى ھەققىدە سوراق قىلىدۇ»[3].

## بەرگەندە بالىلارغا تەڭ بېرىش

بالىلارنىڭ ئاتىغا ياخشىلىق قىلىشتا تەڭ بولۇشى ئۈچۈن ئاتىلارنىڭمۇ بالىلارغا بىر نەرسە بەرگەندە تەڭ بېرىشى، ئۇلارغا

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بارابەر مۇئامىلە قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. بەزى بالىلىرىغا ئايرىم ھالدا سەۋەبسىز ياكى ئورۇنسىز سوۋغا ياكى پۇل ـ مال بېرىشى ھارام بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش باشقا بالىلارنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرىدۇ. بالىلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئانا بۇ ھەقتە ئاتا بىلەن ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى:

«بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار! بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار! بالىلىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار!»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ قىسسىسى تۆۋەندىكىچە:

ھەزرىتى بەشىر ئىبنى سەئد ئەلئەنسارىنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن ـ بىر باغ ياكى بىر خىزمەتچىدەك ـ بىر نەرسىنى بالىلىرى ئىچىدىن نوئمانغا بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ھەمدە بۇ بېرىلگەن نەرسىنى گۇۋاھچى ئارقىلىق پۇختا ھوججەتلەپ قويۇش ئۈچۈن بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇۋاھ قىلدۇرماقچى بولغان. ئېرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئايالىم بالىسىغا مالىيمنى بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئۇنىڭ باشقا ئاكا ـ ئۇكا بىر تۇغقانلىرى بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: ”ھەئە“ دەپ جاۋاب بەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يەنە: «ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاشۇ بالىغا بەرگەندەك نەرسىنى ئوخشاش بەردىڭمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا بۇ توغرا ئىش بولماپتۇ، مەن ھەقتىن باشقىغا گۇۋاھچى

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، نەسائى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولمايمەن»[1]. «ناھەق ئىشقا مېنى گۇۋاھچى قىلما، باللىرىڭنىڭ ساڭا تەڭ ياخشىلىق قىلىشى سېنىڭ ھەققىڭ بولغىنىدەك، ئۇلارغا ئادىللىق بىلەن تەڭ مۇئامىلە قىلىشىڭمۇ ئۇلارنىڭ ھەققىدۇر»[2]. «ئاللاھدىن قورقۇڭلار! باللىرىڭلار ئوتتۇرىسىدا ئادىل بولۇڭلار!» دېدى[3].

ئىمام ئەھمەدنىڭ قارىشىچە: باللارنىڭ بىرى كېسەللىك ياكى باشقا بىر سەۋەب بىلەن پۇل ـ مالغا مۇھتاج بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، باشقا باللىرىغا بەرمەي مۇھتاج بالىسىغا ئايرىم بەرسە بولىدۇ[4].

## مىراستا ئاللاھنىڭ چەك ـ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق

مىراس مەسىلىسىدىمۇ يۇقىرىدىكىدەك بولىدۇ. شۇڭا ئاتىنىڭ بەزى باللىرىنى، قىزلىرىنى ياكى ياقتۇرمايدىغان ئايالىنىڭ باللىرىنى مىراستىن مەھرۇم قىلىشى ھارام بولىدۇ.

ھەمدە بىر كىشىنىڭ مىراس ئېلىشقا ھەقلىق بولغان تۇغقىنىنى يالغان ھىلە ئارقىلىق مىراستىن مەھرۇم قىلىشىمۇ ھارام بولىدۇ. چۈنكى شەرىئەت مىراس تۈزۈمى دېگەن: ئاللاھ ئۆز ئىلمى، ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن بەلگىلىۋەتكەن بىر تۈزۈم بولۇپ، ئاللاھ

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] ـ (ئەلمۇغنى) دا مۇنداق دېيىلگەن: "ئايرىم بېرىشنى تەقەززا قىلىدىغان مۇھتاجلىق، كېسەللىك، مېيىپلىق، ئەمالىق، بالىجانلىق بولۇش ياكى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئوقۇشتەك سەۋەبلەرگە ئاساسەن بەزى باللىرىغا ئايرىم بىر نەرسە بەرسە بولىدۇ. شۇنداقلا بەزى باللىرىنىڭ يولدىن چىككەتكەنلىكى، بۇزۇق ئىدىيەگە ئەگىشىپ يامان يولدا ماڭغانلىقى، ياكى بەرگەن پۇلنى يامان ئىشلارغا خەجلەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن بەزى باللىرىغا بەرگەن نەرسىنى بەزى باللىرىغا بەرمەي تۇرىۋالسا، ئىمام ئەھمەد بۇنى جائىز دەپ قارايدۇ". 5 ـ توم، 605 ـ بەت.

تائالا بۇ تۈزۈم ئارقىلىق ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە تولۇق ھەققىنى بەرگەن، ھەمدە بۇ ھەقتە كىشىلەرنى سىزغان چەك ـ چېگرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەسلىككە بۇيرىغان. شۇڭا كىمكى مىراس تەقسىم قىلىشتا بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىسىگە تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مىراس مەسىلىلىرىنى ئۈچ ئايەتتە بايان قىلىپ بىرىنچى ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دېگەن:

﴿آبَاؤُكُمْ وَأَبْنَاؤُكُمْ لَا تَدْرُونَ أَيُّهُمْ أَقْرَبُ لَكُمْ نَفْعًا فَرِيضَةً مِنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا حَكِيمًا﴾

﴿ئاتا ـ ئاناڭلار ۋە بالىلىرىڭلاردىن قايسىسىنىڭ مەنپەئەت جەھەتتىن ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، بۇلار ئاللاھ تەرەپىدىن بېكىتىلگەن بەلگىلىمىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [ نىسا سۈرىسى 11 ـ ئايەت ]

ئىككىنچى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:

﴿غَيْرَ مُضَارٍّ وَصِيَّةً مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَلِيمٌ۞تِلْكَ حُدُودُ اللَّهِ وَمَنْ يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَّاتٍ تَجْرِي مِنْ تَحْتِهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ۞وَمَنْ يَعْصِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَتَعَدَّ حُدُودَهُ يُدْخِلْهُ نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾

﴿مىراس قالدۇرغۇچى ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى ۋارىسلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولىشى كېرەك، ئۇ ئاللاھ تەرەپىدىن قىلىنغان تەۋسىيىدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەلىمدۇر (يەنى

www.munber.org

ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى ئالدىراپ جازالاپ كەتمەيدۇ). ئەنە شۇ ئەھكاملار ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ ئۇتۇقتۇر. كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ [نىسا سۈرىسى 12 ـ 14 ـ ئايەتلەر]

ئۈچىنچى ئايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:

﴿يُبَيِّنُ اللَّهُ لَكُمْ أَنْ تَضِلُّوا وَاللَّهُ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾

﴿ئاداشماسلىقىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە (شەرىئەت ئەھكاملىرىنى) بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾ [نىسا سۈرىسى176 ـ ئايەت]

شۇڭا كىمكى ئاللاھنىڭ مىراستا بەلگىلىگەن قانۇنىغا خىلاپلىق قىلسا ياكى ئۇنىڭغا قارشى چىقسا، ئاللاھ ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن يولدىن ئازغان بولىدۇ. ھەمدە ئاللاھنىڭ چەك ـ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ، بۇنداق قىلغانلار ئاللاھنىڭ بۇ جازاسىنى كۈتۈپ تۇرسا بولىدۇ:

﴿نَارًا خَالِدًا فِيهَا وَلَهُ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾

﴿ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ، ئۇ دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ، خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ [نىسا سۈرىسى14 ـ ئايەت]

www.munber.org

# ئاتا ـ ئانىنى قاخشاتماق چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرى

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قارىتا ياخشىلىق قىلىش، بويسۇنۇش، ھۆرمەتلەش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلىرى باردۇر. مانا بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چاقىرىقى، ۋاپادارلىق ۋە ياخشىلىق قىلغانىنى بىلىش خىسلەتلىرىنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇلار ئانىغا نىسبەتەن تېخىمۇ بەك تەكىتلىنىدۇ، چۈنكى ئانا، قورساق كۆتۈرۈش، ئېمىتىش ۋە بېقىپ تەربىيىلەشتە چەكسىز جاپا ـ مۇشەققەت تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَانًا حَمَلَتْهُ أُمُّهُ كُرْهًا وَوَضَعَتْهُ كُرْهًا وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلَاثُونَ شَهْرًا﴾

﴿بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر﴾ [ئەل ئەھقاق سۈرىسى 15 ـ ئايەت]

بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ”مېنىڭ ياخشى مۇئامىلەمگە ئەڭ ھەقلىق كىشى كىم؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: « ئاناڭ » دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: ”ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟“ دەپ سورىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاناڭ » دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ كىشى: ”ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟“ دەپ سورىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئاناڭ »

www.munber.org

دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى: ”ئۇندىن كېيىنچۇ“ دەپ سورىۋىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاتاڭ» دەپ جاۋاب بەردى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشنى چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ بىرى دەپ، قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەندەكلا ئۇنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا ئىككىنچى چوڭ گۇناھ دەپ كۆرسەتكەن. سەھىھەيندە كەلگەن بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «سىلەرگە چوڭ گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم دېگەندە ساھابىلەر: ”ماقۇل ئى رەسۇلۇللاھ“ دېيىشكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك ۋە ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتماق، ـ ئۇ يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھالىتىدىن دەرھال تىك ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ دىققەت قىلىڭلار! ئۇيدۇرما سۆز ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئۈچ تۈرلۈك ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ: ئاتا ـ ئانىسىنى قاخشاتقۇچى، دەييۇس (شۆۋچى) ۋە ئەرلەردەك بولىۋالغان ئاياللار»[2].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ تائالا بارلىق گۇناھلاردىن خالىغىنىنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرىدۇ، پەقەتلا ئاتا ـ ئانىنى قاخشاتقانىڭ جازاسىنى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ھايات ۋاقتىدا بېرىدۇ»[3].

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام نەسائى، بەززار ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا ياشىنىپ قالغاندا ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىلار ھەققىدە تېخىمۇ بەك تەكىتلەپ تاپىلايدۇ، چۈنكى بۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ تەنلىرى ئاجىزلاپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە ۋە خەۋەر ئېلىشىغا بەكرەك مۇھتاج بولىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِنْدَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُلْ لَهُمَا أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُلْ لَهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا ۞ وَاخْفِضْ لَهُمَا جَنَاحَ الذُّلِّ مِنَ الرَّحْمَةِ وَقُلْ رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيرًا﴾

﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھ دېمىگىن (يەنى مالالىلىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: «ئى پەرۋەردىگارىم، ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دېگىن﴾ [ئىسرا سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر]

بۇ ئايەتلەرنىڭ تەفسىرىدە بۇرۇنقىلىرىمىز مۇنداق دېگەن: ناۋادا ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتماقتا ئۇھ دېيىشتىنمۇ تۆۋەنرەك بىر نەرسە بولغان بولسا، ئەلبەتتە ئاللاھ ئۇنى ھارام قىلغان بولاتتى.

www.munber.org

## ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولۇش چوڭ گۇناھلاردىن

ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشاتماق ئۇياقتا تۇرسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تىللىنىشىغا سەۋەب بولىشىنى ھارام دەپلا قالماي، بەلكى ئۇنى چوڭ گۇناھلار قاتارىدا سانىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئادەمنىڭ، ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىشى چوڭ گۇناھلارنىڭ چوڭراقلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ». بۇنى ئاڭلىغانلار، ئەقلى ـ ھوشى جايىدا مۆمىن بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلىشىنى ھەيران قالارلىق غەلىتە بىر ئىش دەپ قاراپ مۇنداق دەپ سوراشتى: "ئادەم ئاتا ـ ئانىسىغا قانداق لەنەت قىلىدۇ؟" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: «باشقا بىر ئادەمنىڭ دادىسىنى تىللىسا ئۇمۇ ئۇنىڭ دادىسىنى تىللايدۇ، ئانىسىنى تىللىسا ئۇمۇ ئانىسىنى تىللايدۇ»[1].

ئەھۋال بۇنداق بولسا، ئاتا ـ ئانىسىنى يۈزمۇيۈز تىللايدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولماقچى دەيسىز؟

## ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخسەتسىز جىھادقا پىدائىي بولۇشقا بولمايدۇ

ئىسلام دىنىنىڭ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا بەرگەن مەرتىۋىسى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا كېچىدە تۈنەپ، كۈندۈزدە روزا تۇتۇشمۇ تەڭ بولالمايدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىسلام دىنى ئاتا ـ ئانىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشقا شۇنداق چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن تۇرۇقلۇق ئاتا ـ ئانىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن ئوغلىنىڭ جىھادقا قاتنىشىشىنى هارام قىلغان.

ھەزرىتى ئەمرۇ ئىبنۇل ئاسنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە: بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن جىھادقا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ كىشى: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ جىھاد قىلغىن»[1] دېدى. يەنى ئۇلارنى بېقىش، ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشنى جىھاد قىلىش مەيدانىڭ قىلغىن دېمەكچى.

يەنە بىر ھەدىستە كېلىشىچە: بىر كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھدىن ئەجىر تىلەپ، سەن بىلەن بىللە ھىجرەت قىلىپ جىھاد قىلىشقا ساڭا بەيئەت قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئاتا ـ ئاناڭدىن بىرەيلەن ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى: «ھەئە، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھايات» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئاللاھدىن ئەجىر تىلەمسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ كىشى: "ھەئە" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: «ئۇنداق بولسا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا قايتىپ، ئۇلاردىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن» دېدى[2].

يەنە بىر ھەدىستە كېلىشىچە: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «مەن ئاتا ـ ئانامنى يىغلاۋاتقان ھالدا تاشلاپ قويۇپ، سەن بىلەن ھىجرەت قىلىش، ساڭا بەيئەت قىلىش

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۇچۇن كەلدىم» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قايتىپ بېرىپ، بۇرۇن يىغلاتقاندەك ئۇلارنى كۈلدۈرگىن» دېدى[1].

ھەزرىتى ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە: يەمەنلىك بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھىجرەت قىلىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن سورىدى: «يەمەندە نېمەڭ بار؟»، ئۇ كىشى: «ئاتا ـ ئانام» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئۇلار ساڭا رۇخسەت قىلدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كىشى: «ياق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداقتا سەن ئۇلارغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلاردىن رۇخسەت سورىغىن، ئۇلار ساڭا رۇخسەت قىلسا جىھاد قىل، ناۋادا رۇخسەت قىلمىسا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىل» دېدى[2].

## مۇشرىك ئاتا ـ ئانا

ئاتا ـ ئانىلارغا مۇئامىلە قىلىشتا، ئىسلام ئېلىپ كەلگەن گۈزەل قاراشلارنىڭ بىرى بولسا: ئاتا ـ ئانا كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قاخشىتىشنى ھارام قىلىشتۇر. ئۇلارنى قاخشىتىش شۇ دەرىجىدە چەكلەنگەنكى، ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، شېرىك كەلتۈرۈشكە تەشۋىق قىلىپ، مۇسۇلمان ئوغلىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىشقا تىرىشقان تەقدىردىمۇ ئۇلارنى قاخشىتىشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿أَنْ اشْكُرْ لِي وَلِوَالِدَيْكَ إِلَيَّ الْمَصِيرُ۞وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلى أَنْ تُشْرِكَ بِي مَا لَيْسَ لَكَ بِهِ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفًا وَاتَّبِعْ سَبِيلَ مَنْ أَنَابَ إِلَيَّ ثُمَّ إِلَيَّ مَرْجِعُكُمْ فَأُنَبِّئُكُمْ بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾

﴿ماڭا ۋە ئاتا ـ ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى باشقا بىر نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن، (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا ئىتائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾ [لوقمان سۈرىسى14 ـ 15 ـ ئايەتلەر]

بۇ ئىككى ئايەتتە مۇسۇلمان كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈشكە، دىنسىزلىققا بۇيرۇشلىرىغا بويسۇنماسلىققا بۇيرۇلغان، چۈنكى ياراتقۇچىغا ئاسىيلىق بولىدىغان ئىشلاردا ھېچقانداق بىر مەخلۇققا بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش يوقتۇر. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ چوڭراق ئاسىيلىق بارمۇ؟ لېكىن شۇنداق بولسىمۇ مۇسۇلمان كىشى ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ ئۆتۈشكە بۇيرۇلغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئوغلىنىڭ ئىمانىغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قارىتا يامان مۇئامىلە قىلماسلىققا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى مەسىلىنى، بالا ئاتىسىغا، ئاتا بالىسىغا ياردەم قىلالمايدىغان بىر كۈندە يەنى قىيامەت كۈنىدە ھاكىملارنىڭ ھاكىمى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈم قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

مانا بۇ ئىسلامدىن باشقا ھېچقانداق بىر دىندا تېپىلمايدىغان ئۈچچىغا چىققان كەڭ قورساقلىقتۇر.

www.munber.org

# تۆتىنچى باب

## مۇسۇلماننىڭ ئومۇمىي ھاياتىدىكى ھالال ــ ھارام

- ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردە.
- مۇئامىلىلەردە.
- كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىشتا.
- ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە.
- غەيرىي مۇسۇلمان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە.

www.munber.org

## بىرىنچى

### ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردە

ساغلام ئەقىدە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ، تەۋھىد (يەنى ئاللاھنى يەككە ـ يىگانە دەپ قاراش) بولسا، بۇ ئەقىدىنىڭ جەۋھىرى ۋە پۈتۈن ئىسلامنىڭ روھى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى، بارلىق قانۇن ۋە كۆرسەتمىلىرىدە بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ساپ تەۋھىد ۋە مۇشۇ ساغلام ئەقىدىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ، بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمان جەمئىيەتنى شېرىكنىڭ ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قالدۇقلىرىدىن تازىلاش ئۈچۈن ئازغۇن بۇتپەرەسلىك ئېقىمى تارقاتقان جاھىلىيەت ئېتىقادلىرىغا ئۇرۇش ئېلان قىلىش ۋازكەچكىلى بولمايدىغان بىر ئىشتۇر.

### ئاللاھنىڭ كائىناتلاردىكى قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش

ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلار كۆڭلىگە ئورنىتىدىغان دەسلەپكى ئەقىدىلىرىنىڭ بىرى بولسا: ئىنسان ياشاۋاتقان زېمىن بىلەن ئاسمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ چوڭ ئالەمنىڭ ئۆزلىكىدىن مېڭىپ قالمايدىغانلىقى، ھەمدە ھېچقانداق بىر مەخلۇقنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى بىلەنمۇ ماڭمايدىغانلىقىدۇر، چۈنكى مەخلۇقلارنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى قارىغۇ ۋە ئازغۇن بولغاننىڭ ئۈستىگە بىر ـ بىرىگە زىت ۋە قارىمۇ قارشىدۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

﴿وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَنْ فِيهِنَّ﴾

﴿ئەگەر ھەق قۇرئان ئۇلارنىڭ نەپسى ـ خاھىشىغا بويسۇنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار خاراب بولغان بولاتتى﴾ [مۇئمىنۇن سۈرىسى 71 ـ ئايەت]

لېكىن بۇ ئالەم، ئۆزگەرمەس ۋە ئالماشماس قانۇنىيەتلەر بىلەن باغلانغاندۇر، ئاللاھ تائالا بۇنى بىرقانچە ئايەتلەردە ئىپادە قىلغان:

﴿فَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَبْدِيلًا وَلَنْ تَجِدَ لِسُنَّتِ اللَّهِ تَحْوِيلًا﴾

﴿ئاللاھنىڭ يولىدا ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئالماشتۇرۇشنى كۆرمەيسەن، ئاللاھ يولىدا ھەرگىز ئۆزگەرتىشنىمۇ كۆرمەيسەن﴾ [فاتىر سۈرىسى 43 ـ ئايەت]

مۇسۇلمانلار پەرۋەردىگارىنىڭ كىتابىدىن، پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىن بۇ ئالەمشۇمۇل قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى، ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ باغلانغان سەۋەبلىرى ئارقىلىق تەلەپ قىلىشنى، بەزى دىن تىجارەتچىلىرى ۋە داخان ـ جىنكەشلەردەك ئازغۇن كىشىلەر ئىشلىتىدىغان (مەخپىي سەۋەبلەر) ئاتالغۇلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئۆگەنگەن.

## خۇراپات ۋە بۇزۇق ئېتىقادلارغا جەڭ ئېلان قىلىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگەن چاغدا جەمئىيەتتە پالچى ۋە رەممال نامى بىلەن تونۇلغان، جىنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆتمۈش

www.munber.org

بىلەن كىلەچەكنى بىلەلەيدىغانلىقنى داۋا قىلىدىغان بىر گورۇپ يالغانچى ساختىپەزلەرنى ئۆچۈراتتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچقانداق ئىلمىي ئاساس، ياكى بىر ھىدايەت ياكى بىر كىتابتىن ئاساسى بولمىغان بۇنداق ئالدامچىلىققا ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

ئۇلارغا ئاللاھ ۋەھيي قىلغان بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەردى:

﴿قُلْ لَا يَعْلَمُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ الْغَيْبَ إِلَّا اللَّهُ﴾

﴿ئاللاھدىن ئۆزگە ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكىلەر غەيبنى بىلمەيدۇ﴾ [نەمل سۈرىسى 65 ـ ئايەت]

دېمەك: پەرىشتىلەر ياكى جىنلار ياكى ئىنسانلار ھېچقايسىسى غەيبنى بىلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەپ ئېلان قىلدى:

﴿وَلَوْ كُنتُ أَعْلَمُ الْغَيْبَ لَاسْتَكْثَرْتُ مِنْ الْخَيْرِ وَمَا مَسَّنِي السُّوءِ إِنْ أَنَا إِلَّا نَذِيرٌ وَبَشِيرٌ لِقَوْمٍ يُؤْمِنُونَ﴾

﴿ئەگەر مەن غەيبنى بىلىدىغان بولسام نۇرغۇن مەنپەئەت ھاسىل قىلغان بولاتتىم، لېكىن مەن غەيبنى بىلمەيمەن، شۇڭا ماڭا تەقدىر قىلىنغان ياخشى ـ يامانلىق يېتىپ تۇرىدۇ. مەن پەقەت ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە خوش خەۋەر بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن﴾ [ئەئراف سۈرىسى 188 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ جىنلىرى ھەققىدە مۇنداق دېدى:

www.munber.org

﴿أَنْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ الْغَيْبَ مَا لَبِثُوا فِي الْعَذَابِ الْمُهِينِ﴾

﴿ئەگەر ئۇلار غەيبنى بىلىدىغان بولسا ئىدى، خار قىلغۇچى ئازابتا (يەنى شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئېغىر ئەمگەكتە) قالمىغان بولاتتى﴾ [سەبەئ سۈرىسى 14 ـ ئايەت]

شۇڭا قانداق بىر ئادەم ھەقىقىي غەيبنى بىلىمەن دەپ داۋا قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا، ھەقىقەتكە ۋە ئىنسانلارغا يالغان ئېيتقان بولىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەزى ئەلچىلەر كەلدى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى غەيبنى بىلىمەن دەپ داۋا قىلىدىغانلاردىن بىرى دەپ ئويلاپ قىلىپ، قوللىرىدا بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ تۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "قولىمىزدا نېمە بارلىقىنى ئېيتىپ بەر" دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېنىق ۋە ئاشكارا ھالدا گەپنىڭ راستىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

﴿مەن پالچى ـ رەممال ئەمەسمەن. پالچى، پالچىلىق ھۈنىرى ۋە پالچىلار چوقۇم جەھەننەمدىدۇر﴾

## پالچىلارغا ئىشىنىش كۇپۇرلۇقتۇر

ئىسلام ئىيلان قىلغان ئۇرۇش پالچىلار ۋە ئالدامچىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن سۇئال سوراپ، ئۇلارنىڭ يالغان ـ ياپىداق ئازغۇن جاۋابلىرىغا ئىشىنىدىغانلارنىمۇ گۇناھتا ئۇلارغا شېرىك بولىدۇ دەپ قارىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿كىمكى

www.munber.org

پـالچىنىڭ قىشـىغا بىرىپ، ئۇنىڭدىن بىرنەرسە سورىسا، بەرگەن جاۋابىغا ئىشەنسە، قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ﴾[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿كىمكى بىر پالچىنىڭ دېگەن سۆزىگە ئىشەنسە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا تانغان بولىدۇ﴾[2].

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئاندا پۈتۈن غەيبنى يالغۇز ئاللاھ بىلىدۇ، مۇھەممەد غەيبنى بىلمەيدۇ، باشقىلار تېخىمۇ بىلمەيدۇ دەپ مۇنداق كۆرستىلگەن:

﴿قُلْ لَا أَقُولُ لَكُمْ عِندِي خَزَائِنُ اللَّهِ وَلَا أَعْلَمُ الْغَيْبَ وَلَا أَقُولُ لَكُمْ إِنِّي مَلَكٌ إِنْ أَتَّبِعُ إِلَّا مَا يُوحَى إِلَيَّ﴾

﴿ئېيتقىنكى: «مەن سىلەرگە، مەندە ئاللاھنىڭ خەزىنىلىرى بار دېمەيمەن، مەن غەيبنىمۇ بىلمەيمەن، سىلەرگە، مەن بولسام ھەقىقەتەن بىر پەرىشتە دەپمۇ ئېيتمايمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن﴾ [ئەنئام سۈرىسى 50 ـ ئايەت]

ئەگەر مۇسۇلمان كىشى قۇرئاندىكى بۇ ئېنىق ۋە ئوچۇق ئايەتلەرنى چۈشۈنۈپ تۇرۇپ، بەزى كىشىلەرنى تەقدىر پەردىسىنى قايرىپ، غەيبنىڭ سىرلىرىنى بىلەلەيدۇ دەپ ئىشەنسە، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان كىتابىغا تېنىپ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ.

---

(1) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بەززار كۈچلۈك سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# پال سېلىش

يۇقىرىدىكى سەۋەبلەرگە ئاساسەن ئىسلام دىنى پال سېلىشنى ھارام قىلغان.

بۇرۇن ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۈچ دانە ئوق بىلەن پال سېلىشاتتى. ئۈچ ئوقنىڭ بىرىگە: (خۇدايىم بۇيرىدى) يەنە بىرىگە: (خۇدايىم توستى) دەپ يېزىلىپ، ئۈچىنچىسىگە بىرنەرسە يېزىلمايتتى. ناۋادا ئۇلار يولغا چىقماقچى ياكى توي قىلماقچى ياكى شۇنداق بىر ئىش قىلماقچى بولسا، بۇتخانىغا بېرىپ ئوق تاللاش ئارقىلىق پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى بىلمەكچى بولىشاتتى. ناۋادا بۇيرىدى دېگەن ئوق چىقىپ قالسا، شۇ ئىشنى قىلىشاتتى. بۇيرىمىدى دېگەن ئوق چىقسا، ئۇ ئىشنى قىلماي جىم تۇرۇۋېلىشاتتى. قۇرۇق ئوق چىقسا، تاكى بۇيرىدى ياكى بۇيرىمىدى دېگەن ئوق چىققىچە ئارقا ـ ئارقىدىن پال سېلىۋېرىشەتتى.

بۇ، بۈگۈنكى كۈنلەردىكى: قۇم بىلەن، قەرت بىلەن، پىيالە ئوقۇش ئارقىلىق، قول كۆرۈش ئارقىلىق، تۇما بىلەن، كىتاب ئېچىش بىلەن پال سېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشايدۇ. بۇ تۈردىكى ھەرقانداق ئىش ئىسلام چەكلىگەن ھارام ئىشتۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەرنى بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَأَنْ تَسْتَقْسِمُوا بِالْأَزْلَامِ ذَلِكُمْ فِسْقٌ﴾

﴿ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە پال ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۈچ پارچە ئوق) بىلەن پال سېلىشىڭلار ھارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 3 ـ ئايەت]

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ﴿غەيبتىن گەپ قىلغان ياكى پال سالغان، ياكى سەپەرگە چىقىپ بولۇپ شۇملۇق ھېس قىلىپ قايتىپ كەتكەن ئادەم يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[1].

## سېھىر

ئىسلام يەنە سېھىر ۋە سېھىرگەرلەرگىمۇ قارشى تۇرغان. قۇرئان كەرىم سېھىر ئۆگىنىدىغانلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ﴾

﴿ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى﴾ [بەقەرە سۈرىسى 102 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرنى، شەخسلەرنىلا ئەمەس بەلكى مىللەتلەرنىمۇ ھالاك قىلىدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئازابى كېلىپ بولغىچە، بۇ دۇنيانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان، ھالاك قىلغۇچى چوڭ گۇناھلار قاتارىدا ساناپ مۇنداق دېگەن: ﴿ھالاك قىلغۇچى يەتتە چوڭ گۇناھدىن ساقلىنىڭلار!﴾ ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئۇلار قايسىلار؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر، ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان ئىنساننى ناھەق ئۆلتۈرمەك، جازانە ـ ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يەۋالماق، جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كېتىش ۋە

---

[1] ـ ئىمام نەسائى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىگۇناھ، پاك، مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش قاتارلىقلاردۇر» دەپ جاۋاب بەردى[1].

بەزى ئىسلام فەقىھلىرى سېھىرنى: كۇپرولۇق ياكى كۇپرولۇققا ئېلىپ بارىدىغان گۇناھ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر: جەمئىيەتنى زىيانكەشلىكتىن تازىلاش ئۈچۈن سېھىرگەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك دەپ قارىدى.

قۇرئان كەرىم بىزگە سېھىرگەرلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قانداق ساقلىنىشنى ئۆگەتتى:

﴿وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ﴾

﴿تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن سۈبهىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن" دېگىن﴾ [فەلەق سۈرىسى 4 - ئايەت]

تۈگۈنچىلەرگە دەم سېلىش سېھىرگەرلەرنىڭ ئىشىدۇر. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿كىمكى تۈگۈنچىگە دەم سالسا سېھىر قىلغان بولىدۇ، كىمكى سېھىر قىلسا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ﴾[2].

ئىسلام دىنى غەيبنىڭ سىرلىرىنى ۋە كەلگۈسىنى بىلىش ئۈچۈن پالچىلارغا بېرىشنى ھارام قىلغاندەكلا، مۇبتىلا بولغان بىر كېسەل ياكى بېشىغا كەلگەن بىر قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سېھىر ئىشلىتىش ۋە سېھىرگەرلەرگە بېرىشنىمۇ ھارام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق قىلمىشلارغا پۈتۈنلەي ئادا - جۇدالىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

---

[1] - ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] - ئىمام تابارانى ئىككى يول بىلەن رىۋايەت قىلغان، بىر يولىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.

www.munber.org

﴿بىر نەرسىدىن شۇملۇق ھېس قىلغان ۋە ھېس قىلدۇرغان، پال ئاچقان ياكى پال ئاچتۇرغان، سېھىر قىلغان ياكى سېھىر قىلدۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس﴾[1].

ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كىمكى پالچى ياكى سېھىرگەر ياكى داخانغا بېرىپ بىر نەرسە سوراپ، ئۇلار دېگەن سۆزگە ئىشەنسە، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشۈرۈلگەن قۇرئانغا تانغان بولىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ھاراقكەش جەننەتكە كىرمەيدۇ، سېھىرگە ئىشەنگۈچىمۇ كىرمەيدۇ، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈۋەتكەن ئادەممۇ كىرمەيدۇ﴾[3].

دېمەك: ھاراملىق ھۆكمى بۇ يەردە سېھىرگەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سېھىرىگە ئىشەنگەن، ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ۋە سۆزلىرىگە ئىشەنگەن ھەممە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر سېھىر، باشقىلارغا جىسمانىي زىيانكەشلىك قىلىش ياكى ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىنى ئايرىۋېتىش ۋە سوۋۇتقۇ قىلىش قاتارلىق چەكلەنگەن يامان غەرەزلەرگە ئىشلىتىلسە، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھاراملىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

---

(1) ـ ئىمام بەززار ياخشى سەنەد بىلەن ھەزرىتى ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان، ئىمام تابارانىمۇ ياخشى سەنەد بىلەن ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## تۇمار ئېسىش

كىشىلەرگە شىپا بولىدۇ ياكى كىشىلەرنى ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن كۆز ـ تۇمار قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېسىۋېلىشمۇ ھارامدۇر. بىز يىگىرمىنچى ئەسىردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، بويانلىرىغا، ئىشىك ـ دەرۋازىلىرىغا ھەرخىل نەرسىلەرنى ئېسىۋالىدىغانلار يەنىلا مەۋجۇت. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بەزى ئازدۇرغۇچىلار ئاۋام خەلقنىڭ سادىلىقى ۋە ئاڭسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئىچىگە مەنىسىز جۈملە ۋە تىلسىماتلار يېزىلغان تۇمارلارنى ئۇلارغا تەييارلاپ بېرىپ بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆتۈرۈپ ماڭغان كىشىلەرنى جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ياكى كۆز تېگىش، ھەسەت قاتارلىق نەرسىلەردىن ساقلايدىغانلىقىنى داۋا قىلىپ كەلمەكتە.

بۇنداق ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ۋە بۇلاردىن داۋالىنىشنىڭ ئىسلام كۆرسەتكەن يوللىرى بار بولۇپ، بۇ يوللارنى تاشلاپ قويۇپ ئازدۇرغۇچى جىنكەشلەرنىڭ يولىغا ماڭغانلارنى ئىسلام قاتتىق ئەيىبلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدى: «داۋالىنىڭلار! چۈنكى كىسەلنى ياراتقان ئاللاھ، دورىنىمۇ ياراتقان»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر دورىلىرىڭلاردا پايدا بولسا، مۇشۇ ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ: ھەسەل ئىچىش، قان ئېلىش ۋە ئوت بىلەن كۆيدۈرۈش»[2].

ھەدىستە بايان قىلىنغان بۇ ئۈچ خىل داۋالاش ئۇسۇلى مەزمۇن جەھەتتىن ھازىرقى دەۋرىمىزدە قوللىنىلىۋاتقان: ئېغىز

(1)ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
(2)ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئارقىلىق دورا ئىچىش، ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش ۋە دەزمال ياكى توك ئارقىلىق داۋالاش قاتارلىق داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما تۇمار ياكى پۈتۈك ئېسىۋېلىش، ياكى داۋالاش ۋە كېسەلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىرلىق بىرنىمىلەر بىلەن ئەپسۇن ئوقۇش بولسا، ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا زىت كېلىدىغان، تەۋھىد ئېتىقادىغا خىلاپ بولغان جاھالەتتۇر.

ھەزرىتى ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىشىچە: ئۇ ئۆز قەبىلىسى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئون كىشىلىك بىر گورۇپ بولۇپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ توققۇزىدىن بەيئەت قوبۇل قىلىپ، بىرسىدىن بەيئەت قوبۇل قىلمىغان. ئۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا: «ئۇنىڭ قولىدا تۇمار بار» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ كىشى قولىدىكى تۇمارنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭدىن بەيئەت قوبۇل قىلغان، ھەمدە: «كىمكى تۇمار ئاسىدىكەن شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەن[1].

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

«كىمكى تۇمار ئېسىۋالسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىشىنى پۈتتۈرمىگەي!»[2].

ھەزرىتى ئىمران ئىبنى ھۇساين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ قولىدا بىر تۇمارنى كۆرۈپ ئاچچىقلاپ ئۇنىڭدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: «ئاجىزلىقتىن ساقلايدىغان نەرسە» دەپ جاۋاب بەردى.

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد بىلەن ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ئىمام ئەھمەد رىۋايىتىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ھاكىممۇ رىۋايەت قىلىپ (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بۇ نەرسىنىڭ تېخىمۇ بەكراق ئاجىزلاشتۇرۇشتىن باشقا پايدىسى يوق، ئۇنى چۆرىۋەتكىن! چۈنكى سەن ئۇنى ئاسقان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسەڭ، مەڭگۈ نىجاتلىق تاپالمايسەن»[1].

بۇ كۆرسەتمىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇلار بۇنداق نەرسىلەردىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھەم ئۇنى قوبۇل قىلمىغان.

ئىسا ئىبنى ئابدۇرراھمان مۇنداق دېگەن: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇكەيمنىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭغا: «تۇمار ئېسىۋالماسسەن؟» دېسەم، ئۇ: «ئۇنداق قىلىشتىن ئاللاھ ساقلىسۇن!» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ: "ئۇنداق قىلغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر نەرسە ئېسىۋالسا، ئۇ كىشى شۇ نەرسىگە تاشلاپ بېرىلىدۇ» دېگەن[2].

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ ئايالىنىڭ بويىنىدا تۈگۈلگەن بىر نەرسىنى كۆرۈپتۇ - دە ئۇنى ئېلىپ يىرتىۋېتىپتۇ، ھەمدە ئايالىغا مۇنداق دەپتۇ: «ئابدۇللاھ جەمەتى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە مۇھتاج ئەمەس، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئەپسۇن ئوقۇش، تۇمار ئېسىش ۋە ئىسسىتقۇ قاتارلىقلار شېرىكتۇر» ئۇلار: «ئى ئابدۇللاھ! ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن تۇمار ئېسىشنىڭ چۈشەندۇق، ئىسسىتقۇ دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئۇلارغا: «ئىسسىتقۇ دېگەن: ئاياللار ئەرلىرىنى

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھدە رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۆزلىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن قىلىدىغان نەرسە» دېگەن[1]. دېمەك ئۇ سېھىرنىڭ بىر تۈرىدۇر.

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «كېسەلگە ئوقۇلىدىغان نەرسە مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان باشقا بىر تىلدا بولسا، بۇنىڭغا سېھىر ياكى كۇپۇر سۆزلىرى ئارىلىشىپ قالغان بولىشى مۇمكىن، شۇڭا كېسەلگە ئوقۇلىدىغان دۇئانىڭ بۇ خىلدىكىسى چەكلەنگەن. ئەمما مەنىسى چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھنى ياد ئېتىش بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ داۋالاش ياكى دورا بولماستىن، دۇئا ۋە ئاللاھدىن تىلەش بولىدۇ. بۇنداق نەرسىنى ئوقۇش ياخشىدۇر. جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەرنىڭ ئەپسۇنلىرى يا سېھىر يا شېرىك يا مەنىسى چۈشىنىلمەيدىغان تىلسىماتلىق نەرسىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئايالىنى بۇنداق جاھىلىيەت دەمدەلىرىنى قىلىش، ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇشتىن توسقاندا، ئايالى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «مەن بىر كۈنى سىرتقا چىقسام پالانى ماڭا قارىغانتى، ماڭا ئۇنىڭ كۆزى تېگىپ كۆزۈمدىن ياش ئاقىدىغان بولۇپ قالدى، ئەپسۇن ئوقۇپ سۇف دېسەم يېشى توختايدۇ، ئوقۇمىسام ياش ئاقىدۇ». بۇنى ئاڭلاپ ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «ئۇ شەيتاندۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنساڭ قويۇپ بېرىدۇ، بويسۇنمىساڭ بارمىقى بىلەن كۆزۈڭگە ئۇرىدۇ. لېكىن سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك قىلساڭ ساڭا ياخشى، ھەم ساقىيىشىڭغا پايدىلىق، كۆزۈڭنى سۇ بىلەن چايقاپ مۇنداق دەيسەن: «ئى بارلىق ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى! كېسەلنى كەتكۈزگىن، شىپالىق بەرگىن، پەقەت سەنلا

[1] ـ ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان، ھاكىم قىسقىچە رىۋايەت قىلىپ: "سەنەدى سەھىھ" دېگەن.

www.munber.org

شىپالىق بەرگۈچىسەن، سەندىن باشقا ھېچ كىمدە شىپالىق يوقتۇر، ئۇزۇل ـ كېسىل شىپالىق بەرگىن»[1].

## شۇملۇق ھېس قىلىش

بۇرۇنقىلاردىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بازىرى چىقىپ كېلىۋاتقان خاتا ئېتىقادلارنىڭ بىرى بولسا: مەلۇم بىر ئورۇن، بىر شەخس ياكى مەلۇم بىر زاماندىن شۇملۇق ھېس قىلىش ئېتىقادىدۇر، قەدىمكى زاماندا سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى مۇنداق دېگەن:

﴿قَالُوا اطَّيَّرْنَا بِكَ وَبِمَنْ مَعَكَ﴾

﴿بىزگە كەلگەن قەھەتچىلىك سېنىڭ ۋە سەن بىلەن بولغان كىشىلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى﴾ [نەمل سۈرىسى 47 ـ ئايەت]

پىرئەۋن[2] ۋە ئۇنىڭ قەۋمىمۇ بىر ئاپەتكە دۇچ كەلسە:

﴿يَطَّيَّرُوا بِمُوسَى وَمَنْ مَعَهُ﴾

﴿بۇ، مۇسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنىڭ شۇملۇقىدىن كەلدى. دېيىشەتتى﴾ [ئەئراف سۈرىسى 131 ـ ئايەت]

كۆپلىگەن ئازغۇن كاپىرلار ئاللاھنىڭ بالاسىغا دۇچار بولغان چاغلاردا ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق دېيىشەتتى:

﴿إِنَّا تَطَيَّرْنَا بِكُمْ﴾

[1] ـ ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم يېغىنچاق رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ **پىرئەۋن:** قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ شاھلىق ئۇنۋانى، بۇ يەردە مۇسا ئەلەيھىسسالام زامانىدىكى پىرئەۋن كۆزدە تۇتۇلىدۇ ـ ت.

www.munber.org

﴿بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق﴾ [ياسىن سۈرىسى18 ـ ئايەت]

پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

﴿طائرُكُمْ مَعَكُمْ﴾

﴿شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە﴾ [ياسىن سۈرىسى 19 ـ ئايەت]

يەنى شۇملۇق ھېس قىلىشىڭلارنىڭ سەۋەبى ئۆزۈڭلەردە، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھقا تېنىپ كەجلىك قىلغىنىڭلار، ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىڭلاردۇر.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ بۇ ھەقتە ھەرتۈرلۈك ئادەتلىرى، خىلمۇخىل ئېتىقادلىرى بار ئىدى. ئىسلام كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىنى بىكار قىلىۋەتتى، ئۇلارنى ئەقلىنىڭ توغرا يولىغا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇملۇق ھېس قىلىشنى، پال ئېچىش ۋە سېھىر قىلىش بىلەن بىر دەرىجىدە دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن: «بىر نەرسىدىن شۇملۇق ھېس قىلغان ۋە شۇملۇق ھېس قىلدۇرغان، پال ئاچقان ۋە پال ئاچتۇرغان، سېھىر قىلغان ۋە سېھىر قىلدۇرغان كىشى بىزدىن ئەمەس»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «پال سېلىش، شۇملۇق ھېس قىلىش ۋە رەمماللىق ئاللاھ دىن باشقىغا چوقۇنغانلىققا كىرىدۇ»[2].

[1] ـ ئىمام تابارانى ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بۇنداق شۇملۇق ھېس قىلىش بولسا، توغرا ئەمەلىيەت ياكى ئىلمىي ئاساسقا تايانمايدۇ، ئۇ پەقەت ۋەھىمىگە ئىشىنىپ، ئاجىزلىقنىڭ ئارقىدىن مېڭىشتۇر خالاس. ئۇنداق بولمىسا ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا بىر كىشىنىڭ مەلۇم بىر شەخس، مەلۇم بىر ئورۇن ياكى مەلۇم بىر كۈندىن شۇملۇق ھېس قىلىشىنىڭ، ياكى بىر قۇشنىڭ ئاۋازى، ياكى بىر نەرسىنىڭ قارىشى ياكى مەلۇم بىر سۆزنى ئاڭلىشىدىن بىئارام بولۇشىنىڭ باشقا نېمە مەنىسى بولسۇن؟.

ئەگەر ئىنسان تەبىئىتىدە بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەلۇم نەرسىلەردىن شۇملۇق ھېس قىلدۇرىدىغان ئاجىزلىق بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق ئاجىزلىققا تەسلىم بولماسلىقى كېرەك. بولۇپمۇ، ئىجرا قىلىش باسقۇچىغا يەتكەندە بۇنداق ئاجىزلىققا قەتئىي بويسۇنماسلىقى كېرەك.

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس بار:

﴿ئۈچ نەرسىدىن ھېچكىم خالىي بولالمايدۇ: گۇمان، شۇملۇق ھېس قىلىش ۋە ھەسەت. شۇڭا ئەگەر گۇمان قىلساڭ گۇمانىڭ بىلەن ئىش قىلما، بىر نەرسىدىن شۇملۇق ھېس قىلساڭ ئارقىڭغا قايتما، كۆڭلۈڭگە ھەسەت تۇيغۇسى كەلسە ئۇنىڭغا ئەگەشمە﴾[1].

دېمەك: بۇ ئۈچ نەرسە ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەتكە تەسىرى بولمىغان كۆڭۈلدىكى ئوي ـ پىكىردىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىۋەتكەن. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئېيتىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۇملۇق ھېس قىلىش شېرىكتۇر، شۇملۇق ھېس قىلىش شېرىكتۇر، شۇملۇق ھېس قىلىش شېرىكتۇر» ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق

[1] ـ ئىمام تابارانى ئاجىز سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دېدى: «ھېچ بىرىمىز بۇنداق ئوي ـ تۇيغۇلاردىن خالىي ئەمەسمىز، لېكىن تەۋەككۇل قىلىش بىلەن ئاللاھ بۇنداق ئويلاردىن خالاس قىلىدۇ»[1].

ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى: بۇنداق ئوي پىكىرلەر ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىگە كەلمەي قالمايدۇ، لېكىن بۇنداق ئويلارنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن ئاللاھ چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق ئويلار يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

## جاھىلىيەت دەۋرى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىش

ئىسلام دىنى، ئەقىلگە ۋە ئەخلاققا خەتىرى چوڭ بولغانلىق جەھەتتىن جاھىلىيەتنىڭ خۇراپات ۋە بۇزۇق ئېتىقادلىرىغا قانداق ئۇرۇش ئېلان قىلغان بولسا، جاھىلىيەتنىڭ قەبىلىۋازلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە ئىرقىي تەئەسسۇپلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگىمۇ شۇنداق جەڭ ئېلان قىلغان.

## ئىسلامدا تەئەسسۇپلۇق قىلىش يوق

ئىسلام، جاھىلىيەت دەۋرى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە قارشى ئۇرۇش كۆرىشىدە دەسلەپ قىلىپ ھەر تۈرلۈك تەئەسسۇپلۇقنى يەر ئاستىغا كۆمۈۋەتتى. مۇسۇلمانلارغا ھەرقانداق تەئەسسۇپلۇققا مايىل بولۇشنى ۋە ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلىشنى ھارام قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلغانلاردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ مۇنداق

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دەپ ئېلان قىلدى: «تەئەسسۇپلۇقتا چاقىرغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، تەئەسسۇپلۇقتا ئۇرۇشقان ئادەم بىزدىن ئەمەس، تەئەسسۇپلۇقتا ئۆلگەن ئادەممۇ بىزدىن ئەمەس»[1].

دېمەك: بىر ئىرقنىڭ يەنە بىر ئىرققا، بىر رەڭنىڭ يەنە بىر رەڭگە، ياكى بىر پارچە زېمىننىڭ باشقا زېمىنلارغا ئۈستۈنلىكى يوق. شۇڭا مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر رەڭگە قارشى يەنە بىر رەڭگە، بىر قەبىلىگە قارشى يەنە بىر قەبىلىگە، بىر يۇرتقا قارشى يەنە بىر يۇرتقا تەئەسسۇپلۇق قىلىشى توغرا ئەمەس.

ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ باشقا سەۋەبتىن ئەمەس پەقەت ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر جەمەت ۋە مىللەتكە مەنسۇپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا ناھەق ئىشلاردا ياكى باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشتا ئۆز مىللىتى ۋە جەمەتىگە يان بېسىشى توغرا ئەمەس. ئۆز جەمەتى ۋە مىللىتىگە پەقەت ھەق ۋە توغرا ئىشلاردىلا ياردەم قىلسا بولىدۇ.

ھەزرىتى ۋاسىلە ئىبنى ئەسقائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «تەئەسسۇپلۇق دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۆز جەمەتىڭ ۋە مىللىتىڭنىڭ باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشىغا ياردەم قىلىشىڭدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْطِ شُهَدَاءَ لِلَّهِ وَلَوْ عَلَى أَنفُسِكُمْ أَوْ الْوَالِدَيْنِ وَالْأَقْرَبِينَ﴾

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئـى مۆمىنلـەر! خۇدالىق ئۈچـۈن گـۇۋاھلىق بېرىشـتە، ئـۆزۈڭلارنىڭ يـاكى ئاتـا ـ ئانـاڭلارنىڭ يـاكى تۇغقـانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار﴾ [نىسا سۈرىسى135 ـ ئايەت]

﴿وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَآنُ قَوْمٍ عَلَى أَلَّا تَعْدِلُوا﴾

﴿بـىـر قەۋمگـە بولغـان ئۆچمەنلىكىڭلار ئـادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن﴾ [مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاھىلىيەت دەۋرىدە كەڭ تارقالغان «زالىم بولسۇن ياكى مەزلۇم بولسۇن قېرىندىشىڭنى يۆلىگىن» دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە ئىمان ئورۇنلاشقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا باشقا مەنىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى ئېيتقاندا ساھابىلەر ھەيران قېلىشقان. ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! زۇلۇمغا ئۇچرىغاندىغۇ يۆلەرمىز، زۇلۇم قىلغاندىمۇ يۆلەمدۇق؟» دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنى زۇلۇم قىلىشتىن توسۇپ قالساڭ، ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەكتە بولغىنىڭ شۇ» دەپ جاۋاب بەردى[1].

بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋالايمىزكى، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۇرتۋازلىق ۋە ئىرقىي تەئەسسۇپلۇققا قىلىنغان ھەرقانداق چاقىرىق، جاھىلىيەت چاقىرىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇنىڭ ئىسلامغا، پەيغەمبەرگە ۋە قۇرئانغا ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

چۈنكى ئىسلام ئۆز ئەقىدىسىدىن غەيرىيگە ساداقەتمەنلىك ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئىسلام قېرىنداشلىقىدىن باشقا رىشتىنى قوبۇل

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلمايدۇ، ھەمدە ئىيمان بىلەن كۆپۈردىن باشقا كىشلەر ئارىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان پاسىللارنىمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ. مۇسۇلماننىڭ خوشنىسى بولامدۇ ياكى ئۆز مىللىتى بولامدۇ ياكى بىر ئانا بىر ئاتىدىن بولغان بىر تۇغقىنى بولامدۇ، ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان كاپىرلا بولىدىكەن، ئۇ بەربىر مۇسۇلماننىڭ دۈشمىنىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءهُمْ أَوْ أَبْنَاءهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى ـ ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ـ دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن﴾ [مۇجادەلە سۈرىسى 22 ـ ئايەت]

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا آبَاءكُمْ وَإِخْوَانَكُمْ أَوْلِيَاء إِنْ اسْتَحَبُّوا الْكُفْرَ عَلَى الْإِيمَانِ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇپۇرنى ئەۋزەل كۆرسە، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار﴾ [تەۋبە سۈرىسى 23 ـ ئايەت]

www.munber.org

## نەسەب ۋە رەڭ ھېسابقا ئېلىنمايدۇ

ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىشىچە: ھەزرىتى ئەبۇ زەر بىلەن ھەزرىتى بىلال پىشقەدەم مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ، بىر كۈنى ئۇلار بىر - بىرىدىن خاپا بولۇشۇپ تىللىشىپ قالغان، ھەزرىتى ئەبۇ زەر ئاچچىقىدا ھەزرىتى بىلالغا: «قارىۋاينىڭ بالىسى» دېگەندە، ھەزرىتى بىلال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ھەزرىتى ئەبۇ زەرگە مۇنداق دېگەن: «ئۇنى ئانىسى بىلەن تىللىدىڭمۇ؟ سەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرى بار ئادەمىكەنسەن»[1].

ھەزرىتى ئەبۇ زەرنىڭ دېيىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئوبدان قاراپ باق! سەن تەقۋادارلىق بىلەن ئۈستۈن بولمىغىنىڭدا، قارا ياكى قىزىل تەنلىكتىن ئۈستۈن ئەمەسسەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن:

«ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرى، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغان»[3].

بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك نەسەب ۋە بايلىق بىلەن پەخىرلىنىشنى، ئاتا - بوۋىسى بىلەن چوڭچىلىق قىلىپ، بىر - بىرىگە مەن پالانىنىڭ بالىسى، مەن پوكۈنىنىڭ ئەۋلادى، سەن پالانى سۇلالىدىن، مەن ئاق تەنلىك، سەن قارا

---

[1]- ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2]- ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3]- ئىمام بەززار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تەنلىك، مەن ئەرەب، سەن ئەجەم[1] دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشنى مۇسۇلمانلارغا هارام قىلىۋەتتى.

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر يىلتىزغا مەنسۇپ بولىدىغان تۇرسا نەسەب ۋە سۇلالىنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ناۋادا نەسەبنىڭ قىممىتى بار دەپ پەرەز قىلىنسا، ئادەمنىڭ بۇ ئاتىدىن ياكى ئۇ ئاتىدىن تۇغۇلۇشىدا نېمە رولى ياكى نېمە گۇناھى بار؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نەسەبلىرىڭلار بىلەن ھېچكىمنى تىللىغىلى بولمايدۇ، ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرى، بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە دىن ۋە تەقۋادارلىقتىن باشقا ئەۋزەللىكى يوقتۇر»[2].

«بارلىق ئىنسانلار ئادەم بىلەن ھاۋۋانىڭ بالىلىرىدۇر، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى سىلەرنىڭ تېگى - تەكتىڭلاردىن ۋە نەسەبلىرىڭلاردىن سورىمايدۇ، شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدىغىنىڭلار ئەڭ تەقۋادارلىرىڭلاردۇر»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىشىدىغانلارغا غەزەبلىنىپ كەسكىن ۋە قەتئىي تەلەپپۇز بىلەن مۇنداق دېدى: «ئۆلگەن ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلار ھۇشىنى بىلسۇن! ئۆلگەن ئەجدادلىرى جەھەننەمنىڭ كۆمۈرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بولمىسا ئۇلار ئاللاھ نەزىرىدە گەندىنى بۇرنى بىلەن كوچىلايدىغان قۇرۇتلاردىنمۇ قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالا سىلەرنى جاھىلىيەتنىڭ ئەجدادلار بىلەن پەخىرلىنىش ۋە تىللىشىش ئىللەتلىرىدىن تازىلىدى، كىشىلەرنى پەقەتلا يا تەقۋادار مۆمىن، ياكى ئىسيانكار كاپىر دەپ ئىككى سىنىپقا ئايرىشقا

[1] ـ **ئەجەم:** ئەرەبلەردىن باشقا مىللەتلەر، خۇسۇسەن پارسلار ـ ت.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىبنى جەرىر رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولىدۇ، بارلىق ئىنسانلار ئادەم بالىلىرىدۇر، ئادەم بولسا تۇپراقتىن يارىتىلغاندۇر»[1].

بۇ ھەدىس شەرىپتە قەدىمكى كاپىر ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش بار، چۈنكى ئۇلارنىڭ كاپىر ئەجدادلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك جەھەننەم كۆمۈرلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ۋىدالىشىش ھەجىدە ھەرەم يۇرتتا ۋە ھەرەم ئىچىدە مىڭلىغان ئىنسانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇتقىغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان بىر پەيتتە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلان قىلغان پرىنسىپلارنىڭ بىرى شۇ ئىدى: «ئى خالايىق! پەرۋەردىگارىڭلار بىردۇر، دىققەت قىلىڭلار! ئەرەبنىڭ ئەجەمگە، ئەجەمنىڭ ئەرەبكە، قىزىلنىڭ قارىغا، قارىنىڭ قىزىلغا تەقۋادارلىقتىن باشقا ئەۋزەللىكى يوق» ﴿ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 13 ـ ئايەت][2].

## ئۆلۈكلەرگە يىغا ـ زار قىلماق

ئىسلام ئۇرۇش ئېلان قىلغان جاھىلىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن يەنە بىرسى بولسا: جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋايجان ـ ۋايىيەي دەپ ئۈنلۈك يىغلاش، قايغۇرۇشتا چېكىدىن ئېشىش قاتارلىق يامان ئادەتلىرىدۇر.

---

[1] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان ۋە (ھەسەن) دەپ باھا بەرگەن، ئىمام ئەبۇ داۋۇدمۇ رىۋايەت قىلغان. ئىمام بەيھەقىمۇ بۇ ھەدىسنى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا ئۆلۈمنىڭ ساپ يوقلۇق ياكى مۇتلەق پانىلىقتا ئەمەس بەلكى پەقەتلا بىر دۇنيادىن يەنە بىر دۇنياغا سەپەر قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، سەۋر - تاقەتسىزلىكنىڭ ئۆلۈك كىشىنى تىرىلدۈرمەيدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن تەقدىرىنى قايتۇرۇۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن. شۇڭا مۇسۇلمان كىشىنىڭ باشقا ھەرقانداق مۇسىبەتلەرگە ئۇخشاش ئۆلۈمنىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن ئىبرەت ئالغان ھالدا كۈتۈۋېلىشى، مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا قۇرئاندا كۆرستىلگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇشى كېرەك:

﴿إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ﴾

﴿بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز﴾ [بەقەرە سۈرىسى 156 - ئايەت]

ئەمما جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرى بولسا ئىسلام چەكلەيدىغان ھارام ئىشلاردۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىقلارغا نەپرەت بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

«ئۆزىنى كاچاتلاپ ياقىسىنى يىرتىپ جاھىلىيەت قىلىقلىرىنى قىلىدىغانلار بىزدىن ئەمەس»[1].

مۇسۇلمان كىشىنىڭ مۇسىبەتلىك كىيىم كىيىپ ياكى ئادەتتىكى زىننەتلىنىشنى تەرك ئېتىپ ياكى ئادەتتىكى كىيىمىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قايغۇ - ھەسرىتىنى ئىزھار قىلىشى توغرا ئەمەس، پەقەتلا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال كىشى ئەر - خوتۇنلۇقنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىگە ۋە ئىككەيلەننى بىرلەشتۈرگەن مۇقەددەس رىشتىگە ۋاپادارلىق قىلىش يۈزىسىدىن، ھەمدە بۇرۇنقى ئەر -

---

[1] - ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

خوتۇنلۇقتا تەۋە بولغان ئىددەت مۇددىتى ئىچىدە توي قىلماقچى بولغان ئەرلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، تۆت ئاي ئون كۈن هازىلىق تۇتۇشى كېرەك.

ئەمما ئۆلگەن كىشى ئاياللىك ئېرى بولماي، ئاتىسى، بالىسى ياكى ئاكا ـ ئۇكىلىرى بولغان تەقدىردە ئايال كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى توغرا ئەمەس. ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ ئاتىسى ئەبۇ سۇفيان بىلەن جەھشىنىڭ قىزى زەينەبنىڭ ئاكىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ئەتىر ئىشلەتكەن ھەمدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئەتىر ئىشلەتكۈم يوق، بىراق مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆلگەن كىشىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق هازا تۇتۇشى ھارام بولىدۇ. پەقەتلا ئېرىگە تۆت ئاي ئون كۈن هازا تۇتىدۇ»[1].

ئېرىگە تۇتىدىغان بۇ هازىلىق بولسا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر ۋاجىبتۇر. بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ: «قىزىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، قىزىمنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالدى، شۇڭا كۆزىگە سۈرمە سۈرسە بولامدۇ؟» دەپ

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى (جىنازىلار بابى) دا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ”ياق“ دەپ جاۋاب بەردى[1].

بۇ ھەدىس ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايالغا تۆت ئاي ئون كۈن ئىچىدە ياسىنىپ پەردازلىنىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما سەۋر ـ تاقەت بىلەن قايغۇرۇش، ۋارقىرىماي يىغلاش بولسا، گۇناھ بولمايدىغان تەبىئىي ئىشتۇر، ھەزرىتى ئۆمەر ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە قايغۇرۇپ يىغلاۋاتقان ئاياللارنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان، بەزى كىشىلەر ئاياللارنى توسماقچى بولغاندا ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭغا: "ياقا يىرتىپ قالايمىقان ۋارقىرىمىسىلا، ئۇلارنى خالىدقا يىغلىغىلى قوي" دېگەن.

❁ ❁ ❁

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى (تالاق بابى) دا رىۋايەت قىلغان. بۇ رىۋايەت ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىدۇر، زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رىۋايىتىمۇ شۇنىڭغا يېقىن.

www.munber.org

# ئىككىنچى

## مۇئامىلىلەردە

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە مۇھتاج قىلىپ ياراتقان، شۇڭا ھەر بىر كىشىنىڭ قولىدا ئۆزىگە لازىم بولغان ھەممە نەرسە تېپىلمايدۇ. كىشىنىڭ قولىدا ئۆز ھاجىتىدىن ئارتۇق نەرسىلەر بولىدۇ، ھەمدە باشقىلارنىڭ ھاجىتىدىن ئارتۇق بولغان نەرسىلەرگە مۇھتاج بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى ھايات ئۆز يولىدا مېڭىشى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئىلىم ـ سېتىم ۋە ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق تاۋار ۋە مەنپەئەتلەرنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشنى ئىلھام بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن چاغدا ئەرەبلەرنىڭ بەزى ئېلىم ـ سېتىم ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىگە زىت كەلمەيدىغان بەزى مۇئامىلە ئۇسۇللىرىغا يول قويغان. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نىشان ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر قىسىم مۇئامىلە ئۇسۇللىرىنى بولسا چەكلىۋەتكەن. بۇ چەكلىمە بىرنەچچە مەزمۇننىڭ بولۇشىغا ئاساسلانغان. مەسىلەن: گۇناھقا سەۋەب بولماق، ئالدىماق، ناھەق پايدىلىنىۋالماق ۋە زۇلۇم قىلماق قاتارلىقلار.

www.munber.org

# ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى سېتىش ھارامدۇر

ئادەتتە ئىسلام چەكلىگەن بىر گۇناھ ئىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ياكى كىشىلەر مەلۇم بىر گۇناھنى قىلىش ئۈچۈنلا سېتىۋالىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىش، ئۇنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىش ھارامدۇر. مەسىلەن: چوشقا، مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ۋە چېكىملىك، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ھارام قىلىنغان يېمەك ـ ئىچمەكلىكلەر، بۇت ـ ھەيكەل، كرېست بەلگىلىرى قاتارلىقلاردەك نەرسىلەر. چۈنكى بۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىشقا يول قويۇش ئاشۇ گۇناھ نەرسىلەرگە تەشۋىق قىلغانلىق ياكى ئۇنى يېقىنلاشتۇرۇپ قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىك بولىدۇ. چەكلەش بولسا ئۇنىڭ نامىنى ئۆچۈرۈپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغانلىق بولىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ھاراق، ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، چوشقا ۋە بۇتلارنى سېتىشنى ھارام قىلدى»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ بىر نەرسىنى ھارام قىلسا، ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلىدۇ»[2].

www.munber.org

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

# نامەلۇم نەرسنى سېتىش چەكلەنگەندۇر

سېتىلغان تاۋارنىڭ نامەلۇم بولىشى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا جىدەلگە سەۋەب بولىدىغانلىقى ياكى بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى گوللىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىدەل بىلەن ئالدامچىلىقنىڭ يولىنى تاقىغان ھالدا، تالاش - تارتىش تۇغدۇرىدىغان ھەرقانداق كېلىشىمنى چەكلىۋەتكەن.

مانا بۇ ھەقتە ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى نەرسىنى، ئاسماندىكى قۇشنى، سۇدىكى بېلىقنى ۋە ھەرقانداق نامەلۇم بولغان نەرسىنى سېتىش توغرۇلۇق چەكلىمە كەلگەن[1].

بۇنىڭ بىر مىسالى: بۇرۇن كىشىلەر مېۋە، سەي - كۆكتۈت ۋە زىرائەتلەرنى توك ۋاقتىدا سېتىشاتتى، ئۇلار سودا كېلىشىمى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن سېتىلغان نەرسىلەرگە تەبىئىي ئاپەت تېگىپ ھوسۇل ۋەيران بولاتتى - دە سېتىۋالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا جىدەل پەيدا بولاتتى. ساتقۇچى: «مەن سېتىپ بولدۇم، سودا پۈتۈپ بولدى» دېسە، ئالغۇچى: «ماڭا ھوسۇلنى ساتقان ئىدىڭ، مەن ھوسۇل ئالمىدىم» دەيتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پىشمىغۇچە توك مېۋىنى سېتىشنى چەكلىگەن[2]. توك مېۋىنى سېتىش، دەرھال مېۋىسىنى ئۈزىۋېلىشنى ياكى كېسىۋېلىشنى شەرت قىلىپ ساتقان تەقدىردىلا مەيلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بۇغداي باشىقىنىڭ ئاقىرىپ، ئاپەت مەزگىلىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە سېتىلىشىنى چەكلىگەن[3]، يەنە:

---

(1) ـ (سەھىھۇ مۇسلىم) گە قاراڭ.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«ناۋادا ئاللاھ ھوسۇل بەرمەي قالسا نېمىگە ئاساسەن قېرىندىشىڭلارنىڭ پۇلىنى ئالىسىلەر؟»[1] دېگەن.

نامەلۇملۇقنىڭ ھەرقاندىقى چەكلەنگەن ئەمەس، چۈنكى سېتىلىدىغان بەزى نەرسىلەر ئازچە ـ مۇنچە نامەلۇملۇقتىن خالىي بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۆي سېتىۋالماقچى بولغان ئادەم ئۆينىڭ ئاستىغا ياكى تام ئارىلىرىغا قارىيالمىغىنىغا ئوخشاش. لېكىن بۇ يەردە چەكلەنگەن نەرسە تالاش ـ تارتىش، جېدەل ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىشقا ئېلىپ بارىدىغان كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان نەرسىنىڭ نامەلۇم بولۇپ قېلىشىدۇر.

ئەگەر ئۆرپ ـ ئادەتتە مەيلى دەۋېتىلىدىغان نەرسە نامەلۇم بولۇپ قالسا سودا ھارام بولمايدۇ. مەسىلەن: يەرگە كۆمۈلۈپ تۇرىدىغان سەۋزە، تۇرۇپ، چامغۇر ۋە پىياز قاتارلىقلارنى ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلۇقلارنى سېتىشقا ئوخشاش. ئىمام مالىكنىڭ قارىشىچە: سودا كېلىشىمدە كەچۈرۈۋېتىلىدىغان دەرىجىدە ئازغىنە نامەلۇملۇق بولسا، كىشىلەرنىڭ بۇ مەسىلىغا ئېھتىياجى زور بولسا، سودا توغرا بولاۋېرىدۇ[2].

## بازار باھاسى بىلەن ئوينىشىش

ئىسلام بازارنى تولۇق ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىشنى خالايدۇ. بازاردا كۆرسىتىلگەن تاۋار بىلەن تاۋارغا بولغان تەلەپكە تايانغان تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەركىن رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئىبنى تەيمىيە: (ئەلقاۋائىدۇننۇرانىييە)، 118 ـ بەت. ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىبىمۇ بۇنىڭغا يېقىن.

www.munber.org

تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا باھا ئۆرلەپ كەتكەن بىر چاغدا، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى رەسۇلۇللاھ بىزگە باھا بېكىتىپ بەرگىن» دەپ ئىلتىماس قىلغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «باھانى بېكىتكۈچى، رىزىقنى ئازايتىپ كېڭەيتكۈچى ئاللاھدۇر، مەن ئاللاھنىڭ ئالدىغا ھېچبىرىڭلارنىڭ قان ياكى مال توغرۇلۇق مەندىن ھەق تەلەپ قىلمايدىغان ھالەتتە بېرىشنى ئۈمىت قىلىمەن»[1].

ئىسلام پەيغەمبىرى بۇ ھەدىس ئارقىلىق زۆرۈر بولمىغاندا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋېلىشنىڭ ھەقسىزلىق ۋە زۇلۇم ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بۇنداق زۇلۇمدىن پاك بېرىش كېرەكلىكىنى ئېلان قىلغان.

لېكىن بەزى تىجارەتچىلەرنىڭ مونوپولچىلىق قىلىۋېلىپ باھا بىلەن ئوينىشىدەك غەيرىي تەبىئىي ئامىللار بازارغا تەسىر كۆرسەتسە، بۇنداق ئەھۋالدا كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئەتى بەزى شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا جەمئىيەتنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، تاماخور پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن جەمئىيەتنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يامان نىيىتىگە قارشى تۇرغان ھالدا باھا بېكىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ مەنىسى: زىياندىن قوغداپ قېلىش ياكى ئېغىر زۇلۇمغا يول قويماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ ھېچقانداق ئەھۋالدا باھا بېكىتىشكە بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى ئىمام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىق چوڭ ئالىملار مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك: «باھا بېكىتىشنىڭ زۇلۇم بولغانلىقىدىن ھارام قىلىنغىنى، ئادالەت

---

[1]- ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، دارىمى ۋە ئەبۇ يەئلا قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولغانلىقتىن يول قويۇلغانلىرى باردۇر. ئىمام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: ئەگەر باھا بېكىتىش، كىشىلەرگە زۇلۇم سېلىشنى، ئۇلارنى ئۇلار رازى بولمايدىغان باھادا تاۋارلىرىنى سېتىشقا زورلاشنى ۋە ئاللاھ رۇخسەت قىلغان نەرسىنى قىلغىلى قويماي توسۇۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئۇ چاغدا ھارام بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەرگە ئادالەت كەلتۈرىدىغان بولسا، مەسىلەن: جەمئىيەت زۆرۈر مۇھتاج بولغان نەرسىلەرنى بازار نەرخىدە سېتىشقا زورلاش، تاۋارنىڭ بەدىلىدىن ئارتۇق پۇل ئېلىۋېلىشنى چەكلەشتەك ئىشلاردا باھا بېكىتىپ بېرىش جائىز بولۇپلا قالماي بەلكى ۋاجىب بولىدۇ. يۇقىرىقى ھەدىس بىرىنچى تۈرگە قارىتا ئېيتىلغان، شۇڭا كىشىلەر تاۋارلىرىنى زۇلۇم بولمايدىغان شەكىلدە ئادەتتىكىدەك ساتسا، شۇنداق تۇرۇقلۇق تاۋارنىڭ قىسلىقىدىن ياكى ئىستېمالچىلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن باھا ئۆرلەپ كەتكەن بولسا، بۇنى كىشىلەردىن كۆرسەك بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەھۋالدا كىشىلەرنى مەلۇم بىر باھادا سېتىشقا مەجبۇرلاش، ئۇلارنى ھەقسىز زورلىغانلىق بولىدۇ.

ئەمما ئىككىنچى تۈردىكى بولسا، كىشىلەرنىڭ قاتتىق زۆرۈر ئېھتىياجى بار تۇرۇقلۇق تاۋار ئىگىلىرى تېخىمۇ يۇقىرى باھادا ئالمىساق ساتمايمەن دەپ تۇرىۋېلىشتەك ئەھۋال بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار تاۋارنى بازار نەرخىدە سېتىشى كېرەك. باھا بېكىتىشنىڭ بازار نەرخىدە سېتىشقا زورلاشتىن باشقا بىر مەنىسى يوق. باھا بېكىتىش بۇ يەردە ئاللاھ بۇيرىغان ئادالەتكە زورلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ»[1].

---

[1] ـ ئىمام ئىبنى تەيمىيە: (ئەلھىسبە) ۋە ئىمام ئىبنۇلقاييىم: (ئەتتۇرۇقۇلھۆكمىيە) گە قاراڭ.

www.munber.org

# مونوپولىيچى لەنەت قىلىنغاندۇر

ئىسلام دىنى سودا ـ سېتىقتا شەخسلەرنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ۋە تاماخورلىقى تۈپەيلىدىن مىللەتنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى ۋە زۆرۈر ئېھتىياجلىق نەرسىلەردە بولسىمۇ باشقىلارنىڭ ھېسابىغا ئۆزلىرىنى بېيىتىشقا ئۇرۇنىشى قاتتىق ئەيىبلەنگەن.

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولچىلىقنى قاتتىق تەلەپپۇزدا چەكلىگەن ھالدا مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوزۇق ـ تۈلۈكنى قىرىق كۈن مونوپول قىلىۋالسا، ئاللاھدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھمۇ ئۇنىڭدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: «گۇناھكاردىن باشقىسى مونوپولچىلىق قىلمايدۇ»[2].

بۇ ھەدىستىكى گۇناھكار دېگەن سۆز ئاددىي سۆز ئەمەس، ئۇ بولسا قۇرئان كەرىم پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدەك زالىم مۇستەبىتلارنى سۈپەتلىگەن سۆزدۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ فِرْعَوْنَ وَهَامَانَ وَجُنُودَهُمَا كَانُوا خَاطِئِينَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن، ھامان ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى گۇناھكارلاردىن ئىدى﴾ [ئەل قاساس سۈرىسى 8 ـ ئايەت]

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ئەبى شەيبە، بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. مۇنزىرى (تەرغىيب) دېگەن كىتابىدا: (بەزى يوللىرى ياخشى) دېگەن.

[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مونوپولىيچىنىڭ پىسخىكىسى ۋە خۇنۇك شەخسىيەتچى ئەپتى ـ بەشىرىسىنى مۇنداق دەپ ئېچىپ تاشلىغان: ﴿مونوپولىيچى نېمىدېگەن ئوسال ئادەم ـ ھە! ئۇ باھا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىسا قايغۇرىدۇ، قىممەتچىلىك خەۋىرىنى ئاڭلىسا خوش بولىدۇ﴾[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئەكىلىپ ساتقۇچى رىزىق بېرىلگۈچىدۇر، مونوپولىيچى لەنەت قىلىنغۇچىدۇر﴾[2].

چۈنكى تىجارەتچى ئىككى يول بىلەن پايدا ئالىدۇ، بىرىنچىسى: كىشىلەر ئېزدەپ تاپالماي قالغاندا، قاتتىق ھاجەتمەن بولغانلار كېلىپ باھاسى پەۋقۇلئاددە قىممەت بولسىمۇ دېگىنىگە ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن تاۋارنى بېسىپ يېتىۋېلىش يولىدۇر.

يەنە بىر يول بولسا: مال ئەكىلىپ ئازراق پايدا بىلەن سېتىۋېتىپ، يەنە ئەكىلىپ ئازراق پايدا قىلىسا سېتىۋېتىپ... مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىشتۇر. بۇنداق پايدا ئېلىش جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇۋاپىق ھەم بەرىكەتلىك، بۇنداق تىجارەتچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىشارەت بەرگەندەك رىزىق بېرىلگۈچىدۇر.

مونوپولچىلىق ۋە باھا بىلەن ئوينىشىش ھەققىدە مۇھىم ھەدىسلەرنىڭ بىرى بولسا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىسى ھەزرىتى مەئقال ئىبنى ياسار رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. ھەزرىتى مەئقالنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، ئۇمەۋىلەر دۆلىتى[3] نىڭ ۋالىيسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ئۇنى يوقلاپ كەلگەن. ئۇ مەئقالغا: «ئى مەئقال! بىلەمسەن؟ مەن هارام قان تۆكتۇم» دېگەندە، ئۇ:

(1)ـ رازىن جامىئىدە رىۋايەت قىلغان.
(2)ـ ئىمام ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
(3)ـ ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى: (40ـ 132ـ ھـ)ـ ت.

www.munber.org

«بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە: «مېنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ باھالىرىغا ئارىلاشقانلىقىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «خەۋىرىم يوق» دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن مەئقال: «مېنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار» دەپ ئۆرە ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى ئۇبەيدۇللاھ! قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن، مەن ساڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر ياكى ئىككى قېتىم ئەمەس بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغان بىر ھەدىسنى ئېيتىپ بېرەي. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «باھانى ئۆرلىتىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بازار باھاسىغا ئارىلاشقان ئادەمنى ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ئۇلۇغ ئوتتا ئولتۇرغۇزۇشقا ھەقلىقتۇر». ئۇبەيدۇللا ئۇنىڭدىن: «سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا، مەئقال: «بىر ياكى ئىككى قېتىم ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەن[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ئۆلىمالار مونوپوللىچىلىقنىڭ چەكلىنىشى ئۈچۈن ئىككى شەرت بارلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان: بىرىنچىسى: مونوپوللىچىلىق شۇ يۇرت ۋە شۇ پەيتتە يۇرت ئاھالىسىگە زىيانلىق بولۇشى. ئىككىنچىسى: مونوپوللىچىلىقتىن ئۆزى ھەسسىلەپ پايدا ئېلىش ئۈچۈن باشقىلارغا باھانى ئۆرلىتىۋېتىش مەقسەت قىلىنغان بولۇشى.

## بازار ئەركىنلىكىگە ئارىلىشىۋالماق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېزىلىقنىڭ مېلىنى شەھەرلىكنىڭ سېتىپ قويۇشىنى چەكلىگەن. ئۆلىمالارنىڭ ئېيتىشىچە بۇ سودىنىڭ

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

شەكلى مۇنداق: يېزىلىق يات بىر ئادەم بازارنىڭ تەلپى بار بىر مالنى شۇ كۈننىڭ باھاسىدا سېتىپ كېتىش ئۈچۈن شەھەرگە كەلگەندە، شەھەر بالىسىدىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭغا: «مېلىڭنى ماڭا قويۇپ قويغىن، قىممەترەك باھادا ئالدىرىماي سېتىپ بېرەي» دەپ مالنى ئېلىپ قېلىپ باھانى ئۆرلىتىشكە سەۋەب بولىشىدۇر. ناۋادا يېزىلىق مېلىنى ئۆزى ساتقان بولسا، ھەم باھا ئەرزانلايتتى ھەم ئۆزى پايدىلىنىڭ جەمئىيەتكىمۇ پايدا يەتكۈزگەن بولاتتى.

بۇرۇنقى جەمئىيەتلەردە بۇنداق ئىشلار كەڭ تارقالغان ئىدى. ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر قورساقتىن چىققان ئاكا - ئۇكىسى بولسىمۇ شەھەرلىكنىڭ يېزىلىق ئۈچۈن سېتىپ قويۇشىدىن چەكلەندۇق»[1]. بۇنىڭدىن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ شەخسىي تۇغقانچىلىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەھەرلىك يېزىلىق ئۈچۈن سېتىپ قويمايدۇ، كىشىلەرنى ئاللاھ ئۇلارغا بىر - بىرى ئارقىلىق بەرگەن رىزىقنى يېگىلى قويۇڭلار»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەرنى ئاللاھ ئۇلارغا بىر - بىرى ئارقىلىق بەرگەن رىزىقنى يېگىلى قويۇڭلار» دېگەن بۇ ئىخچام سۆزى تىجارەت ساھەسىدە ئىنتايىن مۇھىم بىر پرىنسىپنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ بولسا: بازار ۋە بازاردىكى باھانى شەخسلەرنىڭ ئارىلىشىپ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئۇچرىماستىن، نورمال رىقابەت ۋە تەبىئىي ئامىللارغا قويۇپ بېرىش كېرەك.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس «شەھەرلىك يېزىلىق ئۈچۈن سېتىپ قويمايدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن سورالغاندا: «مەنىسى:

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۈنىڭدىن شىرىنكانە ئېلىپ سالاچىلىق قىلمىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ دېگەن »[1].

دېمەك: ئەگەر ئۇ يېزىلىقتىن ھېچقانداق ھەق ئالمىغان ھالدا ئۈنىڭغا بازار ئەھۋالىنى تونۇتۇپ يول كۆرسىتىپ نەسىھەت قىلسا چاتاق يوق. چۈنكى ئۇ نەسىھەت قىلسا، خالىس نەسىھەت قىلغان بولىدۇ. نەسىھەت بولسا دىنىنىڭ بىر پارچىسىدۇر، بەلكى ئۇ « دىن نەسىھەتتۇر »[2] دېگەن ھەدىسكە ئاساسەن دىنىنىڭ ھەممىسىدۇر. يەنە بىر ھەدىستە: « ئەگەر بىرىڭلار قېرىندىشىدىن يول كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلسا، ئۈنىڭغا يول كۆرسەتسۇن » دېيىلگەن[3].

ئەمما كۆپىنچە ئەھۋالدا شىرىنكانە ئالىدىغان بېدىك ياكى دەللالنىڭ شىرىنكانىگە بولغان ھېرىسمەنلىكى بۇنداق مۇئامىلىلەردە ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزلەشنى ئۇنۇتتۇرۇپ قويىدۇ.

## بېدىكچىلىك ھالالدۇر

يۇقىرىقىدىن باشقا ئەھۋاللاردا بېدىكچىلىك قىلسا بولاۋېرىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك ۋە دەلاللىق قىلىشتۇر. بۇ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئىككى تەرەپكە ياكى بىر تەرەپكە كۆپلىگەن تاۋار ـ ماللارنى ۋە مەنپەئەتنى قولايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تىجارەت مۇئامىلىلىرىنىڭ مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ سودا ۋاستىچىلىكى ھازىرقى ئەسىرىمىزدە بۇرۇنقىدىن بەكراق زۆرۈر بولۇپ قالدى. تىجارەتتىكى ئىمپورت - ئېكسپورت ۋە توپ - پارچە سودىلاردا ۋاستىچىلار مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ قالدى.

ۋاستىچى ئۆزىنىڭ تاپان ھەققىنى پۇتۇشكەن بويىچە يا مەلۇم مىقداردا پۇل، يا پايدىنىڭ مەلۇم پىرسەنتى شەكلىدە ئالسا بولىدۇ.

ئىمام بۇخارى سەھىھىدە مۇنداق دەيدۇ: "ئىبنى سىيرىين[1]، ئاتا، ئىبراھىم ۋە ھەسەن[2] قاتارلىق ئالىملار بېدىكچىنىڭ ئالغان ھەققىدە ھېچ گەپ يوق دەپ قارىغان، ھەزرىتى ئىبنى ئاببىاس مۇنداق دېگەن: «بۇ كىيىمنى ساتقىن، مۇنچە پۇلدىن ئارتۇق سېتىلسا ئارتۇقى سېنىڭ دېسە بولىدۇ». ئىبنى سىيرىين مۇنداق دېگەن: «ئەگەر، بۇنى مۇنچە پۇلغا ساتقىن، پايدىسى ساڭا ياكى پايدىسىنى تەڭ ئالايلى دېسە بولاۋېرىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلار شەرتلىرىدە تۇرىدۇ»[3].

### ۋاستىچىنىڭ ئىش ھەققى ھالال بولۇش ئۈچۈن ئىككى شەرت بار:

1 - بىر تەرەپكە پايدا يەتكۈزۈش ياكى ئۆزى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنى گوللىماسلىق.

2 - كىشىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، ساددىلىقى ياكى ھاجەتمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلماستىن ئۆزىنىڭ چىقارغان كۈچىگە، تۆككەن تەرىگە لايىق ھەق ئېلىش.

---

(1) - **ئىبنى سىيرىين:** مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين، تابىئىي ۋە كاتتا فەقىھ. ھـ 110 - يىلى ۋاپات بولغان– ت.

(2) - **ھەسەن:** ھەسەن ئىبنى يەسار ئەلبەسرى، تابىئىي ۋە كاتتا ئالىم. ھـ 110 - يىلى ۋاپات بولغان– ت.

(3) - ئىمام بۇخارى مۇئەللەق ھالەتتە بايان قىلغان. يەنە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم قاتارلىقلار ئۇلاپ رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## تىجارەتتە ئالداش ۋە ناھەق پايدا ئېلىش ھارامدۇر

بازارغا زىيانلىق ئارىلىشىشۋېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى تاۋار باھاسىنى خېرىدارلارغا ئۆرلىتىپ قويۇش ئۈچۈن مالنى يۇقىرى باھادا ئالغان خېرىدار بولۇپ كۆرۈنۈشنى چەكلىۋەتكەن[1].

بۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ سېتىۋېلىش نىيىتى بولماستىن بەلكى باشقا كىشىلەرگە تاۋارنى قىممەترەك ئالدۇرۇش نىيىتى بولىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا مال ئىگىسى بىلەن پۈتۈشۈپ خېرىدارلارنى گوللاش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ.

سودا مۇئامىلىسى باھادا قارا قويۇش ۋە تىجارەتتە ناھەق پايدا ئېلىۋېلىشنىڭ ھەرقانداق شەكلىدىن خالىي ۋە يىراق بولۇشى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال بازارغا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مالنىڭ ئالدىغا چىقىپ سېتىۋېلىشنى چەكلىگەن[2]. چۈنكى بۇنداق قىلىش مالنى بازارنىڭ نورمال ئۆزگىرىشىگە قاراپ مۇناسىپ باھادا سېتىشقا توسقۇنلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. بەزىدە مال ئىگىسى بازاردىكى باھادىن خەۋەرسىز بولۇپ قېلىپ گوللىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېلىنى ئالدىغا چىققان ئادەمگە بازار باھاسىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئەرزان سېتىپ قالغان ئادەمگە، بازاردىكى ھەقىقىي باھانى ئۇققاندىن كېيىن پۇشايمان قىلسا، سودىدىن يېنىۋېلىش ئىختىيارىنى بەرگەن[3].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم، ئىمام ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## كىمكى بىزنى گوللايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس!

ئىسلام دىنى ئىلىم - سىتىمدا ۋە ئىنسانلار ئارا بارلىق مۇئامىلىلەردە ئادالەتچىلىك ۋە ساختىپەزلىكنىڭ ھەرقانداق شەكلىنى هارام قىلىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن مۇسۇلمان كىشى بارلىق ئىشلىرىدا راستچىل بولۇشى، باشقىلارغا سەمىمىيلىك بىلەن يول كۆرسىتىشنى ماددىي مەنپەئەتتىن بەكراق پايدىلىق دەپ بىلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئايرىلىپ كەتمىگۈچە ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ھەر ئىككەيلەننىڭ يېنىۋېلىش ئىختىيارى بار. ناۋادا ئۇلار راستچىل بولۇپ مالدا ئەيىب بولسا ئەيىبتىن خەۋەردار قىلسا، ئۇلارنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ناۋادا يالغان ئېيتىپ مالنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرسا، سودىسىنىڭ بەرىكىتى يوقىتىلىدۇ»[1].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«مالدىكى ئەيىبنى بايان قىلماي سېتىش ھېچكىمگە ھالال بولمايدۇ. مالدىكى ئەيىبنى بىلگەن كىشىنىڭمۇ ئەيىبنى بايان قىلماسلىقى ھارامدۇر»[2].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشلىق سېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئىدى، ئۇنىڭ ئاشلىقىنى يارتىپ ئاشلىققا قولىنى تىقسا، ئاشلىقنىڭ نەم ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى، ئاشلىق ئىگىسىدىن: «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىسا، ئىگىسى:

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ هاكىم ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«يامغۇردا قاپتىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا كىشىلەر كۆرىشى ئۈچۈن نەم يېرىنىمۇ ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭ بولماسمىدى؟ كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن ئۇ بىزدىن ئەمەس» دېدى[1].

يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: ئاشلىقنى ئىگىسى چىرايلىق تۈزەپ قويغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشلىقنىڭ ئاستىغا قولىنى تىقسا ئاستىدىن ناچار ئاشلىق چىققان. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ماۋۇنى ئايرىم، ماۋۇنى ئايرىم ساتقىن! كىمكى بىزنى ئالدايدىكەن ئۇ بىزدىن ئەمەس!» دېگەن[2].

بۇنىڭغا بىنائەن ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار مالدىكى ئەيىبنى يوشۇرماي كۆرسىتىپ ساتاتتى. يالغان سۆزلىمەي راست سۆزلەيتتى. ئالدىماي سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى.

ئىبنى سىيرىين بىر قوي ساتقان چاغدا ئالغۇچىغا: «بۇ قوينىڭ ھەلەپنى پۇتى بىلەن ئىلىشتۇرۇۋېتىدىغان ئەيىبى بار، بۇنى دەپ قويمىسام بولمايدۇ» دېگەن.

ھەسەن ئىبنى سالىھ[3] بىر كېنىزەك ساتقاندا ئالغۇچىغا: «ئۇ بىزنىڭ ئۆيدىكى چاغدا بىر قېتىم قان تۈكۈرگەن ئىدى» دېگەن. باھا تۆۋەنلەپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ۋىجدانى بۇ بىر قېتىملىق بولغان ۋەقەنىمۇ ئېيتماي تۇرالمىغان.

---

(1) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ **ھەسەن ئىبنى سالىھ ئىبنى ھەي**، فەقىھ، تەقۋادار زاتلاردىن. ھـ 166 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

## كۆپ قەسەم قىلىش

ئالدامچىلىقنى يالغان قەسەم بىلەن يۆگىسە گۇناھى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمەن قەسەم ئىچىشتىن، خۇسۇسەن يالغان قەسەم ئىچىشتىن توسقان ۋە مۇنداق دېگەن: «قەسەم، مالنىڭ بازىرىنى چىققۇزىدۇ، بەرىكىتىنى يوقىتىۋېتىدۇ»[1].

سودىدا كۆپ قەسەم ئىچىش بىرىنچىدىن مۇئامىلە قىلغۇچىلارنى گوللاش چارىسى بولۇپ قېلىش جەھەتتىن گۇمانلىق ئىش بولغانلىقتىن، ئىككىنچىدىن قەلبىدىن ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاش روھىنى يوقىتىشقا سەۋەب بولىدىغانلىقىدىن يامان كۆرۈلگەن ئىشتۇر.

## تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىش

ئالدامچىلىق تۈرلىرىنىڭ يەنە بىرى بولسا: تارازا ـ ئۆلچەمدە كەم بېرىشتۇر.

قۇرئان كەرىم مۇئامىلىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن، ھەمدە ئۇنى ئەنئام سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئون ۋەسىيەتنىڭ بىرى قىلغان:

﴿وَأَوْفُوا الْكَيْلَ وَالْمِيزَانَ بِالْقِسْطِ لَا نُكَلِّفُ نَفْسًا إِلَّا وُسْعَهَا﴾

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿ئۆلچەمنى ۋە تارازىنى توغرا قىلىڭلار. ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز﴾ [ئەنئام سۈرىسى152 ـ ئايەت]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَوْفُوا الْكَيْلَ إِذَا كِلْتُمْ وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيمِ ذَلِكَ خَيْرٌ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾

﴿سىلەر باشقىلارغا ئۆلچەپ بەرگەندە، تولۇق ئۆلچەڭلار ۋە توغرا تارازىدا تارتىپ بېرىڭلار. بۇنداق قىلىش ياخشىدۇر، ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبداندۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 35ـ ئايەت]

يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَيْلٌ لِلْمُطَفِّفِينَ❁الَّذِينَ إِذَا اكْتَالُوا عَلَى النَّاسِ يَسْتَوْفُونَ❁وَإِذَا كَالُوهُمْ أَوْ وَزَنُوهُمْ يُخْسِرُونَ❁أَلَا يَظُنُّ أُولَئِكَ أَنَّهُمْ مَبْعُوثُونَ❁لِيَوْمٍ عَظِيمٍ❁يَوْمَ يَقُومُ النَّاسُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾

﴿ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ؟ ئۇ كۈندە ئىنسانلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا تىك تۇرىدۇ﴾ [مۇتەففىفىن سۈرىسى1 ـ 6 ـ ئايەتلەر]

بۇ مەسىلىدە مۇسۇلمان كىشى كۈچىنىڭ يېتىشىچە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ھەقىقىي ئادىللىقنى تەسەۋۋۇر قىلماق

www.munber.org

قىيىن، شۇڭا قۇرئان كەرىم: ﴿باشقىلارنىڭ ھەققىنى تارازا ـ ئۆلچەمدە تولۇق بېرىڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇقنىڭ ئارقىدىنلا: ﴿ھېچقانداق ئادەمنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايمىز﴾ [ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت] دېگەن.

قۇرئان كەرىم بىزگە، مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك قىلغان، ئۆلچەم ـ تارازىدا ساختىلىق قىلغان، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يەۋالغان بىر مىللەتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئادالەت ۋە تەۋھىد يولىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن. بۇ مىللەت شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى بولۇپ، شۇئەيب ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دەپ نەسىھەت قىلغان:

﴿أَوْفُوا الْكَيْلَ وَلَا تَكُونُوا مِنَ الْمُخْسِرِينَ ۞ وَزِنُوا بِالْقِسْطَاسِ الْمُسْتَقِيمِ ۞ وَلَا تَبْخَسُوا النَّاسَ أَشْيَاءَهُمْ وَلَا تَعْثَوْا فِي الْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾

﴿ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار، كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلىرىنى كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار﴾ [شۇئەرا سۈرىسى181 ـ 183 ـ ئايەتلەر]

مۇسۇلمان كىشى پۈتۈن ھاياتى ۋە بارلىق مۇئامىلىلىرىدە مۇشۇ مۇئامىلە ئۇسۇلىنى ئۆلگە قىلىشى كېرەك. ئۆلچەم تارازىدا ئۆزىگە ئايرىم، باشقىلارغا ئايرىم ئىككى خىل بولماي، ئۆزىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئالغاندەك، باشقىلارغىمۇ ھەققىنى تولۇق بېرىشى كېرەك.

www.munber.org

## ئوغرىلانغان ۋە بۇلانغان نەرسىنى سېتىۋېلىش ئوغرى بىلەن بۇلاڭچىغا شېرىك بولغانلىقتۇر

جىنايەتچىنى سىقىپ چىقىرىپ، جىنايەتكە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ھارام قىلىنغان مۇئامىلىلەر تۈرلىرى قاتارىدا يەنە: بىر نەرسىنىڭ بۇلانغان ياكى ئوغرىلانغان ياكى ھەقسىز تارتىۋېلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ نەرسىنى سېتىۋېلىشمۇ مۇسۇلمان كىشىگە ھارام قىلىنغان. چۈنكى بۇ، بۇلاڭچى ياكى ئوغرى ياكى تاجاۋۇزچىنىڭ بۇلاش، ئوغرىلاش ۋە تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىگە ياردەم بەرگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئوغرىلانغان نەرسىنى، ئۇنىڭ ئوغرىلانغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋالسا، ئۇنىڭ گۇناھىغا ۋە ئار ـ نومۇسىغا شېرىك بولغان بولىدۇ»[1].

ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشى ئوغرىلانغان ياكى بۇلانغان نەرسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. چۈنكى ئىسلامدا ئۇزۇن مۇددەتنىڭ ئۆتىشى ھارام نەرسىنى ھالال قىلالمايدۇ. ھەمدە كونىراش بىلەن ئەسلىي ئىگىسىنىڭ ھەققىنى چۈشۈرۈۋېتەلمەيدۇ، بۇ ھازىرقى قانۇنلاردىمۇ شۇنداق.

## جازانە ھارام

ئىسلام تىجارەت يولى ئارقىلىق پۇل تېپىشنى مۇباھ قىلغان. ئاللاھ تائالا دېدى:

---

[1] ـ ئىمام بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ [نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت]

يەنە تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققۇچىلارنى ماختاپ مۇنداق دېدى:

﴿وَآخَرُونَ يَضْرِبُونَ فِي الْأَرْضِ يَبْتَغُونَ مِنْ فَضْلِ اللَّهِ﴾

﴿بەزىلەر ئاللاھنىڭ پەزلىنى تىلەپ يەر يۈزىدە سەپەر قىلىدۇ﴾ [مۇززەممىل سۈرىسى 20 ـ ئايەت]

لېكىن ئىسلام پۇل ـ مېلىنى جازانە ئارقىلىق كۆپەيتىشكە ئۇرۇنغان ھەرقانداق كىشىگە يولنى تاقاپ، جازانىنىڭ كۆپىنىمۇ، ئېزىنىمۇ ھارام قىلىۋەتتى. جازانە چەكلەنگەن تۇرۇقلۇق جازانە يېگەن يەھۇدىيلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نازىل بولغان ئايەتلىرى ئىچىدە مۇنۇ ئايەتلەر بار ئىدى:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَذَرُوا مَا بَقِيَ مِنَ الرِّبَا إِنْ كُنْتُمْ مُؤْمِنِينَ۞ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا فَأْذَنُوا بِحَرْبٍ مِنَ اللَّهِ وَرَسُولِهِ وَإِنْ تُبْتُمْ فَلَكُمْ رُءُوسُ أَمْوَالِكُمْ لَا تَظْلِمُونَ وَلَا تُظْلَمُونَ﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! مۆمىن بولساڭلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىڭلار، قالغان جازانىنى تاشلاڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرگە ئۇرۇش

www.munber.org

ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلساڭلار، سەرمايەڭلار ئۆزەڭلارغا قايتىدۇ، باشقىلارنى زىيان تارتقۇزمايسىلەر، ئۆزۈڭلارمۇ زىيان تارتمايسىلەر﴿ [بەقەرە سۈرىسى278 ـ 279 ـ ئايەتلەر]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانە ۋە جازانىخورلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ھەمدە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان خەتىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «جازانە بىلەن زىنا بىر يۇرتتا كۆرۈنسە، ئۇ يۇرتنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا لايىق قىلغان بولىدۇ»[1].

ئىسلام جازانىنى چەكلىگەن يالغۇز ساماۋى دىن ئەمەس. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ تەۋراتىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «قېرىندىشىڭ نامراتلىشىپ قالسا، ئۇنىڭدىن پايدا ياكى مەنپەئەت تەلەپ قىلماي پۇل قەرز بەرگىن» [چىقىش پارىسى 22 ـ 24]

خرىستىئان دىنىدا بولسا، لوقا ئىنجىلىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار، پايدىنى كۈتمىگەن ھالدا قەرز بېرىپ تۇرۇڭلار، شۇنداقتىلا ساۋابىڭلار كۆپ بولىدۇ» [6 \ 24 ـ 25]

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، تەۋراتقا بۇرمىلىغۇچى سوغۇق قوللار تېگىپ، يۇقىرىدىكى (قېرىندىشىڭ) دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمىنى يەھۇدىي قېرىنداشقا خاس قىلىپ قويغان. تەۋراتنىڭ تەسنىيەتۇل ئىشترا پارىسىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ياتقا ئۆسۈم بىلەن قەرز بەر، لېكىن قېرىندىشىڭغا ئۆسۈم بىلەن قەرز بەرمە» [ 23 ـ 19]

---

[1] ـ ھاكىم ھەزرىتى ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىپ (سەنەدى توغرا) دېگەن. ئەبۇ يەئلامۇ ياخشى سەنەد بىلەن ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# جازاننى چەكلەشنىڭ ھېكمىتى

ئىسلام جازانە مەسىلىسىدە قاتتىق چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلىگەنلىكى پەقەتلا ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكتۇر. ئىسلام ئالىملىرى جازاننى ھارام قىلىشنىڭ ھېكمىتى ھەققىدە بىر قانچە سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولۇپ، يېڭى تەتقىقاتلار بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، ھەمدە ئۇنى تەكىتلەپ تولۇقلىغان. بۇ ھەقتە ئىمام رازى تەپسىرىدە بايان قىلغان سەۋەبلەر بىلەن بولدى قىلىمىز:

<u>بىرىنچىدىن</u>: جازانە باشقا بىر ئىنساننىڭ مېلىنى بەدەلسىز ئېلىۋېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بىر تەڭگىنى ئىككى تەڭگىگە ساتىدىغان كىشى بىر تەڭگىگە بەدەلسىز ئىگە بولغان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ پۇل - مېلى ئېھتىياجىغا زىچ باغلانغان بولۇپ، ئۇنى ئورۇنسىز يەۋېلىشنىڭ چوڭ ھاراملىق تەرىپى بار. ھەدىستە شۇنداق كۆرسىتىلگەن:

«ئىنساننىڭ پۇل - مېلىنىڭ ھاراملىقى، قېنىنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش»[1].

شۇڭا ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى بەدەلسىز ئېلىش ھارام بولىشى كېرەك.

<u>ئىككىنچىدىن</u>: جازانىگە تايىنىش كىشىلەرنى ھەرخىل ھۈنەر - كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توسۇپ قويىدۇ، چۈنكى بىر تەڭگە ئىگىسى جازانە كېلىشىمى ئارقىلىق نەق ياكى نېسى بولسۇن

---

[1] ـ ئەبۇ نەئىيم (ئەلھىليە) ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئـارتۇق بـىـر تەڭگـىـنى قولغـا كەلتۈرەلـىسـە، بۇنـداق تـىـرىكچىلىك قىلىش ئۇنىڭغا يەڭگىل تۇيۇلىدۇ ـ دە، ھۈنەر ـ كەسىپ، تىجارەت ۋە سانائەتلەرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى تارتىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال خەلقنىڭ مەنپەئەت يوللىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. مەلۇمكى، تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ، سانائەت ۋە گۈللەندۈرۈش قاتارلىقلار بولمىسا، دۇنيا تەرەققى قىلمايدۇ. (ئىقتىسادىي قاراشمۇ بۇ ھېكمەتنى قوبۇل قىلىدۇ ئەلبەتتە).

ئۈچىنچىدىن: جازانە، كىشىلەر ئارىسىدا قەرز ئارقىلىق ياردەم قىلىش روھىنىڭ يوقۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈنكى جازانە چەكلەنسە بىر تەڭگىنى قەرز بېرىپ، كېيىن شۇ بىر تەڭگىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا كۆڭۈل رازى بولىدۇ. ناۋادا جازانىگە يول قويۇلسا، مۇھتاجنىڭ ئېھتىياجىدىن پايدىلىنىپ، بىر تەڭگە ئورنىغا ئىككى تەڭگە ئالغۇسى كېلىدۇ. مانا بۇ ئەھۋال ياخشىلىق قىلىش، خەير ـ ئېھسان قىلىش ۋە قىيىن ئەھۋاللار ئاستىدا ئەسقېتىش قاتارلىق ئېسىل روھلارنى يوقۇتۇپ قويىدۇ. (ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇنىڭغا تەن بەرمەي بولمايدۇ).

تۆتىنچىدىن: كۆپىنچە ئەھۋالدا قەرز بەرگۈچى باي، قەرز ئالغۇچى كەمبەغەل بولىدۇ. ئۇنداقتا جازانىنى يولغا قويغانلىق، بايغا ئاجىز كەمبەغەلنىڭ پۇل ـ مېلىنى ئارتۇق ئېلىۋېلىشقا يول قويغانلىق بولىدۇ ـ دە، بۇ ئىش رەھىمدىللىككە زىت كېلىدۇ[1]. (مانا بۇ ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى كۆزلەش).

---

[1] ـ فەخرۇررازى تەفسىيرى،7 ـ توم.

www.munber.org

بۇنىڭ مەنىسى: جازانىدە كۈچلۈكنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئاجىزنىڭ سۆيىنى سىقىپ چىقىرىش دېگەندەك ئىللەت بار بولۇپ، جازانىنىڭ نەتىجىسى: باي تېخىمۇ بەك بېيىپ، كەمبەغەل تېخىمۇ بەك كەمبەغەللىشىشتۇر. بۇ ئەھۋال جەمئىيەتتىكى بىر تەبىقىنىڭ باشقا بىر ياكى بىر قانچە تەبىقىلەرنىڭ قان تەرى بەدىلىگە بودىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، جەمئىيەتتە ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەت تەبىقىلىرى ئوتتۇرىدا ئۆزئارا سىنىپىي كۆرەش ئوتىنى ياقىدۇ. ھەرتۈرلۈك قارىغۇلارچە ئىنقىلاب ۋە بۇزۇق پىكىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يېقىنقى تارىخمۇ جازانە ۋە جازانىخورلارنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، يەرلىك ۋە خەلقئارا تىنچلىققا نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

## ئۆسۈم يېگۈزگۈچى ۋە جازانە كېلىشىمنى يازغۇچى

ئۆسۈم يېگۈچى ـ پۇل ـ مېلىنى قەرز ئالغۇچىغا بېرىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق ئادەم ئاللاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە شەكسىز مەلئۇندۇر. لېكىن ئىسلام ئۆزىنىڭ ھارام قىلىشتىكى قائىدىسى بويىچە بۇ جىنايەتنى ئۆسۈم يېگۈچىگىلا قارىتىپ قويماي، بەلكى ئۆسۈم يېگۈزگۈچىنىمۇ يەنى باشقىلاردىن ئالغان قەرزگە ئۆسۈم بېرىدىغاننىمۇ، ئۆسۈم كېلىشىمنى يازغۇچىنىمۇ ۋە ئۆسۈم كېلىشىمگە گۇۋاھ بولغۇچىلارنىمۇ بۇ جىنايەت گۇناھىغا شېرىك دەپ قارىدى.

www.munber.org

ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئاللاھ تائالا ئۆسۈم يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىغا ۋە ئۇنى يازغۇچىغا لەنەت قىلغاندۇر»[1].

ئەگەر ئۆسۈم بەرگۈچى پەۋقۇلئاددە جىددىي زۆرۈرەت تۈپەيلىدىن ئۆسۈم بىلەن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان بولسا، تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلسا، جازانىنىڭ گۇناھى پەقەتلا ئۆسۈم ئالغۇچىغا، گۇۋاھچىغا ۋە يازغۇچىغىلا بولىدۇ، قەرز ئالغۇچىغا بولمايدۇ:

1 ـ ئېھتىياج ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان تولۇقلىغۇچى ئېھتىياج بولماستىن، ھەقىقىي زۆرۈر ئېھتىياج بولىشى شەرت. زۆرۈر ئېھتىياج دېگىنىمىز ـ ئەگەر قەرز ئالمىسا ھالاكەتكە چۈشۈپ قالىدىغان، ئوزۇق ـ تۈلۈك، سوغۇقتىن ساقلايدىغان كىيىم ـ كېچەك، يېقىلغۇ ۋە دورا قاتارلىقلاردەك ھاياتىغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالمىسا باشقا ھېچقانداق يول بىلەن قامدىيالماسلىق ھالىتىدىكى مۇھتاجلىقتۇر. ئەمما پۇلنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇش ياكى تىجارەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش بولسا، بۇنداق زۆرۈر مۇھتاجلىق دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

2 ـ بۇنداق زۆرۈر ئەھۋالدا زۆرۈر بولغان مىقداردىن ئارتۇق قەرز ئالماسلىقى شەرت. مەسىلەن: توققۇز تەڭگە زۆرۈر ئېھتىياجى بولغان ئەھۋالدا ئون تەڭگىنى ئۆسۈم بىلەن قەرز ئالسا، ئۆسۈم گۇناھى يەنىلا ئۆسۈم بەرگۈچىگىمۇ بولىدۇ.

3 ـ يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ ماددىي قىيىنچىلىقتىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن بارلىق يوللارنى مېڭىپ بولغان بولىشى شەرت.

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. تىرمىزى (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.

www.munber.org

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى ئۈنىڭغا ياردەم بېرىشى ۋاجىب. ناۋادا ئۆسۈم بىلەن قەرز ئېلىشتىن باشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ ئەھۋالغا لايىق قەرز ئالسا ئاللاھ كەچۈرىدۇ.

4 ـ بۇنداق مەجبۇر بولۇپ قالغاندا ئۆسۈملۈك قەرزنى ياقتۇرۇپ ئەمەس، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نەپرەت بىلدۈرۈپ ئېلىشى شەرت. شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى قىلىپ بېرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز تۇغرىسىدا ئاللاھدىن پاناھ تىلەيدۇ

مۇسۇلمان كىشى بىلىشى كېرەك بولغان ئىسلام ئەھكاملىرىدىن بىرى بولسا: ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلماننى تۇرمۇش ۋە كۈندىلىك ھاياتىدا ئوتتۇرا ھال بولۇشقا بۇيرىغانلىقىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

﴿ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾ [ئەنئام سۈرىسى141 ـ ئايەت]

﴿وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ۞ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾

﴿ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم مۆمىنلەردىن پۇل خەجلەشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلاردىن پەقەت پۇل ـ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا خەجلەشنى تەلەپ

www.munber.org

قىلغان. تاپقان پۇلىنىڭ بىر قىسمىنى خەجلىگەن كىشى ئادەتتە نامراتلىشىپ قالمايدۇ. بۇنداق ئوتتۇراھال بولۇش مۇسۇلماننى قەرز ئېلىشقا مۇھتاج قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قەرز ئېلىشنى مۇسۇلمان ئۈچۈن ياقتۇرمىغان. چۈنكى قەرز دېگەن، ئەركىن، ھۆر ئادەمنىڭ نەزىرىدە كېچىسى غەم، كۈندۈزى خارلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قەرز توغرىسىدا ئاللاھدىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم! قەرزگە بوغۇلۇپ كىشىلەرگە خار بولماسلىق ئۈچۈن سەندىن پاناھ تىلەيمەن»[1]. يەنە مۇنداق دېگەن: «كۇپۇر ۋە قەرز توغرىسىدا ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمەن» بىرسى ئۇنىڭدىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! كۇپۇر بىلەن قەرزنى بىر جۈپ دەپ قارامسەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋابەن: «ھەئە» دېگەن[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىزىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ! مەن گۇناھ ۋە قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىش توغرىسىدا سەندىن پاناھ تىلەيمەن» ئۇنىڭغا: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن بەك كۆپ پاناھ تىلەيدىكەنسەن» دېيىلگەندە، مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «ئادەم قەرزگە بوغۇلۇپ قالغاندا، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدىغان، ۋەدە قىلسا ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ»[3].

بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرزنىڭ ئەخلاققا بولغان خەۋپ - خەتىرىنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۆلۈكنىڭ قەرزنى ئادا قىلماي ياكى قەرزنى ئادا قىلغۇدەك پۇل - مال قويۇپ كەتمىگەن ئادەم

(1) ـ ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭغا جىنازا نامىزى ئوقۇمايتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى بۇنداق ئاقىۋەتتىن ئاگاھلاندۇراتتى. كېيىنچە قەرزنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ قەرزىنى جىھاد ئولجا ـ غەنىمەتلىرىدىن ئادا قىلىۋەتتى[1].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«شەھىدنىڭ قەرزىدىن باشقا ھەممە گۇناھى كەچۈرۈۋېتىلىدۇ»[2].

مانا بۇ يوليورۇقلارغا ئاساسەن، مۇسۇلمان كىشى قاتتىق ھاجىتى بولمىسا قەرز ئالماسلىقى، قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولغاندا چوقۇم ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن ئېلىشى كېرەك. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئادا قىلىش نىيىتى بىلەن قەرز ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئادا قىلىۋېتىدۇ، كىمكى قايتۇرۇپ بەرمەسلىك نىيىتىدە قەرز ئالسا، ئاللاھ ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ»[3].

ئەگەر موھتاج بولۇپ قالغان چاغدا ئالغان ئۆسۈمسىز قەرزنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولىدىغان بولسا، جازانە ئۆسۈملىرى بىلەن قەرز ئالسا ئەھۋال نېمە بولماقچى؟

## ئارتۇق باھادا نېسى سېتىش

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇسۇلمان كىشى بىر نەرسىنى نەق پۇل بىلەن سېتىۋالسىمۇ بولىدۇ ياكى رازىلىشىپ پۇلنى كېچىكتۈرۈپ بەرسىمۇ بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم ھەزرىتى جابىر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۆيىدىكىلەرگە بىر يەھۇدىيدىن نىسىگە ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ساۋۇتنى رەنىگە قويغان[1].

ئەگەر ساتقۇچى خۇددى بۈگۈنكى كۈنلەردە كۆپىنچە تىجارەتچىلەر قىلىۋاتقاندەك، كېچىكتۈرۈش سەۋەبىدىن باھانى ئاشۇرسا، بەزى فەقىھلەر زاماننىڭ مۇقابىلىگە مالنىڭ ئاۋۇشى جەھەتتىن جازانىگە ئوخشاپ قالغانلىقىغا ئاساسلىنىپ بۇنداق سودىنى ھارام دەپ قارىغان.

ئەمما ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى جائىز دەپ قارىغان. چۈنكى ھەرقانداق نەرسە ئەسلىدە ھالال بولىدۇ، ھارام دېيىلىشىگە بىر دەلىل يوق. ھەمدە بۇ سودا جازانىگە بەزى جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ ھەممە جەھەتتىن ئوخشاپ قالمايدۇ. ساتقۇچى بەزىبىر نەرسىنى كۆزدە تۇتۇپ باھانى ئاشۇرسا بولىدۇ. ئەمما باھا باشقىلاردىن ئورۇنسىز پايدىلىنىۋېلىش ۋە ئېنىق زۇلۇم قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىدە ئاشۇرۇلسا، باھانى ئاشۇرۇش ھارام بولىدۇ.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «ھەنەفىيلەر ۋە شافىئىيلەر، زەيد ئىبنى ئەلى[2]، ئەلمۇئەييىد بىللاھ[3] ۋە ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى جائىزلىقىنى بىلدۈرىدىغان دەلىللەرنىڭ ئومۇمىغا ئاساسەن بۇ سودىنى جائىز دەپ قارىغان، دەلىللەر بۇنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ»[4].

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) ـ **زەيد ئىبنى ئەلى** ئىبنى ھۈسەين ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كاتتا ئالىم ۋە زەيدىييە مەزھىبىنىڭ ئىمامى، ھـ 120 ـ ياكى 121 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(3) ـ **ئەلمۇئەييىد بىللاھ:** ئەھمەد ئىبنى ئەلھۈسەين ئىبنى ھارۇن، ئەھلى بەيتكە مەنسۇپ، زەيدىييە مەزھىبى ئالىملىرىدىن. ھـ 411 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(4) ـ (نەيلۇل ئەۋتار)، 5 ـ توم، 153 ـ بەتكە قاراڭ. ئىمام شەۋكانى يەنە مۇنداق دەيدۇ: "بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئايرىم بىر رىسالە تۈزۈپ، ئۇنى تولۇق دەلىللەر بىلەن تەتقىقلاپ چىقتۇق. رىسالىنىڭ ئىسمى: (شفاء العلل فى حكم زيادة الثمن لمجرد الأجل).

www.munber.org

## مالغا ئالدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويۇش

يۇقىرىقى مەسىلىنىڭ ئەكسىچە، مۇسۇلمان كىشى مالنىڭ پۇلىنى نەق بېرىپ، مالنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن تاپشۇرىۋالسىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىسلام فىقھىدا (سەلەم) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ، مەدىنىدە بولۇپ كەلگەن بىر خىل سودا مۇئامىلىسى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مۇئامىلىلەردىكى تۈزۈمىگە ئۇيغۇن قىلىش ئۈچۈن بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزۈپ ئۇنىڭغا بىر قانچە شەرتلەرنى بەلگىلىگەن.

ھەزرىتى ئىبنى ئاببااس مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ مېۋىلەرگە بىر يىل ياكى ئىككى يىل بۇرۇن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويۇپ سودا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مالغا ئالدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن، كەمچەننى ئېنىق، ئېغىرلىقنى ئېنىق ۋە مالنى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىتنى ئېنىق بەلگىلەپ پۇل ئۆتكۈزسۇن»[1].

كەمچەندە، ئېغىرلىقتا ۋە مۇددەتتە مۇشۇنداق بەلگىلىۋېلىش بولسا، سودىدا نامەلۇملۇق ۋە تالاش ـ تارتىش بولمايدۇ.

مەدىنىلىكلەر يەنە مۇئەييەن دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىگە ئالدىن پۇل ئۆتكۈزۈپ قويۇشاتتى، بۇنداق سودىلاردا نامەلۇملۇق بولغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن توستى، چۈنكى، ئاشۇ

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بەلگىلەنگەن دەرەخلەرگە ئاپەت تېگىپ قېلىپ، مېۋە بەرمەي قېلىشى مۇمكىن.

دېمەك: بۇنداق سودا ـ مۇئامىلىنىڭ ساغلام شەكلى: مۇئەييەن دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ياكى مۇئەييەن زېمىننىڭ بۇغدىيىنى دەپ شەرت قىلماي، مۇنچە كىلو ياكى مۇنچە چارەك دەپ ئۆلچەمنى شەرت قىلىپ سودىلىشىشتۇر.

ئەگەر بۇ كېلىشىمدە دېھقاندىن ئورۇنسىز پايدىلىنىۋېلىش بولۇپ قالسا، سودا بۇنداق ئەھۋالدا ھارام بولۇپ قالىدۇ.

## ئىش بىلەن دەسمايىنىڭ ھەمكارلىششى

بەزى كىشىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: «ئاللاھ تائالا تالانت ۋە ئىقتىدارنى ھىكمەت بىلەن مەلۇم مىقداردا تارقاتقان، كۆپىنچە ئەھۋالدا كىشىدە ئىقتىدار ۋە تەجرىبە بولغىنى بىلەن، قولىدا كۆپ پۇل بولمايدۇ ياكى پەقەتلا پۇلى يوق بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنە بىر كىشىدە كۆپ پۇل بولغىنى بىلەن تەجرىبىسى ئاز ياكى پەقەتلا تەجرىبىسىز بولىدۇ. ئۇنداقتا پۇل ئىگىسى تەجرىبە ئىگىسىگە پۇلنى بەرسە، پۇلنى ئىشلىتىپ پايدا تاپسا، پۇل ئىگىسى تەجرىبە ۋە كۈچ ئىگىسىدىن، تەجرىبە ۋە كۈچ ئىگىسى پۇل ئىگىسىدىن پايدىلانسا بولمامدۇ؟ بولۇپمۇ بەزى چوڭ ئىشلار كۆپ كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە كۈچ بىلەن ھەسسە قوشۇشىغا قاراپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئارتۇق كۆپ پۇلى بولغان بىلەن ئۇنى ئىشلىتىشكە ئىقتىدارى ياكى ۋاقتى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ پۇللار تەجرىبە ئىگىلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى چوڭ ئىشلاردا ئىشلىتىلسە بولمامدۇ؟

www.munber.org

جاۋاب: ئىسلام شەرىئىتى پۇل ئىگىسى بىلەن تەجرىبە ۋە كۈچ ئىگىسىنىڭ ھەمكارلىشىشىنى توسمىغان. لېكىن ئىسلام شەرىئىتى بۇ ھەمكارلىقنى ئادىل ۋە مۇستەھكەم ئۇل ئۈستىگە قۇرغان. ئەگەر پۇل ئىگىسى ئىش ئىگىسى بىلەن شېرىكلىككە رازى بولغان بولسا، بۇ شېرىكچىلىكنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى فەقىھلەر (مۇزارابە) ياكى (قىراز) دەپ ئاتىغان بۇنداق كېلىشىملەردە پايدا ئالغاندا پايدىغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شېرىك بولۇشىنى، زىيان تارتقاندىمۇ زىيانغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شېرىك بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ھەربىر تەرەپنىڭ ئالىدىغان پايدا ـ زىيىنى ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشىگە قاراپ بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار بىر تەرەپكە 50% ياكى 30% ياكى 25% ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بەلگىلەپ، قالغىنىنى يەنە بىر تەرەپكە بەلگىلىسە بولىدۇ. دېمەك: پۇل ئىگىسى بىلەن ئىش ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ئىككى تەڭتۇش شېرىكنىڭ ھەمكارلىقىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە پايدا ـ زىياندىن ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن مەلۇم پىرسەنت بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر پايدا تېپىلسا، پايدىنى بەلگىلەنگەن شەرت بويىچە بۆلۈشىدۇ. ناۋادا زىيان تارتىپ قالسا، تارتقان زىيان بۇرۇن تاپقان پايدىدىن چىقىرىلىدۇ. ناۋادا تارتقان زىيان چىققان پايدىنى يەپ كېتىپ پايدىدىن ئېشىپ چۈشسە، ياكى تېخى ھېچ پايدا ئالمىغان بولسا، ئېشىپ چۈشكەن مىقداردا زىيان دەسمايىگە بولىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى پۇل ئىگىسى پۇلىدىن بىر قىسمىنى زىيان تارتقان بولىدۇ. ئۇنىڭ شېرىكى بولغان كۈچ ئىگىسىمۇ ئاقتۇرغان تەرىنى ۋە سەرپ قىلغان كۈچىنى زىيان تارتقان بولىدۇ.

بۇنداق كېلىشىمدە ئىسلامنىڭ تۈزۈمى ئەنە شۇنداق. ئەمما، ھەسسىلەپ كۆپ پايدا بولسىمۇ ياكى قاتتىق ئېغىر زىيان بولسىمۇ ئاشمايدىغان ياكى كېمەيمەيدىغان تولۇق كاپالەتلىك پايدا بەلگىلەش بولسا، ئېنىق ئادىللىققا خىلاپلىق قىلغانلىق، كۈچ ئىگىسىگە قارشى پۇل ئىگىسىگە يان باسقانلىق، ھاياتنىڭ ئېلىپ ـ بېرىدىغان قانۇنىيىتى بىلەن كەجلەشكەنلىك، ھەمدە ھېچقانداق ئىش قىلماي ۋە ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقماي كەسكىن پايدىنى كۆزلەشكە قىزىقتۇرۇشنىڭ دەل ئۆزىدۇر. مانا بۇ مەينەت جازانىنىڭ روھىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زېمىن ئىگىسى بىلەن كۈچ ئىگىسى ئوتتۇرىدىكى تېرىقچىلىق كېلىشىمنى تۈزگەندە، كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە، مۇئەييەن بىر زېمىننىڭ ھوسۇلىنى ياكى ھوسۇلدىن بىر چارەك ياكى بىر تاغار دەپ مۇئەييەن بىر مىقدارنى بەلگىلەشنى چەكلىگەن[1]. چۈنكى بۇ، جازانىخورلۇققا ۋە قىمارۋازلىققا ئوخشاپ قالىدۇ. بەلكى، زېمىن شۇ بىرەيلەنگە بەلگىلەنگەن بىر چارەك ياكى بىر تاغاردىن باشقا ھوسۇل بەرمەسلىكى مۇمكىن. ياكى پەقەتلا ھوسۇل بەرمەسلىكىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا پۈتۈن پايدىمۇ بىرەيلەنگە، پۈتۈن زىيانمۇ بىرەيلەنگە بولغان بولىدۇ. مانا بۇنى ئادالەت قوبۇل قىلمايدۇ.

تېرىقچىلىق كېلىشىمنى بۇزۇۋېتىدىغان شەرتلەرنى ئېنىق چەكلىگەن يۇقىرىقى ھەدىس، مېنىڭ قارىشىمچە ئالىملارنىڭ پۇل بىلەن ئىش قىلىش كېلىشىمدە ئىككى تەرەپنىڭ بىرىگە ھەرقانداق

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئەھۋال ئاستىدا كاپىتالنىڭ پايدا بەلگىلەنمەسلىك شەرتىنى قويۇشقا بىردەك ئىتتىپاقلىشىشىنىڭ ئاساسىدۇر[1].

ئۇلارنىڭ قارىشىچە: بۇ يەردىكى پۇل ئىشلىتىش كېلىشىمى بىلەن، ئۇ يەردىكى تىرىقچىلىق كېلىشىمىنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى ئوخشاش. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە: ئەگەر بىرەيلەنگە مەلۇم مىقداردا پۇل بەلگىلىسە، بەلكى شۇ مىقداردىن ئارتۇق پايدا ئالالماي قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ تەرەپ پايدىنىڭ ھەممىنى ئالغان بولىدۇ. بەلكى پەقەت پايدا ئالالماسلىقىمۇ مۇمكىن... بەلكى ئىنتايىن كۆپ پايدا بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا مەلۇم مىقداردا پايدا بەلگىلىگەن كىشى زىيان تارتىپ قالىدۇ[2].

مانا بۇ، ھەرقانداق مۇئامىلىنى ئېنىق، مەھكەم ئادالەت ئۈستىگە قۇرىدىغان ئىسلام روھىغا مۇۋاپىقتۇر.

## دەسمايە ئىگىلىرىنىڭ شېرىكلىشىشى

مۇسۇلمان كىشى پۇل - مېلىنى خالىغان بىر ئىشقا سېلىپ پايدا ئالسا بولىدىغانلىقىدەك، پۇلنى باشقا بىر تەجرىبە ئىگىسىگە بېرىپ پۇل ئىشلىتىش كېلىشىمى بويىچە پايدا ئالسىمۇ بولىدۇ. تىجارەت، سانائەت ياكى ھەرقانداق ئىش - ئوقەتلەردە باشقا پۇل

---

[1] - دوكتۇر مۇھەممەد يۇسۇف مۇسا (ئىسلام ۋە ھازىرقى قىيىن مەسىلىلەر) دېگەن رىسالىسىدە شەيخ مۇھەممەد ئەبدۇھ بىلەن شەيخ ئابدۇل ۋاھھاب خاللافنىڭ: "فەقىھلەرنىڭ پۇل بىلەن ئىش قىلىش كېلىشىمىگە قويۇۋالغان بۇ شەرتىگە يا قۇرئاندىن ياكى سۈننەتتىن دەلىل يوق" دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىپ، ئۇ ئىككەيلەننىڭ قارىشىغا بىرقەدەر مايىل بولغان. لېكىن مېنىڭ قارىشىمچە: تىرىقچىلىق كېلىشىمىدە كەلگەن ھەدىس باشقا كېلىشىملەرنى قىياس قىلىشقا ئاساس بولالايدۇ. ۋاللاھۇ ئەئلەم.
[2] - (ئەلمۇغنى) 5 - توم، 34 - بەتكە قاراڭ.

ئىگىلىرى بىلەن شېرىكلىشىپ پايدا ئالسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى بەزى ئىشلار كۆپىنىڭ ئەقلىگە، كۆپىنىڭ كۈچىگە ۋە كۆپىنىڭ دەسمايىسىگە قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بىر كىشى يالغۇز كىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوَى﴾

﴿ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت]

شەخس ۋە جەمئىيەتكە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدىن يامانلىقنى توسىدىغان ھەرقانداق ئىش ئەگەر ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنسا، ياخشى ئىش ۋە تەقۋادارلىققا كىرىدۇ.

دېمەك: ئىسلام بۇنداق شېرىكلىشىپ قىلغان ئىشلارغا رۇخسەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىش ئاللاھ ھالال قىلغان دائىرە ئىچىدە بولۇپ جارانە، ئالدامچىلىق، زۇلۇم، تاماخورلۇق ۋە ھەرخىل خىيانەت قاتارلىق يامان ئىشلاردىن يىراقلا بولىدىكەن، ئىسلام بۇ ئىشنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭغا دۇنيادا ئاللاھنىڭ بەرىكىتى، ئاخىرەتتە ساۋابى ئاتا قىلىنىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

﴿شېرىكلەر بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا، ئاللاھنىڭ قولى ئۇلار بىلەن بىللە، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى شېرىكىگە خىيانەت قىلسا، ئاللاھ ئۇلاردىن قولىنى ئۈزىدۇ﴾[1].

ئاللاھنىڭ قولى: مۇۋەپپەق قىلىش، ياردەم بېرىش ۋە بەرىكەت بېرىشتىن كىنايىدۇر.

---

[1] ـ ئىمام دارىقۇتنى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىر ھەدىس قۇدسىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿ئىككى شېرىك بىر ـ بىرىگە خىيانەت قىلمىسىلا، مەن ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسىمەن (يەنى ئۇلارنىڭ مىلىغا بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ساقلايمەن)، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى شېرىكىگە خىيانەت قىلسا، مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتىمەن (يەنى بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىمەن)﴾[1].

بۇ ھەدىسنىڭ يەنە باشقا بىر رىۋايىتىدە كېلىشىچە:

«ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شەيتان كىرىدۇ» دېگەن[2].

## سۇغۇرتا شىركەتلىرى

يېڭى پەيدا بولغان مۇئامىلىلەر ئىچىدە (سۇغۇرتا شىركەتلىرى) دەپ ئاتالغان مۇئامىلە بار بولۇپ، بۇ مۇئامىلە: ھايات سۇغۇرتىسى ۋە ھادىسە ـ ئاپەتلەر سۇغۇرتىسى قاتارلىق بىرقانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ شىركەتلەرنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ئىسلام بۇنىڭغا قانداق قارايدۇ؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ تەبىئىتىگە، ھەمدە سۇغۇرتىغا قاتناشقان كىشى بىلەن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى. ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق سوئال قويۇپ باقايلى: سۇغۇرتا شىركىتىدە سۇغۇرتىغا قاتناشقان كىشى سۇغۇرتا شىركىتىگە قاتناشقان بولامدۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولىدىغان

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان، ھاكىم (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[2] ـ بۇ قوشۇمچىنى رەزىن جامىئىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولسا، ئىسلام كۆرسەتمىلىرى بويىچە سۇغۇرتىغا قاتناشقان ھەربىر كىشى پايدا ـ زىيان تۈزۈمىگە بوي سۇنۇشى كېرەك.

ھادىسە ـ ئاپەتلەرگە قارشى سۇغۇرتىدا سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى، بىر يىلدا مەلۇم مىقداردا پۇل تۆلەيدۇ. ئەگەر سۇغۇرتا قىلغان دۇكان، زاۋۇت ـ كارخانا، ماشىنا قاتارلىقلار ھادىسە ـ ئاپەتكە ئۇچرىماي سالامەت قالسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەنگەن پۇلنىڭ ھەممىگە ئىگە بولغان بولىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن ھېچنەرسە قايتۇرۇلمايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا بىر ھادىسە ياكى ئاپەت يۈز بەرسە، كېلىشكەن مىقداردا تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ مۇئامىلە تىجارەت ۋە ئۆزئارا شېرىكلىشىش تەبىئىتىدىن ئىنتايىن يىراقتۇر.

ھايات سۇغۇرتىسىغا كەلسەك، ئەگەر 2000 دوللەر مىقدارىدىكى بىر ھايات سۇغۇرتىسى بار دەپ قارىساق، بۇنىڭغا قاتناشماقچى بولغان بىر كىشى بىرىنچى قېتىملىق سۇغۇرتىغا قاتنىشىش پۇلىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇ كىشى 2000 دوللەرنى تولۇق ئېلىشقا ھەقلىق بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئۇ تىجارەت شېرىكى بولغان بولسا، ئۆز پۇلى بىلەن پۇلنىڭ پايدىسىدىن باشقا نەرسىگە ھەقلىق بولمىغان بولاتتى.

بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى سۇغۇرتا شىركىتىگە بىر مۇددەت پۇل تۆلەپ بولغاندىن كېيىن بەدەل تۆلىيەلمەي قالسا ياكى سۇغۇرتىدىن چېكىنىشنى خالىسا، بۇرۇن تۆلەپ بولغان بەدەللىرىنىڭ ھەممىنى ياكى كۆپ بىر قىسمىنى زىيان تارتقان بولىدۇ. دېمەك: بۇنداق كېلىشىم ئاز دېگەندە بۇزۇق شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىمدىن ئىبارەت بولىدۇ.

«سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى ئۆزئارا رازى بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ»

www.munber.org

دېگەندەك سۆزلەرنىڭ پەقەت قىممىتى يوق. چۈنكى جازانىدە، ئۆسۈم يېگۈچى بىلەن ئۆسۈم تۆلىگۈچى ھەر ئىككىيلەن رازىلىشىدۇ. قىمار ئويۇنىغۇچىلارمۇ رازىلاشقان ھالەتتە ئوينايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلىلىرى يالغۇز بىر تەرەپنىڭلا پايدىسى، ياكى زۇلۇم ياكى باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئورۇنسىز يەۋېلىش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ رازىلىقى ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

دېمەك: ھەرقانداق مۇئامىلىدە ئاساس ـ ئادالەتتۇر. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش ھارامدۇر.

## سۇغۇرتا شىركەتلىرى ھەمكارلىشىش قۇرۇلمىلىرىمۇ؟

ئەگەر سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھېچقايسى جەھەتتىن شېرىك بىلەن شېرىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشىمىسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نېمە مۇناسىۋەتتى بولماقچى؟ بۇ ھەمكارلىشىش مۇناسىۋەتتىمۇ يا؟ ئۇنداق بولمىسا بۇ ئورۇنلار بىر گۇرۇپ ئىنسانە قىلغۇچىلار ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش مەقسىتىدە مەلۇم مىقداردا قاتنىدىغان ھەسسىگە تايىنىدىغان ھەمكارلىشىش قۇرۇلمىلىرىمۇ؟

لېكىن ھەرقانداق بىر جامائەت ئۆز ئەزالىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ساغلام ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن، بۇ مەقسەتتە توپلىنىدىغان پۇل ـ ماللارغا بىرقانچە شەرت قويۇلىدۇ:

1 ـ ھەربىر كىشى قېرىنداشلىق ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆز پۇلىدىن بىر كىشىلىك ھەسسىنى ئىئانە شەكلىدە بېرىشى،

www.munber.org

مۇشۇنداق توپلانغان پۇللاردىن مۇھتاجلارغا ياردەم قىلىنىشى كېرەك.

2 ـ ئەگەر توپلانغان بۇ مەبلەغنى ئىشقا سېلىپ كۆپەيتمەكچى بولغاندا، ئىسلام يول قويغان ھالال يوللار ئارقىلىقلا ئىشقا سېلىنىشى كېرەك.

3 ـ ھادىسىگە ئۇچراپ قالسا مەلۇم مىقداردا بىر مەبلەغ قايتۇرۇپ بېرىلىش شەرتى بىلەن بىرنەرسە ئىئانە قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن جامائەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇنىڭغا جامائەت پۇلىدىن زىياننىڭ ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئورنىنى تولۇقلايدىغان بىر مىقداردىكى مەبلەغ بېرىلىدۇ.

4 ـ ئىئانە دېگەن بەدەلسىز بېرىلگەن نەرسە ياكى ياردەمدۇر. ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىش ھارامدۇر. ئىئانە قىلىنسا بۇ ھەقتىكى شەرىئەت ھۆكمى رىئايە قىلىنىشى كېرەك[1].

بەزى ئىسلام ئەللىرىدە ھەمكارلىشىش جەمئىيەتلىرى مۇشۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق جەمئىيەتلەردە ھەركىشى ئىئانە تەرىقىدە ئايلىق بەدەل تۆلەيدۇ. ئەمما ئۇ، تۆلىگەن بەدەللىرىنى قايتۇرىۋالالمايدۇ ياكى ئۇنىڭدىن يېنىۋالالمايدۇ. ياكى بەدەل تۆلىگەندە ئاپەتكە ئۇچرىغاندا مەلۇم مىقداردا مەبلەغ قايتۇرۇپ ئېلىشنى شەرت قىلمايدۇ.

سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە بولۇپمۇ ھايات سۇغۇرتىسىغا يۇقىرىدىكى شەرتلەر ھېچقايسى جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى:

---

(1) ـ شەيخ مۇھەممەد غازالى: (ئىسلام ۋە سوتسىيالىزم مېتودلىرى)، 131 ـ بەتكە قاراڭ.

www.munber.org

1 ـ سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى شەخسلەر پۇلنى ئىئانە قىلىش مەقسىتىدە بەرمەيدۇ. پۇل تۆلىگەندە ئىئانە قىلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمايدۇ.

2 ـ سۇغۇرتا شىركەتلىرى قولىدىكى پۇل ـ مەبلەغلەرنى ھارام قىلىنغان جازانە ـ ئۆسۈم ئىشلىرىدا كۆپەيتىدۇ. مۇسۇلمان كىشى جازانە ئارىلاشقان ئىشقا قاتناشسا بولمايدۇ.

3 ـ سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى شەخس، شەرت قىلىنغان مۇددەت توشقاندىن كېيىن نەچچىگە بۆلەپ تۆلىگەن پۇلىنىڭ ھەممىنى ئېلىپلا قالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر مىقدار ئارتۇق پۇلنى قېتىپ ئالىدۇ، بۇ ئۆسۈم بولماي نېمە؟

ھەمدە سۇغۇرتا تۈزۈمىنىڭ ھەمكارلىشىش روھىغا زىت كېلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى بولسا: قول ئىلكىدە بار بايغا، مۇھتاج كەمبەغەلگە قارىغاندا كۆپرەك بېرىشتۇر. چۈنكى باي شەخس چوڭراق مەبلەغ بىلەن سۇغۇرتىغا قاتنىشىدۇ، شۇڭا ئۆلۈم ياكى ئاپەت يۈزبەرگەندە بايغا كەمبەغەلدىن كۆپرەك نىسۋە بېرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ھەمكارلىشىش دېگەن مۇھتاجغا باشقىلاردىن كۆپرەك بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

4 ـ كىمكى سۇغۇرتا كېلىشىمدىن يانماقچى بولسا، قايتۇرۇپ ئالىدىغان پۇلىنىڭ كۆپ قىسمى كېمەيتىلىدۇ، بۇ كېمەيتىش ئىسلام شەرىئىتىدە ئورۇنسىز كېمەيتىشتۇر.

مېنىڭچە: ئاپەتكە قارشى سۇغۇرتا كېلىشىمىگە بىرقانچە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇنى ئىسلامغا ئۇيغۇن مۇئامىلىلەرگە يېقىن بىر شەكىلگە كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ: (بەدەل ئېلىش شەرتى بىلەن ئىئانە قىلىش كېلىشىمى) بولۇپ، بۇ كېلىشىمگە قاتناشقۇچى شەخس شىركەتكە تۆلەيدىغان

www.munber.org

پۇلنى كېيىنچە بېشىغا كېلىدىغان بالايى ـ ئاپەتلەرنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن شىركەتتىن پۇل ئېلىش شەرتى بىلەن شىركەتكە ئىئانە قىلىدۇ. بۇنداق مۇئامىلە بەزى ئىسلام مەزھەبلىرىدە جائىزدۇر.

ناۋادا سۇغۇرتا كېلىشىمى ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىلسە، ھەممە شىركەتنىڭ بارلىق مۇئامىلىلىرى جازانە ـ ئۆسۈم ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولسا، بۇنداق كېلىشىم جائىزلىققا يۈزلىنىدۇ. ئەمما ھايات سۇغۇرتىسى مېنىڭچە، ئىسلام يول قويغان مۇئامىلىلەردىن خېلىلا يىراق.

## ئىسلام سۇغۇرتا تۈزۈمى

ئىسلامنىڭ بۈگۈنكى سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ ھازىرقى شەكلى ۋە ھازىرقى مۇئامىلىلىرىگە قارشى تۇرغانلىقى، ئىسلامنىڭ سۇغۇرتا قىلىش (ئامانلىققا كاپالەتلىك قىلىش) مەسىلىسىگە تۈپتىن قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىسلام ھازىرقى سۇغۇرتا تۈزۈمىگە مەزمۇن ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن قارشى كېلىدۇ. ئەمما، ئىسلامنىڭ مۇئامىلە تۈزۈمىگە زىت كەلمەيدىغان باشقىچە سۇغۇرتا قىلىش ئۇسۇللىرى تېپىلسا، بۇنداق ئەھۋالدا ئىسلام ئۇنى قوللاپ قارشى ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى، ئىسلام، ئىسلام دۆلىتىگە تەۋە بولغانلارنىڭ ئامانلىقىغا ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن كاپالەتلىك قىلغان. بۇنداق كاپالەتلىك قىلىش يا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە كاپالەتلىك قىلىشى ئارقىلىق ياكى ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت خەزىنىسى ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى، دۆلەت

www.munber.org

خەزىنىسى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بارلىق گەرەجدانلار ئۈچۈن ئومۇمىي سۇغۇرتا شىركىتىدۇر.

ئىسلام شەرىئىتىدە يەنە: شەخسلەرنى ئاپەت يۈز بەرگەندە ئامان قىلىش، ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ـ ئاپەتلەرنىڭ تەسىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى بار. بىر يۇقىرىدا بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشى باشقىلاردىن ياردەم سورىسا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق[1]. بۇنىڭغا ئاساسەن بىر شەخس بالايى ـ ئاپەتكە ئۇچرىسا، زىيانىنىڭ ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن ياردەم سورىسا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسلارنى ئامان قىلىش تۈزۈمىنى شۇ ھەدىستە ئېنىق كۆرۈۋالايمىز:

«مەن ھەربىر مۇسۇلمانغا ئۆزىدىن بەكراق ئىگە بولىمەن، كىمكى مال ـ دۇنيا قويۇپ كەتسە، مال ـ دۇنياسى ۋارىسلىرىغا قالىدۇ، كىمكى قەرز ياكى كىچىك بالىلىرىنى قويۇپ كەتسە ماڭا قالىدۇ، ئۇلارغا مانا مەن ئىگە»[2].

ئىسلام ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئامان قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن تۈزۈملىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولسا: زاكات بېرىلىدىغانلار قاتارىدىكى «قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلار» ئۇلۇشىدۇر. بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزنىڭ بەزىلىرى «قەرزگە بوغۇلۇپ قالغۇچى» دېگەن سۆزنى: ئۆيى كۆيۈپ كەتكەن ياكى پۇل ـ مېلىنى كەلكۈن ئاپىتى ۋەيران قىلىۋەتكەن ياكى تىجارىتىنى ئاپەت ۋەيران قىلغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش كىشى دەپ چۈشەندۈرگەن.

---

(1) ـ بۇ كىتابنىڭ ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە پۇل تېپىش بابىغا قاراڭ.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بەزى فەقىھلەر بۇنداق كىشىگە، بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ قەددىنى رۇسلىۋېلىشى ئۈچۈن زىيىنى نەچچە مىڭ بولسىمۇ زاكات پۇلىدىن بېرىلسە بولىدۇ دەپ قارىغان[1].

## زىرائەت زېمىندىن پايدىلىنىش

مۇسۇلمان كىشى تېرىلغۇ يەرگە ئىگە بولسا شەرىئەتكە ئۇيغۇن يوللار ئارقىلىق ئۇ زېمىندىن يا زىرائەت تېرىش ياكى جىرىم تىكىش ئارقىلىق ئوبدان پايدىلىنىشى كېرەك.

تېرىلغۇ يەرنى تېرىماي بىكارغا تاشلاپ قويۇش نېمەتنى بىكار قىلىۋەتكەنلىك ۋە مال - مۈلۈكنى زايا قىلىۋەتكەنلىك بولغانلىقتىن ئىسلام ئۇنى يامان كۆرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن توسقان.

تېرىلغۇ يەر ئىگىسى يېرىدىن بىرقانچە شەكىلدە پايدىلىنىدۇ.

## تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇللىرى

<u>بىرىنچى ئۇسۇل</u>: يەردىن ئۆزى خەۋەر ئېلىپ زىرائەت تېرىپ تاكى مېۋە - ھوسۇل بەرگەنگە قەدەر ئۆزى سۇغۇرۇپ ئۆزى پەرۋىش قىلىش. بۇ ياخشى بىر ئىش بولۇپ، تىكىلگەن كۆچەت، تېرىلغان زىرائەتتىن ھەرقانداق بىر ئىنسان ياكى ھايۋان ياكى ئۇچارقۇشلار پايدىلىنىپلا قالسا، ئىگىسىگە ئاللاھ ساۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر

---

[1] - بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇمات ئۈچۈن بىزنىڭ (فىقھۇززاكات) ناملىق كىتابىمىزنىڭ ”ئەلغارىمۇن“ يەنى ”قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلار“ بابىغا قاراڭ.

www.munber.org

ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئەنسارلارنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىرىنى ئۆزلىرى تېرىيتتى.

ئىككىنچى ئۇسۇل: يەرنى ئۆز ئىگىسى تېرىيالمايدىغان بولۇپ قالسا، باشقىلارغا ئۆزىنىڭ سايمان، ئۇرۇق ۋە ياردەمچىلىرى بىلەن تېرىپ پايدىلىنىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرۇپ، تېرىۋالغۇچىدىن ھېچقانداق بىرنەرسە ئالماسلىق. بۇ يولسا ئىسلام تەرغىب قىلغان ياخشى بىر ئىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تېرىلغۇ يېرى بار ئادەم ئۇنى تېرىسۇن ياكى ئۇنى قېرىندىشىغا تېرىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىپ تۇرسۇن»[1].

يەنە بىر ھەدىستە ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا بىر مىقدار ھوسۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى بېرىپ يەرنى باشقىلارغا تېرىتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە مۇنداق دېدى: «كىمنىڭ يېرى بولسا ئۇنى ئۆزى تېرىيالىسا تېرىسۇن، بولمىسا قېرىندىشىغا بېرىپ تۇرسۇن، بولمىسا ئۇنى تاشلاپ قويسۇن»[2].

دەسلەپكى دەۋردىكى بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنىڭ تاشقىرىدىن كۆرۈنگەن مەنىسىگە ئاساسەن: «زېمىندىن پايدىلىنىش پەقەت مۇشۇ ئىككى خىل يول ئارقىلىقلا بولىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «ئۇنى يا ئۆزى تېرىشى ياكى ئۇنى تېرىپ پايدىلىنىۋالىدىغان كىشىلەرگە بەدەلسىز بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. باشقىلارغا بېرىپ تۇرغاندا، يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئۆز ئىگىسىگە، ھوسۇل ـ مېۋىسى تېرىغۇچىغا بولىدۇ».

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىمام ئىبنى ھەزم رىۋايەت قىلىشىچە: ئىمام ئەۋزائى مۇنداق دېگەن: «ئەتا، مەكھۇل[1]، مۇجاھىد ۋە ھەسەن ئەلبەسرى قاتارلىقلار مۇنداق دەپ قارايتتى: ئاق يەر تەڭگە ياكى تىللا بىلەن ئىجارىگە بېرىلمەيدۇ. ھوسۇلنى ئۈلەشمەك كېلىشىمى بىلەنمۇ باشقىلارغا بېرىپ تېرىلمايدۇ. پەقەتلا ئۆزى يا ئىگىسى تېرىيدۇ ياكى باشقىلارغا بىكارغا بېرىپ تۆرىدۇ».

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباستىن: «بۇ ھەدىستىكى: «باشقىلارغا بىكارغا بېرىپ تۆرسۇن» دېگەن بۇيرۇق بېرىپ تۆرۈشنىڭ ۋاجىبلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ پەقەتلا بېرىپ تۆرۈشنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ قارىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. چۈنكى ئىمام بۇخارى ئەمرۇ ئىبنى دىنار[2] دىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن (ئىبنى ئابباسنىڭ كاتتا شاگىرتلىرىدىن) تاۋۇس[3] قا: «ئىش ھەققى بېرىپ يەر تېرىتقۇزمىغان بولساڭ! چۈنكى ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى چەكلىگەن دېيىشىۋاتىدۇ» دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ تاۋۇس ماڭا: «ئۇلارنىڭ ئەڭ بىلىملىكى (ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنى دېمەكچى) ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنى چەكلىمىگەنلىكىنى، ھەمدە «قېرىندىشىڭلاردىن مەلۇم مىقداردا ھوسۇل تەلەپ قىلغاندىن، يېرىڭلارنى بىكارغا بېرىپ تۆرغىنىڭلار ياخشىراق» دېگەنلىكىنى ئېيتقان» دېدى»[4].

---

(1) ـ **مەكھۇل** ئىبنى ئەبى مۇسلىم ئەششامى، تابىئىي ۋە كاتتا فەقىھ. 112 ـ 118 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان ـ ت

(2) ـ **ئەمرۇ ئىبنى دىنار** ئەلمەككى، كاتتا تابىئىي ۋە زاماندىكى مەككىلىكلەرنىڭ مۇپتىسى. 125 ـ ياكى 126 ـ ھـ ۋاپات بولغان ـ ت.

(3) ـ **تاۋۇس**: زەكۋان ئىبنى كەيسان ئەليەمانى، تابىئىي ۋە كاتتا ئالىم. ھـ 106 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

(4) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# تېرىلغۇ يەردىن پايدىلىنىش كېلىشىمى

ئۈچىنچى ئۇسۇل: يەرنى ئىككىنچى بىر شەخسكە تېرىقچىلىق كېلىشىمى بويىچە تېرىشقا بېرىشتۇر. بۇ كېلىشىم بويىچە: ئىككىنچى شەخس يەرنى تېرىيدۇ، سۇغىرىدۇ ۋە پەرۋىش قىلىدۇ. يەردىن ھوسۇل ئالغاندا كېلىشىم بويىچە ھوسۇلنىڭ 50% نى يا 30% نى ياكى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ مەلۇم بىر پىرسەنتىنى ئالىدۇ. تېرىقچىلىقتا كېتەرلىك ئۇرۇق، سايمان ۋە ھايۋان قاتارلىقلارنى قايسى تەرەپ چىقىرىدىغان بولۇپ كېلىشكەن بولسا شۇ تەرەپ چىقىرىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئىسلام فىقھىدا: (يەر تېرىش كېلىشىمى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككى سەھىھ ھەدىس كىتابىدا كەلگەن بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئاھالىسى بىلەن، خەيبەر زېمىنىدىن چىقىدىغان زىرائەت ياكى مېۋە ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى ئۇلارغا بېرىش شەرتى بىلەن تېرىقچىلىق كېلىشىمى تۈزگەن» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

بۇ شەكىلدىكى تېرىقچىلىق كېلىشىمىنى جائىز دەپ قارىغانلار مۇشۇ ھەدىسكە تايىنىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: "بۇ توغرا ھەم مەشھۇر بىر مۇئامىلە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تا ۋاپات بولغىچە بۇ مۇئامىلىنى قىلغان، ئۇندىن كېيىن راشىد خەلىپىلەرمۇ تا ۋاپات بولغىچە مۇشۇ مۇئامىلىنى قىلغان، ئۇلاردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بۇ مۇئامىلىنى قىلغان، مەدىنىدە بۇ مۇئامىلىنى قىلمىغان بىرمۇ ئائىلە قالمىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن

www.munber.org

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلغان. بۇنداق ئۈزۈن داۋاملاشقان مۇئامىلە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا بولىدۇ. ئەمما، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر قىلىپ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىلىرى ئەمەل قىلسا، ھەممە بارلىق ساھابىلەر بۇنىڭغا بىردەك ماقۇل كېلىپ ئۇلاردىن بىرىمۇ بۇنىڭغا قارشى تۇرمىغان تۇرسا، بۇ مۇئامىلە قانداقمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلسۇن؟ ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىلا بۇ ئىش بىكار قىلىنغان بولسا، ئۇنى بىكار قىلغاندىن كېيىن قانداقسىگە يەنە ئۇنى قىلغان؟ خەيبەردە كېلىشىم تۈزۈلگەنلىك ۋەقەسى شۇنداق مەشھۇر ۋەقە تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى قانداق بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرىگە يەتمەي قالغان؟ بۇ مۇئامىلىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان كىشى ئۇلارغا بۇنى ئېيتماي نەگە كەتكەن؟[1].

## تىرىقچىلىقتىكى بۇزۇق كېلىشىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا يەنە بىر خىل تىرىقچىلىق كېلىشىمى بولۇپ، بۇ كېلىشىمدە تالاش ـ تارتىشقا سەۋەب بولىدىغان نامەلۇملۇق ۋە قاراڭغۇلۇق بولغانلىقتىن، ھەممە ئىسلام ھەممە ساھەلەردە رىئايە قىلىدىغان ئادالەت روھىغا خىلاپلىق قىلىش بولغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى بۇنداق مۇئامىلىنى قىلىشتىن توسقان.

[1] ـ ئىمام ئىبنى قۇدامە: (ئەلمۇغنى)، 5 ـ توم، 384 ـ بەت.

www.munber.org

بۇ كېلىشىمدە: زېمىن ئىگىسى يەرنى تېرىغۇچىغا شەرت قويۇپ ئۇنىڭغا: «ماۋۇ يەرنىڭ ھوسۇلىنى مەن ئالىمەن، ياكى ماۋۇ تەرەپنىڭ ھوسۇلىنى مەن ئالىمەن ياكى ھوسۇلنىڭ مەلۇم مىقدارىنى ئالىمەن، مەسىلەن: بەش چارەك ياكى بەش تاغار دېگەندەك بەلگىلەنگەن مىقدارىنى مەن ئالىمەن، قالغىنى ساڭا بولىدۇ، ياكى قالغىنىنى تەڭ ئۈلىشىمىز» دەيتتى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادالەتنىڭ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ھەممە ھوسۇلدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ شېرىك بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغان. ئەگەر بىر تەرەپكە مۇئەييەن نىسىۋە بەلگىلەنگەن تەقدىردە، زېمىن شۇ بەلگىلەنگەن مىقداردىن باشقا ئارتۇق ھوسۇل بەرمەي قالسا، ئۇ چاغدا بۇ تەرەپ پۈتۈن ھوسۇلنى ئالغان بولىدۇ، ئىككىنچى تەرەپكە ھېچنەرسە قالمايدۇ. ئەگەر ماۋۇ بەش مونىڭ ھوسۇلىنى مەن ئالىمەن، قالغىنى ساڭا بولسۇن دېگەن بولسا، بۇ بەش مودىن ھوسۇل چىقماي قېلىپ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي قالىدۇ. ئىككىنچى تەرەپ قالغان يەرلەردىن چىققان بارلىق ھوسۇلغا ئىگە بولىدۇ. ئۇنداقتا ھەر ئىككى تەرەپ پىرسەنت بويىچە كېلىشىپ، ھوسۇلدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. ناۋادا ھوسۇل كۆپ چىقسا بۇنىڭدىن ھەر ئىككى تەرەپ بەھرىمەن بولىدۇ، ئاز چىقسا بۇنىڭدىن ھەر ئىككى تەرەپ زىيان تارتىدۇ، ناۋادا ھېچقانداق ھوسۇل چىقمىسا، زىياننى ھەر ئىككى تەرەپ تارتقان بولىدۇ. بۇنداق كېلىشىم ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

ئىمام بۇخارىنىڭ ئېيتىشىچە: ھەزرىتى رافى ئىبنى خادىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز مەدىنىدە ئەڭ كۆپ يەر ئىگىسى ئىدۇق، بىز بىر تەرەپنىڭ ھوسۇلىنى يەر ئىگىسى ئېلىش شەرتى بىلەن يەرنى ئىجارىگە بېرەتتۇق، بەلكى بەزىدە يەر

ئىگىسىگە بەلگىلەنگەن زېمىندىن ھوسۇل چىقماي، قالغان يەردىن چىقىپ قالاتتى، ياكى ھەممە يەردىن چىقماي پەقەت يەر ئىگىسىگىلا بەلگىلەنگەن يەردىن ھوسۇل چىقىپ قالاتتى. شۇڭا بۇنىڭدىن چەكلەندۇق».

ئىمام مۇسلىم ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

«كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئېرىق - ئۆستەڭنىڭ باش - ئايىغىدا ۋە قىرغاقلىرىدا ئۆسكەن نەرسىلەرگە ۋە مۇنچە چارەك دېگەندەك مەلۇم مىقدار ھوسۇلغا يەرنى ئىجارىگە بېرىشەتتى، بەزىدە ماۋۇ ساق قېلىپ ئاۋۇ ۋەيران بولاتتى، ياكى ئاۋۇ ساق قېلىپ ماۋۇ ۋەيران بولاتتى. كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا شەكىلدە ئىجارىگە بېرىدىغان ئۇسۇلى يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىن يەرنى ئىجارىگە بېرىش چەكلەنگەن».

ئىمام بۇخارىنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر تېرىلغۇ يەرلىرىڭلارنى قانداق قىلىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلەر: «بىز يەرلىرىمىزنى چىققان خورما ياكى ئارپىنىڭ تۆتتىن بىرى بىلەن بىللە بىر قانچە تاغارغا كېلىشىپ ئىجارىگە بېرىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئۇنداق قىلماڭلار» دېگەن.

بۇنىڭ مەنىسى: ئۇلار ئالدى بىلەن مەلۇم ئۆلچەمدە مەسىلەن: بىر تاغار ياكى ئىككى تاغار ھوسۇلنى ئېلىشنى بەلگىلەپ، ئۇندىن كېيىن قالغىنىنى پىرسەنتلەشتۈرۈپ ئۈلۈشىشنى كېلىشەتتى. مەسىلەن: ساڭا 25% ماڭا 75% دېگەندەك.

بۇنداق مۇئامىلىنى چەكلەشتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمئىيەتتە تولۇق ئادالەتنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا، ھەممە مۆمىنلەر جەمئىيىتىدىن ھەرقانداق جېدەل -

www.munber.org

ماجىرا ئۈزۈقلىرىنى يىراقلاشتۇرۇشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى. ھەزرىتى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە: «ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر زېمىن توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

«ئەگەر ھەمىشە مۇشۇنداق جېدەللىشىدىغان بولساڭلار بۇندىن كېيىن ئېتىزلىرىڭلارنى ئىجارىگە بەرمەڭلار» دېگەن»[1].

ئەسلىدە زېمىن ئىگىسى بىلەن يەرگە ئىشلىگۈچى بىر - بىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋاجىبتۇر. مەسىلەن: زېمىن ئىگىسى ھوسۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالمەن دەپ تۇرىۋالماسلىقى، ئىشلىگۈچىمۇ زېمىن ئىگىسىنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىقى كېرەك. شۇڭا ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېرىقچىلىق كېلىشىمىنى چەكلىمىگەن، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنى بىر - بىرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرىغان»[2].

مانا بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى تاۋۇسقا: «بۇ تېرىقچىلىق ئىشىنى قىلمىغان بولساڭ! چۈنكى ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى چەكلىگەن دېيىشىۋاتىدۇ» دېيىلگەندە، ئۇ: «مەن ئۇلارغا ياردەم قىلىۋاتىمەن ھەم بېرىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن[3].

دېمەك: ئۇنىڭ مەقسىتى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئاچ قېلىشىغا قارىماي زېمىندىن ھوسۇل ئېلىشلا بولماستىن، ئۇلارغا ياردەم

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلىپ، (سەھىھ) دەپ باھا بەرگەن.
[3] ـ ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. مانا مۇسۇلمان جەمئىيەت دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك.

بەلكى بەزى زېمىن ئىگىلىرى زېمىنلىرىنى تويماس نەپسىلىرىنى تويغۇزالمايدىغان يوقىلاڭ بىر نەرسىگە ئىجارىگە بېرىپ ئەۋارە بولۇشىنىڭ ئورنىغا يەرلىرىنى يا تېرىماي ياكى باغ بەرپا قىلماي بىكار تاشلاپ قويۇشىنى ئەۋزەل كۆرۈشى مۇمكىن، شۇڭا ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز ئۆز خىلاپىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا: "يەرنى ھوسۇلنىڭ تۆتتەن بىرىگە ياكى ئۈچنىڭ بىرىگە ياكى بەشنىڭ بىرىگە... ياكى ئوندىن بىرىگە ئىجارىگە بېرىڭلار، ھەرگىز ئۇنى تېرىماي خاراب قىلىپ تاشلاپ قويماڭلار" دەپ بۇيرىغان.

## تېرىلغۇ يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىش

<u>تۆتىنچى ئۇسۇل</u>: يەرنى مەلۇم مىقداردا پۇل مۇقابىلىگە تېرىۋالغۇچىغا ئىجارىگە بېرىشتۇر. بۇ ئۇسۇلنى كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملار بەزى ھەدىسلەرگە تايىنىپ جائىز دەپ قارىغان. باشقىلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرنى كىراغا بېرىشنى چەكلىگەنلىكى ھەققىدىكى سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلىنىپ ئۇنى چەكلەنگەن ئىش دەپ قارىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىننى كىراغا بېرىشنى چەكلىگەنلىكىنى بەدر غازىتىغا قاتناشقان ئىككى مويسىپىت ساھابە، يەنە ھەزرىتى رافى ئىبنى خادىج، جابىر، ئەبۇ سەئىيد، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رىۋايەت قىلغان[1].

---

[1] ـ (ئەلمۇھەللا)، 8 ـ توم، 212 ـ بەت.

www.munber.org

يەرنى كىراغا بېرىش چەكلىمىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرلىكلەر بىلەن تېرىقچىلىق كېلىشىمى تۈزگەنلىكى ھەمدە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ راشىد خەلىپىلىرى زامانىدا شۇ كېلىشىم داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، پەقەت تېرىقچىلىق كېلىشىمىلا مۇستەسنا قىلىنغان.

بۇ مەسىلىگە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، ئىمام ئىبنى ھەزمنىڭ ئېيتقىنى توغرا چىقىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنىلىكلەر يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىشەتتى. يەرلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىمۇ ۋە پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىنمۇ ئىجارىگە بېرىلىپ كەلگەنلىكىدە شەك يوق، كېيىن بىرقانچە ساھابىلاردىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىننى كىراغا بېرىشتىن ئومۇمەن توسقانلىقى» ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن يەرنى ئىجارىگە بېرىش كەسكىن چەكلەندى. كىمكى كەسكىن چەكلەنگەن ئىشقا قايتا رۇخسەت قىلىندى، ھەمدە بۇ چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى دەيدىكەن، ئۇ يالغانچى دەپ قارىلىدۇ. پەقەتلا زېمىننى، چىقىدىغان ھوسۇلنىڭ 25% ياكى 30% دېگەندەك ئوخشاش ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە بېرىشكە بولىدىغانلىقىغا دەلىل بار. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىننى ئىجارىگە بېرىشنى چەكلىگەندىن كېيىن بىر قانچە يىللار ئۆتكەندە خەيبەر زېمىننى شۇنداق ئىجارىگە بەرگەنلىكى، ھەمدە ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ كېلىشىم بويىچە ئىش قىلغانلىقىدۇر»[1].

دەسلەپكى دەۋردىكى ئالىملاردىن بىر گورۇپ مۇشۇ قاراشتا بولغان. مەسىلەن: ئۇلۇغ تابىئىي ۋە يەمەن ئالىمى تاۋۇس يەر -

[1] - (ئەلمۇھەللا)، 8 - توم، 224 - بەت.

www.munber.org

زىمىننى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىجارىگە بېرىشنى يامان كۆرەتتى، ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە بېرىشنى مەيلى دەپ قارايتتى. ئۇنىڭغا بەزىلەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىمىننى ئىجارىگە بېرىشتىن توسقان» دەپ داۋلى قويغاندا، ئۇ: «مۇئاز ئىبنى جەبەل (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەمەنگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى) كېلىپ بىزگە تېرىلغۇ يەرلەرنى چىقىدىغان ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرىگە ئىجارىگە بەردى. بىز شۇڭا تا بۈگۈنگە قەدەر شۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىمىز» دېگەن. بۇ سۆزدىن ئۇ، يەرنى پۇل بىلەن ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەنگەن دەپ قاراپ، ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە بېرىشنى ھالال دەپ قارايدىغاندەك كۆرىنىدۇ.

بۇنداق قاراش مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرنىڭ نەۋرىسى ئەلقاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: يەرنى ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى تۆتتىن بىرى ياكى ئوندىن بىرىنى ئېلىشقا ئىجارىگە قويسا بولاۋېرىدۇ، يەر ئىگىسى ھېچقانداق چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە زىمىننى ئىجارىگە بېرىشتىن چەكلىگەنلىكىمۇ رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە تابىئىي ئالىملاردىن باشقا بىر گۇرۇپپىنىڭ زىمىننى ئىجارىگە بېرىشنى پۇل بىلەن بولسۇن ياكى ھوسۇلنىڭ بىر قىسمى بىلەن بولسۇن ئومۇمەن چەكلىگەنلىك رىۋايەت قىلىنغان. لېكىن ئۇلار ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا يەرنى ئىجارىگە بېرىشكە بولىدىغانلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرى ۋە ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ قىلغان ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكىتى ئىسپات بولىدىغانلىقىنى رەت قىلالمايدۇ. دېمەك: يەرنى ھوسۇلنىڭ بىر قىسمىغا ئىجارىگە بېرىش بىرىنچى ئەسىردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن قانۇنلۇق ئىش بولۇپ مۇئەييەنلەشكەن. ئەمما،

www.munber.org

زېمىننى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەش بولسا، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق چەكلەشتۇر.

## قىياس[1] تېرىلغۇ يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشنى چەكلەشنى تەقەززا قىلىدۇ

ئىسلام ئاساسلىرى ۋە ئۇنىڭ ئېنىق كەسكىن كۆرسەتمىلىرىگە توغرا قىياس قىلغاندا، تېرىلىدىغان ئاق يەرنى پۇلغا ئىجارىگە بېرىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زېمىننى چىقىدىغان ھوسۇلنىڭ بىر چارەك ياكى بىر تاغار دېگەندەك مۇئەييەن بىر قىسمىنى زېمىن ئىگىسىگە بەلگىلەپ ئىجارىگە بېرىشنى چەكلىگەن. پەقەتلا پىرسەنتلەشتۈرۈپ 25% ياكى 33% ياكى 50% دەپ مەلۇم پىرسەنتنى بەلگىلەپ ئىجارىگە بېرىشكە رۇخسەت قىلغان. بۇنداق بولۇشى ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پايدا ـ زىياندا تەڭ شېرىك بولۇشى ئۈچۈندۇر. چۈنكى پىرسەنتكە پۈتۈشكەندە، زىرائەتكە ئاپەت تەگمەي ھوسۇل بەرگەن تەقدىردە، ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئاپەت تېگىپ ھوسۇل چىقماي قالسىمۇ ھەر ئىككى تەرەپ زىياننى كۆتۈرۈشتە شېرىك بولغان بولىدۇ. ئەمما ئىككى تەرەپنىڭ ھەر بىرىگە ھەرقانداق ئەھۋال يۈز

---

[1] ـ **قىياس:** مۇجتەھىدنىڭ نەزىرىدە ھۆكمى مەلۇم بولمىغان بىر مەسىلىگە ھۆكۈم ئىللەتتە ئوخشاش بولغانلىقتىن باشقا بىر مەسىلىنىڭ ھۆكمىنى بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ تەرىقىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئىسلام شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ تۆت ئاساسىنىڭ تۆتىنچىسىدۇر. بۇ تۆت ئاساس: قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئىجمائ (يەنى بىر ئەسىردىكى بارلىق مۇجتەھىد ئالىملارنىڭ مەلۇم مەسىلىنىڭ شەرئىي ھۆكمىگە بىردەك ئىتتىپاقلىششى)، ۋە قىياس-ت.

www.munber.org

بىرىشىدىن قەتئىينەزەر مۇئەييەن بىر نەرسە بەلگىلىۋېلىش، ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ تۆككەن تەرىنىڭ ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشمەستىن بىكار ئېقىپ كېتىشىگە پەرۋا قىلماسلىق، جازانخورلۇق ۋە قىمارۋازلىقتا نېمىدېگەن ئوخشاش! زېمىننى پۇلغا ئىجارىگە بېرىشنى مۇشۇ ئاساستا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، جازانخورلۇق ۋە قىمارۋازلىق بىلەن بۇنداق چەكلەنگەن يەر تېرىش كېلىشىمى ئوتتۇرىدا ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ ئەلبەتتە. چۈنكى، زېمىن ئىگىسىنىڭ يېرىنى ئىجارىگە بېرىشتىن قولغا كېلىدىغان نېسىۋىسىنى ئېلىشى چوقۇم بىر ئىش، ئەمما ئىجارىگە ئالغۇچى بولسا، زېمىننىڭ ھوسۇل بېرىش ياكى بەرمەسلىكىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن پايدا ئېلىش ياكى زىيان تارتىشنى بىلمەيدۇ. دېمەك ئۇ، ئۆز كۈچى ۋە تەرى بىلەن قىمار ئوينىغۇچىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

2 ـ ئۆز ئىگىدارچىلىقىدىكى بىر نەرسىنى باشقا بىر كىشىگە ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى ئىجارە بېرىلگەن نەرسىنى ئىجارە ئالغۇچىغا تەييارلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان قىلىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھەمدە ئۇ نەرسىنىڭ ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئۇپرايدىغانلىقى ۋە قىممىتىنىڭ كېمىيىدىغانلىقى بەدىلىگە ئىجارە ھەققىنى ئېلىشقا لايىق بولىدۇ. ئۇنداقتا زېمىننى ئىجارىگە ئالغۇچىغا تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن زېمىن ئىگىسى نېمە قىلىپ بەرگەن؟ زېمىننى زىرائەت ئۆستۈرۈشكە يەر ئىگىسى ئەمەس ئاللاھ تەييارلاپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر، تېرىش بىلەن قانداق ئۇپراپ قالىدۇ؟ زېمىن دېگەن بىنا ۋە ئۈسكۈنىلەردەك ئۇپراپ كەتمەيدۇ.

3 ـ بىر كىشى ئۆي ئىجارىگە ئالسا ئۆيدە تۇرۇش ئارقىلىق ھېچقانداق توسالغۇسىز ئۇنىڭدىن بىۋاستە پايدىلىنالايدۇ.

www.munber.org

ئۈسكۈنە ئىجارىگە ئالسىمۇ شۇنداق پايدىلىنىدۇ. ئەمما تېرىلغۇ يەر ئىجارىگە ئالغاندا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى بىۋاستە ھەم كەسكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇ، يەرنى ئىجارىگە ئالسا ئۇنىڭدىن ئۆيدىن پايدىلانغاندەك پايدىلىنالمايدۇ. بەلكى ئۇ، بولىشى ناتايىن بىر پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەپ تەر ئاققۇزۇشى كېرەك. دېمەك: زېمىننى ئىجارىگە قويۇشنى ئۆينى ئىجارىگە قويۇشقا ئوخشۇتۇپ قىياس قىلىش توغرا قىياس قىلىش ئەمەس.

4 ـ سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىرائەت ۋە مېۋىلەرنى پىشمىغان چېغىدىلا تەبىئىي ئاپەتتىن ساق قالامدۇ ـ قالامدۇ مەلۇم بولماستىن، ئېتىزدا ۋە شېخىدا تۇرغۇزۇپ سېتىشنى چەكلىگەنلىكى ئىسپاتلانغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاۋادا ئاللاھ تائالا مېۋە ياكى ھوسۇل بەرمىسە، قېرىندىشىڭلارنىڭ پۇلىنى نېمىگە ئاساسەن ھالال قىلىپ ئالىسىلەر؟».

ئەگەر بۇ سۆز پىشىشقا يېقىنلىشىپ ئەمما ئاپەتتىن ساق قېلىشى كەسكىن بولمىغان مېۋىنى ساتقان ئادەمگە قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولسا، بىر كەتمەنمۇ چېپىپ باقمىغان، بىر دانە ئۇرۇقمۇ سېلىپ باقمىغان ئاق يەرنى باشقىلارغا پۇلغا ئىجارىگە بېرىدىغان ئادەمگە نېمە ئېيتىلىشى كېرەك؟ بۇ ئادەمگە: ئاللاھ تائالا مېۋە ـ ھوسۇل بەرمەي قالسا، قېرىندىشىڭنىڭ پۇلىنى نېمىگە ئاساسەن ھالال دەپ ئالىسەن؟ دەپ ئېيتىشى تېخىمۇ لايىق ئەمەسمۇ؟

مەن كېۋەزلىكلەرنى قۇرۇت يەپ بىكار قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. نەتىجىدە يەر ئىگىلىرى ئىجارە ھەققىنى تەلەپ قىلدى. ئىجارىگە ئالغۇچىلار بولسا ئىمزا قويغان كېلىشىم بويىچە

www.munber.org

ئىجارە ھەققىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭدىكى تەڭلىك قەيەردە؟ ئىسلام رىئايە قىلىدىغان ئادالەت بۇنىڭدا بارمۇ؟

ئادالەت چوقۇم، پايدا ـ زىيان ھەر ئىككى تەرەپكە بولىدىغان يەر تېرىش كېلىشىمى بىلەنلا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ[1].

ئىمام ئىبنى تەيمىيە تېرىلغۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىشنى جائىز دەپ قارىسىمۇ، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادالىتى ۋە پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغىنى تېرىقچىلىق كېلىشىمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «تېرىقچىلىق كېلىشىمى ئىجارىگە بەرگەندىن بەكراق ھالال، ھەمدە ئادالەت ۋە شەرىئەت ئاساسلىرىغا بەكراق يېقىندۇر. چۈنكى تېرىقچىلىق كېلىشىمىدە ئىككى تەرەپ پايدا ـ زىياننى تەڭ تارتىدۇ. ئەمما ئىجارىگە بەرگەندە، يەر ئىگىسى ئىجارە ھەققىنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئالىدۇ، ئىجارىگە ئالغۇچى بولسا، ھوسۇل يا ئالىدۇ يا ئالالمايدۇ»[2].

ئىمام ئىبنۇل قاييىم ئۆز دەۋرىدىكى ئەسكەر ۋە بەگلەرنىڭ دېھقانلارغا سالغان جەۋر ـ زۇلۇملىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا ئەسكەر ۋە بەگلەر دېھقانلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بەلگىلىگەن، راشىد خەلىپىلەر ئىجرا قىلغان تۈزۈم بويىچە مۇئامىلە قىلغان بولسا، قازانمۇ ياغ چۆمۈچمۇ ياغ بولۇپ ئۇلارغا ئاللاھ ئاسمان ـ زېمىننىڭ بەرىكىتىنى ئېچىۋەتكەن بولاتتى، زۇلۇم بىلەن ئالغان ھوسۇلنىڭ نەچچە ھەسسىسىنى ئالغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ نادانلىقى ۋە زالىملىقى گۇناھ ۋە زۇلۇمدىن باشقىنى قىلدۇرمىدى. نەتىجىدە، ئاخىرەتتە جازالىنىپلا قالماي، دۇنيادىمۇ بەرىكەتتىن مەھرۇم قىلىندى. ئەگەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى

---

[1] ـ بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ھەزم (ئەلمۇھەللا) 8 ـ تومدا، ئىمام ئىبنى تەيمىيە (ئەلقاۋائىدۇننۇرانىييە) دە، ۋە ئۇستاز ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى (ئىسلامدا يەر ئىگىدارچىلىقى) دا بايان قىلغان مەزمۇنغا قاراڭ.

[2] ـ ئىمام ئىبنى تەيمىيە: (ئەلھىسبەتۇ فىل ئىسلام)، 21 ـ بەت.

www.munber.org

بەلگىلىگەن، ساھابىلەر ئىجرا قىلغان، بىزنىڭ قىلىشىمىز كېرەك بولغان توغرا تۇزۇم قايسى؟ دەپ سورالسا، جاۋابى: يەر ئىگىسى ۋە يەر تېرىغۇچى تەڭ ئادالەتتىن بەھرىمەن بولالايدىغان، بىر تەرەپكە يان باسمايدىغان تېرىقچىلىق كېلىشىمىدۇر. ئەمەلىيەتتە يۇرتنى خاراب قىلىپ، كىشىلەرنى بۇزۇپ، بەرىكەت ۋە توقچىلىقنى توسۇپ، ھوقۇق ئىگىلىرىنى ھارام يېيىشكە يان بېسىش ۋە ناھەقچىلىق قىلىش سەۋەب بولغان.

بۇنداق ئادىل تېرىقچىلىق تۇزۇمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرى ۋە ئۇنىڭ راشىد خەلىپىلىرى دەۋرىدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشتۇر. مۇھاجىرلاردىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكىر جەمەتى، ئۆمەر جەمەتى، ئوسمان جەمەتى، ئەلى جەمەتى ۋە باشقا جەمەتلەر قىلىپ كەلگەن ئىشتۇر. يەنە بۇنى كاتتا ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد، ئۇبەي ئىبنى كەئب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە باشقىلار توغرا دەپ قارىغان. ھەمدە بۇ، ھەدىس ئالىملىرىدىن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيھ[1]، مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل ئەلبۇخارى، داۋۇد ئىبنى ئەلى[2]، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى خۇزەيمە[3]، ئەبۇ بەكىر ئىبنى ئەلمۇنزىر[4] ۋە مۇھەممەد ئىبنى نەسر ئەلمەرۋەزى[5] قاتارلىقلارنىڭ قارىشىدۇر. بۇ يەنە لەيس ئىبنى سەئد[6]، ئىبنى ئەبى لەيلا[7]، ئەبۇ يۇسۇف ۋە

---

[1] ـ **ئىسھاق** ئىبنى ئىبراھىم، ئىبنى راھۇۋەيھ دەپ تونۇلغان، ھەدىس ۋە فىقھىدا كاتتا ئىماملارنىڭ بىرى، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملەرنىڭ ئۇستازى. ھـ 237 ـ ياكى 238 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] ـ **داۋۇد** ئىبنى ئەلى ئىبنى خالەف، فىقھى ئىماملىرىنىڭ بىرى، زاھىرىي مەزھەبنىڭ ئاساسچىسى. ھـ 270 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[3] ـ **ئىبنى خۇزەيمە** دەپ تونۇلغان، كاتتا ھەدىسشۇناس ئالىم ۋە ئۆز زامانىدىكى نىيشاپۇرنىڭ ئىمامى. ھـ 311 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[4] ـ **ئىبنى ئەلمۇنزىر:** مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم. نىيشاپۇرلۇق مۇجتەھىد فەقىھ، فىقھىدا مىسلىسىز ئەسەرلەر قالدۇرغان. ھـ 319 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[5] ـ **ئەلمەرۋەزى**، فىقھىدا ۋە ھەدىستە يېتىشكەن ئىمام، ھـ 294 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[6] ـ **لەيس** ئىبنى سەئد ئەلمىسرى، تالانتلىق فىقھى ئىمامى. ھـ 175 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[7] ـ **ئىبنى ئەبى لەيلا**، زامانىدىكى كۇفە قازىسى ۋە كاتتا فەقىھ. ھـ 148 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

www.munber.org

مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ مەزھىبىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرلىكلەر بىلەن خەيبەر زېمىنىدىن چىقىدىغان مېۋە ۋە زىرائەت ھوسۇلىنىڭ يېرىمىنى ئېلىشقا كېلىشىم تۈزگەن. ۋاپات قىلغانغا قەدەر بۇ كېلىشىمگە ئەمەل قىلغان. بۇ كېلىشىم ھەزرىتى ئۆمەر يەھۇدىيلارنى خەيبەردىن چىقىرىۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشقان. بۇ كېلىشىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرنى گۈللەندۈرۈشكە كېتىدىغان چىقىم بىلەن چېچىلىدىغان ئۇرۇق چىقىمىنى خەيبەرلىكلەر كۆتىرىدۇ دەپ شەرتلەشكەن.

شۇڭا ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنىڭ توغرىسى: ئۇرۇقنى ئىككى تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالسا بولغىنىدەك، يەر تېرىغۇچى يالغۇز ئۆز ئۈستىگە ئالسىمۇ بولىدۇ دېگەن قاراشتۇر. ئىمام بۇخارى سەھىھىدە ئېيتىشىچە: "ھەزرىتى ئۆمەر كىشىلەر بىلەن ئۇرۇقنى ئۆمەر چىقارسا، ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ، ئەگەر ئۇرۇقنى يەر تېرىغۇچىلار چىقارسا، ئۇلار ھوسۇلنىڭ مۇنچىلىكىنى ئالىدۇ، يەنى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئالىدۇ دەپ تېرىقچىلىق كېلىشىمى تۈزگەن"[1].

تېرىقچىلىق كېلىشىمى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىدە يەر تېرىغۇچىنىڭ ھوسۇلنىڭ يېرىمىدىن ئاز ئالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، بەلكى بەزىلىرىدە يېرىمىدىن كۆپ ئالغانلىقى مەلۇم. شۇڭا يەر تېرىغۇچىنىڭ ئالىدىغان ھەسسىسى ھوسۇلنىڭ يېرىمىدىن ئاز بولماسلىقىغا كۆڭۈل خاتىرجەم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرىمۇ خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن شۇنداق مۇئامىلە

[1]ـ ئىمام ئىبنۇل قاييىم: (ئەتتۇرۇقۇلھۆكمىييە) 248ـ 250ـ بەتلەر.

www.munber.org

قىلغان[1]. شۇڭا قورۇق يەر ئىگىسىنىڭ نىسۋىسى ئىشلىگۈچىنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىشى تازا لايىق ئىش ئەمەس.

## ھايۋاناتلارنى بېقىشتا شېرىكلىشىش

بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا بولۇپمۇ يېزىلاردا بىر خىل مۇئامىلە بار بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى تەرەپ ھايۋاناتلارنى بېقىشتا شېرىكلىشىدۇ. بىر تەرەپ دەسمايىنىڭ ھەممىنى ياكى بىر قىسمىنى بەرسە، يەنە بىر تەرەپ ھايۋانلاردىن خەۋەر ئېلىپ باقىدۇ. كېيىن پايدىنى ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بۆلىشىۋالىدۇ.

بۇنداق شېركەتكە بولغان قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ شەكىللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىشىمىز زۆرۈر:

بىرىنچى شەكلى: كالا ـ موزايلارنى سەمرىتىش ئۈچۈن بېقىشتا شېرىكلىشىش ياكى كالا ـ گوموشلارنى سۈت چىقىرىش ئۈچۈن بېقىشقا شېرىكلىشىشتەك ئىككىلا تەرەپ پەقەتلا تىجارەت مەقسىتىدە شېرىكلىشىشتۇر.

ئەسلىدە بۇنىڭدا بىرىنچى تەرەپ پۇل چىقىرىشى، ئىككىنچى تەرەپ ئىش ۋە كۈچ چىقىرىشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ بېقىش ۋە پەرۋىش قىلىشتۇر. يەم ـ خەشەك قاتارلىقلارغا قىلغان چىقىمنى بىر تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالماستىن ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ كۆتىرىشى، مال سېتىلغاندا كەتكەن چىقىمنى مال سېتىلغان پۇلدىن

---

[1] ـ بۇ ھەقتە ئىمام ئىبنى ھەزم (ئەلمۇھەللا) دا، ئىمام ئىبنى تەيمىيە (ئەلقاۋائىدۇننۇرانىييە) دە ۋە ئۇستاز ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدى (ئىسلامدا يەر ئىگىدارچىلىقى) دا بايان قىلغان مەزمۇنغا قاراڭ.

www.munber.org

چىقىرىۋېتىپ، قالغان پايدىنى شەرتلەشكەن بويىچە ئۆزئارا ئۈلۈشۈۋېلىش كېرەك.

دېمەك: بىر تەرەپ چىقىمنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قىلغان چىقىم بەدىلىگە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىسە ئادىللىق بولمايدۇ.

ئىككىنچى شەكلى: بىر تەرەپ پۇل چىقىرىپ يەنە بىر تەرەپ بېقىپ پەرۋىش قىلىپ شېرىكلىشىش. لېكىن باقۇچى مالدىن چىقىدىغان سۈتتىن، ياكى مالنى تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىپ سۇغۇرۇش ۋە يەر ئاغدۇرۇش ئارقىلىق پايدىلىنىۋېلىش.

ئەگەر بېقىلغان مال سۈت چىقىدىغان ۋە ئىشلەتكىلى بولىدىغان چوڭراق ھايۋان بولسا، بۇ شەكىلدە مۇئامىلە قىلسا مەيلى. ئىككىنچى تەرەپ قىلغان چىقىم بىلەن پايدىلانغان سۈت ۋە ئىش تەڭلەشمەسلىكى راس، ھەمدە چىقارغان كۈچ بىلەن پايدىلىنىۋالغان نەرسىنىڭ دەل ئۆزۈل چىقىشمۇ ناتايىن، شۇڭا بۇنىڭدا بىر خىل قارالغۇلۇق بار، لېكىن بىز شەرىئەتتە بۇنىڭغا ئوخشىغان ئىشلاردا رۇخسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئازغىنە نامەلۇملۇقنى ئېتىبارغا ئالماي، بۇ ئىشنى جائىز دەپ قارىدۇق.

گۆرۈ (رەنە) ھەققىدىكى سەھىھ بىر ھەدىستە گۆرۈ قويۇلغان نەرسە ھايۋان بولسا، ئۇنى مىنىپ، سۈتىنى سېغىپ ئىچسە بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مىنىلىدىغان مال گۆرۈ قويۇلغان بولسا، چىقىمى قىلىنىپ مىنىلىدۇ، سېغىن كالا گۆرۈ قويۇلغان بولسا، چىقىمى قىلىنىپ

www.munber.org

سېغىپ ئىچىلىدۇ، مىنىپ سۈتىنى سېغىپ ئىچىدىغان كىشى ئۇنى باقىدۇ»[1].

مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋاننى بېقىشقا كېتىدىغان چىقىمنى، مىنىلىدىغان ھايۋاننى مىنىش، سېغىلىدىغان ھايۋاننى سېغىپ سۈتىنى ئىچىش بەدىلىگە ھېسابلىغان.

ئەگەر بۇنداق گۆرۈ قويۇش شەكلى، قىلغان چىقىمنىڭ مىنىش ۋە سېغىشتىن ئالىدىغان پايدىدىن كەم ياكى ئارتۇق بولۇپ قېلىشىغا قارىماي، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە گۆرۈ ئارقىلىق ھۆججەتلىشىشكە بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن جائىز قىلىنسا، بۇنىڭ ئەينىسى ئېھتىياج بولغانلىقتىن يۇقىرىدىكى ھايۋانات شىركىتى شەكلىدىمۇ جائىز قىلىنسا بولىدۇ.

بۇ ھەدىستىن يەكۈنلەپ چىقارغىنىمىز ئۆزىمىزگە خاس قاراشتۇر، بۇنىڭ توغرا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەمما، سۈتى ۋە ئىشىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان كىچىك موزايلاردا، پۇل بىر تەرەپتىن، چىقىم بىر تەرەپتىن بولىدىغان ئاساستا شېرىكلىشىش بولسا، ئىسلام قائىدىلىرى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭدا چىقىم قىلغۇچى قىلغان چىقىمنىڭ مۇقابىلىگە مالنىڭ سۈتى ياكى كۈچىدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئىككىنچى تەرەپ بولسا ئۇنىڭ قىلغان چىقىمىدىن پايدىلىنىدۇ. بۇ، ئىسلام بارلىق مۇئامىلىلەردە كۆزلەپ كەلگەن ئادالەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇلار موزايلارنىڭ سۈتى ياكى كۈچىدىن پايدىلىنىدىغان ۋاقىت كەلگىچە چىقىمنى تەڭ كۆتۈرۈپ تۇرسا، مېنىڭچە جائىز بولىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# ئۈچىنچى

## كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئارام ئېلىشتا

ئىسلام ئەمەلىي دىندۇر. ئۇ خىيال ئاسمىنىدا ئۈچۈپ يۈرمەستىن ئىنسان بىلەن بىللە ھەقىقەت ۋە ئەمەلىيەت زېمىنىغا دەسسەپ تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارغا قاناتلىق پەرىشتىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك ئەمەس، بەلكى، يەپ ـ ئىچىپ، كوچىلاردا مېڭىپ يۈرىدىغان ئادەمزات دەپ قارىغان ھالدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ بارلىق سۆزلىرىنىڭ زىكىر، جىم تۇرۇشىنىڭ تەپەككۇر، ئاڭلىشىنىڭ قۇرئان، ھەممە ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان يەرلىرىنىڭ مەسجىد بولۇشىنى پەرز قىلىپ بەلگىلىمىدى. ياكى شۇنداق بولىدۇ دەپمۇ پەرەز قىلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسانلىقىنى، ھەممە ئۇلاردىكى ئاللاھ ياراتقان تەبىئەت ۋە مايىللىقنىمۇ ئېتىراپ قىلدى. چۈنكى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنى يەپ ـ ئىچىدىغان قىلىپ ياراتقاندەكلا، خوش بولىدىغان، كۈلۈپ ئوينايدىغان قىلىپ ياراتقان.

## ئاربىلاپ ـ ئاربىلاپ

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ساھابىلىرى مەنىۋى يۈكسىلىش جەھەتتىن شۇنداق يۇقىرى بىر دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، ئۇلار كەسكىن جىددىيلىك ۋە ئارىلىق تاشلىماي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز كېرەك، ھاياتتىكى ۋە دۇنيادىكى بارلىق

www.munber.org

نازۇ ـ نېمەت، ھوزۇر ـ ھالاۋەتتىن يۈز ئۆرۈپ، پەقەت ئويۇن ـ تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچماي، پۈتۈن ئوي ـ پىكرىمىز بىلەن ئاخىرەتكە يۈزلىنىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىغان.

بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ساھابە ھەزرىتى ھەنزالە ئەل ئۇسەيدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالايلى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاتىبلىرىدىن بىرى بولغان بۇ ساھابە مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ماڭا ئۇچراپ: «قانداق ئەھۋالىڭ ئى ھەنزالە؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھەنزالە مۇناپىق بولدى» دېدىم. ئۇ: «سۇبھەنەللاھ! نېمە دەۋاتىسەن؟» دېدى. مەن: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا بولغىنىمىزدا، بىزگە جەننەت بىلەن دوزاخنى خۇددى بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك ئەسلىتىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن شۇنداق چىققىنىمىز بىلەنلا، خوتۇن، بالا ـ چاقا، مال ـ دۇنيا بىلەن كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بولۇپ كېتىمىزدە، ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇنتۇپ قالىمىز» دېدىم. ئەبۇ بەكرىمۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز». دېدى.

ھەزرىتى ھەنزالە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق قىلىپ ئەبۇ بەكرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىردۇق، مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھەنزالە مۇناپىق بولدى» دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. مەن: "ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! بىز سېنىڭ قېشىڭدىكى چاغدا بىزگە جەننەت بىلەن دوزاخنى خۇددى كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك ئەسلىتىسەن. سېنىڭ قېشىڭدىن يېنىپ چىققاندا خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمىز بىلەن ئوينۇشۇپ، ئىش ـ ئوقىتىمىز بىلەن بولۇپ كېتىمىز. ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جېنىم ئىلكىدە

بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر مېنىڭ قېشىمدا ۋە زىكىر ئەسناسىدا بولغىنىڭلاردەك داۋاملىشىدىغان بولساڭلار، پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن ياتاقلىرىڭلاردا ياتقىنىڭلاردا ۋە يوللىرىڭلاردا ماڭغىنىڭلاردا تەبرىكلەپ كۆرۈشكەن بولاتتى. لېكىن ئى ھەنزالە! ئارىلاپ ـ ئارىلاپ» ئۇ: «ئارىلاپ ـ ئارىلاپ» دېگەن بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى»[1].

## پەيغەمبەر ۋە ئىنسانچىلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى مۇكەممەل بىر ئىنسانىي ھايات ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ئۈرنەك ئىدى. ئۇ (ئەلەيھىسسالام) ئۆزى يالغۇز بولغان چاغلاردا، ئىككى پۇتى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ناماز ئوقۇپ يىغلايتتى. ھەقتە چىڭ تۇرۇشتا، ئاللاھدىن باشقىسىغا پەرۋا قىلمايتتى. لېكىن تۇرمۇش ۋە كىشىلەر بىلەن بولغاندا، ئوبدان نەرسىلەرنى ياقتۇرىدىغان، ئوچۇق چىراي بولۇپ تەبەسسۇم قىلىدىغان، ئوينۇشۇپ چاقچاق قىلىدىغان، ئەمما، چاقچىقىدىمۇ ھەقتىن باشقىنى دېمەيدىغان ئىنسان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوشاللىقنى ۋە خوشاللىق كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى. غەم ـ قايغۇنى ۋە غەم ـ قايغۇنى كەلتۈرىدىغان قەرز ۋە بىئارامچىلىقنى يامان كۆرەتتى. ئۇنىڭ زىيىنى ھەققىدە ئاللاھدىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى:

﴿ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ نامىڭ بىلەن غەم ـ قايغۇدىن پاناھ تىلەيمەن﴾[2].

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قېرى ئايال كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جەننەتكە كىرگۈزۈشى ئۈچۈن ئاللاھقا دۇئا قىلغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «ئى پالانى خېنىم! جەننەتكە قېرى ئايال كىرمەيدۇ» دېدى. قېرى ئايال جەننەتكە كىرەلمەيدىكەنمەن دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، قېرى ئايالنىڭ جەننەتكە ھەرگىزمۇ قېرىلىق ھالىتىدە كىرمەيدىغانلىقىنى، بەلكى، ئاللاھ ئۇنى قايتىدىن ياش قىز قىلىپ يارىتىدىغانلىقىنى، شۇڭا جەننەتكە ياش قىزچاق ھالىتىدە كىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمدە ئۇ ئايالغا ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئوقۇپ بەردى:

﴿إِنَّا أَنشَأْنَاهُنَّ إِنشَاء ۞ فَجَعَلْنَاهُنَّ أَبْكَارًا ۞ عُرُبًا أَتْرَابًا﴾

﴿شۈبھىسىزكى بىز ھۆرلەرنى يېڭىدىن شۇنداق ياراتتۇقكى، ئۇلارنى قىز، ئەرلىرىگە ئامراق، تەڭتۇش قىلدۇق﴾ [ۋاقىئە سۈرىسى 35 ـ 37 ـ ئايەتلەر][1].

## قەلبلەر زېرىكمەسلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ساھابىرىمۇ شۇنداق ئىدى، كۈلۈپ ـ ئويناپ، قىزىقچىلىق قىلىشاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ نەپسىنىڭ ھەققىنى تونۇغانلىقىدىن، ئىنسان تەبىئىتىگە لايىق ئىش قىلغانلىقىدىن، كۆڭۈلنى ئۆز يولىدا ئارام ئالدۇرغاندىلا جىددىي

[1] ـ ئەبد ئىبنى ھۇمەيد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىشلارنىڭ ئۆزۈن يولىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەدەنلەر ھېرىپ ـ تالغاندەك قەلبلەرمۇ زېرىكىدۇ، شۇڭا ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىڭلار». يەنە مۇنداق دەيدۇ: «قەلبلەرنى پات ـ پات ئارام ئالدۇرۇپ تۇرۇڭلار، چۈنكى قەلبكە بېسىم قىلىنسا قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ».

ھەزرىتى ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەققە تېخىمۇ بەكراق ياردىمى بولۇشى ئۈچۈن ئازراق ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۆڭلۈمنى ئارام ئالدۇرىمەن».

دېمەك: مۇسۇلمان كىشى كۆڭلىنى ئاچىدىغان نەرسە بىلەن چاقچاق قىلىپ قىزىقچىلىق قىلسا، ئۆزىنىڭ ۋە ھەمسۆھبەتلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى ھالال ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئاچسا بولىدۇ.

لېكىن بۇنى ھەمىشە قىلىدىغان، مەجبۇرىيىتىنى تاشلاپ قويۇپ جىددىي پەيتلەردە چاقچاق قىلىۋېرىدىغان بىر ئادەتكە ۋە خۇيغا ئۆيلاندۇرىۋالماسلىقى كېرەك. شۇڭا مۇنداق دېيىلگەن: «سۆزۈڭدىكى چاقچاق تاماقتا تۇز سالغانچىلىك بولسۇن». ھەمدە مۇسۇلمان كىشى باشقىلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى، ئىززەت ـ نۇمۇسىنى ئويۇن ـ چاقچاق ۋە قىزىقچىلىق ئوبيېكتى قىلىۋالسا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَوْمٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەركىشىلەر باشقا ئەركىشىلەرنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغانلار مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت]

www.munber.org

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان بولىۋالسىمۇ بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

«كىشىلەرنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن سۆزىدە يالغان سۆزلەيدىغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي! ئۇنىڭ ھالىغا ۋاي!»[1].

## ھالال ئويۇن ـ تاماشادىن مىساللار

ئويۇن ـ تاماشانىڭ تۈرلىرى كۆپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىش ۋە زېرىككىنىنى تۈزۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ئويۇن تاماشالارنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئويۇن ـ تاماشالار ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىبادەت ۋە ۋەزىپىلەرنى تېخىمۇ تېتىك ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ئورۇنداشقا تەييارلاش بىلەن بىللە، ئۇلارنى بۇ ئويۇن ـ تاماشالار ئارقىلىق ساغلاملىققا چىنىقتۇرۇپ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا تەييارلايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

## يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى

ساھابىلەر (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) يۈگۈرۈپ مۇسابىقىلىشاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا يول قوياتتى. ھەزرىتى ئەلى تېز يۈگۈرىدىغانلاردىن بىرى ئىدى.

---

[1] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ كۆڭلىنى ئېچىش ۋە ساھابىلىرىگە ئۆرنەك بولۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە بىلەن يۈگۈرۈپ مۇسابىقىلىشاتتى.

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلەشكەن ئىدى، مەن بېسىپ چۈشتۈم، كېيىن سەمرىپ قالغان چېغىمدا بەسلەشسەم، مېنى يېڭىۋالدى، ھەمدە: «ئۆتكەنكى بىلەن تەڭلەشتۇق» دېدى[1].

# چېلىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچتۈڭگۈرلىكتە نام چىقارغان رۇكانە ئىسىملىك بىر چېلىشچى پالۋان بىلەن چېلىشىپ ئۇنى بىر نەچچە قېتىم يەرگە يىقىتقان[2].

يەنە بىر رىۋايەتتە كۆرە، ئۇ ئادەم قاتتىق كۈچلۈك بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چېلىشقاندا: «بىر قويدىن» دېگەن[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى يىقىتقاندا، ئۇ: «يەنە بىر قويغا قايتا چېلىشايلى» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىككىنچى قېتىم يىقىتقاندا، ئۇ: «يەنە بىر قېتىم چېلىشايلى» دېگەن. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم يىقىتقاندا، ئۇ: «ئۆيدىكىلەرگە نېمە دەرمەن؟ بىرىنچىسىنى بۆرە يەپكەتتى دەرمەن، يەنە بىرسى يۈتۈپ كەتتى دەرمەن، ئۈچىنچىسىگە

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ بۇ ۋەقە چوقۇم قىمار چەكلىنىشتىن ئىلگىرى بولغان بولىشى كېرەك، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شەرتكە ماقۇل كەلمىگەن بولىشى كېرەك. شۇڭا ئۇنى ئىجرا قىلمىغان.

www.munber.org

نېمە دەرمەن؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بىز سېنى يىقىتقاننىڭ ئۇستىگە قوي تۆلتىپ ئولتۇرمايمىز، قويلىرىڭنى كۈتەر» دېگەن.

فىقھى ئالىملىرى بۇ ھەدىسلەردىن: يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىققان. مۇسابىقە خاس ئەرلەر ئارىسىدا بولسۇن ياكى مەھرەم ۋە ئۆز ئاياللىرى بىلەن بولسۇن ئوخشاش.

يەنە بۇ ھەدىسلەردىن: مۇسابىقىلىشىش ۋە چېلىشىشنىڭ، مويسىپىتلىك، ئىلىم، شەرەپ ۋە پەزىلەت قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە زىت كەلمەيدىغانلىقىنى يەكۈنلەپ چىققان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشى ھەزرىتى ئائىشە بىلەن بەسلەشكەندە ئەللىكتىن ھالقىغان ئىدى.

## مەرگەنلىك

ھالال ئويۇن ـ تاماشالارنىڭ يەنە بىرى: ئوقيا ۋە نەيزە ئېتىپ ئويناشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرگەنلىك سورۇنلىرىدىن ئۆتكەندە ساھابىلىرىگە: «ئېتىڭلار! مەن سىلەر تەرەپتە» دەيتتى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرگەنلىكنى پەقەتلا بىر ئويۇن ياكى بىر ھەۋەس ئەمەس، بەلكى، ئاللاھ تائالا تەييارلاشقا بۇيرىغان كۈچنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ﴾

﴿دۈشمەنلىرىڭلار ئۈچۈن قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ، ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار﴾ [ئەنفال سۈرىسى 60 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿دىققەت قىلىڭلار! كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر، كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر، كۈچ ـ ئوق ئېتىشتۇر﴾[1].

يەنە مۇنداق دېگەن:

«ئوق ئېتىڭلار! چۈنكى ئۇ سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى»[2].

لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەرگەنلىك مەشقىدە جانلىق نەرسىلەرنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئويناشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان. (بۇرۇن جاھىلىيەتتە شۇنداق قىلىشاتتى).

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىر گورۇپ كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىق نەرسىنى قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئوينىغانلارغا لەنەت قىلغان»[3].

بۇنداق قىلغانلارنىڭ لەنەتلىنىش سەۋەبى: ئۇنىڭدا مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن باشقا، ھايۋاننى ئازابلاش ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش بولغانلىقىدۇر. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشالىرى باشقا جانلىق كائىناتلارنى ئازابلاش بىلەن بولماسلىقى كېرەك.

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ بەززار ۋە تابارانى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مانا بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇشتۇرۇشنى چەكلىگەن[1]. بۇرۇن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى قوچقار ياكى ئىككى ئۆكۈزنى ئۆلگىچە ياكى ئېغىر يارىلانغۇچە ئۇسۇشتۇرۇپ ئويناپ تاماشا كۆرىشەتتى.

ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «ھايۋان سوقۇشتۇرۇشنىڭ چەكلىنىشى: ئۇنىڭدا، تاماشا قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسىز بىر ئىشتا ھايۋاننى قىيناپ، ماغدۇرسىزلاندۇرۇش بولغانلىقى ئۈچۈندۇر».

## نەيزىۋازلىق ئويۇنى

نەيزىۋازلىق ئويۇنىمۇ مەرگەنلىك ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز مەسجىدى ئىچىدە ھەبەشىستانلىقلارغا نەيزە ئويۇنى ئويناشقا يول قويۇپ، ئايالى ھەزرىتى ئائىشەنى ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگىلى قويغان، ھەمدە ئۇلارنى قىزىقتۇرغان ھالدا: «ھەبەشىستان يىگىتلىرى! قېنى نوچىلىقىڭلارنى كۆرسىتىڭلار!» دېگەن.

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ تەبىئىتى كەسكىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى تازا ياقتۇرماي ئۇلارنى توسماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسقىلى قويمىغان. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: ھەبەشىستانلىقلار نەيزىلىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئويناۋاتقاندا، ھەزرىتى ئۆمەر كىرىپ كەلدى ـ دە، يەردىن

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

چالما ئېلىپ ئۇلارغا ئاتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئۆمەر، ئۇلارنى ئوينىغىلى قويغىن» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئىچىدە بۇنداق ئويۇنلارغا يول قويۇشى ئىنتايىن ئالىيجاناب كەڭ قورساقلىقتىن بولغان بولۇپ، بۇ، مەسجىدنىڭ دىن بىلەن دۇنيانى جۇغلايدىغان، ھەم جىددىي پەيتلەردە ھەم ئويۇن پەيتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇچرىشىش مەركىزى ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. بىراق، بۇ مەسجىدتە ئوينالغان ئويۇن ھېچقانداق مەنىسىز بىر ئويۇن بولماستىن، بەلكى ئۇ، ھەم ئويۇن ھەم تەنتەربىيە ھەم مەشىقتۇر. ئالىملار بۇ ھەدىسكە ئاساسەن مۇنداق دېگەن: «مەسجىد مۇسۇلمانلار جامائىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئورنىدۇر. شۇڭا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە باغلىق ھەرقانداق ئىشنى مەسجىدتە قىلسا بولىدۇ».

كېيىنكى ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمانلار مەسجىدلىرىنىڭ قانداق بولۇپ كۆچ ۋە ھەركەتلىنىش روھىدىن قۇرۇق قىلىپ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بىكار تەلەپلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئويدانراق تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك.

بۇ ھەدىس يەنە، ئاياللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى مۇشۇنداق ھالال ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئېچىش ھەققىدە مۇھىم بىر كۆرسەتمىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھەبەشىستانلىقلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ تاكى زېرىكىپ بولدى دېگەنگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تونى بىلەن مېنى يۆگەپ

[1]ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تــۇردى. شــۇڭا ئويــۇن ـ تاماشــاغا قىزىقىدىغــان يــاش قىــزلارنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئىش قىلىڭلار »[1].

ھــەزرىتى ئائىشــە رەزىيــەللاھۇ ئــەنھا يەنــە مۇنــداق دەيــدۇ: « پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە قىز دوستلىرىم بىلەن قورچاق ئوينــايتتىم، پــەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام ئۆيگــە كىــرىپ قالســا، ئاداشــلىرىم ئۇنــىڭ ھــەيۋىتىدىن قورقــۇپ مــۆكۈۋالاتتى. پــەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۆكۈۋالغان يەرلىرىدىن چىقىرىپ، مەن بىلەن ئوينىغىلى قوياتتى »[2].

## چەۋەندازلىق ئويۇنلىرى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالْخَيْلَ وَالْبِغَالَ وَالْحَمِيرَ لِتَرْكَبُوهَا وَزِينَةً﴾

﴿ئــاللاھ ئــاتنى، قېچىــرنى ۋە ئېشــەكنى مىنىشــڭلار ئۈچــۈن ۋە زىننەت ئۈچۈن ياراتتى﴾ [نەھل سۈرىسى 8 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

﴿ئاتلارنىڭ پىشانىسىغا ياخشىلىق پۈتۈلگەن﴾[3].

يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿ئوق ئېتىڭلار! ئات چاپتۇرۇڭلار!﴾[4].

يەنــە مۇنــداق دېگــەن: « ئــاللاھنى يــاد ئېــتىش بولمىغــان ھەرقانداق ئىش مەنىسىزدۇر. لېكىن تۆۋەندىكى تۆت خىسلەت بۇنىڭ

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
(4) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سىرتىدا: ئوق ئېتىشنى مەشق قىلىش، ئېتىنى چېنىقتۇرۇش، ئايالى بىلەن ئوينۇشۇش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش»[1].

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن:

«باللىرىڭلارغا سۇ ئۈزۈشنى، ئوق ئېتىشنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلارنى ئاتقا سەكرەپ مىنەلەيدىغان دەرىجىدە ئات چاپتۇرۇشنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇڭلار».

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئېيتىشىچە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنچى بولغاننى مۇكاپاتلىغان»[2].

بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم ئويۇن ھەم تەنتەربىيە ھەم مەشق بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەرغىب ۋە تەشۋىق قىلىپ شۇنداق قىلغان.

ھەزرىتى ئەنەس[3] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدا قول باغلىشامتىڭلار؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قول باغلىشامتى؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ھەئە، ئالالاھ بىلەن قەسەمكى ئۇ (سەبھە) ناملىق بىر ئاتقا قول باغلاشقان ئىدى، ئۇ ئات بىرىنچى بولدى، بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوش بولۇپ كەتتى» دېگەن[4].

ئالىدىغان مۇكاپاتنى مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلاردىن بىرى ياكى مۇسابىقىگە قاتناشمىغانلاردىن بىرى بېرىدىغان بولسا، قول باغلاشماق ھالال بولىدۇ، ئەمما مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار تەڭ پۇل

---

(1) ـ ئىمام تابارانى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ **ھەزرىتى ئەنەس:** ئەنەس ئىبنى مالىك ئەلئەنسارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمەتچىسى. ھـ 92 ـ ياكى 93 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.
(4) ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

چىقىرىپ ھەممە پۇلنى مۇسابىقىدا ئۇتقان ئادەم ئالىدىغان بولسا بۇ چەكلەنگەن قىمارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىمار ئويناشقا ئىشلىتىلىدىغان بۇنداق ئاتنى «شەيتاننىڭ ئېتى» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭدىن پۇل تېپىشنىمۇ گۇناھ، ئۇنىڭغا ھەلەپ بېرىشنىمۇ گۇناھ، ئۇنى مىنىشنىمۇ گۇناھ دەپ قارىغان[1].

يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاتلار: راھمان[2] نىڭ ئېتى، ئىنساننىڭ ئېتى ۋە شەيتاننىڭ ئېتى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ. راھماننىڭ ئېتى بولسا: ئاللاھ يولىدا ئىشلىتىلىدىغان ئات بولۇپ، ئۇنىڭ ھەلىپى، تېزىكى، سۈيدۈكى قاتارلىق ھەرقانداق نەرسىسىدە ياخشىلىق بار، ئەمما شەيتاننىڭ ئېتى بولسا: قىمار ياكى قول باغلىششقا ئىشلىتىلىدىغان ئاتتۇر، ئىنساننىڭ ئېتى: ماددىي جەھەتتىن پايدىلىنىدىغان ئات بولۇپ، ئۇ نامراتلىقنى يۆگەيدۇ»[3].

## ئوق ئوۋلاش

ئوق ئوۋلاش ئىسلام يول قويغان پايدىلىق ئويۇن - تاماشالارنىڭ بىرىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ، ئوق ۋە نەيزىدەك قوراللار بىلەن بولسۇن ياكى ئىت ۋە بۈركۈت قاتارلىق ھايۋاناتلار بىلەن بولسۇن ھەم كۆڭۈل ئېچىش ھەم تەنتەربىيە ھەم جان بېقىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلامنىڭ بۇ ھەقتىكى قويغان شەرت ۋە كۆرسەتمىلىرىنى بىز يۇقىرىدا 2 - بابتا بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

---

[1] - ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[2] - **راھمان:** ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن بىرى بولۇپ، ناھايىتى مېھرىبان دېگەن مەنىدەت.
[3] - ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئىسلام دىنى ئىككى ئەھۋالدىلا ئوۋ ئوۋلاشتىن چەكلىگەن:

بىرىنچىسى: ھەج ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان ھالەت بولۇپ، بۇ ھالەتتە ئىنسان تولۇق تىنچلىق باسقۇچىدا بولغان بولىدۇ، شۇڭا ئۆلتۈرسە، قان تۆكسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَقْتُلُوا الصَّيْدَ وَأَنْتُمْ حُرُمٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئوۋنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار﴾ [مائىدە سۈرىسى 95 ـ ئايەت]

﴿وَحُرِّمَ عَلَيْكُمْ صَيْدُ الْبَرِّ مَا دُمْتُمْ حُرُمًا﴾

﴿مادامىكى سىلەر ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە ئىكەنسىلەر، قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنى ئوۋلاش سىلەرگە ھارام قىلىندى﴾ [مائىدە سۈرىسى 96 ـ ئايەت]

ئىككىنچى ھالەت: مەككىدىكى ھەرەم رايونى بولۇپ، ئىسلام بۇ رايوننى ئۇستىدە ماڭغان، ئاسمىنىدا ئۇچقان ياكى تۇپرىقىدا ئۆسكەن ھەرقانداق جانلىق كائىناتلار ئۈچۈن تىنچلىق ۋە ئامانلىق رايونى قىلىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ رايون ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئوۋلىرى ئوۋلانمايدۇ، دەل ـ دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوت ـ چۆپلىرى قىرقىلمايدۇ»[1].

---

([1]) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

# نەرد[1] ئويناش

قىمار ئارىلاشقان ھەرقانداق ئويۇن ھارامدۇر. ئوينىغان ئادەم يا ئۇتتۇرىدىغان يا ئۇتىدىغان ھەرقانداق نەرسە قىمار قاتارىغا كىرىدۇ. بۇنداق قىمارنى قۇرئان كەرىم ھاراق، تىكلەنگەن تاشلار ۋە پال ئوقلىرى بىلەن بىللە بىر قاتاردا بايان قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ھەمراھىغا: كەل! قىمار ئوينايلى دېسە، سەدىقە بېرىۋەتسۇن»[2].

دېمەك: قىمار ئويناشقا قىلىنغان تەكلىپنىڭ ئۆزىلا سەدىقە بېرىپ يۇيۇش كېرەك بولغان گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.

نەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئويۇنلارغا قىمار ئارىلاشسا، بارلىق ئالىملار ئۇنى ھارام دەپ قارايدۇ.

ناۋادا ئۇنىڭغا قىمار ئارىلاشمىسا، ئالىملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنى ھارام دەپ قارايدۇ. بەزى ئالىملار: ھارام ئەمەس مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. ھارام دەپ قارىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىگە ئاساسلانغان: «كىمكى نەردەشىر[3] ئوينىسا، خۇددى قولىنى چوشقىنىڭ گۆشى بىلەن قېنىغا بۇلىغاندەك بولىدۇ»[4].

---

[1] ـ كىتابنىڭ ئەرەبچە تېكىستىدە (نەرد) ۋە (تاۋلە) دەپ يېزىلغان بولۇپ، ئىككىسى بىر ئويۇننىڭ ئىسمىدۇر. بۇ ئويۇندا ئاتقان ئۇرۇقنىڭ شەكلىگە قاراپ تاشلار ئورنىدىن يۆتكىلىدۇ، ئۇتۇش تەلەيگە تايىنىدۇ. بۇ ئويۇن (دامكا) ئويۇنى بىلەن خەنزولاردىكى (ماجاڭ) ئويۇنىغا ئوخشايدۇ.

[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ـ **نەردەشىر:** ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ شىر دېگەن قوشۇمچە شىرە ۋە تاتلىق دېگەن مەنىدەت.

[4] ـ ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يەنە ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا[1] (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى نەرد ئوينايدىكەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ»[2].

بۇ ئىككى ھەدىس قىمار ئارىلاشسۇن ياكى ئارىلاشمىسۇن نەردكە ئوخشىغان ئويۇنلارنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىمام شەۋكانى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى مۇغاففەل[3] ۋە ئىبنۇل مۇسەييەبنىڭ قىمار ئارىلاشمىغان ھالەتتە نەرد ئويناشقا رۇخسەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان». ئۇلار يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى قىمار ئوينىغانلارغا قاراتقان بولسا كېرەك.

## شاھمات ئويناش

شاھمات ئويۇنى مەشھۇر ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئالىملار ئۇنى ئويناشنىڭ ھۆكمى ھەققىدە: مۇباھ، مەكرۇھ ۋە ھارام دەپ ئۈچ خىل قاراشتا بولغان.

ھارام دەپ قارىغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر قانچە ھەدىسكە ئاساسلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھەدىس مۇتەخەسسىسلىرى بۇنى رەت قىلغان، ھەمدە شاھماتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئەمەس، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلەر دەۋرىدىلا پەيدا بولغانلىقىنى، شۇڭا بۇ ھەقتە رىۋايەت

---

[1] - **ئەبۇ مۇسا:** ئابدۇللاھ ئىبنى قايس ئىبنى سەلىيم ئەلئەشئەرى، كاتتا ساھابە. ھـ 42- ياكى 44- يىلى ۋاپات بولغان- ت.

[2] - ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئىمام مالىك (ئەلمۇۋەتتا) دا رىۋايەت قىلغان.

[3] - **ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغاففەل ئەلمۇزەنى**، ساھابە، ھـ 57- ياكى 60- يىلى ۋاپات بولغان- ت.

www.munber.org

قىلىنغان ھەدىس بولسا قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئەمما ساھابىلەرنىڭ شاھماتقا قارىتا قاراشلىرى بولسا ئوخشاش بولمىغان. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) شاھمات ھەققىدە: «ئۇ، نەردىتىنمۇ يامان» دېگەن. ھەزرىتى ئەلى: «ئۇ، قىمارنىڭ بىر خىلى» دېگەن. (بەلكى ئۇ قىمار ئارىلاشقان شاھمات ئويۇنىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن).

يەنە بەزىلەردىن شاھماتنىڭ مەكرۇھلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

يەنە بىر قىسىم ساھابە ۋە تابىئىيلاردىن شاھماتنى مۇباھ دەپ قارىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: ھەزرىتى ئىبنى ئاببas، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى سىيرىين، ھىشام ئىبنى ئۇرۋە[1]، سەئىيد ئىبنى ئەلمۇسەييەب ۋە سەئىيد ئىبنى جۇبەير قاتارلىق زاتلار بار.

بىز مۇشۇ مەشھۇر زاتلارنىڭ قارىشىنى توغرا قاراش دەپ قارايمىز، چۈنكى بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك: ئۇ ئەسلىدە ھالال نەرسە، ئېيخى ئۇنىڭ ھاراملىقىغا ھېچقانداق بىر ئىسپات يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىشتىن باشقا، زېھىن چېنىقتۇرۇش ۋە پىكىرنى مەشىق قىلدۇرۇش قاتارلىق پايدىلار بار. شۇڭا بۇ نەرد ۋە نەرد قاتارىدىكى ئويۇنلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالىملار مۇنداق دېگەن: "نەرد قاتارلىق ئويۇنلار تەلەيگە تايانغانلىقى ئۈچۈن پال ئاچقانغا ئوخشايدۇ. شاھمات بولسا، ماھىرلىق ۋە ئەقىل ئىشلىتىشكە تايانغانلىقى ئۈچۈن مەرگەنلىك مۇسابىقىسىغا ئوخشايدۇ".

---

(1)ـ **ھىشام ئىبنى ئۇرۋە** ئىبنى ئەززۇبەير، تابىئىي ۋە مەدىنىنىڭ كاتتا فەقىھلىرىدىن بىرى. ھـ146 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

شاھماتنى مۇباھ دەپ قارىغانلار تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن مۇباھ دېگەن:

1 ـ شاھمات سەۋەبىدىن نامازنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىق شەرت، چۈنكى ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خەتىرى ۋاقىت ئوغۇرلاپ، مۇھىم ئىشلارنى كېچىكتۈرۈشتۇر.

2 ـ ئۇنىڭغا قىمار ئارىلىشىپ قالماسلىقى شەرت.

3 ـ ئوينىغاندا، سەت، ناچار سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش شەرت.

بۇ ئۈچ شەرتكە ياكى ئۇنىڭ بىرىگە رىئايە قىلمىغان تەقدىردە، ئۇنى مۇباھ دەپ قارىغانلارمۇ ئۇنى ھارام دەپ قارايدۇ.

## ناخشا ـ مۇزىكا

كۆڭۈلنى ئېچىپ خوش قىلىدىغان ۋە قۇلاققا ياقىدىغان ئويۇن ـ تاماشالارنىڭ بىرى ناخشىدۇر. ئۇ، ھېسسىياتنى قوزغايدىغان، ئەخلاقنى بۇزىدىغان، ھەمدە مىللەتنى مۇھىم غايىلىرى ۋە چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە غەم يېيىشتىن گول قىلىدىغان خەتەرلىك قورالدۇر. بۇنداق ئويۇن ـ تاماشانىڭ يامان يېرى شۇكى: ئۇ، تارىختىن بۇيان راھەت ـ پاراغەت ۋە شاراب سورۇنلىرى بىلەت چېتىلىپ، ئېيپەت ـ نومۇس ۋە تىرىشچانلىق پەزىلەتلىرىنى يوقاتقان بىر قىسىم بىكار تەلەپلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى بولۇپ قالغانلىقى، ھەمدە تارىختىن بۇيان سۆيۈقلۇق ۋە يالىڭاچلىق بىلەن سۈپەتلەنگەن، دىن ئەھكاملىرى ۋە تەقۋادارلار

www.munber.org

ئــــەخلاقىدىن يىراقلاشـــقان كىشـــىلەرنىڭ ناخشـــىنى كەســـىپ قىلىۋالغانلىقىدۇر.

بــۇ ســەۋەبتىن دىنىــي تۇيغــۇ كۆپــىنچە ئــەھۋاللاردا ئۇنىڭدىــن نەپرەتلەنگــەن ۋە نەپرەتلەندۇرگــەن. ئىســلام ئۆلىمــالىرىمۇ ئۇنىــڭغا قارىتا: ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ دېگەندەك ئوخشاشمىغان قاراشلاردا بولغان.

ئەمەلىيەتتــە ئــالىملار بىــر قىســىم ناخشــىلارنىڭ ھاراملىقىغــا بىــردەك ئىتتىپاقلاشقان، شۇنىڭدەك يەنــە بىــر قىســىم ناخشــىلارنىڭ مۇباھلىقىغىمۇ ئىتتىپاقلاشقان. يەنە بىــر قىسىم ناخشىلاردا بولسا قاراشلىرى ھەر خىل بولغان.

ھەممەيلــەن بىـــردەك ھــارام دەپ قارىغــان ناخشـــىلار بولســا: گۇناھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى گۇناھقا تەرغىب ـ تەشۋىق قىلغان ناخشىلاردۇر.

ئەمدى ھەممەيلەن بىردەك مۇباھ دەپ قارىغان ناخشىلار بولسا: كىشــى ئــۆزى ئۆزىگــە غىڭشــىپ ئوقۇيدىغــان پــاكىز ناخشــا، ئايــالى ئېرىگە ئوقۇپ بېرىدىغان ناخشا، پادىچىلار پادىغا ئوقۇپ بېرىدىغان ناخشــا، يەنــە ئايــاللار تــوي ـ تۆكۈنلــەردە ئۆزئــارا ئوقۇشــىدىغان ئەنئەنىۋى ناخشىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ناخشىلاردۇر.

ئۇندىن باشقا ناخشىلاردا بولسا قاراشلار ئوخشاشمايدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە: ناخشىنىڭ ئۆزىدە چاتاق يوق بولۇپ، ئۇ، ئىســلام ھــالال قىلغــان نەرســىلەر قاتارىغــا كىــرىدۇ. لېكىــن گــۇناھ، ناخشا مەزمۇنى ياكى ناخشا بىلەن چېتىلىپ كېلىدىغان ئەھۋاللاردا بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ناخشا، ھالال دائىرىدىن ھارام دائىرىگە چىقىپ قالىدۇ.

www.munber.org

تېخى ناخشا ئوقۇش ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈن، ئۇزۇن سەپەردىن قايتىش، زىيابەت ۋە تۇغۇت مۇناسىۋەتلىرىدەك خوشال ـ خۇراملىق پەيتلىرىدە مۇستەھەب بولىدۇ.

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېيتىشىچە: ئۇلار تويدا كېلىننى بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ ئاپارغان، قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئى ئائىشە! ئويۇن ـ تاماشا بولدىمۇ؟ ئەنسارلار ئويۇن ـ تاماشاغا ئامراق»[1].

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئائىشە تۇغقانلىرىنىڭ بىرىنى بىر ئەنسارىغا ياتلىق قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ: «قىزنى يۆتكىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىز بىلەن بىللە ناخشا ئوقۇيدىغانلارنى ئېلىپ باردىڭلارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «ياق» دېيىشتى، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەنسارلار غەزەلگە ئامراق خەلق، قىزنى يۆتكىگەندە:

بىزلەر كەلدۇق، بىزلەر كەلدۇق ئەسسالام دەڭلار، ئەسسالام دەيلى

دەپ ناخشا ئوقۇيدىغانلارنى بىللە ئەۋەتسەڭلار بولماسمىدى؟» دېدى[2].

يەنە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئېيتىشىچە: قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىز مىنادىكى چاغدا، يېنىمدا ئىككى قىز داپ چېلىپ ناخشا ئوقۇۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمىگە يۆگىنىپ ياتاتتى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى كىرىپ ئۇلارغا تاپا قىلدى،

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ يۈزىنى ئېچىپ: «ئى ئەبۇ بەكرى! ئۇلارنى توسمىغىن، چۈنكى بۇ ئايەم كۈنلىرى» دېدى[1].

ئىمام غازالى (ئىھيا) دا[2] ئىككى قىزنىڭ ناخشا ئوقۇغانلىقى، ھەبەشىستانلىقلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىدە نەيزە ئوينىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ: «قېنى نوچىلىقىڭلارنى كۆرسىتىڭلار» دېگەنلىكى، يەنە ھەزرىتى ئائىشەگە: «كۆرۈشنى خالامسىز؟» دېگەنلىكى، ھەمدە ھەزرىتى ئائىشە زېرىكىپ بولدى دېگىچە بىللە تۇرۇپ بەرگەنلىكى ۋە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قىز دوستلىرى بىلەن قورچاق ئوينىغانلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى بىر قۇر بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق دەيدۇ: "مانا بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى سەھىھ كىتابتا بار، بۇ ھەدىسلەر ناخشا بىلەن ئويۇننىڭ ھارام ئەمەسلىكىگە ئېنىق پاكىت. يەنە بۇ ھەدىسلەردە تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل رۇخسەت دەلىللىرى بار:

1 ـ ئويۇنغا رۇخسەت بار، چۈنكى ھەبەشىستانلىقلار نەيزە ئويۇنى ئوينىغاندا ئۇسۇل ئويناپدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

2 ـ ئۇنى مەسجىدتە ئوينىغانلىقى.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قېنى نوچىلىقىڭلارنى كۆرسىتىڭلار» دېگەن سۆزى ئويناشقا قىلىنغان بۇيرۇق ۋە تەلەپ تۇرسا ئۇنى قانداقمۇ ھارام دېگىلى بولسۇن؟

4 ـ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنى ئۇلارنى توسقىلى قويماي «بۇ ئايەم كۈنلىرى» دەپ سەۋەب كۆرسىتىشى،

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين) ئادەتلەر بۆلىمى، ناخشا ئاڭلاش بابىغا قاراڭ.

www.munber.org

چۈنكى ئايەم كۈنلىرى خوشاللىق كۈنلىرى، ناخشا ـ ئويۇن بولسا خوشاللىق كەلتۈرىدىغان نەرسىلەردۇر.

5 ـ ھەزرىتى ئائىشەگە بىللە كۆرۈشۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇزۇن تۇرغانلىقى ۋە ئاڭلىغىلى قويغانلىقى. بۇ، ئاياللار ۋە بالىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا ئويۇن ـ تاماشا كۆرسىتىش ئارقىلىق كۆڭلىنى ئېچىشنىڭ، ئويۇن ـ تاماشانى قاتتىق چەكلەپ تەركىدۇنيا بولۇۋېلىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

6 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتىلا ھەزرىتى ئائىشەگە: «كۆرۈشنى خالامسىز؟» دېگەن سۆزى[1].

7 ـ ئىككى قىزغا داپ چېلىپ ناخشا ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقى...».

يەنە كۆپلىگەن ساھابە ۋە تابىئىيلارنىڭ ناخشا ئاڭلىغانلىقى ۋە ناخشا ئاڭلىسا بولىدۇ دەپ قارىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

ئەمما ناخشىنى چەكلەش توغرۇلۇق كەلگەن ھەدىسلەر بولسا، ئۇنىڭ ھېچبىرى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ تەنقىدىدىن خالىي بولمىغان، قازى ئەبۇ بەكرى ئىبنۇل ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ: «ناخشىنى ھارام دەيدىغان ھېچقانداق سەھىھ دەلىل يوق». ئىمام ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «ناخشىنىڭ ھاراملىقى توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى يالغان».

لېكىن ناخشا ـ ئۇسسۇل كۆپىنچە ئەھۋاللاردا راھەت ـ پاراغەت، ھاراق ۋە ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنلىرى بىلەن چېتىلىپ قالغاچقا، كۆپىنچە ئالىملار ناخشا ـ مۇزىكىنى ھارام دەپ قارىغان ياكى قاتتىق يامان دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇنداق دېگەن: ناخشا

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تـۆۋەندىكى ئايەتتە زىكىر قىلىنغان «بىھۇدە گەپ ـ سۆز» دۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِلَّ عَنْ سَبِيلِ اللَّهِ بِغَيْرِ عِلْمٍ وَيَتَّخِذَهَا هُزُوًا أُولَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ مُهِينٌ﴾

﴿بەزى كىشىلەر بىلمەسلىكتىن، ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾ [لوقمان سۈرىسى 6 ـ ئايەت]

ئىمام ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتتە سۈپەتلەنگەن ئىشنى قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھنىڭ دىنىنى مەسخىرە قىلسا، ھەتتاكى دىندىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن قۇرئان سېتىۋالسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق، ئاللاھ تائالا ئايەتتە ئەنە شۇنداق قىلغانلارنى ئەيىبلىگەن. لېكىن بىھۇدە سۆزنى ئاللاھ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇش ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن سېتىۋالغانلارنى ئەيىبلىمىگەن».

بەزىلەر مۇنداق دېگەن: ناخشا ھەق سۆز ئەمەس، ئۇنداق بولىدىكەن ئۇ چوقۇم ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

﴿فَمَاذَا بَعْدَ الْحَقِّ إِلَّا الضَّلَالُ﴾

﴿ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە مەۋجۇت ئەمەس﴾ [يۇنۇس سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

www.munber.org

ئىمام ئىبنى ھەزم ئۇلارغا مۇنداق دەپ رەددىيە بەرگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولىشى نىيەتكىلا باغلىق. ھەركىم نىيىتىگە قاراپ مۇكاپاتلىنىدۇ ياكى جازالىنىدۇ» دېگەن. شۇڭا كىمكى ناخشا ئاڭلاش ئارقىلىق گۇناھقا يېقىنلاشماقچى بولسا، ئۇ پاسىقتۇر. ناخشىدىن باشقا نەرسىلەرمۇ شۇنداق، كىمكى تېخىمۇ ياخشى ئىبادەت قىلالايدىغان بولۇش ئۈچۈن ھەمدە ياخشى ئىشلارنى تېخىمۇ تېتىك ھالەتتە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇشنى مەقسەت قىلسا، گۇناھكار بولمايدۇ. بۇنىڭ قىلغان ئىشى ھەق ئىش بولىدۇ. كىمكى تائەت ياكى گۇناھ ئىشنى مەقسەت قىلمىسا، قىلغان ئىشى بىھۇدە بىر ئىش بولۇپ، بۇ كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، خۇددى ئادەم باغ بوستانلىرىغا سەيلىگە چىققاندا دەرۋازىسى ئالدىدا كوچىغا قاراپ ئولتۇرغانغا، ياكى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كۆك ياكى يېشىل بويىۋالغىنىغا ئوخشاشتۇر».

## ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ مۇباھ بولىشىنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ناخشا مەزمۇنى ئىسلام ئاداب ـ ئەخلاقى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمەيدىغان بولىشى كېرەك. مەسىلەن: ھاراقنى قەدىرلەپ، ھاراق ئىچىشكە تەشۋىق قىلىدىغان ناخشا بولسا، بۇنداق ناخشىنى ئوقۇش ۋە ئاڭلاش ھارام بولىدۇ.

2 ـ ناخشا مەزمۇنى ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە زىت كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ناخشىچى ناخشىنى ئورۇنداشتا سۆيۈقلۇق قىلىپ قەستەن شەھۋەت قوزغاپ ئەخلاقسىزلىق ۋە پىتنە ـ پاساتقا قىزىقتۇرىدىغان بولسا، ئۇ، بۇ ئورۇنداش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئوقۇغان ناخشىنى ھالال دائىرىدىن ھارام دائىرىگە يۆتكۈۋېتىدۇ.

www.munber.org

3 ـ ئىسلام دىنى ھەرقانداق نەرسىدە ئىسراپ قىلىش، چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە قارشى تۇرغان، ئۇ ھەتتا ئىبادەت قىلىشتىمۇ چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشكە قارشى تۇرغان تۇرسا، ئويۇن ـ تاماشا ۋە ۋاقىت زايا قىلىشتا چېكىدىن ئېشىپ كېتىشكە قارشى تۇرماسمۇ؟ ۋاقىت = ھايات ئەمەسمۇ؟

شەكسىزكى، زۆرۈر ئەمەس ئىشلاردا ۋاقىت ئىسراپ قىلىنسا، زۆرۈر ئىشلارنىڭ ۋاقتىنى ئىگەللىۋالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسراپلا بولىدىكەن، چوقۇم يېنىدا زايا بولغان بىر ۋاجىب باردۇر».

4 ـ بەزى ناخشا ـ مۇزىكىلارغا ھەركىم ئۆزى باھا بەرسە بولىدۇ، مەسىلەن: ناخشا ياكى مۇزىكا ھېسسىياتنى قوزغاپ، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن دەرھال يىراقلىشىپ، قەلبىگە ۋە ئەخلاقىغا يامان تەسىر بېرىدىغان شامال ئېغىزىنى توسىۋېتىشى كېرەك.

5 ـ ناخشا، ھاراق ـ شاراب ئىچىلىدىغان سورۇنلاردا ئوقۇلۇش ياكى يالىڭاچلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقتەك باشقا ھارام قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن چېتىلسا، بۇنداق ئەھۋالدىكى ناخشىنى ئوقۇش، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ھارام بولىدىغانلىقىدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق، مانا شۇنداق شارائىتتا ئوقۇلغان ناخشىنى ئېيتقان ۋە ئاڭلىغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر مۇزىكىلار بىلەن ئايال ناخشىچىلار ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان يەرلەردە ئولتۇرۇپ، ھاراقنى ھەرخىل ئىسىملار بىلەن ئاتاپ ئىچمەي قالمايدۇ، ئاللاھ

www.munber.org

ئۇلارنى يەرگە يۇتكۈزىۋېتىدۇ، ئۇلارنى مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرىۋېتىدۇ»[1].

ئۇلارنى مايمۇن بىلەن چوشقىغا ئايلاندۇرىۋېتىشى ئۇچۇن ئۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئۆزگەرتىش شەرت ئەمەس، بەلكى، كۆڭۈل، ۋىجدان ۋە مەنىۋى دۇنياسىنى ئۆزگەرتسە، ئىنسان قىياپىتىدىكى بىر تەندە، مايمۇننىڭ كۆڭلى، چوشقىنىڭ روھىي دۇنياسى شەكىللەنگەن بولىدۇ[2].

## قىمار ھاراقنىڭ جۈپتىدۇر

قىمار دېگەن ـ ئويۇنغۇچى ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇشتىن يەنى پايدا ـ زىياندىن خالىي بولمايدىغان ئويۇندۇر. ئىسلام دىنى نۇرغۇنلىغان ئويۇن ـ تاماشالارغا يول قويغىنى بىلەن، قىمار ئارىلاشقان ھەرقانداق ئويۇننى ھارام قىلىۋەتكەن. بىز يۇقىرىدا «كىمكى ھەمراھىغا: «كەل قىمار ئويناي دېسە، سەدىقە قىلىۋەتسۇن» دېگەن ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

مۇسۇلمان كىشىگە قىمار ئويناپ كۆڭۈل ئېچىش ۋە بوش ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ھالال بولمىغاندەكلا، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا پۇل تېپىش ئۈچۈن قىمار ئوينىشىمۇ ھالال بولمايدۇ.

ئىسلام قىمارنى كەسكىن ھارام قىلىش ئارقىلىق مۇنداق ئۇلۇغ غايىلەرنى كۆزلەيدۇ:

[1] ـ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ناخشا ـ مۇزىكا ھۆكمى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭراق ئىزدىنىش ئۈچۈن دوكتۇر يۇسۇف ئەلقاراداۋىينىڭ 250 بەتلىك (فىقھۇل غىنا ۋەلمۇسىيقا) دېگەن كىتابىغا قاراڭ. قاھىرە 2001 ـ يىلى 1 ـ بېسىلىشى ـ ت.

www.munber.org

1 ـ ئىسلام مۇسۇلمانلارنى پۇل تېپىش جەھەتتە ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىپ، ئۇيلەرگە تامدىن ئارتىلىپ ئەمەس ئىشىكىدىن كىرىشنى، تەر ئاققۇزۇپ، سەۋەب قىلىپ پۇل تاپىشنى دەيدۇ.

قىمار ــ لاتارىيە ئويۇنلىرىمۇ شۇنداق ـ كىشىنى ئىشلەش ۋە تەر ئاققۇزۇشقا ئەمەس، تەلەي، تاسادىپىيلىق ۋە قۇرۇق ئارزۇلارغا تايىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

2 ـ ئىسلامدا ھەر بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۆزىگە خاس ھۆرمىتى بار، شۇڭا ئۇنى باشقىلار يا قانۇنلۇق سودا ـ سېتىق ئارقىلىق يا كۆڭلى رازى بولۇپ سوۋغا قىلىش ياكى سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ئالمىسا، ھەقسىز ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. قىمار ئويناپ ئېلىۋالسىمۇ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەقسىز يەۋالغان بولىدۇ ئەلبەتتە.

3 ـ قىمار ئويىنغۇچىلار ئاغزىدا رازىلىقىنى ئىپادىلىگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت تۇغۇلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەرزامان يا ئۇتىدۇ يا ئۇتتۇرىدۇ. يا پايدا ئالىدۇ ياكى زىيان تارتىدۇ. ئۇتتۇرىۋەتكەن قىمارۋاز بەزىدە لام ـ جىم دېمىگەن تەقدىردىمۇ، زىيان ئاچچىق بولغاچقا، ئاچچىقىنى يۇتۇپ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ. ناۋادا چىدىماي ئۇرۇشۇپ قالسا، لەۋزىدە تۇرماي چىدەللىشىدۇ.

4 ـ ئوخۇشسىزلىق ئۇتتۇرىۋەتكۈچىنى، بىرىنچى قېتىم ئۇتتۇرىۋەتكىنىنى قايتا ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قايتا ئويناشقا ئۈندىسە، ئۇتقان ئادەم ئۇتۇش تاتلىق بولغاچقا، يەنە تېخىمۇ كۆپرەك ئۇتۇش ئۈچۈن قايتا ئوينايدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇتتۇرۇشقا باشلاپ غەلىبە شادلىقىدىن، مەغلۇبىيەت غېمىگە يۆتكىلىدۇ.

www.munber.org

مۇشۇنداق بولاۋېرىپ ئاخىرى ھەر ئىككەيلەن قىمار سورۇنىدىن كېتەلمەيدۇ. قىمار ئويۇنغانلارنىڭ قىمارنى تاشلىيالماسلىقىنىڭ سىرى شۇدۇر.

5 ـ يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىمار شەخسكىلا خەتەرلىك بولۇپ قالماستىن بەلكى، پۈتۈن جەمئىيەتكىمۇ خەتىرى ئىنتايىن چوڭ. قىمار ــ ۋاقىت ۋە كۈچنى كۆيدۈرۈپ قىمارۋازلارنى، ئىستېمال قىلىپ ئىشلەپ چىقىرالمايدىغان، جەمئىيەتتىن پايدا ئېلىپ، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان بىكار تەلەپلەرگە ئايلاندۇرىۋېتىدىغان ئويۇندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىمارۋازنىڭ ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، مىللىتىگە ۋە پەرۋەردىگارىغا قارىتا ئورۇندىشى كېرەك بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىشقا ھېچ ۋاقتى چىقمايدۇ.

قىمار ئۈستىلىگە باغلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ قىمار ئۈچۈن دىنىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى، ۋىجدانىنى ۋە مىللەت ـ ۋەتىنىنى سېتىۋېتىشى يىراق ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ قىمارغا بولغان ساداقەتمەنلىكى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە ساداقەتمەن بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ.

شۇنداقلا، قىمار قىمارۋازغا ھەرقانداق نەرسىنى تىكىشكە ئادەتلەندۇرۇۋەتكەچكە، يوق پايدىنى كۆزلەپ دىنىنى، شەرىپىنى ۋە مىللىتىنىمۇ تىكىپ قىمار ئويىنىشى ھەرۋاقىت مۇمكىن.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە ۋە ئەھكاملىرىدا ھاراق بىلەن قىمارنى بىر قاتاردا سانىغانلىقى ھەقىقەتەن سەۋەبسىز بولمىغان، چۈنكى ھاراق بىلەن قىمارنىڭ شەخس ۋە ئائىلە، ۋەتەن ۋە ئەخلاققا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىمارۋاز ھاراقكەشكە

www.munber.org

بەك ئوخشايدۇ. بەلكى قىمارۋاز ئادەتتە ھاراقكەش كېلىدۇ، ھاراقكەشمۇ قىمارۋاز كېلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بىزگە، ھاراق بىلەن قىمارنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى تىكىلگەن تاش ۋە پال ئوقلىرى بىلەن بىللە بىر قاتاردا سانىشى، ھەممىدە بىزنىڭ بۇنداق مەينەت نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇشىمىزنىڭ كېرەكلىكىنى تەكىتلىشى ھەقىقەتەن توغرا. قۇرئان كەرىم مۇنداق دېگەن:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنَّمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالْأَنصَابُ وَالْأَزْلَامُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ فَاجْتَنِبُوهُ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ۞إِنَّمَا يُرِيدُ الشَّيْطَانُ أَنْ يُوقِعَ بَيْنَكُمُ الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ فِي الْخَمْرِ وَالْمَيْسِرِ وَيَصُدَّكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللَّهِ وَعَنْ الصَّلَاةِ فَهَلْ أَنْتُمْ مُنتَهُونَ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى يانامسىلەر؟﴾ [مائىدە سۈرىسى 90 ـ 91 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

# لاتارىيە ئويۇنلىرىمۇ قىماردۇر

ھەرخىل تۈردىكى لاتارىيە ئويۇنلىرى قىمارنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، قانداق ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

بەزىلەر بۇنداق قىمارلارنى ئويۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كەلگەن كىرىمنى (خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا) ياكى (مېيىپلارغا ياردەم قىلىمىز دېگەندەك چىرايلىق ئىسىملار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. قىمارنى بۇنداق مەقسەت بىلەن ئوينىغان ئادەم خۇددى خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ياردەم توپلاش ئۈچۈن پاھىشە قىلغان ئاياللارغا ئوخشايدۇ. بىز ئۇلارغا: «ئاللاھ پاكتۇر، پاكتىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دەيمىز.

بۇنداق ئۇسۇللار بىلەن ياردەم توپلىماقچى بولغانلار، جەمئىيەتتە خەير ـ ساخاۋەت سۆيەرلىك تۇيغۇسى، رەھىمدىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش روھى يوق، مۇشۇنداق چەكلەنگەن ئويۇن ـ تاماشا ياكى قىمار ئارقىلىق پۇل توپلىمىساق باشقا يول يوق دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى، جەمئىيەتكە بۇنداق قارىمايدۇ، بەلكى ئۇ، ئىنسانلاردىكى ياخشىلىق قىلىش روھىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا ئېسىل غايىگە پاك چارىدىن باشقىنى قوللانمايدۇ، ئۇ چارە بولسا: ياخشىلىققا چاقىرىش، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى قوزغاش ۋە ئاللاھ بىلەن ئاخىرەتكە بولغان ئىمانىنى ئويغۇتۇشتۇر.

www.munber.org

## كىنو ۋە سەھنە ئويۇنلىرى

كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ كىنو ـ تىياتىر ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سەنئەتلەرگە قانداق قارايدىغانلىقىنى، مۇسۇلمان كىشى ئۇنى كۆرسە بولامدۇ ياكى بولمامدۇ دەپ سورىشىدۇ.

شەكسىزكى، كىنو ۋە سەھنە سەنئەتلىرى باشقا قوراللارغا ئوخشاشلا ئاقارتىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش قوراللىرىنىڭ مۇھىم بىرىدۇر. ئۇنى يا ياخشىلىققا ئىشلىتىمىز ياكى يامانلىققا. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ھارام ئەمەس، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ھۆكۈم ئوينىلىدىغان رولغا قاراپ بولىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە: ئۇ ھالالدۇر، بەلكى تېخى تۆۋەندىكى شەرتلەر تېپىلىپ قالسا، سەھنە سەنئەتلىرى مۇستەھەب ۋە لازىم بولىدۇ:

1 ـ مەزمۇنى ئىسلام ئەقىدىسىگە، شەرىئىتىگە ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىغا خىلاپ كەلمەسلىكى، بۇزۇقچىلىق ۋە يالىڭاچلىقتىن خالىي بولۇشى كېرەك. لېكىن شەھۋانىيلىققا، گۇناھقا، جىنايەتكە، بۇزۇق پىكىرلەرگە... تەشۋىق قىلىدىغان بولسا، ئۇ ھارام بولىدۇ. ئۇنى كۆرۈش مۇسۇلمان ئادەمگە ھارام بولىدۇ. ئىشلەپ چىقارسا ياكى ئىشلىنىشكە قاتناشسا تېخىمۇ بەك ھارام بولىدۇ.

2 ـ ئۇنى كۆرۈش دىنىي ياكى دۇنياۋى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. دىنىي مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ بېشىدا ئاللاھ تائالا ھەربىر مۇسۇلمانغا ھەر كۈندە پەرز قىلغان بەش ۋاقىت ناماز تۇرىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان ئادەم بىر كىنو كۆرۈش ئۈچۈن ــ شام نامىزىدەك ــ بىر پەرز نامازنى زايا قىلىۋەتسە بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

www.munber.org

﴿فَوَيْلٌ لِلْمُصَلِّينَ۞الَّذِينَ هُمْ عَنْ صَلَاتِهِمْ سَاهُونَ﴾

﴿شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ﴾ [مائۇن سۈرىسى 4 ـ 5 ـ ئايەتلەر]

ئايەتتىكى «غەپلەت ياكى سەۋەنلىك» دېگەن سۆزگە نامازنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنگىچىلىك كېچىكتۈرۈش دەپ مەنە بېرىلدى. قۇرئان كەرىم يەنە ھاراق بىلەن قىمارنىڭ ھارام قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ناماز ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسۇش ئىكەنلىكى دەپ كۆرسەتتى.

3 ـ كىنو ـ تىياتىرخانىلاردا يات ئەر ـ ئاياللار چاپلىشىپ بىللە ئولتۇرماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇ ئويۇنلار قاراڭغۇدا قويۇلغاچقا، ئولتۇرۇشقا دىققەت قىلمىسا، پىتنە ۋە گۇمان تۇغۇلىدۇ، ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «بىرىڭلارنىڭ بېشىغا يىڭنە ياكى جۇۋالدۇرۇز سانجىلىشى، ھالال بولمايدىغان ئايالنى تۇتقاندىن ياخشىراق»[1].

❊ ❊ ❊

---

([1]) ـ ئىمام بەيھەقى ۋە تابارانى رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.

www.munber.org

# تۆتىنچى

## ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە

ئىسلام دىنى مۇسۇلمان جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىككى چوڭ ئاساس ئۈستىگە قۇرغان:

بىرىنچىسى: ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى مەھكەم رىشتە بولغان قېرىنداشلىق رىشتىسىگە رىئايە قىلىش.

ئىككىنچىسى: ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسلام قوغداپ بەرگەن قان، ئىپپەت ـ نومۇس ۋە مال ـ مۈلۈك قاتارلىق ھەقلىرىنى قوغداش.

ئىسلام مۇشۇ ئىككى چوڭ ئاساسقا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ھەم مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى، كەلتۈرىدىغان ماددىي ۋە مەنىۋى زىيىنىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئۆز لايىقىدا ھارام قىلىۋېتىدۇ.

بۇ ئايەتتە قېرىنداشلىق ۋە شەخسلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھارام ئىشلاردىن ئۆرنەكلەر بار:

﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ۞يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ وَلَا تَنَابَزُوا بِالْأَلْقَابِ بِئْسَ الاِسْمُ الْفُسُوقُ بَعْدَ الْإِيمَانِ وَمَنْ لَمْ يَتُبْ فَأُولَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ۞يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا

www.munber.org

تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَنْ يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَحِيمٌ﴾

﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقۇڭلار. ئى مۆمىنلەر! ئەركىشىلەر ئەركىشىلەرنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغانلار مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر - بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش نېمىدېگەن يامان! تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر. ئى مۆمىنلەر! كۆپ گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 10 - 12 - ئايەتلەر]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتلەرنىڭ بىرىنچىسىدە، مۆمىنلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنى ئىنسانىيەتتىكى قېرىنداشلىق بىلەن دىنىي قېرىنداشلىق باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، قېرىنداشلىقنىڭ ياتلاشماي ئۆزئارا تونۇشۇشنى، تاشلاشماي ئىزدىشىپ تۇرۇشنى، ئاداۋەتلەشمەي ئۈلپەتلىشىشنى، نەپرەتلىشىشمەي ياخشى كۆرۈشۈشنى ۋە بۆلۈنۈپ كەتمەي بىرلىشىشنى تەقەززا قىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

www.munber.org

يەنە ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، يۈز ئۆرۈشمەڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇڭلار»[1].

## مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەن تاشلىشىپ كەتسە بولمايدۇ

ئىسلام دىنى يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن بىر مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋېتىشنى ھارام قىلىۋەتكەن. خاپا بولۇشۇپ قالغانلارغا ئاچچىقى يانغىچە ئۈچ كۈنلا رۇخسەت قىلغان. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككەيلەن كۆڭلىدىكى ئاچچىقى يامانلىق، ئاداۋەتنى يامانلىق ۋە تەكەببۇرلۇق ئىللەتلىرى ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ، ئەپلىشىش ۋە يارىششقا ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، چۈنكى قۇرئان كەرىم مەدھىيىلىگەن سۈپەتلەرنىڭ بىرى بولسا:

﴿أَذِلَّةٍ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ﴾

﴿مۆئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان﴾ [مائىدە سۈرىسى 54 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋەتسە ھارام بولىدۇ. ئۇ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئۇچرىسا ئۇنىڭغا سالام قىلسۇن، ئاۋادا سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ جاۋاب قايتۇرسا ئەجرىنى ھەر ئىككەيلەن تەڭ ئالىدۇ. سالامغا جاۋاب قايتۇرمىسا گۇناھ ئۆزىگە

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بولىدۇ. سالام قىلغۇچى تاشلىۋېتىشنى ئاياغلاشتۇرغان ھېسابتا بولىدۇ »[1].

ئىسلام دىنى سىلە ـ رەھىم قىلىشنى پەرز قىلغان ۋە تاپىلىغان ئورۇق ـ تۇغقانلارنى تاشلىۋېتىش تېخىمۇ قاتتىق ھارام بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَاتَّقُوا اللَّهَ الَّذِي تَسَاءلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا »

« بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر» [نىسا سۈرىسى 1 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورۇق ـ تۇغقانلار ئوتتۇرىدىكى بۇ سىلە ـ رەھىمنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: « رەھىم (تۇغقانچىلىق) رىشتى ئەرشكە ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: مېنى ئۇلىغاننى ئاللاھ ئۇلىغاي، مېنى ئۈزۈۋەتكەننى ئاللاھ ئۈزۈۋەتكەي »[2]. يەنە مۇنداق دەيدۇ: « ئۈزگۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ »[3].

بەزى ئالىملار ئۈزگۈچى دېگەن سۆزنى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزگۈچى دەپ يەشكەن، بەزىلەر يول كەسكۈچى (قاراقچى) دەپ يەشكەن. بۇ، خۇددى بۇ ئىككىسىنى بىردەرىجىدىكى ئادەملەردەك ھېس قىلدۇرىدۇ:

ۋاجىب بولغان سىلە ـ رەھىم تۇغقان تۇغقىنىغا بىر ياخشىلىقتا بىر ياخشىلىق، بىر يوقلاشقا بىر يوقلاش ئارقىلىق

---

[1]ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[2]ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3]ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تەخمۇ ـ تەك مۇئامىلە قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەس، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي مەجبۇرىيىتى، لېكىن ۋاجىب بولغىنى: ئۇنى تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «تەخكە ـ تەك يوقلاپ تۇرغۇچى تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغان ھېسابلانمايدۇ، تۇغقانچىلىق رىشتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى بولسا، باشقىلار تەرەپىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن رىشتىنى ئۇلىغان ئادەمدۇر»[1].

بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشلىۋېتىش ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ھەق ئۈچۈن ۋە ئاللاھ ئۈچۈن بولمىغان تەقدىردە شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۈچۈن سۆيۈش، ئاللاھ ئۈچۈن نەپرەتلىنىش ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم تۇتقىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى تەبۇك غازىتىغا چىقمىغان ئۈچ كىشىدىن ئۇلارغا كەڭ زېمىن تار كەلگەنگە قەدەر ئەللىك كۈن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. ئۇلار بىلەن ھېچكىم ئولتۇرۇپ قوپمىغان، سۆزلەشمىگەن ۋە سالاملاشمىغان. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىنى، تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى بايان قىلغانغا قەدەر ئەھۋال شۇنداق داۋاملاشقان[2].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ئاياللىرىدىن قىرىق كۈن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر ئوغلى دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان: «ئاياللارنى مەسجىدلەردىن توسماڭلار» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسكە بوي

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

سۈنمىغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىدىن ۋاپات بولغانغا قەدەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن[1].

ئەمما تاشلىشىش ۋە مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئاللاھ ئۈچۈن بولماي دۇنيا ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، دۇنيا ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بىلەن قېرىندىشى ئارىلىقىنى بۇزۇپ يۈز ئۆرۈشۈشكە سەۋەب بولۇشقا يارىمايدۇ، ئاداۋەتنى توگەتمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلىنىش تۇرسا، قانداقمۇ دۇنيانى دەپ مۇسۇلمان قېرىنداشتىن يۈز ئۆرۈگىلى بولسۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتنىڭ دەرۋازىسى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى ئېچىلىپ، ئاللاھ تائالا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ھەرقانداق بەندىنى كەچۈرىۋېتىدۇ، پەقەتلا قېرىندىشى بىلەن ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولغان ئادەمنىلا كەچۈرمەي: «بۇ ئىككىسى ئەپلەشكىچە ساقلاڭلار، بۇ ئىككىسى ئەپلەشكىچە ساقلاڭلار، بۇ ئىككىسى ئەپلەشكىچە ساقلاڭلار» دەيدۇ»[2].

ھەق ئىگىسىگە قېرىندىشى ئۆزرە ئېيتىپ كېلىشى كۇپايە، ئۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ ئاداۋەتنى توگىتىۋېتىشى كېرەك، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋەتسە ھارام بولىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلغانلارنى قىيامەت كۈنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆلىدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ[3].

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئىمام سۇيۇتى (الزجر بالهجر) يەنى (مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئارقىلىق ئەدەبلەش) دېگەن كىتابىنى تۈزۈپ چىقىپ، بۇ چارىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىگە كۆپلىگەن ئايەت ـ ھەدىسلەردىن دەلىل كەلتۈرگەن.
[2] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## ياراشتۇرۇش

زىددىيەتلەشكەنلەر قېرىنداشلىق روھىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئەپلىشىپ كېتىشى ۋاجىب بولسا، جەمئىيەتنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئورۇندىشى كېرەك بولغان مەجبۇرىيىتى بار، چۈنكى ئىسلام جەمئىيىتى ئۇزئارا ھەمكارلىشىدىغان، بىر ـ بىرىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان جەمئىيەت بولغاچقا، جەمئىيەت ئەزالىرىنى بىر ـ بىرى بىلەن ئاداۋەتلەشكەن ۋە ئۇرۇشۇپ قالغان ھالەتتە كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇتنى ئۆچۈرمەي ئويۇن كۆرۈپ تۇرسا بولمايدۇ.

بۇنداق ئەھۋالدا، ئەقىل ۋە ئىقتىدار ئىگىلىرى پەقەت ھەقنىلا كۆزلەپ، ھېچكىمگە يان باسماي ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئارىلىشىشى كېرەك بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾

﴿قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھدىن قورقۇڭلار﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇشنىڭ پەزىلىتىنى ۋە ئاداۋەت ـ ئۆچمەنلىكنىڭ خەتىرىنى بايان قىلىپ ساھابىلىرىگە: «سىلەرگە ناماز، روزا ۋە سەدىقىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟» دېگەندە ساھابىلەر: «ماقۇل ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش، چۈنكى ئىككى مۇسۇلماننىڭ

www.munber.org

ئارىسىنىڭ بۇزۇلىشى بىر ئۇستىرادۇر، چاچ چۈشۈرىۋېتىدىغان ئۇستىرا ئەمەس، دىننى چۈشۈرىۋېتىدىغان ئۇستىرادۇر»[1].

## مەسخىرە قىلماسلىق

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ساقلايدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بىرقانچە نەرسىلەرنى بايان قىلغان:

بۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنچىسى بولسا: كىشىلەرنى مەسخىرە قىلماسلىق بولۇپ، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر مۆمىن كىشىگە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش ياكى بەزى سەخسىلەرنى كۆڭۈل ئېچىش ۋە كۈلكە پەيدا قىلىش تېمىسىغا ئايلاندۇرىۋېلىشى ھارامدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش مەخپىي تەكەببۇرلۇق ۋە نىقابلانغان مەغرۇرلۇق بولۇپ، بۇ باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلىك ھەمدە ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى ـ يامانلىق ئۆلچەملىرىنى بىلمىگەنلىكتۇر، شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿لَا يَسْخَرْ قَومٌ مِنْ قَوْمٍ عَسَى أَنْ يَكُونُوا خَيْرًا مِنْهُمْ وَلَا نِسَاءٌ مِنْ نِسَاءٍ عَسَى أَنْ يَكُنَّ خَيْرًا مِنْهُنَّ﴾

﴿ئەركىشىلەر ئەركىشىلەرنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغانلار مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت]

[1] ـ ئىمام تىرمىزى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئـاللاھنىڭ نـەزىرىدىكى ئـەۋزەللىك: تاشقى قىياپـەت، جىسـىم ياكى مال ۋە يۈز ـ ئابرويغا ئەمەس، بەلكى ئىمان، ئىخلاس ۋە ئـاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشىغا تـايىنىدۇ. ھەدىسـتە مۇنـداق كۆرسـتىلگـەن: «ئـاللاھ سـىلەرنىڭ شـەكلىڭلارغا ۋە مـال مۈلكىڭلارغـا قارىمـايدۇ، لېكـىن قـەلبىڭلارغا ۋە ئەمـەللىرىڭلارغا قارايدۇ»[1].

ئۇنداقتا، ئـەر يـاكى ئايال بولسۇن بىـر كىشى بىـر كىشىنى بـەدىنىدىكى بىـر مېيىپلىقنى ياكى چىـراي كۆرىنىشىدىكى سـەتلىك ياكى كەمبەغەللىكى تۈپەيلىدىن ئەيىبلىشى ياكى مەسخىرە قىلىشى قانداقمۇ توغرا بولسۇن؟

بىـر كۈنى ھـەزرىتى ئـابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىنچىكـە پـاچاقلىرى ئـېچىلىپ قالغـاندا، سـورۇندىكىلەرنىڭ بـەزىلىرى كۈلۈشۈپ كەتكـەن، بۇنى كـۆرۈپ پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن:

«ئۇنـىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن كۈلۈشۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى پاچىقى تارازىدا ئوھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدۇ»[2].

قۇرئـان كـەرىم مۇشرىكلارنىڭ، مۆمىنلەرنى بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىلال ۋە ئاممارەدەك ئاجىزلىرىنى قانداق مەسخىرە قىلغانلىقىنى، قىيامەت كۈنىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ بۇ دۇنيادا مەسخىرە قىلغانلارنىڭ ئـۇ دۇنيادا مەسخىرە قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان:

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تايالىسي رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿إِنَّ الَّذِينَ أَجْرَمُوا كَانُوا مِنَ الَّذِينَ آمَنُوا يَضْحَكُونَ۞وَإِذَا مَرُّوا بِهِمْ يَتَغَامَزُونَ۞وَإِذَا انقَلَبُوا إِلَى أَهْلِهِمُ انقَلَبُوا فَكِهِينَ۞وَإِذَا رَأَوْهُمْ قَالُوا إِنَّ هَؤُلَاء لَضَالُّونَ۞وَمَا أُرْسِلُوا عَلَيْهِمْ حَافِظِينَ۞فَالْيَوْمَ الَّذِينَ آمَنُوا مِنَ الْكُفَّارِ يَضْحَكُونَ﴾

﴿كاپىرلار ھەقىقەتەن مۆمىنلەرنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى. مۆمىنلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار ئۆزئارا كۆز قىسىشاتتى. ئۆيلىرىگە قايتقاندا مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ مەزە قىلغان ھالدا قايتىشاتتى. مۆمىنلەرنى كۆرگەندە «بۇلار شەكسىز ئاداشقانلار» دېيىشەتتى. ئۇلار مۆمىنلەرنى كۆزىتىشكە ئەۋەتىلگىنى يوق. بۈگۈن (يەنى قىيامەت كۈنى) مۆمىنلەر كاپىرلاردىن كۈلىدۇ﴾ [مۇتاففىفىن سۈرىسى 29 ـ 34 ـ ئايەتلەر]

ئاياللارنىڭ بىر ـ بىرىنى مەسخىرە قىلىشى كەڭ تارقالغان ئادەتلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇنىڭدىن بۇرۇن يۇقىرىدا ئۆتكەن ئايەت ئاياللارنىڭمۇ بىر ـ بىرلىرىنى مەسخىرە قىلىشىنىڭ ھاراملىقىنى ئېنىق ۋە ئايرىم ئېيتىدىلىگەن.

## تىل ئۇزاتماسلىق

ئىككىنچىسى بولسا تىل تەككۈزمەسلىك بولۇپ، بۇ ئەرەبچىدە سانجىش ۋە پاتۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بىلەن بايان قىلىنغان. لېكىن بۇ يەردە ئەيىبلىمەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا پىچاق ياكى نەيزە سانجىغاندەك بولىدۇ، بەلكى سانجىلىشتا تىل ھەممىدىن قاتتىقراق سانجىلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە مۇنداقمۇ دېيىلگەن:

www.munber.org

تىل يارىسى ساقايماس پەقەت          تىغ يارىسى تۈتار ئاقىبەت

ئايەتتىمۇ بۇ چەكلىمە ئىنتايىن گۈزەل بىر ئۇسلۇب بىلەن ئىپادىلەنگەن:

﴿وَلَا تَلْمِزُوا أَنفُسَكُمْ﴾

﴿ئۆزۈڭلارغا تىل ئۇزاتماڭلار﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى11 ـ ئايەت]

بۇنىڭ مەنىسى: بىر ـ بىرىڭلارغا تىل ئۇزاتماڭلار دېگەنلىكتۇر، لېكىن قۇرئان كەرىم مۆمىنلەر جامائىتىگە خۇددى ئۇلار بىر كىشىدەكلا خىتاب قىلغان. چۈنكى ئۇلار ئۆزئارا ھەمكارلىشىشتا ۋە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشتە مىسلىسىز جامائەتتۇر. ئۇنداق بولىدىكەن كىمكى قېرىندىشىغا تىل ئۇزۇتۇپ ئۇنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تىل ئۇزاتقان ۋە ئۆزىنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ.

## لەقەم قويماسلىق

ئۈچىنچىسى بولسا باشقىلارغا يامان لەقەم بىلەن ياكى مەسخىرە قىلىدىغان ياكى كىشى يامان كۆرىدىغان لەقەم بىلەن چاقىرىپ ئازار بەرمەسلىكتۇر. چۈنكى بۇ قېرىنداشلىق رىشتىسىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ۋە كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتۇرغانلىق بولۇپ بۇ ئىش ئىسلام ئەدەب ـ ئەخلاقىغا زىت كېلىدۇ.

www.munber.org

# يامان گۇمان قىلماسلىق

ئىسلام دىنى جەمئىيەتنى گۇمان ۋە شۈبھىگە ئەمەس، ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە كۆڭۈل ساپلىقى ئۈستىگە قۇرىدۇ. شۇڭا ئايەت ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ تۆتىنچىسىنى مۇنداق بايان قىلغان:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِنْ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! كۆپ گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت]

ئايەتتە گۇناھ بولىدىغان گۇمان يامان گۇماندۇر.

شۇڭا بىر مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارىتا ئېنىق بىر پاكىت ياكى سەۋەب تېپىلمىغۇچە يامان گۇمان قىلىشى ھارام بولىدۇ.

شەكسىزكى، كىشىلەر ئەسلىدە بىگۇناھ بولىدۇ. يامان گۇمان ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بىگۇناھ ئادەمنى قارىلاشقا سەۋەب بولسا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ھەرگىز يامان گۇمان قىلىپ قالماڭلار، چۈنكى يامان گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»[1].

ئادەملەر ئىنساني ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەرگە قارىتا بولۇپمۇ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ قالغان كىشىلەرگە قارىتا شۈبھە ۋە گۇماندىن خالىي بولالمايدۇ، لېكىن بۇنداق تۇيغۇلارنىڭ ئارقىغا كىرمەسلىك كېرەك. بۇ ھەقتە ھەدىستە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«گۇمان قىلساڭ ئىنقلاپ يۇرمە»[1].

## باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۇرمەسلىك

بەشىنچىسى بولسا باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۇرمەسلىكتۇر. چۈنكى باشقىلارغا ئىشەنمەسلىك ئىچكى جەھەتتىن يامان گۇمان قىلىشقا ئىتتىرىپلا قالماستىن تاشقى جەھەتتىن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۇرۇشتەك ئەمەلىي جىسمانىي ھەرىكەتكىمۇ ئىتتىرىدۇ. ئىسلام دىنى ئىچى بىلەن تىشى تەڭ پاكىز جەمئىيەت قۇرۇشنى كۆزلىگەچكە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشنى يامان گۇمان قىلىشقا بىللە جۈپلاپ چەكلىگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرستىلگەن:

«ھەرگىز يامان گۇمان قىلماڭلار! چۈنكى يامان گۇمان سۆزنىڭ ئەڭ يالغىنىدۇر»

«باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن تەكشۇرۇپ يۇرمەڭلار، كوچىلاپ يۇرمەڭلار»

كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ھەق ـ ھۆرمىتىنى يوشۇرۇن ماراش ۋە ئىنقلاپ يۇرۇش بىلەن دەپسەندە قىلىشقا بولمايدۇ. ھەتتاكى ئۇلار ئۆزلىرىگىلا مۇناسىۋەتلىك شەخسىي گۇناھ ئىشلارنى قىلىپ يۇرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قىلمىسا، ئۇنى ماراپ يۇرمەسلىك كىرەك.

ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئوقبە ئىبنى ئامىرنىڭ كاتىبى ئەبۇلھەيسەم مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئوقبە ئىبنى ئامىرغا مۇنداق

---

[1] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دېدىم: «بىزنىڭ خوشنىلىرىمىز ھاراق ئىچىشىدۇ، مەن ساقچى چاقىرتىپ ئۇلارنى قولغا ئالدۇرىۋېتىمەن». ئۇ ماڭا: «ئۇنداق قىلمىغىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىل، ۋە تەھدىت سال» دېدى. مەن: «مەن ئۇلارنى توستۇم، لېكىن ئۇلار گەپ ئاڭلىمىدى، ساقچىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلارنى قولغا ئالدۇرىۋېتىمەن» دېدىم. ئوقبە ماڭا: «ھەرگىز ئۇنداق قىلما، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىمكى بىر ئەيىبنى يۆگىسە خۇددى تىرىك كۆمۈلگەن بىر قىز بالىنى قەبرىسىدىن تىرىك قۇتقۇزىۋالغانغا ئوخشاش» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ يۈرۈشنى تىلى بىلەن ئىمان ئېيتتۇق دەپ دىللىرىدا ئىشەنمىگەن مۇناپىقلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن دەپ قاراپ ئۇلارغا كۆپ جامائەت ئالدىدا قاتتىق دەككە بەرگەن. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنبەرگە چىقىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا مۇنداق دەپ خىتاب قىلدى:

«ئى ئاغزىدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمان دىلىغا ئۆتمىگەنلەر، مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنىڭ مەخپى ئەيىبلىرىنى ئىنقلاپ يۈرمەڭلار، كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرىدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھ بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ قالسىلا، ئۇنى چوقۇم رەسۋا قىلىۋېتىدۇ»[2].

كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي ھايات مەخپىيەتلىكىنى قوغداش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆي ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، نەسائى، ھاكىم ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھدە رىۋايەت قىلغان، ھەدىسنىڭ لەپزى ئىبنى ھىببانىنىڭ رىۋايىتىدۇر.

[2] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان، ئىبنى ماجەمۇ بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۆيگە قاراشنى قاتتىق ھارام قىلغان، ھەمدە قارىغۇچىغا ئۇ ئۆي ئىگىسىدىن كەلگەن زىياننى بىكار قىلىۋەتكەن. ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

«كىمكى بىر كىشىنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز قارىسا، ئۇ ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتسە بولىدۇ»[(1)].

يەنە كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى ئالماي، ھەمدە ئۇقتۇرماي ئوغرىلىقچە پاراڭلىرىنى تىڭشاشنى ھارام قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقىلارنىڭ پارىڭىنى ئوغرىلىقچە تىڭشايدىكەن، قىيامەت كۈنى قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن تۆكىلىدۇ»[(2)].

قۇرئان كەرىم بىرسىنى يوقلاپ ئۆيىگە بارغان كىشىنىڭ ئۆيگە كىرىشكە ئىجازەت بېرىلمىگىچە ۋە ئۆيدىكىلەرگە سالام قىلمىغۇچە كىرمەسلىكنى ۋاجىب قىلغان:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتًا غَيْرَ بُيُوتِكُمْ حَتَّى تَسْتَأْنِسُوا وَتُسَلِّمُوا عَلَى أَهْلِهَا ذَلِكُمْ خَيْرٌ لَكُمْ لَعَلَّكُمْ تَذَكَّرُونَ ۞ فَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فِيهَا أَحَدًا فَلَا تَدْخُلُوهَا حَتَّى يُؤْذَنَ لَكُمْ وَإِنْ قِيلَ لَكُمُ ارْجِعُوا فَارْجِعُوا هُوَ أَزْكَى لَكُمْ وَاللَّهُ بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۇ ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز - نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگىچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾ [نۇر سۈرىسى27 ـ 28 ـ ئايەتلەر]

ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «قانداق بىر كىشى ئىجازەت قىلىنىشتىن بۇرۇن پەردىنى قايرىپ قارىسا، ھارام ئىش قىلغان بولىدۇ»[1].

باشقىلارنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرىنى ئىزدەش ۋە شەخسىي مەخپىيەتلىكىنى ماراپ كۆزىتىش ھەققىدىكى چەكلىمىلەر ھاكىم ۋە مەھكۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئومۇمىي چەكلىمىلەردۇر. ھەزرىتى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان:

«سەن كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەيىبلىرىنى ئىزدەپ يۈرسەڭ ئۇلارنى بۇزۇۋېتىسەن ياكى بۇزۇۋەتكىلى تاس قالىسەن»[2].

ھەزرىتى ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«ھاكىم كىشىلەردىن گۇمانلاپ تەكشۈرۈپ يۈرسە ئۇلارنى بۇزۇۋېتىدۇ»[3].

## غەيۋەت قىلماسلىق

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ ئالتىنچىسى بولسا: غەيۋەت قىلماقتۇر.

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿وَلَا يَغْتَبْ بَعْضُكُمْ بَعْضًا﴾

﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە تەربىيە قىلىپ كەلگەن ئادىتى بويىچە غەيۋەتنىڭ ئۇقۇمىنى ۋە چەك چېگرىسىنى سوئال ـ جاۋاب بىلەن كۆرسىتىپ ئۇلاردىن مۇنداق دەپ سورىغان:

«غەيۋەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟» ساھابىلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشكەندىن كېيىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ چۈشەندۈرگەن: «قېرىندىشىڭ ھەققىدە ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش غەيۋەتتۇر» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «قېرىندىشىم ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىم راست بولسىچۇ؟» دەپ سورىغاندا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ راست بولسا ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىسەن، ناۋادا ئۇنىڭ ھەققىدە ئېيتقانلىرىڭ يالغان بولسا، ئۇنىڭغا قارا چاپلىغان بولىسەن»[1].

بىر كىشىنىڭ شەكىل قىياپىتى، ئەدەب ـ ئەخلاقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، نەسەبى ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق نەرسە ھەققىدە ئېيتىلغان يامان سۆزلەر كىشى يامان كۆرىدىغان سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن سافىييە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى) نىڭ نېمە ئارتۇقچىلىقى بار؟ ئۇ دېگەن ئۇنداق، مۇنداق (يەنى بويى پاكار) دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائىيلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«شۇنداق بىر سۆز ئېيتتىڭكى، ئۇنى ناۋادا دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرسا، دېڭىز سۈيىنى بولغىيالايدۇ» دېدى»[1].

كەسكىن قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، غەيۋەت قىلماق - باشقىلارنى يېقىتىشتۇر. سورۇندا يوق بولغان كىشىلەرنىڭ ئىززەت - نومۇسى، ھەق - ھۆرمىتى ۋە ئىچكى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، غاجىلاپ زىدىلەشتۇر. ئۇ ئارقىدىن سانجىلغان پىچاق بولغانلىقى ئۈچۈن، قورقۇنچاقلىق ۋە پەسكەشلىكنىڭ ئىسپاتىدۇر. بىكار تەلەبىلەرنىڭ ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن سەلبىيلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. غەيۋەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ تىلىدىن ساق قالىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى جەھەتتىن، غەيۋەت - يېقىش، چېقىش ۋە بۇزۇش سايمىنىدۇر.

شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ غەيۋەتنى يىرگىنچلىك ۋە نەپرەتلىنەرلىك يامان بىر شەكىلدە تەسۋىرلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس:

﴿وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ﴾

﴿بىر - بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىز؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 12 - ئايەت]

ئىنسان ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن يىرگىنىدىغان تۇرسا، ئۆز قېرىندىشىنىڭ گۆشى ياكى تاپىنى قانداقمۇ يېسۇن؟

---

[1] - ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەربىر پۇرسەتتە بۇ قۇرئانني تەسۋىرلەشنى دىللارغا ئورنىشى ئۈچۈن تەكرار ـ تەكرار تەكىتلەپ تۇرغان.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتۇق، سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئورنىدىن قوپۇپ كېتىشى بىلەنلا، باشقا بىرسى ئۇ كىشى ھەققىدە غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى، بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «چىشىڭنى كوچىلىۋەت» دېدى. ئۇ كىشى: «مەن گۆش يېمىگەن تۇرسام نېمىشقا چىشىمنى كوچىلايدىكەنمەن؟» دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «چۈنكى سەن قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېدىڭ» دېدى»[1].

ھەزرىتى جابىر مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدۇق، تۇيۇقسىز سېسىق بىر پۇراق كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: «بۇ پۇراقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ بۇ مۆمىنلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغانلارنىڭ پۇرىقى» دېدى»[2].

بۇلار بىزگە ئىسلامدا كىشىلىك ھوقۇقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئىسلام ئۆلىمالىرى ھارام قىلىنغان غەيۋەت دائىرىسىدىن ئىستىسنا قىلغان بەزى غەيۋەت شەكىللىرى بولۇپ، بۇنىڭدا زۆرۈر بولغان مىقداردىن ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك. مەسىلەن:

www.munber.org

[1] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان. راۋىيلىرى سەھىھنىڭ راۋىيلىرىدۇر.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان. راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.

1- زۇلۇم قىلىنغان كىشى، زۇلۇم قىلغۇچى ئۈستىدىن ئەرز قىلىشتا، ياكى دەردىنى تۆكەشتە زۇلۇم قىلغۇچىدا ھەقىقىي بار بولغان يامان سۈپەتلەرنى ئېيتىپ ئەرز قىلسا، بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىندۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿لَا يُحِبُّ اللَّهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ إِلَّا مَنْ ظُلِمَ وَكَانَ اللَّهُ سَمِيعًا عَلِيمًا﴾

﴿زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن باشقا كىشىنىڭ ئاشكارا يامان سۆز قىلىشىنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ئاڭلىغۇچىدۇر، بىلگۈچىدۇر﴾ [نىسا سۈرىسى148 ـ ئايەت]

2 ـ بەزىدە تىجارەتتە شېرىك بولۇش، ياكى كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش ياكى مۇھىم بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇش ئۈچۈن بىر كىشى ھەققىدە سوراپ قىلىنىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا يوق ئادەمنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بىلەن، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىپ، توغرا مەسلىھەت بېرىش مەجبۇرىيىتى قارىمۇ ـ قارشى كېلىپ قالىدۇ. بىراق نەسىھەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بەكراق مۇھىم ۋە ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ھەزرىتى قايىسنىڭ قىزى فاتىمە ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىككەيلەن ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مەسلىھەت سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بىرىنى: «ئۇ ھېچنېمىسى يوق بىر قەلەندەر» دېگەن. يەنە بىرى ھەققىدە: «ئۇنىڭ قولىدىن تاياق چۈشمەيدۇ» يەنى (ئاياللارنى كۆپ ئۇرغاق) دېگەن.

3 ـ پەتىۋا سوراش ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئېيتىش.

4 ـ يامان ئىشلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش.

www.munber.org

5 ـ يەنە: بىر كىشىنىڭ ئۆزى ياماان كۆرىدىغان ئىسمى، سۆپىتى ياكى لەقىمى بولسا، لېكىن ئۇ كىشىنى باشقىلاردىن ئايرىپ تونۇش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان پالانى تاز ياكى پالانى قارىغۇ دېگەندەك نام، سۈپەت ۋە لەقەملەر بىلەن تىلغا ئېلىنىشمۇ مۇشۇ خىلدىن ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ گۇۋاھچىلارنىڭ، ھەدىسلەرنى يەتكۈزگۈچىلەر (راۋىيلار) نىڭ، بۇ ئىشلارنى ئادا قىلىشقا لايىق ياكى لايىق ئەمەسلىكىنى ئېنىقلىغاندا، ئۇلاردىكى لاياقەتسىزلىككە مۇناسىۋەتلىك ياماان تەرەپلىرىنى سۆزلەشمۇ شۇنداق[1].

مۇنداق ئەھۋاللاردا باشقىلارنىڭ ياماان گېپىنى قىلىشقا بېرىلگەن رۇخسەت ئىككى شەرتكە باغلىق: 1 ـ ئېھتىياج. 2 ـ نىيەت.

1 ـ شۇڭا باشقىلارنىڭ ياماان گېپىنى قىلىشقا زۆرۈر بىر ئېھتىياج بولمىغان ھالدا، بىر كىشىنىڭ ياماان گېپىنى قىلىشقا رۇخسەت يوق، ئەگەر ئېھتىياج دارىتمىلاش بىلەن قامدالسا، ئېنىق ئىپادىلەشكە بولمايدۇ. ياكى ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەش بىلەن قامدالسا، مەلۇم بىر شەخسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: پەيتۇا سورىغۇچى كىشى: «مۇنداق بىر ئىش قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى نېمە؟ دەپ سورىيالايدىغان تۇرۇقلۇق پالانى مۇنداق قىلدى، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟» دەپ سورىمىسىمۇ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ياماان گېپىنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان بۇنداق ئەھۋاللاردىمۇ پەقەتلا راست سۆزنى قىلىشى،

[1] ـ بۇ ھەقتە ئىمام غازالى: (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين)، مۇھلىكات بۆلۈمى، تىل ئاپەتلىرى بابىغا، ئىمام نەۋەۋىينىڭ (سەھىھۇل مۇسلىم شەرھى)گە ۋە ئىمام شەۋكانىنىڭ غەيبەتنىڭ جائىز بولىدىغىنى بولمايدىغىنى ھەققىدىكى (رافئۇررىيبە) دېگەن كىتابىغا قاراڭ.

www.munber.org

ھەقىقەتنى سۆزلىشى كېرەك. بولمىسا باشقىلارغا تۆھمەت قىلغانلىق ۋە قارا چاپلىغانلىق بولىدۇ ـ دە سۆزى ھاراملىقىقا يۈزلىنىدۇ.

2 ـ بۇنىداق ئەھۋاللاردا ـ باشقا ھەرقانداق ئەھۋاللاردا بولغىنىدەك ـ نىيەت بىردىنبىر ئايرىغۇچى پاسىل ھېسابلىنىدۇ. ھەركىشى ئۆز ئىچىدىكىنى باشقىلاردىن ئوبدانراق بىلىدۇ. ئەرز قىلىش بىلەن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى، پەتىۋا سوراش بىلەن باشقىلارنى رەسۋا قىلىشنىڭ ئوتتۇرىسىنى، غەيۋەت بىلەن تەنقىدنىڭ ئوتتۇرىسىنى، نەسىھەت قىلىش بىلەن كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا چۈشۈرۈشنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان نەرسە پەقەتلا نىيەتتۇر. شۇڭا مۆمىن ئادەم ئۆزىدىن ھېساب ئېلىشتا پىخسىق شېرىكتىنمۇ چىڭراق، ئۆزىنى سوراق قىلىشقا زوراۋان ھاكىمدىنمۇ قاتتىقراق بولۇشى كېرەك.

بۇ ھەقتە ئىسلام دىنى ئاڭلىغۇچىنى غەيۋەت قىلغۇچىنىڭ شېرىكى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ غەيۋىتى قىلىنغان قېرىندىشىنى قوغداپ ھىمايە قىلىشى كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

«كىمكى قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ شەرىپىنى قوغدىسا، ئاللاھ ئۇنى چوقۇم ئوتتىن ئازات قىلىۋېتىدۇ»[1].

«ئاللاھ تائالا دۇنيادا قېرىندىشىغا كەلگەن يامانلىقنى قايتۇرغان كىشىنىڭ يۈزىدىن قىيامەت كۈنى ئوتنى قايتۇرىدۇ»[2].

شۇڭا قېرىندىشىنىڭ ئىززەت ـ نۇمۇسى، ھەققى ـ ھۆرمىتىگە قارشى تاجاۋۇزچى تىللارنى ياندۇرۇپ بۇنداق بۇرچنى ئادا قىلالمىغان

[1] ـ ئىمام ئەھمەد ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تىرمىزى سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

كىشى، ئەڭ ئاز دېگەندە، سۆز باشقا بىر تېمىغا يۆتكەلگەنگە قەدەر بۇ سورۇندىن ئايرىلىشى كېرەك، بولمىسا ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿نَّكُمْ إِذًا مِثْلُهُمْ﴾

﴿بولمىسا گۇناھتا ئۇلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر﴾ [نىسا سۈرىسى 140 ـ ئايەت] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن غەيۋەت قىلغۇچىلار گورۇھىغا ئەزا بولۇپ قالىدۇ.

## گەپ توشماسلىق

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ يەتتىنچىسى بولسا: گەپ توشۇشتۇر. ئىسلامدا غەيۋەت قىلىش تىلغا ئېلىنسىلا، ئىسلام قاتتىق ھارام قىلغان ئىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان گەپ توشۇش ۋە سۇخەنچىلىك قىلىش ئىللىتى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ. گەپ توشۇش ئىللىتى دېگىنىمىز ـ بىر كىشىنىڭ باشقا بىر كىشى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىدىغان ۋە مۇناسىۋەتنى يامانلاشتۇرىدىغان شەكىلدە شۇ كىشىگە يۆتكەشتىن ئىبارەتتۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ رەزىل ئىللەتنى مەككە دەۋرىنىڭ دەسلەپىدىلا ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَهِينٍ۞هَمَّازٍ مَشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾

﴿قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچىگە ئىتائەت قىلمىغىن﴾ [قەلەم سۈرىسى 10 ـ 11 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «جەننەتكە سۇخەنچى كىرمەيدۇ»[1]. تۇشىغان گەپنى، سورۇنغا ئاشكارا قاتنىشىپ ئاڭلىغان بولسۇن ياكى ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان بولسۇن ھەر ئىككىسى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئاللاھنىڭ ئەڭ يامان بەندىلىرى، گەپ توشىغۇچىلار، دوست ـ بۇرادەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىغۇچىلار ۋە پاك ئادەملەرنى ئەيىبلىگۈچىلەردۇر»[2].

ئىسلام دىنى، زىددىيەتنى يوقۇتۇش ۋە ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ياراشتۇرغۇچىغا ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە قارىتا قىلغان يامان سۆزلىرىنى يوشۇرۇپ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارىتا دېمىگەن ياخشى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىدىن چىقىرىپ دېيىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى سۆزلەرنى قىلغان ياكى ياخشى سۆزلەرنى توشۇغان ئادەم يالغانچى ئەمەس»[3].

يامان بىر سۆزنى ئاڭلىغان ھامان باشقىلارغا يېقىنچىلىق قىلىش ياكى زىيان ئۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى دەرھال توشۇيدىغانلاردىن ئىسلام دىنى قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئاڭلىغان گەپلەرنى ئەينەن ئۆز پېتى يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلاردىكى بۇزغۇنچىلىق قىلىش روھى ئۇلارنى ئاڭلىغان سۆزگە سۆز قېتىپ توشۇشقا، ئەگەر ھېچ گەپ ئاڭلىمىغان بولسا، ئويدۇرۇپ چىقىرىشقا ھەيدەيدۇ. ئۇلار ياخشى سۆزنى ئىشتىسە يوشۇرۇپ، يامان سۆزنى ئىشتىسە تارقىتىدۇ، پەقەت ھېچ نەرسە ئىشتىمىگەن بولسا، ئۆز ئىچىدىن يالغاننى توقۇپ چىقىرىدۇ.

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

بىر كىشى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ باشقا بىرسىنىڭ خەلىپە ھەققىدە قىلغان يامان گەپ - سۆزلىرىنى مەلۇم قىلغان، خەلىپە بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: "خالىساڭ سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى تەكشۈرۈپ باقايلى، ناۋادا سەن يالغانچى بولساڭ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا داخىل بولىسەن:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِنْ جَاءَكُمْ فَاسِقٌ بِنَبَإٍ فَتَبَيَّنُوا﴾

﴿ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾ [ھۇجۇرات سۈرىسى 6 ـ ئايەت] ناۋادا راست سۆزلىگەن بولساڭ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا داخىل بولىسەن:

﴿هَمَّازٍ مَشَّاءٍ بِنَمِيمٍ﴾

﴿غەيۋەتخور، سۇخەنچى﴾ [ قەلەم سۈرىسى 11 ـ ئايەت] خالىساڭ سېنى كەچۈرۈۋېتەيلى » دېدى. ئۇ كىشى: « ئى ئەمىرلمۆمىنىن، كەچۈرگەيلا، ئىككىنچى بۇنداق قىلمايمەن » دېدى.

## كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا تىل تەككۈزمەسلىك

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ سەككىزىنچىسى بولسا: كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا تىل تەككۈزۈشتۇر. بىز يۇقىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىززەت ـ نومۇسنى قانداق قوغدىغانلىقىنى، ھەتتاكى كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ نەرسە دەپ قارىغانلىقىنى كۆردۇق. بىر كۈنى ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر كەبىگە قاراپ مۇنداق

www.munber.org

دېگەن: «سەن ۋە سېنىڭ ھۆرمىتىڭ نېمە دېگەن ئۇلۇغ! بىراق مۆمىن كىشىنىڭ ھۆرمىتى سېنىڭكىدىنمۇ بەك ئۇلۇغ!»[1].

مۆمىننىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىغا، جېنىغا ۋە مېلىغا چېقىلغىلى بولماسلىقتا گەۋدىلىنىدۇ.

ۋىدالىشىش ھەججىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار توپلۇمىغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ مۇشۇ جايدا، مۇشۇ ئايدا، مۇشۇ كۈنۈڭلار قانداق ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ بولسا، سىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىڭلار، ئىززەت ـ نومۇسۇڭلار ۋە قانلىرىڭلارمۇ سىلەرگە شۇنداق ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغدۇر»

ئىسلام دىنى ئادەمنىڭ يوق يېرىدە راست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ يامان كۆرىدىغان سۆزدىن ھەربىر شەخسنىڭ ئىززەت ـ نومۇسىنى قوغدىغان تۇرسا، ئاساسى يوق، يالغان سۆزلەردىن قوغدىماي تۇرارمۇ؟ بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ بولىدۇ. ھەدىستە مۇنداق كۆرستىلگەن:

«كىمكى بىر كىشىنى ئۇنىڭدا بولمىغان بىر ئەيىب بىلەن ئەيىبلىسە، تاكى ئۇنىڭ سۆزى راستقا ئايلانغۇچە، ئاللاھ ئۇنى جەھەننەم ئوتىغا سولاپ قويىدۇ»[2].

يەنە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ دېيىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جازانىدىنمۇ قاتتىقراق گۇناھ قايسى بىلەمسىلەر؟» ئۇلار: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە جازانىدىنمۇ يامان

[1] ـ ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تابارانى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

گۇناھ، مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى، ئىززەت ـ شەرىپىگە تاجاۋۇز قىلىشتۇر» دېگەن[1]. كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇغان:

﴿وَالَّذِينَ يُؤْذُونَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ بِغَيْرِ مَا اكْتَسَبُوا فَقَدِ احْتَمَلُوا بُهْتَانًا وَإِثْمًا مُبِينًا﴾

﴿مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا ئۇلار قىلمىغان ئىشلارنى چاپلاپ ئازار بېرىدىغانلار، بوھتان قىلىش جىنايىتىنى ۋە ئېنىق گۇناھنى ئۈستىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ﴾ [ئەھزاب سۈرىسى 58 ـ ئايەت]

بۇ تۆرلۈك زىيانكەشلىكنىڭ ئەڭ يامىنى نام ـ شەرىپىگە تاجاۋۇز قىلىشتۇر. نام ـ شەرىپىگە تاجاۋۇز قىلىش ـ ئېپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلاش بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ ۋە ئائىلىلىرىنىڭ يامان ئاتلىق بولۇپ قېلىشى، كېلەچەكلىرىنىڭ ۋەيران بولۇشى جەھەتتىن، ھەمدە مۆمىنلەر جەمئىيىتىدە ئەخلاقسىزلىقنىڭ يېيىلىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى جەھەتتىن ئىنتايىن خەتەرلىك جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى يەتتە چوڭ ھالاك قىلغۇچى گۇناھلار قاتارىدا سانىغان. قۇرئان كەرىمۇ بۇنداق قىلغۇچىلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ الْغَافِلَاتِ الْمُؤْمِنَاتِ لُعِنُوا فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ۞ يَوْمَ تَشْهَدُ عَلَيْهِمْ أَلْسِنَتُهُمْ وَأَيْدِيهِمْ وَأَرْجُلُهُمْ بِمَا كَانُوا يَعْمَلُونَ ۞ يَوْمَئِذٍ يُوَفِّيهِمُ اللَّهُ دِينَهُمُ الْحَقَّ وَيَعْلَمُونَ أَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ الْمُبِينُ﴾

[1] ـ ئىمام ئىبنى ئەبي ھاتەم، ئىبنى مەردۇۋەيە ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

﴿يامان ئىشتىن بىخەۋەر تۇرغان ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ) ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ﴾ [نۇر سۈرىسى 23 ـ 25 ـ ئايەتلەر]

يەنە مۇنىدق دېگەن:

﴿إِنَّ الَّذِينَ يُحِبُّونَ أَنْ تَشِيعَ الْفَاحِشَةُ فِي الَّذِينَ آمَنُوا لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾

﴿مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾ [نۇر سۈرىسى 19 ـ ئايەت]

## ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ توققۇزىنچىسى بولسا: ئادەم ئۆلتۈرمەسلىكتۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانىي ھاياتنى ئۇلۇغلىغان ۋە قوغدىغان، ھەمدە ئىنسان ھاياتىغا تاجاۋۇز قىلىشنى ئاللاھقا تېنىشتىن قالسىلا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ چوڭ جىنايەت دەپ قارىغان. بۇنى قۇرئان كەرىم مۇنداق كۆرسەتكەن:

www.munber.org

﴿أَنَّهُ مَنْ قَتَلَ نَفْسًا بِغَيْرِ نَفْسٍ أَوْ فَسَادٍ فِي الْأَرْضِ فَكَأَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعًا﴾

﴿كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ﴾ [مائىدە سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

چۈنكى پۈتۈن ئىنسانىيەت بىر ئائىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر جانغا قىلىنغان جىنايەت ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن كىشى بولسا، جىنايەت تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

﴿وَمَنْ يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُتَعَمِّدًا فَجَزَاؤُهُ جَهَنَّمُ خَالِدًا فِيهَا وَغَضِبَ اللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُ وَأَعَدَّ لَهُ عَذَابًا عَظِيمًا﴾

﴿كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾ [نىسا سۈرىسى 93 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ﴿پۈتۈن دۇنيانىڭ يوق بولۇشى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر مۇسۇلمان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن يەڭگىلراق﴾[1].

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

[1] ـ ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى ۋە نەسائىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

« مۆمىن كىشى ھارام قان تۆكمىسىلا، دىنىنىڭ كەڭچىلىكىدە قېلىۋېرىدۇ »[1].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: « مۇشرىك ھالىتىدە ئۆلگەن ئادەم بىلەن بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ گۇناھىدىن باشقا ھەرقانداق گۇناھنى ئاللاھ كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن »[2].

مۇشۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە ئاساسەن ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتىلنىڭ قىلغان تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ دەپ قارىغان، بەلكى ئۇ تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇشى شەرت، لېكىن ئۆلتۈرۈلگۈچىگە ھەقنى قانداقمۇ قايتۇرغىلى ياكى ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالغىلى بولسۇن؟ دەپ شۇنداق قارىغاندۇر.

باشقىلار بولسا: ھەققىي چىن كۆڭلىدىن قىلغان تەۋبە چوقۇم مەقبۇل بولىدۇ، بۇنداق تەۋبە شېرىكنىمۇ يۇيىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭدىن تۆۋەن گۇناھلارنى ئەلبەتتە يۇيىدۇ دەپ قارايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَالَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ يَلْقَ أَثَامًا ۞ يُضَاعَفْ لَهُ الْعَذَابُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانًا ۞ إِلَّا مَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ عَمَلًا صَالِحًا فَأُولَئِكَ يُبَدِّلُ اللَّهُ سَيِّئَاتِهِمْ حَسَنَاتٍ وَكَانَ اللَّهُ غَفُورًا رَحِيمًا﴾

﴿ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ گۇناھلارنى قىلىدىكەن، ئۇ جازاغا

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ. ئاللاھ تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر﴾ [فۇرقان سۈرىسى 68 ـ 70 ـ ئايەتلەر]

## ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى ھەر ئىككىيلەن ئوتتا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇشۇش ۋە جەڭلىشىشنى كۇپۇرنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراپ، بۇنى بىر تۈگە ياكى بىر ئات ئۈچۈن ئۇرۇش ئىلان قىلىپ قان تۆكىدىغان جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:

«مۇسۇلمان بىلەن تىللىشىش پاسىقلىق، ئۇرۇشۇش كۇپۇردۇر»[1] «مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ كاللىسىنى چاپىدىغان كاپىرلار بولۇپ قالماڭلار»[2].

«ئەگەر ئىككى مۇسۇلماننىڭ بىرى قېرىندىشىغا قورال كۆتۈرسە ھەر ئىككىسى جەھەننەمنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ قالىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ھەمراسىنى ئۆلتۈرسە جەھەننەمگە ھەر ئىككىسى تەڭ كىرىدۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى رەسۇلۇللاھ، بۇغۇ قاتىل بولغانلىقتىن جەھەننەمگە كىردى، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمە ئۈچۈن جەھەننەمگە كىرىدۇ؟" دەپ سورالغاندا،

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «چۈنكى ئۇ ھەمراسىنى ئۆلتۈرۈشنى خالىغان»[1].

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورالنى چىنەپ قويۇشتەك ئاددىي بىر ئىش بولسىمۇ، ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇرۇشۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنى چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال چېنىمىسۇن، چۈنكى ئۇنى شەيتان قولىدىن چىقىرىۋەتسە ئوت ئازگاللىرىنىڭ بىرىگە چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن»[2].

((كىمكى قېرىندىشىغا قورال چېنىسە تاكى ئۇنى تاشلىغانغا قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇيدۇ، بىر ئانا، بىر دادىدىن بولغان قېرىندىشى بولسىمۇ شۇنداق))[3].

تېخى باشقا بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«بىر مۇسۇلماننىڭ بىر مۇسۇلماننى قورقۇتۇشى ھارام»[4].

گۇناھ يالغۇز قاتىل بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بەلكى ھەرقانداق بىر سۆز ياكى ھەرقانداق بىر ئىش ـ ھەرىكەت بىلەن ئۇنىڭغا قېتىلغان ئادەم، ھەتتاكى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئۈستىدە قاراپ تۇرغانلارمۇ، ھەربىرى ئۆز لايىقىدا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. چۈنكى ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن.

«بىر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىغان يەردە ئويۇن كۆرۈپ قاراپ تۇرماڭلار! چۈنكى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنى قوغدىمىغان ئادەمگە لەنەت تېگىدۇ»[1].

---

(1) ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
(3) ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
(4) ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تابارانى رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك.

www.munber.org

# ئىسلام دۆلىتى توختاملاشقان ۋە كاپالەتلىك قىلغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەسلىك

يۇقىرىدىكى ئايەت ـ ھەدىسلەر، مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش ۋە مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇشۇش ھەققىدە دېيىلگەن، چۈنكى بۇ ئايەت ـ ھەدىسلەر، ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارغا قانۇن ـ تۈزۈم ۋە كۆرسەتمە بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ مەنىسى. مۇسۇلماندىن باشقىسىنىڭ جېنى ۋە قېنىغا خالىغانچە چېقىلسا بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي جەھەتتىن جېنى ۋە قېنىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئاللاھ ھارام قىلغان. پەقەتلا غەيرىي مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشىدىغانلاردىن بولغان ئەھۋالدىلا، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئۆزى ھالال قىلىپ بەرگەن بولىدۇ. ئەمما كاپىر، ناۋادا ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان، ئىسلام دۆلىتى كاپالەتلىك قىلىدىغان گەرەجدان، ياكى مۇسۇلمانلار كېلىشىم ـ ئەھدىنامە تۈزۈش ئارقىلىق چېقىلماسلىققا ۋەدە قىلغان كاپىر بولسا، ئۇنىڭ جېنى ھىمايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جېنىغا مۇسۇلماننىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ھارام بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئىسلام پەيغەمبىرى مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:

«كىمكى مۇسۇلمانلار چېقىلماسلىققا كېلىشىم تۈزگەن بىر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ. ھالبۇكى جەننەتنىڭ پۇرىقى قىرىق يىللىق مۇساپىدىن كېلىپ تۇرىدۇ»[2].

www.munber.org

---

(1) ـ ئىمام تابارانى ۋە بەيھەقى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «كىمكى ئىسلام دۆلىتى كاپالىتى ئاستىدىكى بىر كاپىرنى (يەنى زىممىينى) ئۆلتۈرسە جەننەت پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ»[1].

## قانداق ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللَّهُ إِلَّا بِالْحَقِّ﴾

﴿ئاللاھ ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەق ئۆلتۈرۈش بۇنىڭ سىرتىدا﴾ [ئەنئام سۈرىسى 151 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىم بايان قىلغان بۇ ھەق تۆۋەندىكى ئۈچ خىل جىنايەتنىڭ بىرىگە بېرىلگەن جازادىن ئىبارەتتۇر:

بىرىنچىسى: ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى، شۇڭا كىمگە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭدىن جانغا ـ جان قىساس ئېلىش ۋاجىب بولىدۇ. بۇ ئېغىر جازا، شۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ.

﴿وَلَكُمْ فِي الْقِصَاصِ حَيَاةٌ﴾

﴿ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ،

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ)﴾ [بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت]

ئىككىنچىسى: بۇرۇن ئۆيلەنگەن بىر كىشى زىنا ـ پاھىشە جىنايىتى سادىر قىلسا، بۇ جىنايەتنى نەق مەيداندا ۋە جىنايەت ئۈستىدە ياخشى كىشىلەردىن تۆت كىشى ئېنىق كۆرۈپ، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرسە، ياكى جىنايەتچى ئۆزى سوتچى ئالدىدا تۆت قېتىم ئىقرار قىلسا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى: ئىسلام دىنىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قايتىپ چىقىپ كېتىش، ھەممىدە بۇنى مۇسۇلمان جامائەتكە مەيدە قېقىش شەكلىدە ئېلان قىلىش جىنايىتى. مەلۇمكى ئىسلام دىنى ھېچكىمنى دىنغا كىرىشكە زورلىمايدۇ، لېكىن ئىسلام دىنى دىننى ئويۇنچۇق قىلىپ ئويناشنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. يەھۇدىيلار شۇنداق ئويىنىغان:

﴿آمِنُوا بِالذي أُنْزِلَ عَلَى الَّذِينَ آمَنُوا وَجْهَ النَّهارِ وَاكْفُرُوا آخِرَهُ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾

﴿مۆمىنلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئەتىگىنى ئىمان كەلتۈرۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى يېنىۋېلىڭلار، (شۇنداق قىلساڭلار) ئۇلار (ئىماندىن) قايتىشى مۇمكىن﴾ [ئال ئىمران سۈرىسى 72 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مۇشۇ ئۈچ خىل ئەھۋال ئاستىدىلا رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش پەقەت ئۈچ جىنايەتنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال

www.munber.org

بولىدۇ: جانغا ـ جان، ئۆيلەنگەن تۇرۇپ زىنا قىلىش، دىندىن چىقىپ مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلىش »[1].

بىراق بۇ ئۈچ خىل جىنايەت بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ھوقۇقى، قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يېتىپ ھەركىم ئۆزىنى سوتچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى قىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ھاكىمنىڭ قولىدا بولىدۇ. پەقەتلا، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى سادىر بولۇپ، جانغا ـ جان قىساس ئېلىش كېرەك بولغاندا، ئىسلام دىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ تۇغقانلىرىغا، ھاكىمنىڭ نازارىتى ئاستىدا جانغا ـ جان ئالغان ھالدا ئۆلۈم جازاسىنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئىجرا قىلىشقا رۇخسەت قىلغان، بۇ رۇخسەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆچمەنلىكنى سۇمۇرۇپ تاشلاش ۋە ئۇلاردىكى ھەرقانداق ئىنتىقام ئېلىش رىغبىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

﴿وَمَنْ قُتِلَ مَظْلُومًا فَقَدْ جَعَلْنَا لِوَلِيِّهِ سُلْطَانًا فَلَا يُسْرِفْ فِي الْقَتْلِ إِنَّهُ كَانَ مَنصُورًا﴾

﴿كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، قىساس ياكى تۆلەم ئېلىش ياكى ئەپۇ قىلىۋېتىش ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىگە بەردۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن ئېشىپ كەتمىسۇن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئىگىسىگە مەدەتكاردۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 32 ـ ئايەت]

### ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماسلىق

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى ھەقىقىدىكى چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندەكلا، ئۆزى ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا قايسى بىر كىشى قانداق بىرنەرسە بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان بىر ئىنساننى ئۆلتۈرگەن بولىدۇ.

ئىنساننىڭ ھاياتى ئۆز مۈلكى ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى يارىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەزالىرىدىن بىر ئەزانى ياكى ھۈجەيرىلىرىدىن بىر ھۈجەيرىنىمۇ يارىتالىغان ئەمەس، ئۇنىڭ جېنى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا تاپشۇرغان بىر ئامانەتتۇر. ئۇنى ئۇبدان ئاسرىمىسا بولمايدىغان تۇرسا، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن قۇرتۇلۇپ كېتىش قانداق بولماقچى؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾

﴿ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ [نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت]

ئىسلام دىنى مۇسۇلمان كىشىنى ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا ۋە جاپا ـ مۇشەققەتلەر ئالدىدا قەيسەر ۋە كۈچلۈك ئىرادىلىك بولىشۇن دەيدۇ. ئۇنىڭغا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا كىچىككىنە بىر بالايىئاپەت ياكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە دۇچ كەلگەندە، ياشاشتىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. چۈنكى مۆمىن دېگەن، يېتىش ئۈچۈن ئەمەس جىھاد قىلىشقا، قېچىش ئۈچۈن ئەمەس، كۆرەش قىلىشقا يارىتىلغان. ئۇنىڭ ئىمانى بىلەن ئەخلاقى ھايات مەيدانىدىن قېچىشقا قەتئىي يول قويمايدۇ. چۈنكى مۆمىندە،

www.munber.org

ئۇيېرىماس قورال، تۇگىمەس ئوق ـ دورا باردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئىمان ۋە ئەخلاقتۇر.

بۇنداق قەبىھ جىنايەتنى سادىر قىلغۇچىلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولغان جەننەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپى بولغان دوزاخقا لايىق بولىدىغانلىقى بىلەن ئاگاھلاندۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇنقى ئۇممەتلەرنىڭ بىرىدە يارىدار بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئاغرىققا چىداپ تۇرالمىغان، ئاخىرى پىچاق بىلەن قولىنى كەسكەن، نەتىجىدە قان ئېقىۋېرىپ ئۆلگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بەندەم ئۆزى ئالدىراپ كەتتى، شۇڭا مەن ئۇنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلدىم»[1].

ئەگەر بۇ ئادەم ئاغرىقىغا چىدىيالمىغان بىر يارا ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ جەننەتتىن مەھرۇم قالغان بولسا، ئاز ياكى كۆپ زىيان تارتقان سودا، ياكى ئۆتەلمىگەن بىر ئىمتىھان، ياكى ئۆيلىنەلمىگەن بىر قىز سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماقچى؟

ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر، يۇرەكنى تىترىتىدىغان قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ ھەدىسنى دىققەت قىلىپ ئاڭلىسۇن:

«كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلىۋالغان بولسا، جەھەننەم ئوتىغا تاشلىنىپ ئۇنىڭدا ئەبەدى ـ ئەبەد مەڭگۈ قالىدۇ، كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولسا، جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قولىدا زەھەرنى ئىچكەن ھالدا مەڭگۈ ۋە ئەبەدى ـ ئەبەد قالىدۇ، كىمكى ئۆزىنى بىر تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرىۋالغان بولسا، قولىدىكى

(1)ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

تۆمۈر بىلەن ئۇرۇلغان ھالدا جەھەننەمنىڭ ئوتىدا ئەبەدى ـ ئەبەد مەڭگۈ قالىدۇ»[1].

## باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلماسلىق

يۇقىرىدىكى ئايەت، ھەدىسلەر چەكلىگەن نەرسىلەرنىڭ ئونىنچىسى:

باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە چېقىلماسلىقتۇر. مۇسۇلمان كىشى ھالال ۋە قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق قانچىلىك مال ـ مۈلۈك توپلىسا بولاۋېرىدۇ، بەزى دىنلار ۋە ئېتىقادلار بايلارنى يامان كۆرسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى بايلارغا قارىتا مۇنداق قارايدۇ: «ياخشى ئادەم ئۈچۈن ياخشى مال يارىشىدۇ»[2].

ئىسلام دىنى شەخسلەرگە خۇسۇسىي مال ـ مۈلۈك ئىگىدارچىلىق ھەققىنى بەرگەچكە، بارلىق ئەخلاقىي كۆرسەتمىلىرى ۋە قانۇنىي بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ بۇ ھوقۇقىنى ئوغرىلاش، بۇلاش ۋە قاقتى ـ سوقتى قىلىشتىن قوغدىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ـ مۈلۈككە چېقىلىشنىڭ ھاراملىقىنى، جان ۋە ئىززەت ـ نومۇسقا چېقىلىشنىڭ ھاراملىقى بىلەن بىر قاتاردا سانىغان، ھەمدە ئوغرىلىقنى ئىمانغا زىت كېلىدىغان نەرسە دەپ قاراپ مۇنداق دېگەن:

«ئوغرى مۆمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ»[3].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالسَّارِقُ وَالسَّارِقَةُ فَاقْطَعُوا أَيْدِيَهُمَا جَزَاءً بِمَا كَسَبَا نَكَالًا مِنَ اللَّهِ وَاللَّهُ عَزِيزٌ حَكِيمٌ﴾

﴿ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ، ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرەپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 38 ـ ئايەت]

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿مۇسۇلمان كىشى قېرىندىشىنىڭ بىر تال تاياقچىلىك نەرسىسىنى رازىلىقىسىز ئالسا بولمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى قاتتىق ھارام قىلغانلىقى ئۈچۈن دېگەن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ إِلَّا أَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾ [نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت]

[1] ـ ئىبنى ھىببان سەھىھدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## پارا ھارامدۇر

پارا يېمەك، كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارا ـ بىر ئىشنى قىلدۇرۇش ياكى دۈشمىنىنىڭ ئىشىنى قىلدۇرماسلىق، ياكى ئۆزىگە ياكى دۈشمىنىگە ئۆزى ياقتۇرىدىغان ھۆكۈم چىقىرىش ۋە شۇنىڭدەك ئىشلار ئۈچۈن ھاكىم ياكى ئىشچى ـ كادىرغا بېرىلگەن پۇل ـ مال ۋە مەنپەئەت قاتارلىق نەرسىلەردۇر.

ئىسلام دىنى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق ئىشچى ـ كادىرلارنىڭ پارا ئېلىشىنى ھارام قىلغاندەكلا، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇلارغا پارا بېرىشىنىمۇ ھارام قىلغان. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ۋاستىچىلىك قىلىشنىمۇ چەكلىگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تَأْكُلُوا أَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُوا بِهَا إِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا فَرِيقًا مِنْ أَمْوَالِ النَّاسِ بِالْإِثْمِ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾

﴿بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار﴾ [بەقەرە سۈرىسى 188 ـ ئايەت]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن:

«ھۆكۈم قىلىشتا پارا بەرگەن ۋە پارا ئالغان ئادەمگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن»[1].

ھەزرىتى سەۋبان[1] رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ـ ئىمام ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان سەھىھىدە رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچىگە، پارا ئالغۇچىغا ۋە ئوتتۇرىدا تۇرغۇچىغا لەنەت قىلغان»[2].

پارا ئالغۇچى ئەگەر پارىنى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئۇنىڭ گۇناھى نېمە دېگەن ئېغىر! ناۋادا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان بولسا، ئۇ ئۆزى يۈلسىز ئادا قىلىشى كېرەك بولغان بۇرچىنى ئادا قىلىشقا پارا ئالغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەھۇدىيلارنىڭ خورمىلىرىنى باھالاپ باج بەلگىلەشكە بۇيرۇپ ئەۋەتكەندە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا بىر ئاز پۇل بەرمەكچى بولغان، لېكىن ئابدۇللاھ ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «ماڭا تەقلىگەن پۇلۇڭلار چوقۇم ھارام پۇلدۇر، بىز ئۇنى ھەرگىزمۇ يېمەيمىز»[3].

ئىسلام دىنىنىڭ پارىنى ھارام قىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا قول تىققان ھەرقانداق كىشىگە قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى پارىخورلۇق بىر جەمئىيەتتە تارقىلىدىكەن، ئۇ جەمئىيەتتە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش روھىنىڭ ئورنىغا، مەنپەئەتۋازلىق روھى تارقىلىپ، بۇرۇن قىلىش كېرەك بولغان ئىشنى كېچىكتۈرۈپ، كېچىكتۈرۈش كېرەك بولغان ئىشنى بۇرۇن قىلىش، ناھەق ھۆكۈم قىلىش ياكى ھەق ھۆكۈم قىلماي تۇرىۋېلىش قاتارلىق بۇزۇقچىلىق ۋە ناھەقچىلىق ئىللەتلىرى چوقۇم ئومۇملاشماي قالمايدۇ.

---

[1] ـ **سەۋبان** ئىبنى بۇجدۇد، ئەبۇ ئابدۇللاھ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ھ ـ 54 ـ يىلى ۋاپات بولغان ـ ت.

[2] ـ ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

[3] ـ ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

## خەلقنىڭ ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا قىلغان سوۋغاتلىرى

قانداق شەكىلدە بولسا بولسۇن، قايسى ئىسىم بىلەن ئاتالسا ئاتالسۇن ئىسلام پارىنى ھارام قىلىۋەتكەن. شۇڭا پارىنى (سوۋغا ـ سالام) دەپ ئاتىۋالسىڭىزمۇ، بۇ ئاتاش ئۇنى ھارام دائىرىدىن ھالال دائىرىگە چىقىرالمايدۇ. ھەدىستە مۇنداق كۆرستىلگەن:

«بىز مائاش بەلگىلەپ بىر خىزمەت تاپشۇرغان ئادەم مائاشىدىن تاشقىرى ئالغان ھەرقانداق نەرسە ھارامدۇر» [1].

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىزنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۇنىڭغا بىر سوۋغا ئىبەرتىلگەن، خەلىپە بۇنى رەت قىلغان، بىرسى ئۇنىڭغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوۋغا ـ سالامنى قوبۇل قىلاتتىغۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغىنى راست سوۋغا ئىدى، لېكىن بۇ بىزگە بىرىلگەن پارا» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەزد قەبىلىسىگە زاكات توپلاش ئۈچۈن بىر كىشىنى ئەۋەتكەن ئىدى، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەندە، پۇل ـ مالنىڭ بىر قىسمىنى تاپشۇرماي ئېلىپ قېلىپ: "ماۋۇ سىلەرنىڭ، ماۋۇ ماڭا قىلىنغان سوۋغات" دەپ تۇرىۋالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن غەزەبلەنگەن ۋە مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر سۆزۈڭ راست بولغان بولسا، ئاتاڭنىڭ ياكى ئاناڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باققىنە ساڭا سوۋغا ـ سالاملار كېلەمدىكىن كەلمەمدىكىن؟» كېيىن مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

خىزمەت تاپشۇرسام، قايتىپ كېلىپ ماۋۇ سىلەرنىڭ، ماۋۇ مېنىڭ سوۋغىتىم دېگىنىنىڭ نېمىسى؟ سوۋغا ـ سالامنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ ئالسا بولمامدۇ؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قايسى بىرىڭلار ھەقسىز بىر نەرسىنى ئېلىۋالىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىغا قىيامەتتە شۇ نەرسىنى يۈدۈپ كېلىدۇ. شۇڭا ھېچقايسىڭلار قىيامەت كۈنى مۆرەيدىغان تۆگە ـ كالا، ياكى ماياقلايدىغان قوي كۆتۈرۈپ كېلىپ قالمىغايسىلەر»، كېيىن: قولتۇقىنىڭ ئېقى كۆرۈلگىدەك ھالەتتە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ، يەتكۈزگەندىمەن؟» دېدى[1].

ئىمام غازالى مۇنداق دەيدۇ: «پارىنىڭ ھۆكمى شۇنداق ئېغىر بولغاچقا، سوتچى، ۋالىي ۋە شۇلاردەك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزلىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە دەپ قاراپ، خىزمەت مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ ئۆيىدە ئولتۇرغان ۋاقتىتا كېلىپ تۇرىدىغان سوۋغاتلارنى خىزمەت قىلغاندىمۇ ئالسا بولىدۇ، خىزمەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن بېرىلگەن سوۋغا دەپ قارىغان نەرسىلەرنى ئالسا بولمايدۇ. ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرى قىلغان سوۋغاتلارنى خىزمەتتە ئىشلىمىگەن بولسام كېلەرمىدى ياكى كەلمەسمىدى دەپ شەك قىلىپ قالسا، بۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك»[2].

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم.
[2] ـ (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين) ئادەتلەر بۆلىمى، ھالال ـ ھارام بابى 138 ـ بەت.

www.munber.org

# زۇلۇمدىن قۇرتۇلۇش ئۈچۈن پارا بېرىش

كىمكى ئۆز ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن پارا بېرىشتىن باشقا چارە تاپالماي قالغان بولسا، ياكى بېشىغا كەلگەن ناھەقچىلىقتىن پارا بېرىشتىن باشقا يول ئارقىلىق قۇرتۇلالمىسا، زۇلۇمدىن قۇرتۇلۇپ ھەققىگە ئېرىشكەنگە قەدەر سەۋر قىلىپ تۇرۇشى ئەۋزەلدۇر.

ناۋادا ئۆز ھەققىنى ئېلىش ياكى باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ۋە قۇرتۇلۇش ئۈچۈن باشقا بارلىق چارىلەرنى قوللىنىپ نەتىجىگە ئېرىشەلمەي ئىلاجسىزلىقتىن پارا بەرسە، بۇنداق ئەھۋالدا باشقىلارغا زىيان سالمىغاندىن كېيىن ئۇ كىشىگە پارا بەرگۈچىنىڭ گۇناھى بولمايدۇ. بارلىق گۇناھ ئالغۇچىغا بولىدۇ.

بۇنىڭغا بەزى ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى زاكات ئېلىشقا لايىق بولمىسىمۇ بەك قاتتىق زاكات سوراپ تۇرىۋالغان كىشىلەرگە زاكات بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى بۇ ھەدىسنى دەلىل قىلىپ كۆرسەتكەن.

ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بەزىلىرىڭلار مېنىڭ قېشىمدىن زاكاتنى قولتۇقىغا قىستۇرغان ھالدا چىقىپ كېتىسىلەر، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇ بىر ئوتتىن باشقا نەرسە ئەمەس» ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى رەسۇلۇللاھ، بۇنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئوت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نېمىشقا ئۇنى بېرىسەن؟» دەپ سورىغاندا، مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «قانداق قىلىمەن؟ سورىمىسا ئۇلارنىڭ

كــۆڭلى ئۈنمــــايدۇ. ئـــاللاھ تائـــالا ماڭـــا بېخىللىقـــنى راۋا كۆرمەيدۇ»[1].

ئەگـەردە قـاتتىق تەلـەپ قىلـىپ تۇرىۋېلـىش بىسـىمى پـەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، تەلەپ قىلغۇچىغا ئۇت بولغان نەرسىنى بېرىشكە قىسـتىغان بولسـا، باشـقىلاردىن ھـەقنى ئـېلىش يـاكى باشـقىلارنىڭ زۇلۇم، ۋە زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلىنىش ۋە قۇرتۇلۇش ئۈچۈن پـارا بەرسە ئەلبەتتە بەرگۈچىگە گۇناھ بولماس.

## كىشىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىنى ئىسراپ قىلىشى ھارامدۇر

باشـقىلارنىڭ مـال ـ مۈلكىگـە ئاشـكارا يـاكى يوشـۇرۇن ھـالدا تاجـاۋۇز قىلـىش ھـارام بولغـاندەكلا، ھـەر كىشـى ئـۆزىنىڭ مـال ـ مۈلكىنى بۇزۇپ ـ چېچىپ، يوق قىلىۋېتىشمۇ ھارامدۇر.

چۈنكى شەخسنىڭ مال ـ مۈلكىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ ھەققى بار بولـىدۇ. مىللـەت، ھـەرقانداق مۈلـۈك ئىگىسـىنىڭ ئارقىسـىدىكى مۈلـۈك ئىگىسـىدۇر. بـۇ سـەۋەبتىن ئىسـلام دىـنى، ئـۆزىنىڭ مېلىـنى بۇزۇپ يـوق قىلىۋېتىدىغـان گـالۋاڭ كىشـىلەردىن ئـۆز پـۇل ـ مېلىـنى بىـر تـەرەپ قىلـىش ھوقۇقىـنى ئـېلىپ، ئۇنى مىللەتكە بەرگـەن. بـۇ ھەقتە قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَا تُؤْتُوا السُّفَهَاءَ أَمْوَالَكُمْ الَّتِي جَعَلَ اللَّهُ لَكُمْ قِيَامًا وَارْزُقُوهُمْ فِيهَا وَاكْسُوهُمْ وَقُولُوا لَهُمْ قَوْلًا مَعْرُوفًا﴾

[1] ـ ئەبۇ يەئلا ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، ئىمام ئەھمەدمۇ بۇنىڭغا يېقىن رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى سەھىھنىڭ راۋىيلىرىدۇر.

www.munber.org

﴿ئاللاھ تىرىكچىلىكىڭلارنىڭ ئاساسى قىلغان ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار، ئۇلارنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن تەمىنلەڭلار، ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار﴾ [نىسا سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

دېمەك بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پۈتۈن مىللەتكە مۇنداق دەپ خىتاب قىلغان: ماللىرىڭلارنى ئەخمەقلەرگە تۇتقۇزۇپ قويماڭلار. كۆرۈنۈشتە بۇ مال ـ مۈلۈك ئۇلارنىڭ بولغىنى بىلەن، لېكىن ھەربىر شەخسنىڭ مال ـ مۈلكى ھەقىقەتتە مىللەتنىڭ مال ـ مۈلكىدۇر.

ئىسلام ـ توغرىلىق ۋە ئوتتۇرا ھاللىق دىنىدۇر، ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئوتتۇرا ھال ئۈممەتتۇر، مۇسۇلمانمۇ بارلىق ئىشلىرىدا نورمالدۇر. مانا بۇ جەھەتتە ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى خۇددى ئۇلارنى پىخسىقلىق ۋە بېخىللىقتىن توسقاندەكلا، ئىسراپ قىلىش ۋە بۇزۇپ چېچىشتىن توسقان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يَابَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾

﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾ [ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت]

﴿وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ۞ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾

﴿بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

پـۇل ـ مـالنى ئورۇنسـىز يەرلەرگـە خەجلـەپ بـۇزۇپ ـ چـېچىش دېگەن ئاللاھ ھارام قىلغان ھاراق، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئالتۇن قاچا ـ قۇچىلارنى سېتىۋېلىشتەك ئاز ياكى كۆپ بولسۇن ئورۇنسىز يەرلەرگە پۇل خەجلەش بىلەن بولىدۇ.

يـاكى پـۇل مـالنى ئۆزىگـە ۋە باشـقا كىشـىلەرگـە ئورۇنسـىز خەجلـەپ بـۇزۇپ ـ چـېچىپ زايـا قىلىۋېـتىش ئـارقىلىق بولـىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام پۇل ـ مالنى زايا قىلىۋېتىشتىن توسقان[1].

ئـەمما ئىسـراپ قىلـىش بولسـا، زۆرۈر بولمىغـان نەرسىلەرگـە كېيىن يوقسۇز بولۇپ قالىدىغان شەكىلدە ئۆز نۇرمىسىدىن ئارتۇق ئاشۇرۇپ پۇل خەجلەشتۇر.

ئىمام رازى ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿وَيَسْأَلُونَكَ مَاذَا يُنفِقُونَ قُلْ الْعَفْوَ﴾

﴿ئۇلار سەندىن نېمىنى سەدىقە قىلىش توغرۇلۇق سورايدۇ، ئېهتىياجىدىن ئارتۇقىنى سەدىقە قىلغىلار دېگىن﴾ [بەقەرە سۈرىسى 219 ـ ئايەت] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا كىشىلەرنى پۇل ـ مالنى خەجلەش جەھەتتە تەربىيىلەپ ئۆز پەيغەمبىرىگە مۇنداق دېگەن:

﴿وَآتِ ذَا الْقُرْبَى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيرًا ۞ إِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا إِخْوَانَ الشَّيَاطِينِ﴾

﴿تۇغقانغا، مىسكىنگە، يولۇچىغا ھەققىنى بەرگىن، بۇزۇپ چاچمىغىن، بۇزۇپ چاچقۇچىلار ھەققەتەن شەيتانلارنىڭ

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

قىرىنداشلىرىدۇر﴾ [ئىسرا سۈرىسى 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر] يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَا تَجْعَلْ يَدَكَ مَغْلُولَةً إِلَى عُنُقِكَ وَلَا تَبْسُطْهَا كُلَّ الْبَسْطِ﴾

﴿قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن، بەكمۇ ئېچىۋەتمىگىن﴾ [ئىسرا سۈرىسى 29 ـ ئايەت]. يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَالَّذِينَ إِذَا أَنفَقُوا لَمْ يُسْرِفُوا وَلَمْ يَقْتُرُوا﴾

﴿خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدىغانلار، بېخىللىقمۇ قىلمايدىغانلار﴾ [فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت].

يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىرىڭلاردا بىر نەرسە بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن كېيىن باقىدىغان خوتۇن باللىرىغا، ئاندىن باشقىلارغا خەجلىسۇن»[1]. يەنە مۇنداق دېگەن:

«سەدىقەنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھتاج بولۇپ قالمايدىغان ھالەتتە بېرىلگىنىدۇر»[2]. يەنە ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن:

«بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، بىر ئادەم تۇخۇمدەك چوڭلۇقتا بىر كاللەك ئالتۇننى كۆتۈرۈپ كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ بۇ سەدىقىنى ئالغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى مەندە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ كىشىدىن يۈزىنى ئۆرىۋالدى، كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىقلىغان ھالدا: «ئۇنى ئەكەلگىن» دەپ

---

[1] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام تابارانى ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، بۇنىڭغا يېقىن سەھىھ ھەدىسمۇ بار.

www.munber.org

ئالتۇننى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى، ئاندىن كېيىن ئۇنى ئىگىسىگە تەگسە ئاغرىيدىغان شەكىلدە ئاتتى ـ دە مۇنداق دېدى: «بەزىلىرىڭلار بار ـ يوق پۇل ـ مېلىنى ئەكىلىپ سەدىقە بېرىۋېتىپ، كېيىن كىشىلەردىن تىلەپ ئولتۇرسا بولمايدۇ. سەدىقە دېگەن، كېيىن يوقسۇل بولۇپ قالمايدىغان شەكىلدە بولىدۇ، ئالتۇننى قولۇڭغا ئال، بىزنىڭ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز يوق» دېدى[1]. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا بىر يىللىق ئوزۇقنى ساقلاپ قويىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[2]. يەنە دانالار مۇنداق دېگەن: «ئوتتۇرا ھاللىق پەزىلەتتۇر، شۇڭا ئارتۇق خەجلەش ئىسراپتۇر، بەك ئاز خەجلەش پىخسىقلىقتۇر، نورماللىق پەزىلەتنىڭ دەل ئۆزىدۇر». ئاللاھ تائالانىڭ:

﴿خُذِ العفوَ﴾ ﴿ئېھتىياجدىن ئارتۇقنى ئالغىن﴾ [ئەئراف سۈرىسى 199 ـ ئايەت] دېگەن بۇيرۇقىدىنمۇ مۇشۇ مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتىمۇ مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە تايىنىدۇ. چۈنكى: يەھۇدىيلارنىڭ شەرىئىتى پۈتۈنلەي قاتتىقچىلىققا، ناسارالار شەرىئىتى تولۇق يۇمشاقلىققا تايىنىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىدە ئوتتۇراھال تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ھەممىدىن مۇكەممەل شەرىئەتتۇر»[3].

❋ ❋ ❋

www.munber.org

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ پەخرۇررازى تەفسىرى 6 ـ توم، 51 ـ بەتتىن ئازغىنە قىسقارتىپ ئېلىندى.

## بەشىنچى

## غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە

ئەگەر ئىسلامنىڭ غەيرىي مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى كۆرسەتمىلىرىنى ھالال ـ ھاراملىق جەھەتتىن يىغىنچاقلايدىغان بولساق، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىكى ئىككى ئايەت بىزگە يېتەرلىك بولۇپ، بۇ ئىككى ئايەت بۇ ھەقتە دەستۇر بولۇشقا مۇناسىپ. بۇ ئىككى ئايەت:

﴿لَا يَنْهَاكُمْ اللَّهُ عَنْ الَّذِينَ لَمْ يُقَاتِلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَلَمْ يُخْرِجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ أَنْ تَبَرُّوهُمْ وَتُقْسِطُوا إِلَيْهِمْ إِنَّ اللَّهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطِينَ ۞ إِنَّمَا يَنْهَاكُمْ اللَّهُ عَنْ الَّذِينَ قَاتَلُوكُمْ فِي الدِّينِ وَأَخْرَجُوكُمْ مِنْ دِيَارِكُمْ وَظَاهَرُوا عَلَى إِخْرَاجِكُمْ أَنْ تَوَلَّوْهُمْ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ فَأُوْلَئِكَ هُمْ الظَّالِمُونَ﴾

﴿كۇففارلاردىن سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ئىسلام دىنى ئۈچۈن سىلەر بىلەن ئۇرۇشقان، سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان ۋە سىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلەرنى دوست تۇتۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسىدۇ، كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇلار زالىملاردۇر﴾ [ئەلمۇمتەھىنە سۈرىسى 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

بىرىنچى ئايەت مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشمىغان، مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋەتمىگەن، غەيرىي مۇسۇلمانلارغا (يەنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشمايدىغان ۋە دۈشمەنلىك قىلمايدىغانلارغا) ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەرغىب قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقىمۇ تەرغىب قىلغان. «ياخشىلىق قىلىش» سۆزى بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېمەك بۇ، ئادالەت ۋە ئىنساپ قىلىش دەرىجىسىدىنمۇ ئۈستۈنرەك تۇرىدىغان مۇئامىلىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئىنسانىي مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنى - «ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دەپ ئىپادىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا: «شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەنلىكى ئۈچۈن بىز بۇ ئايەت ياخشىلىق قىلىشقا تەرغىب قىلغان دېدۇق. مۆمىن دېگەن داۋاملىق ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئايەتتىكى: «ئاللاھ توسمايدۇ» دېگەن ئىبارە تەرغىب ۋە تەشۋىق مەنىسىگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىبارە كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى «باشقا دىندىكىلەر ياخشىلىق قىلىشقا، ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ۋە چىقىشىپ ئۆتۈشكە يارىمايدۇ» دېگەن پىكىرنى تازىلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ ئىبارە ئارقىلىق ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى باشقا دىندىكى بارلىق كاپىرلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئەمەس بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنلىك قىلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشىدىغان كاپىرلارغىلا ياخشىلىق قىلىشتىن توسىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

www.munber.org

بۇ ئىبارىگە ئاللاھ تائالانىڭ سافا ـ مەرۋە[1] ھەققىدە (جاھىلىيەت دەۋرىدە يېنىدىكى بۇتلار تۈپەيلىدىن بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئارىسىدا مېڭىش پائالىيىتى قىلىشتىن سىقىلىپ قالغاندا) نازىل قىلغان ئايەتلىرى خىلىلا ئوخشاپ قالىدۇ:

﴿فَمَنْ حَجَّ الْبَيْتَ أَوْ اعْتَمَرَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ أَنْ يَطَّوَّفَ بِهِمَا﴾

﴿سافا بىلەن مەرۋە ھەققەتەن ئاللاھ بەلگىلىگەن دىن پائالىيەتلىرىدىندۇر، ھەج ياكى ئۆمرە قىلغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىش پائالىيىتى قىلسا گۇناھ بولمايدۇ﴾ [بەقەرە سۈرىسى 158 ـ ئايەت]

دېمەك: سافا ـ مەرۋىنى تاۋاپ قىلىش ۋاجىب بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە كىشىلەرنىڭ خاتا چۈشەنچىلىرىنى توغرىلاش ئۈچۈن «گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن ئىبارىنى قوللانغان.

## كىتابىيلارغا (يەھۇد ـ ناسارالارغا) ئايرىم قاراش

ئىسلام دىنى باشقا دىندىكىلەر قايسى دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەتتاكى يۇقىرىدىكى ئىككى ئايەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان بۇتپەرەس مۇشرىكلەر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئادالەت ـ ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى چەكلىمەيدىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە، يەھۇد ۋە خرىستىئانلاردىن تەركىب تاپقان كىتاب ئەھلىگە ئىسلام دۆلىتى ئىچىدە ياكى سىرتىدا ياشىسۇن ئالاھىدە قارايدۇ. مەسىلەن: قۇرئان كەرىم ئۇلارغا پەقەتلا

[1] ـ **سافا بىلەن مەرۋە** كەئبە يېنىدىكى ئىككى تاغنىڭ نامى بولۇپ، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيىتىدە بۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا مېڭىش پائالىيىتى بولىدۇ. ھازىر ھەر ئىككىسى ھەرەم مەسجىدىنىڭ ئىچىدە ـ ت.

www.munber.org

«ئى كىتاب ئەھلى»ياكى «ئى كىتاب بېرىلگەنلەر» دەپ خىتاب قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەسلىدە سەماۋى دىن مەنسۇپلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېقىنچىلىق بولۇپ، بۇ يېقىنچىلىق ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلەرگە تاپشۇرۇپ ئەۋەتكەن دىنىنىڭ بىرلىكىدە ۋە ئۇ دىنىنىڭ ئاساسلىرىدىن نامايەن بولىدۇ:

﴿شَرَعَ لَكُمْ مِنَ الدِّينِ مَا وَصَّى بِهِ نُوحًا وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ وَمَا وَصَّيْنَا بِهِ إِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى أَنْ أَقِيمُوا الدِّينَ وَلَا تَتَفَرَّقُوا فِيهِ﴾

﴿ئاللاھ سىلەرگە نۇھنى بۇيرىغان، ساڭا بىز ۋەھيي قىلغان، ئىبراھىمنى، مۇسانى ۋە ئىيسانى بىز بۇيرىغان: «دىننى (ئاللاھنى بىر دەپ ئىمان ئېيتىش ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرگە ئىشىنىشتىن ئىبارەت بولغان ئىسلامنى) ساقلاپ قېلىڭلار، بۇ ئاساستا ئىختىلاپلاشماڭلار» دېگەندىن ئىبارەت بولغان تاپشۇرۇقنى بايان قىلىپ بەردى﴾ [شۇرا سۈرىسى 13 ـ ئايەت]

مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق كىتابلىرى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىمانى بۇنىڭسىز ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ:

﴿قُولُوا آمَنَّا بِاللَّهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالْأَسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِنْ رَبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

﴿ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇسا، ئىسا ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە

www.munber.org

نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز، (يەنى يەھۇد ـ ناسارالاردەك، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾ [بەقەرە سۈرىسى 136 ـ ئايەت]

كىتاب ئەھلى (يەھۇد ـ ناسارالار) قۇرئاننى ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇنىڭدا ئۇلارنىڭ كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە قارىتا نۇرغۇن مەدھىيىلەشلەرنى كۆرىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار كىتاب ئەھلى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ قالسا، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان جېدەل ـ ماجىرادىن ساقلىنىشى كېرەك:

﴿وَلَا تُجَادِلُوا أَهْلَ الْكِتَابِ إِلَّا بِالَّتِي هِيَ أَحْسَنُ إِلَّا الَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْهُمْ وَقُولُوا آمَنَّا بالذي أُنْزِلَ إِلَيْنَا وَأُنْزِلَ إِلَيْكُمْ وَإِلَهُنَا وَإِلَهُكُمْ وَاحِدٌ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ﴾

﴿ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەتلا ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار بۇنىڭ سىرتىدا، ئېيتىڭلاركى، «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾ [ئەنكەبۇت سۈرىسى 46 ـ ئايەت]

يەنە ئۇلاردىن ئۆيلىنىش، خاتىرجەملىك، دوستلۇق ۋە مېھماندارچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تورۇقلۇق ئىسلام دىنى ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىش، ئۇلارنىڭ قىز ـ ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشكە، ھەمدە ئۇلار بوغۇزلىغان گۆشلەرنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

﴿وَطَعَامُ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِكُمْ﴾

﴿كىتاب بېرىلگەنلەرنىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر. مۆمىنلەردىن ئىپپەتلىك ئاياللارنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرىكى ئەھلى كىتابلاردىن ئىپپەتلىك ئاياللارنى نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھالالدۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 5 ـ ئايەت]

بۇلارنىڭ ھەممىسى بارلىق كىتاب ئەھلى ھەققىدىكى ئومۇمىي قاراش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خرىستىئانلارنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار، چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا يېقىنراق دەپ قارىغان:

﴿وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُمْ مَوَدَّةً لِلَّذِينَ آمَنُوا الَّذِينَ قَالُوا إِنَّا نَصَارَى ذَلِكَ بِأَنَّ مِنْهُمْ قِسِّيسِينَ وَرُهْبَانًا وَأَنَّهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ﴾

﴿«بىز ناسارا» دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار، راھىبلار بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى ئۈچۈندۇر﴾ [مائىدە سۈرىسى 82 ـ ئايەت]

## ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلار (زىممىيلار)

يۇقىرىدىكى كۆرسەتمىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يەھۇدى ـ ناسارالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسلام

www.munber.org

دۆلىتى سايىسى ئاستىدا ياشايدىغانلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورنى بولۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار (زىممەت ئەھلى) دەپ ئاتاپ كەلگەن. (زىممەت) دېگەن سۆز (ئەھدە) دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىسلام سايىسى ئاستىدا خاتىرجەم ۋە بىخەتەر ياشاشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەرنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئەھدە بەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇلار بۈگۈنكى ئىستىلاھتا ئىسلام دۆلىتىدىكى (گەرەجدانلار) بولۇپ، دەسلەپكى ئەسىردىن تارتىپ بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ھوقۇقتا تەڭ ۋە بارابەر ئىكەنلىكىگە بىردەك ئىتتىپاقلاشقان. دىن ۋە ئېتىقاد ئىشلىرىدا ئىسلام ئۇلارنىڭ ئەركىن ئېتىقاد قىلىشىغا يول قويغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىممەت ئەھلىنى مۇسۇلمانلارغا قاتتىق تاپىلىغان، ھەمدە بۇ تاپىلاشلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە ئازابىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئاگاھلاندۇرغان ھالدا مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر زىممىيغا ئازار بەرسە، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، كىمكى ماڭا ئازار بەرسە ئاللاھقا ئازار بەرگەن بولىدۇ»[(1)].

«كىم بىر زىممىيغا ئازار بېرىدىكەن، قولۇم ئۇنىڭ ياقىسىدا، مەن ياقىسىدىن ئالغان ئادەمنى قىيامەت كۈنى يەڭمەي قالمايمەن»[(2)].

«كىمكى بىر زىممىيغا زۇلۇم قىلىدىكەن ياكى ھەققىنى تولۇق بەرمەيدىكەن ياكى ئۇنىڭغا تاقىتى يەتمىگۈدەك خىزمەت

---

(1) ـ ئىمام تابارانى (ئەلمۇئجەم ئەلئەۋسات) تا ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئەلخەتىب ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

يۈكلەيدىكەن ياكى ئۇنىڭ رازىلىقىسىز بىر نەرسىنى ئېلىۋالىدىكەن، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ بىلەن داۋالىشىمەن»[1].

ئىسلام خەلىپىلىرى غەيرىي مۇسۇلمان گەرەجدانلارنىڭ ھوقوقىنى قوغداپ كەلدى. ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىمۇ ھەرخىل مەزھەبتە بولىشىدىن قەتئىينەزەر زىممىيلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى تەكىتلىدى.

مالىكىي مەزھەب قانۇنشۇناسلىرىدىن شىھابۇددىن ئەلقارافى[2] مۇنداق دەيدۇ:

«زىممەت كېلىشىمى ئۇستىمىزگە مەجبۇرىيەت ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى زىممىيلار بىزنىڭ بويىنىمىزدا، بىزنىڭ ھىمايىمىز ئاستىدا ۋە بىزنىڭ قوغدىشىمىزدا بولۇپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ، پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەھدىسى بېرىلگەن. شۇڭا كىمكى ئۇلارغا بىر ئېغىز يامان سۆز بىلەن بولسىمۇ ياكى يوق يېرىدە تىللاش ۋە سۆكەش ئارقىلىق، ياكى ھەرقانداق بىر ئازار بېرىدىكەن ياكى ئازار بېرىشكە ياردەم بېرىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قىلغان ئەھدىسىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ»[3].

زاھىرىي فەقىھ ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر كاپىرغا زىممىيلىك ئەھدى بەرسەك، دۈشمەنلەر ئۇنى بىزنىڭ يۇرتىمىزغا ئىزدەپ كەلسە، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسى بېرىلگەن ئادەمنى قوغدىشىمىز، ئەھدىنى تاشلاپ قويماي دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قورال

---

(1) - ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
(2) - ئەھمەد ئىبنى ئىدرىس ئىبنى ئابدۇرراھمان **ئەلقارافى**، ئاتاقلىق شەرىئەتشۇناس ۋە مالىكىي مەزھەب كاتتا فەقىھلىرىنىڭ بىرى. ھـ 684– يىلى ۋاپات بولغان– ت.
(3) - (ئەلفۇرۇق) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

www.munber.org

ـ ياراق بىلەن قوشۇن تارتىپ چىقىشىمىز، ھەمدە كېرەك بولغاندا قۇربان بولىشىمىز بىزگە ۋاجىب بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر »[1].

## غەيرىي مۇسۇلمانلار بىلەن دوست بولۇش ۋە ئۇنىڭ مەنىسى

بەلكى مۇنداق بىر سوئال ئالدىمىزغا كېلىشى ياكى ئوتتۇرىغا قويۇلىشى مۇمكىن، ئۇ بولسا: قۇرئان كەرىم كاپىرلارنى دوست تۇتۇشنى، ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى قاتتىق چەكلىگەن تۇرسا، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ھەمدە ئۇلار بىلەن چىقىشىپ بىللە چىرايلىق ياشاش قانداق ئەمەلگە ئاشىدۇ؟ چۈنكى قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا الْيَهُودَ وَالنَّصَارَى أَوْلِيَاء بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَمَنْ يَتَوَلَّهُمْ مِنْكُمْ فَإِنَّهُ مِنْهُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ ۞ فَتَرَى الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ يُسَارِعُونَ فِيهِمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىيلارنى ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر ـ بىرلىرىگە دوستلاردۇر. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ شۇلاردىن سانىلىدۇ. ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ. دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن﴾ [مائىدە سۈرىسى51 ـ 52 ـ ئايەتلەر]

[1] ـ ئىبنى ھەزمنىڭ (مەراتىبۇل ئىجمائ) ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

www.munber.org

جاۋاب: بۇ ئايەتلەر بارلىق يەھۇدى ـ خرىستىئان ۋە باشقا كاپىرلارنىڭ ھەممىنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ئەگەر بىز ئومۇملاشتۇرۇۋېتىدىغان بولساق، بۇ ئايەتلەر قايسى دىنغا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ياخشىلىق قىلىدىغانلارغا يېقىنلىق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان، ھەمدە يەھۇدى ـ ناسارالار بىلەن قۇدىلىششقا ۋە ئۇلاردىن ئۆيلىنىشكە رۇخسەت قىلغان باشقا ئايەتلەرگە زىت كېلىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةً﴾

﴿ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر﴾ [رۇم سۈرىسى21 ـ ئايەت]

يەنە ناسارالار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَتَجِدَنَّ أَقْرَبَهُمْ مَوَدَّةً لِلَّذِينَ آمَنُوا الَّذِينَ قَالُوا إِنَّا نَصَارَى﴾

﴿«بىز ناسارا» دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن» [مائىدە سۈرىسى 82 ـ ئايەت]

كاپىرلارنى دوست تۇتماسلىق ھەققىدىكى بۇ ئايەتلەر بولسا، ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشىدىغان كاپىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنداق ئەھۋالدا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىپ يېقىنلىششى، ئۇلار بىلەن كۆڭلىدىكى سۆزنى قىلىپ سىردىششى، ئۆز مىللىتى ۋە قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇلار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشى

www.munber.org

كەسكىن ھارام بولىدۇ. بۇنى يەنە باشقا ئايەتلەرمۇ ئېنىق ئىپادىلەيدۇ:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا بِطَانَةً مِنْ دُونِكُمْ لَا يَأْلُونَكُمْ خَبَالًا وَدُّوا مَا عَنِتُّمْ قَدْ بَدَتْ الْبَغْضَاءُ مِنْ أَفْوَاهِهِمْ وَمَا تُخْفِي صُدُورُهُمْ أَكْبَرُ قَدْ بَيَّنَّا لَكُمْ الْآيَاتِ إِنْ كُنْتُمْ تَعْقِلُونَ ۞ هَاأَنْتُمْ أُوْلَاءِ تُحِبُّونَهُمْ وَلَا يُحِبُّونَكُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر. شۈبھىسىزكى، ئەگەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار، سىلەرگە نۇرغۇن ئايەتلەرنى بايان قىلدۇق. (ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇلار سىلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ﴾ [ئالى ئىمران سۈرىسى 118 ـ 119 ـ ئايەتلەر]

دېمەك: بۇ ئايەتلەر بىزگە ئاشۇ كاپىرلارنىڭ سۈپەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت ساقلايدىغانلىقىنى، بۇ ئاداۋەتنىڭ ئەسىرىنى تىللىرى ئىزھار قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿لَا تَجِدُ قَوْمًا يُؤْمِنُونَ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ يُوَادُّونَ مَنْ حَادَّ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَوْ كَانُوا آبَاءَهُمْ أَوْ أَبْنَاءَهُمْ أَوْ إِخْوَانَهُمْ أَوْ عَشِيرَتَهُمْ﴾

﴿ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ ئۇلارنىڭ ئاتىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ـ

www.munber.org

تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى دوست تۇتقانلىقىنى كۆرمەيسەن﴾ [مۇجادەلە سۈرىسى 22 ـ ئايەت]

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلىشىش پەقەتلا كۇپۇرلۇق بىلەنلا بولماستىن، بەلكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك ئىزھار قىلىش ۋە قارشى تۇرۇشمۇ شۇنداقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَتَّخِذُوا عَدُوِّي وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَاء تُلْقُونَ إِلَيْهِمْ بِالْمَوَدَّةِ وَقَدْ كَفَرُوا بِمَا جَاءكُمْ مِنْ الْحَقِّ يُخْرِجُونَ الرَّسُولَ وَإِيَّاكُمْ أَنْ تُؤْمِنُوا بِاللَّهِ رَبِّكُمْ﴾

﴿ئى مۆمىنلەر مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار! ئۇلار سىلەرگە كەلگەن ھەقىقەتكە (يەنى ئىسلامغا، قۇرئانغا) تانغان، پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتقىنىڭلار ئۈچۈن پەيغەمبەرنى ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارغان تۇرۇقلۇق ئۇلارغا دوستلۇق ئىزھار قىلىسىلەرغۇ﴾ [مۇمتەھىنە سۈرىسى 1 ـ ئايەت]

مانا بۇ ئايەت، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ دىيىشتىن باشقا ھېچقانداق جىنايىتى يوق مۇسۇلمانلارنى يۇرتلىرىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئاللاھ ۋە پەيغەمبەرگە قارشى جەڭ ئېلان قىلغان مەككە مۇشرىكلىرىنى دوست تۇتماسلىق ھەققىدە نازىل بولغان.

مانا ئاشۇنداق كاپىرلارنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا دوست تۇتۇشقا، ئۇلارغا يېقىنلىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ قارىئان كەرىم ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئۈمىدنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتمەي، مۆمىنلەرنى ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، كېيىنچە ئۇلار بىلەن يېقىن ئۆتۈپ قېلىشقا قارىتا

www.munber.org

ئۈمىدلەندۈردى. ئەينى سۈرىدە بىر قانچە ئايەتتىن كېيىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

﴿عَسَى اللَّهُ أَنْ يَجْعَلَ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَ الَّذِينَ عَادَيْتُمْ مِنْهُمْ مَوَدَّةً وَاللَّهُ قَدِيرٌ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ﴾

﴿بەلكىم دۈشمىنىڭلار مۇسۇلمان بولۇپ سىلەر بىلەن بىر دىندا بولسا، بۇرۇن دۈشمەنلەشكەنلەر بىلەن ئاللاھ ئاراڭلاردا دوستلۇق پەيدا قىلىپ قالار. ئاللاھ قادىردۇر. ئاللاھ بۇرۇنقى دوستلۇق ئىزھار قىلىشىڭلارنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، كۆپۈرلۈق قىلىپ كېيىن تەۋبە قىلغانلارغا مېھرىباندۇر﴾ [مۇمتەھىنە سۈرىسى 7 ـ ئايەت]

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلارغا قارىتا باغلىغان بۇ ئۈمىدى، ئاداۋەت ئاچچىقىنى پەسەيتىشكە يېتەرلىكتۇر. خۇددى ھەدىستە كۆرسىتىلگەندەك:

«دۈشمىنىڭنى بوشراق يامان كۆرگىن، بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن»[1].

ئىسلام ۋە مۇسۇلمان دۈشمەنلىرى كۈچلۈك بولغان ئەھۋالدا ئۇلارغا يېقىنلىشىش ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىنىڭ ھاراملىقى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ ۋە ئېغىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈچىدىن قورققىدەك ياكى ئۇلاردىن مەنپەئەت يەتكۈدەك ئەھۋال بولسا، مۇناپىق، خائىن ۋە ۋىجدانسىزلار ئازراق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، ياكى ياخشى كۈننىڭ يامىنى كەلسە بىزنى ھىمايە قىلىدۇ، بىزنى باقىدۇ

[1] ـ ئىمام تىرمىزى ۋە يەنە ئىمام بەيھەقى (شۇئەبۇل ئىيمان)دا ھەزرىتى ئەبى ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلغان، ئىمام سۇيۇتى بۇ ھەدىسكە (ياخشى) دەپ باھا بەرگەن، بۇ ھەدىسنىڭ بېشى: «دوستۇڭنى بوشراق ياخشى كۆرگىن، بەلكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن». ئىمام بۇخارىمۇ «ئەلئەدەبۇل مۇفراد» تا بۇ ھەدىسنى ھەزرىتى ئەلىدىن (مەۋقۇف) رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دەپ ئويلاپ ئۇلارغا دوست بولۇش ۋە خىزمەت كۆرسىتىپ ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن يۈگۈرىشىدۇ.

خۇددى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا دېگەندەك:

﴿فَتَرَى الَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمْ مَرَضٌ يُسَارِعُونَ فِيهِمْ يَقُولُونَ نَخْشَى أَنْ تُصِيبَنَا دَائِرَةٌ فَعَسَى اللَّهُ أَنْ يَأْتِيَ بِالْفَتْحِ أَوْ أَمْرٍ مِنْ عِنْدِهِ فَيُصْبِحُوا عَلَى مَا أَسَرُّوا فِي أَنْفُسِهِمْ نَادِمِينَ﴾

﴿دىللىرىدا نىپاق بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا) ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشتىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللاھ (رەسۇلۇللاھقا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىشنى) ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ ـ دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى، (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ)﴾ [مائىدە سۈرىسى 52 ـ ئايەت]

﴿بَشِّرِ الْمُنَافِقِينَ بِأَنَّ لَهُمْ عَذَابًا أَلِيمًا ۞ الَّذِينَ يَتَّخِذُونَ الْكَافِرِينَ أَوْلِيَاءَ مِنْ دُونِ الْمُؤْمِنِينَ أَيَبْتَغُونَ عِنْدَهُمُ الْعِزَّةَ فَإِنَّ الْعِزَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا﴾

﴿(ئى مۇھەممەد) مۇناپىقلارغا قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىشارەت بەرگىن. ئۇلار مۆمىنلەرنى قويۇپ، كاپىرلارنى دوست تۇتىدىغانلاردۇر، ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىدىن ئىززەت تەلەپ قىلامدۇ؟﴾ [نىسا سۈرىسى138 ـ 139 ـ ئايەتلەر]

www.munber.org

## مۇسۇلمانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى

مۇسۇلمانلار ـ مەيلى ھۆكۈمەت مەيلى خەلق بولمىسۇن ـ ھەر قايسى ساھەلەردە ئۆزلىرىگە تايىنىشى، باشقىلارغا مۇھتاج بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شۇنداقتىمۇ غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن، سانائەت، يېزا ـ ئىگىلىك، سەھىيە ۋە دىنغا بىۋاستە مۇناسىۋەتى بولمىغان ساھەلەردە پايدىلانسا بولىدۇ.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى ئورەيقىتنى ـ ئۇ مۇشرىك تۇرۇقلۇق ـ يول باشلىغۇچى قىلىش ئۈچۈن كىرالىغانلىقىنى كۆردۇق. ئالىملار مۇنداق دەيدۇ: «كاپىر دېگەنلىك ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىشتا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى يول باشلاشتىنمۇ، بولۇپمۇ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتەك جىددىي ۋەزىيەتتە يول باشلاشتىنمۇ بەكراق خەتەرلىك ئىش يوق».

بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئالىملار يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ رەئىسى غەيرىي مۇسۇلمانلاردىن ـ خۇسۇسەن ئەھلى كىتابتىن ـ ھەربىي ئىشلاردا پايدىلانسا، ئۇلارغا مۇسۇلمانلاردەك ئولجا ـ غەنىيمەتلەردىن بۆلۈپ بەرسە بولىدۇ دەپ قارىغان.

زۇھرى رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشتا بىرقانچە يەھۇدىيدىن پايدىلانغان، ھەممە ئۇلارغا ئولجا غەنىيمەتتىن بۆلۈپ بەرگەن. يەنە سافۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇشرىك

www.munber.org

ھالىتىدىكى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھۆنەين غازىتىغا چىققان[1].

بىز پايدىلىنىدىغان كاپىر مۇسۇلمانلارغا ياخشى قاراشتا بولۇشى شەرت. ناۋادا زىيانكەشلىك قىلىش ئېھتىمالى بولسا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن يامان قىلماي تۇرىۋالىدىغان، غۇلغۇلا، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ قوشۇننىڭ مۇستەھكەملىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان كىشىلەردىن پايدىلىنىشنى چەكلىگەن تۇرساق، ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان كاپىرلاردىن ئەلبەتتە پايدىلىنىشقا بولمايدۇ[2].

مۇسۇلمان كىشى كاپىرغا سوۋغا قىلسا، ھەمدە كاپىردىن سوۋغا قوبۇل قىلسا، سوۋغىتىغا سوۋغات بىلەن جاۋاب قايتۇرسا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ كاپىر پادىشاھلار سوۋغا ئەۋەتكەندە قوبۇل قىلغان[3].

ھەدىس ئالىملىرى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كاپىرلاردىن سوۋغا قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ھەدىسلەر كۆپ.

ئىسلام دىنى ئىنساننى، ئىنسان بولغانلىقى جەھەتتىن ھۆرمەتلەيدىغان تۇرسا، ئۇ ئەھلى كىتاب ياكى ئامانلىق بېرىلگەن ۋە ئىسلام دۆلىتى گەرەجدانى بولغان تەقدىردە ھۆرمەتلىمەسمۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىن بىر جىنازا ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنازا ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغان. بەزىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بىر يەھۇدىينىڭ جىنازىسى!» دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇ بىر ئىنسان ئەمەسمۇ؟»

(1) ـ سەئىد ئىبنى مەنسۇر (سۇنەن) ناملىق كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.
(2) ـ ئىمام ئىبنى قۇدامە: (ئەلمۇغنى)، 8 ـ توم، 41 ـ بەتكە قاراڭ.
(3) ـ ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

دېگەن[1]. شۇنداق، ھەر بىر ئىنساننىڭ ئىسلامدا يۇقىرى ئورنى ۋە ئىززەت ھۆرمىتى بار.

## ئىسلام ئومۇمىيۈزلۈك بىر رەھمەتتۇر

ئىسلام دىنى جانلىق ھەر قانداق نەرسىگە رەھىمدىللىق قىلىشنى تاپىلاپ، تىلسىز ھايۋانلارغا قاتتىقلىق قىلىشنى چەكلەۋاتقان تۇرسا، مۇسۇلماننىڭ غەيرىي مۇسۇلمانغا يامانلىق قىلىشى ياكى ئازار بېرىشىنى قانداقمۇ راۋا كۆرسۇن؟

ئىسلام دىنى (ھايۋانغا مۇلايىملىق قىلىش جەمئىيەتلىرى) پەيدا بولۇشتىن 13 ئەسىر ئىلگىرى ھايۋانغا سىلىقلىق، مۇلايىملىق ۋە مېھىر ـ شەپقەت قىلىش پرىنسىپىنى تىكلەپ، ھايۋانغا ياخشىلىق قىلىشنى ئىماننىڭ بىر پارچىسى، ئۇنىڭغا ئازار بېرىش ۋە باغرى قاتتىقلىق قىلىشنى دوزاخقا كىرىشنىڭ بىر سەۋەبى قىلىپ بەلگىلىگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە سۆزلەپ بېرىشىچە: «بىر ئادەم ئۇسسۇزلۇقتىن ھاسىراپ كەتكەن بىر ئىتنى كۆرۈپتۇ ۋە قۇدۇققا چۈشۈپ، چورىقىغا سۇ توشقۇزۇپ ئىتنى قانغىچە سۇغۇرۇپتۇ» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ: «ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا رەھمەت ئېيتىپ ئۇنى كەچۈرىۋەتكەن» دېگەن. ساھابىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! ھايۋانلارغا ياخشىلىق قىلساقمۇ ساۋابقا ئېرىشەمدۇق؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

«ھەر بىر جانلىققا ياخشىلىق قىلىنسا ساۋاب بېرىلىدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مەغپىرىتىگە ۋە رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان بۇ ياخشى ئىشنىڭ يېنىغا ئاللاھ تائالانىڭ غەزىبىنى ۋە ئازابىنى كەلتۈرىدىغان بىر يامان ئىشنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئايال بىر مۈشۈكنى سولىۋېلىپ، يا ئۇنىڭغا ئۆزى يېمەك بەرمەي يا ئۇ مۈشۈك ئۆزى بىر نەرسە تېپىپ يېيىشى ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمەي قىيناپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن دوزاخقا كىرگەن»[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنىڭ ھايۋانلىقىغا شۇ دەرىجىدە مېھىر ـ شەپقەت ۋە باغرى يۇمشاقلىق قىلغان ئىدىكى، بىر كۈنى يۈزىگە داغلاپ تامغا ئۇرۇلغان بىر ئېشەكنى كۆرۈپ خاپا بولغان ھالدا مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھايۋاننىڭ يۈزىنىڭ ئەڭ چېتىگىلا بەلگە ئۇرىمەن»[3].

يەنە بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىدىن يۈزىگە بەلگە ئۇرۇلغان بىر ئېشەكنى ئېلىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ھايۋاننىڭ يۈزىگە بەلگە قويغان ياكى يۈزىگە ئۇرغان ئادەمگە لەنەت قىلغانلىقىمنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟»[4].

بىز يۇقىرىدا ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ بىر توخنى ئوقيا بىلەن نىشانلاپ ئوق ئېتىشنى مەشق قىلىۋاتقان بىرقانچە كىشىنى كۆرگەندە ئۇلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جانلىق

---

[1] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org

نەرسىنى نىشانلاپ ئوق ئېتىپ ئوينىغان ئادەمگە لەنەت قىلغان» دېگەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى كۆشكۆرتۈپ ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىشنى چەكلىگەن»[1]. يەنە ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايۋانلارنى ئاختا قىلىشنى قاتتىق چەكلىگەن»[2] دەپ رىۋايەت قىلغان.

قۇرئان كەرىممۇ جاھىلىيەت دەۋرى ئەرەبلىرىنىڭ ھايۋانلارنىڭ قۇلاقلىرىنى يېچىشتەك ئادەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە بۇنداق قىلىشنى شەيتاننىڭ يولىيورىقى دەپ كۆرسەتكەن[3].

بىز يۇقىرىدا بوغۇزلاش ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوغۇزلىنىدىغان ھايۋاننى جېنىنى قىينىماي ئەڭ ئاسان ۋە تېز چارە ئارقىلىق بوغۇزلاشنى تاپىلىغانلىقىنى، پىچاقلارنى ئوبدان بىلەشكە بۇيرىغانلىقىنى، پىچاقنى بوغۇزلىنىدىغان ھايۋانغا كۆرسەتمەسلىكنى، ھەمدە بىر ھايۋاننى بىر ھايۋاننىڭ كۆز ئالدىدا بوغۇزلاپ سويماسلىقنى تاپشۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ھايۋانلارغا رەھىمدىللىق قىلىشتا خىيال ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش دائىرىسىنى ھالقىغان بۇنداق رەھىمدىللىقنى دۇنيا كۆرۈپ باقمىغان.

---

[1] ـ ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.
[2] ـ ئىمام بەززار سەھىھ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.
[3] ـ نىسا سۈرىسى 119 ـ ئايەتكە قاراڭ.

www.munber.org

# خاتىمە

بىز بۇ كىتابتا پەقەتلا تاشقى ئەزا ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ئىش ـ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك ھالال ـ ھارام ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. ئەمما ئىچكى دۇنيا، قەلب، ئىرادە، ۋە تۇيغۇ ـ ھېسسىيات قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلام يول قويغان ھالال ئىشلار بولسۇن ياكى ئىسلام يول قويمىغان بەلكى قاتتىق چەكلىگەن ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، رىياخورلۇق، مۇناپىقلىق، پىخسىقلىق، ۋە ھېرىسمەنلىك قىلىشتەك ھارام ئىشلار بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىتابقا كىرگۈزۈلمىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئىچكى ئىللەتلەر ئىسلام ھارام قىلغان ۋە قاتتىق ئۇرۇش ئېلان قىلغان چوڭ گۇناھلار قاتارىغا كىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىللەتلەرنىڭ زىيىنىدىن ئاگاھلاندۇرغان، ھەمدە ئۇنىڭ بەزىلىرىنى بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن (مىللەتلەر كېسىلى) دەپ سۈپەتلىگەن ۋە ئۇنى چاچنى ئەمەس دىننى كېسىپ چۈشۈرىۋېتىدىغان (ئۇستىرا) دەپ ئاتىغان.

قۇرئان كەرىمنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم، قۇرئان ۋە ھەدىستە ھەر قانداق شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇتۇققا ئېرىششى ئۈچۈن ئىنسان قەلبىنىڭ ساغلام بولىشىنى ئاساس ۋە ئۇل قىلغانلىقنى كۆرىدۇ:

﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُوا مَا بِأَنفُسِهِمْ﴾

www.munber.org

﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾ [رائد سۈرىسى 11 ـ ئايەت]

﴿يَوْمَ لَا يَنْفَعُ مَالٌ وَلَا بَنُونَ ۞ إِلَّا مَنْ أَتَى اللَّهَ بِقَلْبٍ سَلِيمٍ﴾

﴿ئۇ كۈنى ھېچ كىشىگە مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزىلىدۇ﴾ [شۇئەرا سۈرىسى 88ـ89ـ ئايەتلەر]

بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ بايان قىلغان: «ھالال ئېنىق، ھارامۇ ئېنىق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا گۇمانلىق نەرسىلەر بار. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇلارنىڭ ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. دىنىنى ۋە ئىپپىتىنى ساقلاش نىيىتى بىلەن بۇلارنى كىم تەرك قىلسا ئامان بولىدۇ. بۇنىڭ قايسى بىرسىنى قىلغان كىشى ھارامنى قىلىپ سېلىشقا تاس قالىدۇ. بۇ خۇددى چەكلەنگەن رايون ئەتراپىدا پادىسىنى ئوتلاتقان كىشىنىڭ ھەرقانداق پەيتتە چەكلەنگەن رايونغا كىرىپ قىلىشقا تاس قالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەر پادىشاھنىڭ بىر چەكلەنگەن رايونى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ چەكلەنگەن رايونى بولسا ھارام قىلغان نەرسىلىرىدۇر». ئۇنىڭدىن كېيىن قەلبنىڭ قىممىتى ۋە ئۇنىڭدىكى تۈرتكىلەر، مايىللىقلار ۋە ئىرادە ـ خاھىشلارنىڭ، ئىنسان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېگەن: «دىققەت! جىسىمدا بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ تۈزۈلسە پۈتۈن جىسىم تۈزۈلىدۇ. بۇزۇلسا پۈتۈن جىسىم بۇزۇلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ قەلبتۇر».

www.munber.org

دېمەك: قەلب ـ بەدەن ئەزالىرىنىڭ رەئىسى ۋە باشقۇرغۇچىسىدۇر. ئەگەر مۇشۇ باشقۇچى تۈزۈلسە پادىمۇ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇزۇلسا پادىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىمۇ ھەرقانداق ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قوبۇل بولۇش ئۆلچىمى شەكىل بىلەن تىل بولماستىن، قەلب بىلەن نىيەتتۇر. «ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكىلىڭلارغا قارىمايدۇ، قەلبىڭلارغا قارايدۇ». «بارلىق ئەمەل نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ھەربىر كىشى نىيىتىدىكىنى تاپىدۇ».

مانا بۇ قەلبىي ئەمەللەرنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى. لېكىن بىز بۇلارنى بۇ كىتابتا بايان قىلمىدۇق. بۇنىڭ سەۋەبى: بۇ قەلبىي ئەمەللەر (ھالال ـ ھارام) بابىدىن (ئەخلاق) بابىغا بەكراق مۇناسىپ، شۇڭا مۇسۇلمانلاردىن چىققان ئەخلاق ۋە تەسەۋۋۇف ئالىملىرى بۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ھارام قىلىنغانلىرىنى (قەلب ئىللەتلىرى) دەپ ئاتىغان. ھەمدە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىپ، قۇرئان ۋە ھەدىس سايىسى ئاستىدا ئۇنى داۋالاش يوللىرىنى كۆرسەتكەن. ئىمام غازالى (ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىين) ناملىق داڭلىق ئەسىرىدە بۇ ئىللەتلەر ھەققىدە ئالاھىدە توختۇلۇپ ئۇلارنى (ھالاك قىلغۇچى ئىللەتلەر) دەپ ئاتىغان. چۈنكى بۇ ئىللەتلەر دۇنيادا ۋەيران بولۇپ زىيان تارتىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاخىرەتتە يامان ئاقىۋەتكە قېلىش ۋە دوزاخقا كىرىشنىڭ سەۋەبىدۇر. بىز ھارام قىلىنغان ئىشلارنى بايان قىلغىنىمىزدا، مەقسىتىمىز ئۇنىڭ پەقەت ئىيجابىي قىسمىنىلا بايان قىلىش ئىدى. چۈنكى ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ: يا چەكلەنگەن ئىشنى قىلىش (بۇ ئىيجابىي قىسمى). يا ۋاجىبنى ئادا قىلماسلىق (بۇ سەلبىي قىسمى).

بـۇ ئىككــىنچى قىسمى بـەزىدە باشـقا مەسىلىلەرگـە ئەگىشــىپ بايان قىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كىتابنى يېزىشتىكى ئەسلىي مەقسـەت بـۇ ئەمـەس. نـاۋادا بىـز بـۇ ئىككىـنچى قىسـمىدىكى ھارام ئىشـلارنى يازىدىغـان بولسـاق، بىــز باشـقا بىــر تىمىغـا يـۆتكىلىپ كېتىپ، مۇسـۇلماننىڭ قىلىشى كېرەك بولغان بـارلىق ۋاجىبـاتلارنى بايان قىلىشىمىز كېرەك بولۇپ قالاتتى، چۈنكى بۇنداق ۋاجىباتلارنى قىلماسـلىق يـاكى ئۇنىڭغـا سـەل قـاراش شەكسىـز ھـارامدۇر.
مەسىلەن: ئىسلامدا ئىلىم ئۆگىنىش ھەربىر ئەر ـ ئايالغا پەرزدۇر. مۇسـۇلماننىڭ ئـۆزىنى بىلىمسـىزلىك قاراڭغۇلۇقىغـا تاشلىۋېتىشـى بولسـا ھـارامدۇر. يەنـە نامـاز، روزا ۋە ھـەج قاتـارلىق ئىبادەتلـەر ئىسـلامنىڭ ئاساسـىي تۈۋرۈكلـىرى بولـۇپ، مۇسـۇلماننىڭ بۇلارنـى ئۆزرىسـىز تاشلىشـى ھارامدۇر. كىمكى بۇلاردىـن بىـرىنى ئۆزرىسـىز تاشلايدىكەن، ئۇ چوڭ گۇناھلارنىڭ بىـرىنى قىلغان بولىدۇ. كىمكى ئۇنىڭغا سەل قاراپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمايدىكەن، ئۇ ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن بولىدۇ.

مىللـەت ۋە ۋەتـەننىڭ بىـرلىكىنى قوغـداش ھـەمدە ئـاللاھ ۋە مۇسـۇلمانلارنىڭ دۈشـمىنىنى قورقۇتـۇش ۋە ئۇلارغـا تاقابىل تـۇرۇش ئۈچـۈن قولىدىــن كېلىشــىچە كــۈچ ـ قــۇۋۋەت تــەييارلاش، ئۇمۇمــەن قىلىــپ ئېيتقانـدا بـارلىق مىللـەتنىڭ ئىسـلامىي بۇرچـى بولسـا، رەھبەرلىك ئورنىدىكىلەرنىڭ مەخسۇس مەجبۇرىيىتىدۇر.

شۇڭا، قاچانكى بىر مۇھىم ۋاجىب تاشلاپ قويۇلسا، ئىنتايىن چـوڭ ۋە خەتـەرلىك گـۇناھ سـادىر بولغـان بولـىدۇ. ئومۇمىــي ۋە خۇسۇسىي ھاياتتىكى ۋاجىباتلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق.

بىـز بـۇ كىتابتا چوڭ ـ كىچىك ھالال ـ ھارامىلارنىڭ بىـرىنىمۇ قويماي بايـان قىلىدۇق دېيەلمەيمىز. بىزگـە پەقەت بۇ سەھىپىلەردە مۇسۇلمان شەخسىنىڭ كىشىلىك ھاياتى ياكى ئائىلە تۇرمۇشى ياكى

www.munber.org

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدە بىلىشى كېرەك بولغان، بولۇپمۇ كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ھۆكمىنى ياكى ھېكمىتىنى بىلمەيدىغان ياكى بىلسىمۇ ئۇنىڭغا سەل قاراپ ئەمەل قىلىشقا سۇسلۇق قىلىدىغان ھالال ۋە ھارام ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى بايان قىلغانلىقىمىز كۇپايە.

مېنىڭ قارىشىمچە بىز بۇ كىتابتا ئىسلامنىڭ ھالال - ھاراملىرىدىكى ئۇلۇغ ھېكمەتلىرىنى ئېنىق كۆرسەتتۇق. بۇنىڭدىن ھەربىر ئەقىل ئىگىسى شۇنى ئېنىق كۆرىۋالالايدۇكى: ئاللاھ تائالانىڭ ھالال ھۆكۈملىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئەركىلىتىشنى ياكى ھارام ھۆكۈملىرى بىلەن ئۇلارنى سىقىشنى خالىمىغان. پەقەتلا ئۇلارنى تۈزىدىغان، دىن ۋە دۇنيالىرىنى قوغدايدىغان، جانلىرىنى، ئەقىل - ئىدراكلىرىنى، ئىپپەت - نومۇسلىرىنى، ئەخلاقلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى قوغدايدىغان، ھەمدە شەخس ۋە مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلايدىغان قانۇن - تۈزۈم بەلگىلەپ بەرگەن.

بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ زېمىندا ئىنسانلار تەرەپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەرقانداق قانۇن كەمتۈك ۋە يېتەرسىز قانۇندۇر. چۈنكى ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار - شەخسلەر، ھۆكۈمەتلەر ياكى پارلامېنتلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - دىن ۋە ئەخلاق ئامىلىغا كۆز يۇمغان ھالەتتە، ئۆزلىرىنى پەقەتلا ماددىي مەنپەئەت دائىرىسىگە قامىۋالىدۇ. داۋاملىق تار دائىرىدىكى مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك سېزىقىدىن ھالقىيالماي چوڭ دۇنيا ۋە كەڭ ئىنسانىيەت ئۇقۇمىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ.

ئۇلار ئەرتە ۋە كەلەچەكتە نېمە بولۇشىدىن خەۋەرسىز ھالدا پەقەتلا بۈگۈنكى كۈنلەر ۋە ھازىرقى زامانغىلا قانۇن بەلگىلەيدۇ.

www.munber.org

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئىنسانلار بولغاچقا، ئۇلاردا ئىنسانلاردىكى ئاجىزلىق، كەمچىلىك، شەھۋەت ۋە ھەۋەسلەر بار.

﴿إِنَّهُ كَانَ ظَلُومًا جَهُولًا﴾

﴿ئۇ (ئىنسان) ھەقىقەتەن ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر﴾ [ئەھزاب سۈرىسى72 ـ ئايەت]

شۇڭا ئىنسانلار ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنلارنىڭ نەزەر دائىرىسى تار ۋە يۈزەكى، خاراكتېرى ماددىي، ئۇنىڭ مۇددىتى ۋاقىتلىق ۋە چەكلىك بولۇشى تەبىئىي.

يەنە بۇنداق قانۇنلارنى چىقارغان ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچە ئەھۋاللاردا شەخسىي ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەن ياكى جامائەت پىكرىنى رازى قىلغان ھالدا قانۇن بەلگىلىشمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

بۇنىڭغا تۆۋەندىكى بىر مىساللا دەلىل بولالايدۇ: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھاراقنىڭ شەخسكە، ئائىلىگە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيان ۋە ئاپەتلىرىنىڭ ئېغىرلىقىغا قانائەتلەنگەن تۇرۇقلۇق، ئىلگىرىكى ھاراقنى چەكلىگەن قانۇنلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ھاراققا يول قويىدى. ئەمما ئىسلام قانۇنى بۇنداق ئەيىبلەردىن پۈتۈنلەي خالىي.

ئىسلام قانۇنى بولسا، مەخلۇقلىرىدىن خەۋەردار، ئۇلارغا نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ياراتقۇچى زات بەلگىلىگەن قانۇندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَاللَّهُ يَعْلَمُ الْمُفْسِدَ مِنَ الْمُصْلِحِ﴾

www.munber.org

﴿ئـاللاھ بۇزغۇچـى ۋە تۈزگـۈچىنى بىلـىـپ تۇرىـدۇ﴾ [بەقـەرە سۈرىسى220 ـ ئايەت]. يـاراتقۇچى زات مـەخلۇقلىرىنىڭ تـەبىئىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ﴿أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ﴾ ﴿مـەخلۇقاتلىرىنى بىلمـەمدۇ؟ ئـۇ زات شـەيئىلەرنىڭ نـازۇك تەرەپـلىرىنى بىلگـۈچىدۇر، ھەممىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾ [مۇلك سۈرىسى 14 ـ ئايەت]

ئىسـلام قـانۇنى بولسـا، ھېچقـانداق نەرسـىنى بىكارغـا ھـالال يـاكى ھـارام قىلىۋەتمـەيدىغان ھېكمـەتلىك تـەڭرىنىڭ قـانۇنى بولـۇپ، ئـۇ زات ھـەر قـانداق نەرسـىنى مـەلۇم ئۆلچـەم بىلـەن ياراتقـان، ھـەر قانداق قانۇننىمۇ ئۆلچەم بىلەن بەلگىلىگەن.

ئىسـلام قـانۇنى بولسـا، بەندىلىرىگـە قولايلىـق خالايدىغـان، ئۇلارنى قىيناشنى خالىمايدىغان مېھىر ـ شەپقەتلىك پەرۋەردىگارنىڭ قـانۇنىدۇر. ئـۇ زات بەندىلىرىگـە، ئانـا بالىسـىغا مېھرىبـانلىق قىلغاندىنمۇ بەكراق شەپقەتلىكتۇر.

ئىسـلام قـانۇنى بولسـا، چەكسـىز قۇدرەتلىـك، بەندىلىرىگـە مۇھتـاج بولمايدىغـان، مـەلۇم جىـنس، ئىـرق ۋە گـورۇھقا يـان باسـمايدىغان پـۈتۈن جاھـانىنىڭ ئىگىسـى ۋە پەرۋەردىگـارى بەلگىلىگەن قانۇندۇر.

ھالال ـ ھارام ۋە باشقا ھەرقانداق ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇن ـ تۈزۈملـەردە مۇسـۇلمان ئـادەم ئاشـۇنداق ئېتىقـاد قىلىـدۇ. شـۇڭا بـۇ قانۇن ھۆكۈملەرنى ئۇنىڭ ئەقلى تولۇق قانائەتلەنگەن، قەلبى تولۇق رازى بولغـان، ھـەمدە ئىجـرا قىلىشقا تولـۇق بـەل باغلىغـان ھـالدا قوبـۇل قىلىـدۇ. چۈنكـى ئـۇ، دۇنيـا سـائادىتى بىلـەن ئاخىرەتتـە نىجاتلىققـا ئېرىشىشـنىڭ ئـاللاھنىڭ بۇيـرۇق ـ چەكلىمىلىرىگـە ۋە ھـالال ـ ھاراملىرىغـا بويسۇنۇشـى ئـارقىلىقلا مۇمكىـن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

www.munber.org

ئۇنداق بولىدىكەن، ئىككى دۇنيا سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا سىزغان چەك ـ چېگرىغا رىئايە قىلىش كېرەك.

بۇنىڭغا دەسلەپكى دەۋر مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئىككى مىسال ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالال ـ ھارام جەھەتتە ئاللاھنىڭ چەك ـ چېگرىسىغا قانداق رىئايە قىلغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشقا قانداق ئالدىرىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

بىرىنچىسى: ھاراقنىڭ ھارام قىلىنىش جەريانى بولۇپ، بىز يۇقىرىدا بۇنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەرەبلەر قەدەھ ۋە ھاراق سورۇنلىرىغا ئامراق ھاراقكەشلەر ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلگەچكە، ھاراقنى كەسكىن ھارام قىلىشتا تەدرىجي ھارام قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئاخىرىدا ئايەت نازىل بولۇپ ئۇنى ﴿رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشَّيْطَانِ﴾ (شەيتاننىڭ پاسكىنا ئىشىدۇر) [مائىدە سۈرىسى 95 ـ ئايەت] دەپ ئۇزۇل ـ كېسىل ھارام قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراقنى ئىچىشنى، سېتىشنى ۋە كاپىرلارغا سوۋغا قىلىشنى ھارام قىلىۋەتتى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ھاراقتىن پۈتۈنلەي قولىنى ئۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ھالدا، ئۆيلىرىدىكى ھاراق ۋە ھاراق كوزىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ مەدىنە كوچىلىرىغا تۆكۈۋەتكەن.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى مۇسۇلمانلارغا ھاراقنى ھارام قىلغان ئايەت يېتىپ بارغان چاغدا، قوللىرىدا تېخى يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمى قالغان مەي قەدەھلىرى بار ئىدى، ئۇلار دەرھال قوللىرىدىكى قەدەھلەرنى تاشلاپ، ئاللاھ تائالانىڭ ﴿سىلەر ئەمدى يانامسىلەر﴾ [مائىدە سۈرىسى91 ـ ئايەت] دېگەن سۆزىگە بىنائەن: «بولدى بىز ياندۇق» دەپ جاۋاب بەرگەن.

www.munber.org

ئەگەر بىز ئىسلام مۇھىتىدا ھاراقىقا قارشى كۆرەش قىلىش ۋە ئۇنى يوقۇتۇشتىكى بىر ئېنىق ئۇتۇقنى، ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى بىر چاغلاردا قانۇن ۋە كۈچ بېسىمى بىلەن ھاراقىقا قارشى جەڭ ئېلان قىلغاندا ئۇچرىغان ئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بىز ئەلبەتتە، ئىنسانلارنى پەقەتلا كۈچ بىلەن ھوقۇققا تايىنىشتىن بۇرۇن ئىمان بىلەن ۋىجدانغا تايىنىدىغان ساماۋى قانۇنلا تازەپ، ئۇخشايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچى مىسال بولسا، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى يالىڭاچلىق ھارام قىلىنىپ، يۈگىنىش پەرز قىلىنغان چاغدا دەسلەپكى دەۋر مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ بىلدۈرگەن پوزىتسىيىسى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللار ياقىلىرىنى ئوچۇق قويۇپ مېڭىشاتتى. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا، ماڭلاي چاچلىرىنى ۋە بويۇن - قۇلاقلىرىنى ئېچىپ يۈرۈشەتتى. ئاللاھ تائالا مۆمىن ئاياللارغا كونا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى يېرىم - يالىڭاچ كىيىنىش ۋە ياسىنىش ئۇسۇلىنى ھارام قىلىپ، ئۇلارنى جاھىلىيەت ئاياللىرىدىن پەرقلىنىشكە، ئەدەبلىك بولۇشقا بۇيرىدى. ياغلىقلىرىنى مەيدە، بويان ۋە قۇلاقلىرىنى يۈگەيدىغان شەكىلدە ئارتىپ، جاھىلىيەت دەۋرى ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش ئۇسۇلىغا ئوخشىمايدىغان شەكىلدە كىيىنىشكە، تەقۋى - تۇرقىدا، يۈرۈش - تۇرۇشىدا يۈگىنىشكە ۋە ئەدەبلىك بولۇشقا بۇيرىدى.

بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دەسلەپكى ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ، ئاياللار ھاياتىدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەت توغرىسىدا چوڭ ئۆزگەرتىش پەيدا قىلغان ئىلاھىي قانۇننى قانداق كۈتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ پىشقەدەم

www.munber.org

مۇھاجىر ئاياللارغا رەھمەت قىلسۇن! ئاللاھ تائالا: ﴿وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَى جُيُوبِهِنَّ﴾ ﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ [نۇر سۈرىسى 31 - ئايەت] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، ئۇلار پۈركەنجىلىرىنى يىرتىپلا باشلىرىغا ئارتىۋالغان ئىدى»[1].

بىر كۈنى يەنە ھەزرىتى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) بىرنەچچە ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقاندا، قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ پەزلى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى تىلغا ئېلىندى. ھەزرىتى ئائىشە بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى: «توغرا! قۇرەيش ئاياللىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىدا گەپ يوق، لېكىن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىدىنمۇ ئەۋزەلرەك، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىشىنىشتە ئۇلاردىنمۇ بەكراق سەممىي ئىشەنگەن ئاياللارنى كۆرمىدىم. نۇر سۈرىسىدىكى ﴿لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾ دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا ئەرلەر ئاياللىرىغا، نۇر سۈرىسىدە ئاياللار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەن. ھەر بىر ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئايالى، قىزى، ئاچا - سىڭىللىرى ۋە ئورۇق - تۇغقانلىرىغا ئايەتلەرنى ئوقۇپ بەرگەندە ئۇلاردىن بىرمۇ ئايال قالماستىن ھەممىسى ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئان ئايەتلىرىگە ئىشەنگەن ۋە ئەمەل قىلغان ھالدا، دەرھال گۈللۈك كىيىملىرىنى يىرتىپ بېشىغا ئارتىۋالغان. ئەرتىسىدىن تارتىپلا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىدا باشلىرىنى يۆگىگەن ھالدا خۇددى بېشىغا قارغا قوندۇرىۋالغاندەك تۇرىدىغان بولغان ئىدى﴾[2].

ئاللاھ بەلگىلىگەن ھۆكۈملەرگە قارىتا مۆمىن ئاياللار ئىككىلەنمەستىن ياكى ساقلاپ كۈتۈپ تۇرماستىن دەرھال ئىجرا

---

[1] - ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] - بۇنى ئىمام ئىبنى كەسىر نۇر سۈرىسى تەفسىرىدە بايان قىلغان.

www.munber.org

قىلىش پوزىتسىيىسىنى ئەنە شۇنداق بىلدۈرگەن. توغرا، ئۇلار باشقا ئارتىشقا مۇناسىپ، مەيدىسىنىڭ ئوچۇق يېرىنىمۇ تولۇق يۆگەيدىغان ياغلىق تېپىلغىچە ياكى بازاردىن سېتىۋالغۇچە بىرەر - ئىككى كۈن ساقلاپ تۇرماستىن قولىغا چىققان رەختنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماستىن مۇناسىپ دەپ قاراپ، رەخت تاپالمىغان بولسا كىيىم - كېچەكلىرىنى يىرتىپلا سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلماي باشلىرىغا ئارتىۋالغان. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ سۆيەتلىشىچە: «ئۇلار خۇددى باشلىرىغا قارغا قوندۇرىۋالغاندەك» كۆرۈنگەن.

بىز بۇ يەردە تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇكى، ھالال - ھارام ئەھكاملىرىنى بىلىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى چوڭراق ھالال - ھارام ئەھكاملىرى ھەربىر مۇسۇلمان خەۋەردار بولغىدەك دەرىجىدە ئېنىق ۋە مەلۇم. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار بىلىپ تۇرۇپ، ھارام ئىشلارنى قىلىشىدۇ.

دېمەك:

ھەممە ئىشنىڭ ئاساسىي بولغان تەقۋادارلىق (ئاللاھ دىن قورقۇش) بولمىسا بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: مۇسۇلمان كىشىنى ھالالنىڭ سىرتىغا چىقارماي، ھارامنى قىلىپ سىلىشتىن ياندۇرىدىغان، ئويغاق ۋە پاك ۋىجدان بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداق ۋىجدان پەقەتلا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىش بىلەنلا پەيدا بولىدۇ. شۇڭا قانداق بىر چاغدا مۇسۇلمان كىشى ئۆز دىنىنىڭ ۋە شەرىئىتىنىڭ چەك - چېگرىسىنى تونۇغۇدەك ئىلىم بىلەن ئاڭغا ۋە بۇ چەك - چېگرىغا يېقىنلاپ ياكى ئۇنىڭدىن چەتنەپ كېتىشتىن ساقلايدىغان ئويغاق ۋىجدانغا ئىگە بولسا، ياخشىلىقنىڭ ھەممىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن راست ئېيتقان: ﴿ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر كىشىگە چوڭ ياخشىلىق ئاتا

www.munber.org

قىلماقچى بولسا، ئۆزىنى ئۆزىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچى قىلىپ بېرىدۇ﴾[1] (يەنى ۋىجدانىنى ساپ ۋە سەگەك قىلىدۇ).

كىتابىمىزنى ئىلگىرىكى پىشقەدەملىرىمىزدىن قالغان شۇ دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرايلى:

ئي ئاللاھ! ھالال قىلغان نەرسىلىرىڭنى يېتەرلىك قىلىپ، بىزنى ھارام قىلغان نەرسىلىرىڭگە مۇھتاج قىلمىغايسەن! تائىتىڭنى يېتەرلىك قىلىپ، بىزنى گۇناھ ئىشلارنى قىلىشقا مۇھتاج قىلمىغايسەن! ئۆز پەزلىڭ بىلەن سەندىن ئۆزگىگە مۇھتاج قىلمىغايسەن!

﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِيَ لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللَّهُ﴾

﴿جىمى ھەمدۇ ـ سانا بىزنى بۇ نېمەتلەرنى ھاسىل قىلىشقا يېتەكلىگەن ئاللاھقا بولسۇنكى، ئاللاھ بىزنى يېتەكلىمىگەن بولسا، توغرا يول تاپمىغان بولاتتۇق﴾ [ئەئراف سۈرىسى 43 ـ ئايەت]

پۈتۈن ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ ئىگىسى ئاللاھقا خاستۇر.

[1] ـ ئىراقى مۇنداق دېگەن: بۇ ھەدىسنى ئىمام دەيلەمى (ئەلفىردەۋس) ناملىق كىتابىدا ياخشى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان.

www.munber.org